www.kitaphumar.com

# نەبىجان تۇرسۇن ماقالىلەر توپلىمى

**(2-توم)**

**ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2013-يىلى 7-ئاي**

**مەنبە: مىسرانىم مۇنبىرى**

# مۇندەرىجە

1 ـ مېنىڭ ئىنىم دوكتور ئابدۇرېھىم تۇرسۇن ...................... 3
2 ـ پەرغانە ۋادىسىدا يوقىلىپ كەتكەن خەلق ئۇيغۇرلار .......... 46
3 ـ مۇراد ناسىروف ۋە مەن ................................ 140
4 ـ 20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىدئولوگىيىلىك كۈرەشلەر ................................ 171
5 ـ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى................................ 207
6 ـ سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى جېڭىدىكى 22 ئۇيغۇر قەھرىمان ................................ 261
7 ـ يالتا كېلىشىمى ۋە ئۇيغۇرلار................................ 284
8 ـ سوپاخۇن ھەققىدە ستالىنغان يوللانغان مەكتۇپ........... 314

# مېنىڭ ئىنىم دوكتۇر ئابدۇرېھىم تۇرسۇن

## نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

### مۇقەددىمە

ھازىرغىچە، مەن مىللىتىمىنىڭ ئۆتمۈش مۇساپىلىرى، جاپالىق ۋە پاجىئەلىك، ئەمما شەرەپلىك تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ، مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى يورۇتۇش ئارقىلىق دەۋرداشلىرىمنىڭ ئاچچىق كەچمىشلەردىن ئىبرەت، شانلىق مۇساپىلەردىن غورۇرلىنىپ روھى ئوزۇق ئېلىشى يولىدا قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتاتتىم. بۇ جەرياندا قانچىلىغان تارىخىي ئەربابلارنىڭ ھايات مۇساپىلىرى ھەققىدە ئىزدەندىم ۋە ئۇلار ھەققىدە يازدىم.

دائىم تارىخىي ۋە مەۋجۇت شەخسلەرگە ئىككى خىل نۇقتىدىن قاراشقا ئەھمىيەت بەرگەن ئىدىم. شۇڭا دۇنيا ۋە ئۇيغۇر تارىخىدىكى كىملەرنىڭ كىملەرگە خائىنلىق قىلغانلىقى، كىملەرنىڭ كىملەرنى بوزەك قىلغانلىقى، كىملەرنىڭ كىملەر ئۈچۈن قەھرىمان، كىملەر ئۈچۈن رەقىب ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى توغرا ئايرىپ چىقىشقا ئىنتىلگەن ئىدىم. تارىخ كەسپى ئوقۇغان كىشى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆتمۈشنى بىزىش ۋە تەتقىق قىلىش مېنىڭ بۇرچۇم ھەم كۆڭۈلدىكى ھايات خۇشاللىقلىرىمنىڭ بىرىدۇر.

ئىلگىرى مەن ئەنە شۇ ئۆتمۈش ۋە باشقىلار ھەققىدە يازغان بولسام، مانا ئەمدى ئۆز قېرىندىشىم، قەدىرلىك ئىنىم ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىش قارارىغا كەلدىم. بەلكى، ئىنىم قەلەم تەۋرىتىشكە لايىق ۋە مۇناسىپ بولمىغان بولسا، بەلكى باشقىلارنىڭ سۆيگۈسىگە ئەمەس، نەپرىتىگە قالغان شەخس بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن قەلىمىمنى زايا قىلمىغان بولار ئىدىم.

مەن، بۈگۈن يازماقچى بولغان كىشى، مېنىڭ ئىنىم، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاددىي بىر زىيالىسى، مەرھۇم دوكتور ئابدۇرېھىم تۇرسۇندۇر. ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىق

خەۋىرىنى ئاڭلاپ، قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ ماڭا ۋە ئائىلىمىزگە ئۆز تەزىيىسىنى بىلدۈرگەنلىكىنى ساناپ بولالمايمەن، قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ بىز بىلەن تەڭ ئېچىنغانلىقىنى ئېيتىپ بولالمايمەن، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولغان، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتداش بولغان ئۇنىڭ كونا دوستلىرىنىڭ بىز بىلەن تەڭ قايغۇرغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقان ياخشى سۆزلىرى ھەم ياخشى تەسىراتلىرى مېنىڭ ئىنىمغا بولغان ھۆرمىتىمنى تېخمۇ ئاشۇردى شۇنىڭدەك ئەشۇ ئۆرۈمچى ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئىنىم ئۈچۈن تەڭ قايغۇرۇپ، قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرگەن كىشىلەرگە ، مېنىڭ ۋە ئىنىمنىڭ قەلبداش زىيالىي دوستلىرىمىزغا غايىۋانە

رەھمىتىمنى بىلدۈرۈش ئىستىكىمنى ئاشۇردى. مەن دادامدىن ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر رەسسامى غازى ئەمەت باشلىق بىر قىسىم پېشقەدەم ۋە ياش زىيالىيلارنىڭ باشتىن ئاخىرى دادامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، بۇ مۇسىبەتتە بىرگە بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەشۇ پېشقەدەم زاتلىرىمىزغا ۋە دوستلىرىمىزغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتقۇم كەلدى !

ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا تۇنجى قېتىم پەلسەپە پەنلىرى دوكتورلۇق (Ph.D) ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولغان، مەخسۇس دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر بۇددىزم ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى مەسىلىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات تېمىسى قىلغان تۇنجى ئۇيغۇر پەلسەپە دوكتورى ئابدۇرېھىم تۇرسۇن 2013-يىلى، 7-ئاينىڭ 7-كۈنى كېچىدە تۇيۇقسىز قوزغالغان كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاتا يۇرتى پەيزىۋات دىيارىدىكى دوختۇرخانىدا قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، يۈرىكى توختاپ، 40 ياشلىق ھاياتىدىن ئايرىلىپ، 8-ئىيۇل كۈنى ئۆرۈمچىدە يەرلىكىگە قويۇلدى.

مەن ئىنىمنىڭ ۋاپاتىدىن 45 كۈن ئىلگىرى ئىنىمدىن ئانامنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە خەۋەر تېپىپ، تەكلىماكاندىن تولىمۇ يىراق ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىكى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ۋىرگىنىيە شتاتىدىكى ئۆيۈمدە ھەسرەتلىك ياش تۆككەن، ئانامنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغانلىقىم ئىنتايىن ئازابلانغان ئىدىم. مەرھۇم ئانامنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ 45 -كۈنىدە ئىنىمنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپاتىدىن خەۋەر تېپىپ، ماڭا ئازاپ ئۈستىگە ئازاب قوشۇلدى. بەلكى بۇ ھېسسىياتنى ھەر قانداق بىر كىشى، قانداق مىللەت، قانداق ئېتىقادتا بولۇشتىن قەتئىي نەزەر چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ، بىراق سەبىردىن ئىبارەت قۇدرەتلىك روھ مېنى ئۆزۈمنى چىڭ تۇتۇشقا كۈچ ئاتا قىلدى. ئاللاھدىن ئىنسانلارغا، بارلىق

ئائىلىلەرگە خاتىرجەملىك، مېھرىبانلىق، ئۆزئارا بىر-بىرىنى قەدىرلەش ۋە سۆيۈش تىلەيمەن !

ئىنىم ياش كەتتى! ئىنىمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە نىمە ھېسسىياتتا بولغانلىقى ۋە تۈيۈقسىز كېسەل قوزغىلىپ، دوختۇرخانىغا كىرىپ قېلىپ، مەلۇم سائەتلەرگىچە قۇتۇلدۇرۇش ئۈنۈم بەرمەي، ئاخىرقى نەپەسگىچە جان تالىشىش جەريانىدا ماڭا، قېرىنداشلىرىغا ۋە دوستلىرىغا نېمىلەرنى دېيىشنى ئويلىغانلىقى نامەلۇم. ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭدا ئاچچىق ھەسرەت ۋە كۆڭلىگە پۈككەن نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىدىن چوڭقۇر ئېچىنىش بولغانلىقى شۈبھىسىز! ئەلۋەتتە، دوكتور ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ ئۆزىگە لايىق ئىشتىن مەھرۇم ھالدا، ئىشسىزلار سېپىگە قوشۇلۇپ، ئاخىرى ئۆزى مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش يولىغا مېڭىشى،ئاخىرىدا تىكلىگەن كىچىككىنە ئىگىلىكىنىڭ مېۋىسىنىمۇ كۆرەلمەي ھاياتتىن خوشلىشىشى مېنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پىكىرداش دوستلىرىنىمۇ قاتتىق ئېچىندۇرۇشى تەبىئىي. « مىسرانىم» تورىغا كۆز يۈگۈرتكىنىمدە كۆرۈنەرلىك ئۇيغۇر مۇتەخەسسى، ئابدۇرېھىم تۇرسۇن بىلەن كۆپ پىكىرداش بولغان بوزقىر ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان تەزىيە يازمىسىدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىن چىققان تۇنجى ئۇيغۇر پەلسەپە دوكتورىنىڭ ئۆزكەسپىدىن يىراق تۇرمۇش يولى بىلەن شۇغۇللىنىپ،ئاخىرىدا يەر تېرىيدىغان كىشىگە ئايلانغانلىقىدىن، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا، ھاياتتىن ۋاقىتسىز خوشلاشقانلىقىدىن قاتتىق ئېچىنغانلىقىنى ئىپادە قىلغان ئىدى. ئاقسۇ زىيالىيلىرىدىن، تونۇلغان تارىخچى خوجا نىياز ئەپەندىمۇ ئۆز تەزىيىسىدە چوڭقۇر ئېچىنىش ۋە ئاقسۇ زىيالىيلىرىنىڭ تەزىيىسىنى ئىپادە قىلدى. يازما ۋە پائالىيەتلىرىدىن يىراقنى كۆرەر، قابىل ياش زىيالىي ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرغان مارشال ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ قاتتىق ئېچىنىشىنى يوشۇرالمىغانلىقى ھەم ئابدۇرېھىم تۇرسۇنغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئۆز تەزىيە يازمىسىدا ئىپادە قىلغان ئىدى.

ئابدۇرېھىم تۇرسۇن پەلسەپە بويىچە « Ph.D» ، يەنى دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىلمىي دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ، 2002- يىلى ئالغان بولۇپ، ئۇنى قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، پروفېسسور، پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى، « قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىلىم-پەن ئەربابى» نامىغا سازاۋەر بولغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ئەزىز نارىنبايېۋ مەخسۇس تەربىيىلىگەن ئىدى. ئابدۇرېھىم تۇرسۇن، سابىق قىرغىزىستان پرېزىدېنتى ئەسقەر ئاقايېۋ قاتارلىق قىرغىز خەلقىنىڭ كۆپلىگەن سىياسىي ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى،

ئاكادېمىكلىرى، پروفېسسورلىرىغا پەلسەپە دەرسى بەرگەن، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى پەلسەپە پروفېسسورلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان ئەزىز ئەيساجان ئوغلى نارىنباييېفنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىن تەربىيىلىگەن بىردىنبىر شاگىرتى ئىدى.

ئابدۇرېھىم تۆرسۇننىڭ تۇيۇقسىز ۋاپاتى، ئۇنىڭ ئائىلىسى، قېرىنداشلىرى، دوستلىرى، جۈملىدىن ئىلىم-پەننى ۋە ئۆز مىللىتىنى سۆيگەن كىشىلەرنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن زور قايغۇدۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار ئۈچۈن بەربىر خالاس! . بىراق، «مىسرانىم» توردىكى تەزىيە ئىنكاسلىرىدىن قارىغاندا شۇنداق چۈشەنچىگە كەلدىمكى، ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە غورۇرىنى ساقلاپ، باشقىلارنىڭ يىغىسى، نەپرىتى ۋە ھەجۋىسىگە قالمىغان، ئىنسانلىق ئالىمى ۋە ئۆز قوۋمى ئۈچۈن ئازاپلىنىشنى بىلگەن كىشلەر، جۈملىدىن ھەقىقىي زىيالىي ھامان خەلق تەرىپىدىن سۆيىلىدۇ، ھازىر ئاق-قارىنى پەرق ئەتكەن، قەدىرلەشنى ۋە نەپرەتلىنىشنى بىلگەنلەرنىڭ سانى پەرىزىمدىن زور دەرىجىدە كۆپەيگەنىدەك كۆرۈندۇ.

ئابدۇرېھىم تۆرسۇن مول ئىجتىمائىي-پەلسەپىۋى قاراشلار ۋە جاپالىق ئەمگەك مۇساپىلىرى بىلەن تولغان ھاياتىنىڭ يەكۈنلىرى سۈپىتىدە يېڭى تەتقىقات پىلانلىرىنى تۈزۈپ، ئۇيغۇر-ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە تارىخى بويىچە يېڭى-يېڭى نەتىجىلەرنى مەيدانغا چىقىرىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا ۋاقىتسىز ئەجەل ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالدى. بەلكى، ئىنىمنىڭ 40 يېشىدىن كېيىنكى ھاياتىدا ھەقىقىي پەلسەپە ئەسەرلىرى، جاپالىق ھايات مۇساپىلىرىدىن يەكۈنلىگەن پەلسەپىۋى خۇلاسىلار يورۇقلۇققا چىقار ئىدى! دېمەك، ئۇنىڭ يېزىپ، ئېلان قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ھەم بۇرۇن رۇس تىلىدا ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە، جۈملىدىن ئۇنىڭ دوستلىرىغا سۇنۇش ۋەزىپىسى ئاللاھ ماڭا يۈكلىگەن بولسا كېرەك، ئىنشائاللا ، يات ئارىدا ئۇنىڭ رۇس تىلىدىكى كىتابىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى قەدىرلىك ئوقۇرمەن دوستلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلغاي !

## ئىلمىي ھايات مۇساپىسى

ئابدۇرېھىم تۆرسۇن، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئېپپەت- نومۇسنى ساقلاش يولىدىكى باتۇرلۇقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولغان «يەتتە قىزلىرىم»نى، رەھمەتۇللابەك ۋە ئەسمەتۇللابەك، سېيىت نوچىدەك مەرت ئوغلانلارنى، موللا شاكىر، ئابدۇكېرىم

ئاباسوپ، سىيت ئاباس، ئارتۇق ئاباس، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزى قاتارلىق مىللەتپەرۋەر زىيالىي ـ ئوغلانلارنى پاك ھاۋاسى ۋە زەمزەم كەبى سۆلىرى بىلەن سۇغارغان قەدىمىي ھەم قەھرىمان يۇرت ئۇچتۇرپان شەھرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە چوڭ بولغان ئىدى.

ئۇ، ئىلگىرى ـ كېيىن ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ ۋە ئۈرۈمچىدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، تېخنىكوم ۋە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان. ئابدۇرېھىمنىڭ دەسلەپكى ئۆگىنىش ھاياتى ئاساسلىقى ئۆزلىكىدىن ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكەن. 1997 ـ يىلى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەلسەپە ۋە قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتىغا ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن رەسمىي يۇقىرى ئاكادېمىيىلىك مائارىپ تەربىيىسى ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان.

ئابدۇرېھىم تۆرسۇن بۇ يەردە ئاكادېمىك ئەزىز نارىنباييفنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ھەم ئۇنىڭ تارىخى تۇغرىسىدا سىستېمىلىق ئۆگەندى ھەمدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ باردى.

ئابدۇرېھىم تۆرسۇن دەسلەپتە ئىككى يىللىق خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تەرجىمانلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن ۋە چەتئەل تىللىرىدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، ئىنگلىز تىلىدا بىر قانچە دەرسلىك كىتابلىرىنى تۈگىتىپ، ئوتتۇرا سەۋىيىگە يەتكەن ھەم بۇ جەرياندا رۇس تىلى ئۆگىنىشنىمۇ باشلىغان ئىدى.

بۇ جەرياندا ئەدەبىي تەرجىمە ئىشلىرىغىمۇ قىزىقىپ، بەزى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. ئۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم ـ مەرىپەتكە بېرىلگەن ئۈمىدۋار ياش ئىدى.

ئۇ، قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنىش بىلەن تەڭ ئالدى بىلەن پۈتۈن دىققىتىنى رۇس تىلى سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشقا قارىتىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن دەرسلەرنى رۇس تىلىدا ئاڭلاش، رۇس تىلىدا ئىلمىي پىكىر بايان قىلىش ھەم يېزىش سەۋىيىسىگە يەتتى.

مەلۇمكى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، مەدەنىيىتى، تىلى، ئەدەبىياتى، فولكلورى ۋە پەلسەپىۋى پىكىرلىرى مەسىلىلىرى تەتقىقاتى ساھەسىدە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەملىكەت بولۇش سۈپىتى بىلەن موسكۋا، سانكتپېتېربۇرگ ( لېنىنگراد)، قازان، كىيېۋ، تاشكەنت، فرۇنزې ( بىشكەك)، ئالمۇتا ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلار ھەم پەنلەر ئاكادېمىيىلىرىدە زور مىقداردىكى تۈرلۈك ماتېرىيال زاپاسلىرى بار ئىدى. قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىمۇ كۈچلۈك

ئالىملار قوشۇنى ۋە مول ماتېرىياللار مەنبەسىگە ئىگە بولۇپ، مۇنداق ئىمكانىيەتلەر ئابدۇرېھىم تۆرسۇننىڭ مەزكۇر ئاكادېمىيىدە مول ۋە ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشىغا ئاساس ياراتتى.

ئەلۋەتتە، رۇس تىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كېيىنكى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىلىم-پەن تىلىغا ئايلانغانلىقى سەۋەبىدىن ھەر مىللەت ئالىملىرى ئۆز ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىنى رۇس تىلىدا يېزىپ نەشر قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر تىلنى ياخشى بىلمەي تۇرۇپ، ئۆزىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ھەم ئالىملار قوشۇنىغا قوشۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇستازى ئەزىز نارىنبايېف ئابدۇرېھىم تۆرسۇنغا رۇس تىلى جەھەتتىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۇنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ، كېچە-كۈندۈز ھارماي -تالماي ئۆگىنىش ئارقىلىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە رۇس تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتتۈپ، قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى، قىرغىزىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى، دۆلەتلىك كۈتۈپخانا ۋە باشقا جايلاردىكى كۈتۈپخانىلاردىكى مەنبەلەردىن ئەركىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ئەلۋەتتە، چار رۇسىيە ۋە كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي-پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرى ئۈستىدە ئۇزۇن مەزگىل تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر ساھەگە ئائىت ئەسەرلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. رۇس تىلىدىكى مەزكۇر مول ماتېرىياللار مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىننىڭ پەلسەپە تەتقىقاتلىرىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ فارابى، بىرۇنى، خارەزمى ۋە باشقا كلاسسىكلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىشىدا ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، 1980-1990-يىللاردا ئۇيغۇر دىيارىدا ئۇيغۇر ئاپتورلىرى تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن بىر قىسىم ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئەنە شۇ رۇس تىلىدىكى ماتېرىياللار ئاچقۇچلۇق مەنبەلىك رولىنى ئوينىغان ئىدى.

گەرچە، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن، ئىمىن تۇرسۇن، ئامانۇللا، يۈسۈپجان ئىسلامى، زارىپ دولات، ئىسلامجان شېرىپ، ئابدۇكېرىم راخمان، غەيرەتجان ئوسمان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، يار مۇھەممەد تايىر، پەرھات تۇرسۇن، يالقۇن روزى ۋە باشقا ئۇيغۇر ئىجتىمائىي- پەلسەپەۋى مەسىلىلىرى، كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي ھەم مەدەنىيەت قاراشلىرى بويىچە

ئىلمىي ئەسەر يازغان مۇتەخەسسىسلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمىسىمۇ، بىراق ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ ئېرىشكە ئەنە شۇ رۇس، ئۆزبېك، تۈرك، خەنزۇ تىللىرىدىكى ماتېرىياللار ئاساسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرى ھەم بىلىش تەرەققىيات ھەققىدە ئىزدىنىپ بىر قىسىم ئەسەرلەرنى يورۇتقا چىقىرىپ، كىشىلەرنى مەزكۇر ساھە بويىچە دەسلەپكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلغان بولسا، ئابدۇرېھىم تۆرسۇن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ، بىۋاستە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىققان جۇمھۇرىيەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىلىرىنىڭ بىرى بولغان قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاسپىرانتى سۈپىتىدە بىۋاستە مەزكۇر مول ماتېرىياللار دۆۋىسى ئىچىدە ئالتە يىل ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈشكە ھەمدە سىستېمىلىق ۋە ئاكادېمىيىلىك تۈردە پەلسەپەشۇناسلىق كەسپىنى ئىگىلەپ، بۇ ساھەدە ئالىي ئۇنىۋان ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئىدى.

1924-يىلى، قىرغىزىستاننىڭ قاراقول شەھرىدە تۇغۇلغان، ئەسلى كېلىپ چىقىشى ئاقسۇ دىيارىلىق، ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ 4 يىللىق قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدىن ساق چىققان، ئۆزىگە ۋە ئوقۇغۇچىلىرىغا يۈز خاتىرەسىز قاتتىق تەلەپچان پىششىقەدەم ئاكادېمىك ئەزىز نارىنبايېف ئابدۇرېھىم تۆرسۇننىڭ ئۇيغۇر، رۇس، خەنزۇ، ئىنگلىز، ئۆزبېك، قىرغىز، تۈرك قاتارلىق تىللارنى ئۆز تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدىغان ئالاھىدىلىكى ھەم تىرىشچانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى چىڭ تۇتۇپ تەربىيلەش قارارىغا كەلگەن شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كېيىنكى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر ۋە ياكى جۇڭگو ھەم باشقا مەملىكەتلەردە تېخى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنمىغان دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر بۇددىزم پەلسەپىۋى پىكىرلىرى مەسىلىلىرىنى شۇنىڭدەك ئۇيغۇر قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخىي پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ئۆزارا مۇناسىۋەتلىرى ، باغلىنىشلىرى،تەسىرلىرى ھەم بىر-بىرىدىن پەرقلىق تەرەپلىرى ئۈستىدە تەتقىقات قىلىش ۋەزىپىسى يۈكلىگەن ئىدى.

ھەققەتەن، دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر، جۈملىدىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئىجتىمائىي- پەلسەپىۋى پىكىرلەر تارىخى 1990-2000-يىللاردا دۇنيادا تېخى ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنمىغان ساھە بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئومۇمىي ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ئىلمىنىڭ جۇڭگودا ئاجىز بولۇشى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر تەتقىقاتى تېخىمۇ ئاجىز ھېسابلىناتتى. 1980-1990-يىللاردا جۇڭگودا ئوتتۇرا ئاسىيا-ئۇيغۇر پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر تارىخى

مەسىلىلىرى ئاساسەن ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىدى. خەنزۇ ئالىملار ئىچىدە پەقەت بىر قانچە نەپەر « قۇتاتقۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلغان كىشىلەردىن باشقا مەخسۇس ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە تارىخى ھەققىدە سىستېمىلىق ئىزدەنگەن مۇتەخەسسىسلەر قوشۇنى بولغانلىقى ماڭا نامەلۇم.

رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرى تارىخى ھەققىدە كۆپ ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن، كۆپ ئالىملار قوشۇنى بولسىمۇ، ئەمما مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بۇددىزم دەۋرىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلىرى تېخى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنمىغان ئىدى.

گەرچە، 1980 ـ يىللاردا ئۇيغۇر دىيارىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ، بۇددىزم تېكىستلىرى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر ئەسەرلەر پەقەت تىلشۇناسلىق ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا تەتقىق قىلىنىپ، مەخسۇس پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئاكادېمىيلىك رەۋىشتە تەتقىق قىلىنىش ئېلىپ بېرىلمىغان ئىدى. بولۇپمۇ، تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى بۇددىزم يازما يادىكارلىقلىرى، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى ئىجتىمائىي ـ پەلسەپىۋى، ئېستېتىك ۋە ئېتىكىلىق مەسىلىلەر تېخى تەتقىق قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمىغان ئىدى.

ئابدۇرېھىم تۇرسۇن 6 يىل ۋاقىت پۈتۈن كۈچى بىلەن، ھارماي ـ تالماي، ئىزدىنىپ ئۆگەندى. رۇسىيە ۋە كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋ. رادلوۋ، گرۇم گرژىمايلو، ۋ. گرىگورىيېۋ، ۋ. بارتولد، س. ئولدېنبۇرگ، ئو . روزېنبۇرگ، س. مالوۋ، ل. تۇگۇشېۋا، ب.لىتۋىنسكىي، گ. بونگارد ـ لېۋىن، ئا. بېرشىنشتام. س.كلياشتورنىي، د. ۋاسلىيېۋ، ل .گۇملىيېۋ. د .تىخونوۋ، م. خايرۇللايېۋ، ئا .مالياۋكىن، ل.كىزلاسوۋ ، ئا. نارىنبايېۋ ۋە باشقا نەچچە ئونلىغان نوپۇزلۇق ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى ھەم تۈركىيە تارىخچىلىرىدىن زەكى ۋەلىدى توغان، باھائىددىن ئۆگەل، رەشىت رەھمەتى ئارات، گۈلچىن چاندورلىئوگلۇ، سائادەتتىن گۆمەس، ئۆزگەن ئىزگى ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى شۇنىڭدەك يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزبېك، قىرغىز، قازاق، تاجىك، مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ نوپۇزلۇق ئەمگەكلىرى ھەمدە ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ ئاپتورلىرىنىڭ ئۇيغۇر پەلسەپىسى ھەم تارىخىغا ئائىت يازغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ خاتىرە يازدى. مانا شۇ زور ساندىكى ھەر مىللەت

ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئىلمىي مېتودلىرى ئابدۇرېھىم تۆرسۇننىڭ ئىلمىي ھاياتى ۋە ئىلمىي پەلسەپىلىك تەپەككۇرلىرىدىن ئورۇن ئالدى.

## غەلىبىلىك ياقلانغان دىسسېرتاتسىيە

ئابدۇرېھىم تۆرسۇن پەقەت بىشكەكتىلا تۇرماستىن، بەلكى كۆپ قېتىم ئالمۇتا ۋە ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۆز دىسسېرتاتسىيىسى ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىدى. بۇ جەرياندا كۆپلىگەن رۇس، ئۇيغۇر، قىرغىز، تۈرك، ئۆزبېك، قازاق، خەنزۇ ۋە غەرب مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى ھەم ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى. بولۇپمۇ، قىرغىزىستان، قازاقىستان ، ئۆزبېكىستان ۋە رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن يېقىن ھەمكارلىق ئورناتتى. ئۇنىڭ كۆپ تىللىق ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ھەر مىللەت ئالىملىرى بىلەن بىمالال ئالاقە قىلىشى ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن ئالاقە قورالى بولغان ئىدى. ھەقىقەتەن، ئالىملار سىپىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن كۆپ خىل تىللىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ بىر ئەقەللىي تەلەپ ! ئابدۇرېھىم تۆرسۇن بۇ تەلەپنى ئالدى بىلەن ئورۇندىدى.

ئابدۇرېھىم تۆرسۇن ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپىسىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ جايدىكى يەرلىك ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تىلىنى ياخشى بىلگەندىن سىرت يەنە رۇس تىلىنى ياخشى بىلىش، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىنگلىزچە ۋە خەنزۇچە بىلىش ئۆلچىمىگە يەتكەن ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇيغۇر تىلى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قېرىنداش تىللىرىنى بىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق رولىنى ئوينىغان بولسا، رۇس تىلى ئۇنىڭ بىلىم ساپاسى ۋە سەۋىيىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى. ئۇ ئەنە شۇ رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقئارا ئىلىم ساھەسى بىلەن ئالاقە ئورناتتى. رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ شەرق تارىخى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور، « ئاتاتۈرك تۈرك تىلى مۇكاپاتى» نىڭ ساھىبى، مېنىڭ ئۇستازىم دمىترىي ۋاسلىيېۋ ئابدۇرېھىم بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئۇنىڭ تالانتى ۋە ئىلان قىلغان ماقالىلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتلىقىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى موسكۋادا دىسسېرتاتسىيە ياقلاشقا تەشەببۇس قىلغان، ھەتتا ئۇنى تۇرالغۇ جاي، بىكارلىق ئوقۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلەر بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ،

دەۋەتنامە ئەۋەتكەن ئىدى. بىراق، قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەلسەپە ۋە قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتى بولسا ئۇنىڭ داۋاملىق مەزكۇر ئاكادېمىيىدە دىسسېرتاتسىيە ياقىلىشىنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇستازلىرى ئەزىز نارىنبايېف ۋە ئىنستىتۇت مۇدىرى ئوسمان توگۇساكوف قاتارلىقلار ئۇنى ئۆزلىرى تەربىيىلەيدىغانلىقى، ئىلمىي ئۇنۋانىنى موسكۋادىن ئەمەس، قىرغىزىستاندىن ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

نەتىجىدە ئۇ، ئۇستازلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە موسكۋانى قالدۇرۇپ، ئاخىرى 2002-يىلى قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مەخسۇس دىسسېرتاتسىيە ياقلاش كېڭىشىدە «دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە ئېۋالىيۇتسىيىسى (بۇددىزم پەلسەپىسى ماتېرىياللىرى ئاساسىدا)» ماۋزۇلۇق ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىسىنى غەلىبىلىك ياقلىدى. ھەر مىللەت ئاكادېمىكلىرى، پروفېسسورلىرى ۋە دوكتورلىرى قاتناشقان مەزكۇر دىسسېرتاتسىيە ياقلاش مۇھاكىمە سورۇنىدا تېخى 30 ياشقا تولمىغان ئابدۇرېھىم تۇرسۇن ئالىملارنىڭ تۈرلۈك سوئاللىرىغا ئەركىن جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنى قايىل قىلدى. ئاخىرىدا ئاكادېمىك ، دوكتورلاردىن تەركىب تاپقان ئىلمىي كېڭەش ئۇنىڭغا پەلسەپە دوكتورى ( Ph.D) ئۇنۋانىنى بېرىشكە تامامەن لايىق ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدا ياقلانغان پەلسەپەشۇناسلىق دىسسېرتاسىيىلىرى ئىچىدە سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى دىسسېرتاسىيىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆپ خىل تىلدىكى ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش، نەزەرىيە ۋە مېتودىكا شۇنىڭدەك تېمىسىنىڭ ئاكتىۋاللىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن زور قايىل قىلىش ھەم يېڭىلىق كۆچىگە ئىگە ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

شۇنداق قىلىپ، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆزىنىڭ 60 يىللىق تارىخىدا تۇنجى قېتىم بىۋاستە ئۇيغۇر دىيارىدىن ئوقۇشقا كەلگەن تۇنجى ئۇيغۇر پەلسەپە دوكتورىنى يېتىشتۈردى. دىسسېرتاتسىيە ياقلاش سورۇنىدىكى ھەر مىللەت ئالىملىرى ئابدۇرېھىم تۇرسۇننى قىزغىن تەبرىكلىدى. مۇراسىمغا قاتناشقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى رەھبەرلىرىگە، جۇملىدىن ئۇنىڭغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى ھەر جەھەتتىن قوللىغان، ئۇنىڭغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن قىرغىز ئالىملىرىغا چوڭقۇر رەھمىتىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر-قىرغىز ئىككى خەلقنىڭ ئەسلىدىن قان-قېرىنداش، تۇغقان خەلقلىقى، ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ نەتىجىلىرىنىڭ مانا شۇ تۇغقانچىلىقنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتى.

ئابدۇرېھىم تۇرسۇن كىشىلەرنى قايىل قىلغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئۇ ئىلمىي دىسسېرتاتسىيە ياقلاش سورۇنىدا ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ رۇس تىلىدا سورىغان سوئاللىرىغا راۋان رۇس تىلىدا، قىرغىز تىلىدا سورىغان سوئاللىرىغا راۋان قىرغىز تىلىدا، ئۇيغۇر تىلىدا سورىغان سوئاللىرىغا ئۇيغۇر تىلىدا جاۋاب بېرىپ، ئۆزىنىڭ تىل قابىلىيىتىنى نامايان قىلدى.

دىسسېرتاتسىيە ياقلاشقا پائالىيىتىگە قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر ئابدۇرېھىم تۇرسۇننى «ياش، تالانتلىق، كەلگۈسى زور ئالىم» دەپ تەرىپلەشتى ھەمدە ئۇنىڭ پەلسەپەشۇناس بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا ئەڭ مۇھىم رول ئوينىغان قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە ۋە قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ، پروفېسسور، قىرغىزىستان ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈشكە قاتناشقان ئەربابلارنىڭ بىرى ئوسمان توگۇساكوف بىلەن ئۇيغۇر ئالىمى ئاكادېمىك ئەزىز ناربايىپقا ئالاھىدە تەشەككۈرلەر بىلدۈردى.

دوكتور ئابدۇرېھىم تۇرسۇن ئوقۇش جەريانىدا يەنە قىرغىز ئىجتىمائىي - پەلسەپە تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە تارىخى، شەرق پەلسەپىسى، قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى، ئىسلام پەلسەپىسى، غەرب پەلسەپە تارىخى، رۇسىيە ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى پىكىرلىرى تارىخى، پەلسەپە نەزەرىيىلىرى قاتارلىق ساھەلەر بويىچە سىستېمىلىق تەربىيىلەندى. ئۇ، يەنە ئۆزلىكىدىن جۇڭگو پەلسەپە تارىخىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى، بولۇپمۇ، بۇددىزم دەۋرى ۋە پەلسەپىسى بويىچە كۆپرەك ئىزدەندى.

ئۇ، دىسسېرتاتىيىسىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىپ، ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى پەلسەپە ۋە دۇنيا قاراشلار ئۈستىدە ئانالىز يۈرگۈزدى. ماخمۇد كاشغەرىنىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانى» ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتاتقۇ بىلىگ» ، ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ « ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق ئەسەرلىرىدىكى ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر، ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى، ئىبىن سىنا، ئەبۇ رەيھان برۇنى، ئەخمەت يەسەۋى ۋە باشقا مۇسۇلمان كلاسسىكلىرىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن سىستېمىلىق تونۇشتى.

ئۇ، دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر دەۋرى بىلەنلا چەكلەنمەستىن، يەنە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ۋە يېقىنقى زامانغا تەۋە ئۇيغۇر -تۈركىي كلاسسىكلىرىدىن ناۋايى، لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى، خىرقىتى، زەللىي، نىزارى، بىلال نازىم ۋە باشقىلارنىڭ

شېئىرلىرىدىكى ئىجتىمائىي-پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى كاتىگورىيىلەرگە ئايرىدى شۇنىڭدەك ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا كىلاسسىكلىرىنىڭ قاراشلىرىنى سېلىشتۇردى.

لېكىن، دىسسېرتاتسىيە ئېھتىياجىنىڭ تەلىپى بويىچە تۇرپان ۋە باشقا جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، «چاشتانى ئېلىگبەك»، «مايترىي سىمىت»، «ئىرىق بىتىگ»، ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىجتىمائىي-پەلسەپىۋى پىكىرلەر، دۇنيا قاراش، ئېستېتىك قاراش، ئەخلاق قاراشلىرى ئۈستىدە كۆپرەك سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم دەۋرىگە ئائىت ئالىملاردىن كوماراجىۋا، ۋېيسا كۇيچى، شىكشا ناندا، خۇيلان، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، پرىتيا ياشرى، ئاتسان، كىكى، چىسۇيا تۇتۇڭ، كاملا كايشى ۋە باشقىلارنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى، ئەخلاق، ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ باردى.

بۇنىڭ ئۇچۇن تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە باشقا مەسىلىلىرى ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ساھە بويىچە رۇس تىلىدا ماتېرىياللار بىر قەدەر كۆپ ئىدى. ئەمما بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر مەسىلىسى ھەققىدە ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا كۆپرەك تىرىشتى.

ئۇ يەنە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي-مەدەنىي ھاياتىدىكى بۇددىزم قالدۇق تەسىرلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ جەھەتتە بىر قىسىم رۇسىيە ۋە غەرب ئالىملىرىمۇ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، بىراق ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەخسۇس پەلسەپەشۇناسلار ئەمەس ئىدى.

ئابدۇرېھىم تۇرسۇن يەنە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا خەلقلەردىكى دۆلەتچىلىك، ئىجتىمائىي-سىياسىي، ئەخلاق ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى ئۈستىدىمۇ مەخسۇس ئىزدەندى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە رۇس تىلىدا يازغان ئۇنىڭ « تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى» ماۋزۇلۇق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ماقالىسى ئىلىم ساھەسىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ، تۈركىيە پروفېسسورلىرى بۇ ئەسەرگە ئالاھىدە باھا بېرىپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ ئاچقان تۈركىيە-قىرغىزىستان ماناس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

نەتىجىدە، بۇ ژۇرنالنىڭ 2001-يىللىق 2-سانىدا مەزكۇر ماقالىغا ئورۇن بېرىلدى. تۈركىيە-قىرغىزىستان ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى يەنە ئۇنىڭ «تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىدىكى ئېتىكىلىق كۆز قاراشلار ھەققىدە ئىزدىنىش» ماۋزۇلۇق ماقالىسىنى 2003-يىلى، ئېلان قىلدى.

ئابدۇرېھىم تۇرسۇن يەنە قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى، قىرغىزىستان دۆلەت ئۇنىۋېرستى، رۇسىيە سلاۋىيان ئۇنىۋېرسىتى، ماناس تۈركىيە-قىرغىزىستان ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقارالىق ۋە پۈتۈن قىرغىزىستان ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ھەم يۇمۇلاق ئۈستەل يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى مەسىلىسى ھەققىدە ئىلمىي دوكلات بېرىپ، ئۇنىڭ دوكلاتلىرى خەلقئارالىق ۋە دۆلەتلىك مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ ماقالىلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ بەزى ئىلمىي دوكلاتلىرى تەقدىرلەشلەرگە سازاۋەر بولدى.

ئۇ يەنە قىرغىزىستان دۆلەتلىك ئۇنىۋېرستىئەتىنىڭ شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا قىرغىز، رۇس ۋە باشقا مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر قانچە يىل خەنزۇ تىلى ۋە جۇڭگو پەلسەپىسى بويىچە دەرس بەردى.

ئابدۇرېھىم تۇرسۇن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم-پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ قىرغىزستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى، جۈملىدىن پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقلىرى ئۈچۈن نامەلۇم قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىلا شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان خەلق بولماستىن بەلكى، دەۋرىمىزدىمۇ ئوخشاشلا شانلىق مەدەنىيەت يارىتىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىش ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى زىيالىيلار ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرگەن جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قانداقتۇر پۈتۈنلەي ئارقىدا قالغان، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ تارىخى، پەلسەپىسى، تىلى، سەنئىتى ۋە ئەدەبىياتى قاتارلىق تۈرلۈك ساھەلەرى بويىچە تەتقىقات قىلالىغىدەك ئالىم-مۇتەخەسسلىرى يوق دەيدىغان خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۆز ئىلمىي تەتقىقاتلىرىدىكى پايدىلانغان ئەسەرلەر تىزىملىكىگە، ئابدۇشۈككۈر مۇھەممەد ئىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىسمائىل تۆمۈر، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئىسرائىل يۈسۈپ، تۇرسۇن ئايۇپ، غەيرەتجان ئوسمان، ئابدۇكېرىم راخمان، ئىسلامجان شىرىپ ۋە باشقا ئونلىغان ئۇيغۇر ئالىملىرى ھەم مۇتەخەسسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ

كىرگۈزگەن شۇنىڭدەك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ مول تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە قاراشلىرىنى تونۇشتۇرغان ئىدى. ھەتتا يەنە، قىرغىزىستان ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر دىيارىغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن پروفېسسور ئوسمان توگۇساكوف ۋە ئاكادېمىك ئەزىز نارىنبايېف قاتارلىقلارنىڭ بىر قانچە پارچە ئەسىرىنى رۇس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئىدى.

## دۇنيادا ئېلان قىلىنغان تۇنجى چەتئەل تىلىدىكى ئۇيغۇر شېئىرلار توپلىمى

ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ قوشقان تۆھپىسىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تۇنجى رۇس تىلىدىكى شېئىرلار توپلىمىدۇر. ئۇ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەردىن باشقا مىللەت كىشىلىرى، ئومۇمەن، خەلقئارا ئەدەبىيات ساھەسىدىن بىخەۋەر قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان شائىرلىرىدىن 28 كىشىنىڭ نادىر شېئىرلىرىدىن تاللانمىلارنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىشىغا كىرىشىپ، ئاخىرى 2001-يىلى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم «ئۇيغۇر پوئېزىيىسى» نامىدا ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ رۇس تىلىدىكى شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتتى.

«ئۇيغۇر پوئېزىيىسى» ماۋزۇلۇق مەزكۇر توپلامغا زەلىلى، نۆۋبىتى، بىلال نازىم، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى تەۋپىق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تۇرغۇن ئالماس، ئىبراھىم تۇردى، ئىبراھىم نۇرۇز، ئەنۋەر ناسىرى، ئىمىن تۇرسۇن، نىمشېھىت، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوف، ئەلقەم ئەختەم، ئابلىز نازىرى، غەنىزات غەيرانى، قاسىمجان قەمبىرى، بۇغدا ئابدۇللا، رەھىم قاسىم، ئابدۇقەييۇم ئىمىن ۋە باشقىلارنىڭ بىر قىسىم نادىر ئەسەرلىرىنىڭ رۇس تىلىدىكى تەرجىمىسى كىرگۈزۈلگەن ئىدى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، نىمشېھىت، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى تەۋپىق ۋە باشقا ئونلىغان

شائىرلارنىڭ بىر قىسىم داڭلىق شېئىرلىرى تۈنجى قېتىم رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، رۇس تىللىق ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دائىرىسىدىن رۇس-ياۋروپا ئەدەبىيات مۇخلىسلىرى جۇغراپىيىسىگە يول ئالدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تۈنجى چەت تىللىرىدىكى شېئىرلار توپلىمى ئەنە شۇ ئابدۇرېھىم تۆرسۇننىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن 2001-يىلى، «قىرغىزىستان» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

ئەنە شۇنىڭغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر دىيارىدا ياشاپ ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى مۇنداق دۇنيادىكى چوڭ تىللاردا تېخى توپلام سۈپىتىدە يورۇقتا چىقمىغان، ئۇيغۇر پوئېزىيىسى خەلقئاراغا تېخى مۇنداق بىر توپلام سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلمىغان ئىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى مەزكۇر زور نەتىجىدە ئەنە شۇ ئابدۇرېھىم تۆرسۇننىڭ تىرىشچانلىقى ، پىداكارلىقى بىلەن دۇنياغا كەلدى.

مەزكۇر توپلام ھەققىدە يەنە شۇنى قوشۇمچە قىلىش مۇمكىنكى، مەن 1990-1996-يىللىرى ئارىسىدا موسكۋادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى، يەنى 1992-يىلىدىن كېيىنكى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات ، سەنئىتى ۋە باشقا ساھەلەر بويىچە ئۇيغۇر ئالىملىرى ھەم مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى، جۈملىدىن 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە شەكىللىنىپ، يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتلىق تەرەققىيات مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دۇنيانىڭ خەۋەرسىز قېلىش قىسمىتىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدىم. رۇسىيە ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي قېرىنداش زىيالىيلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكى، زامانىۋى ئەدەبىيات-سەنئەتكە ئىگە بولۇپ، پروزا ۋە شېئىرىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە زور ساندىكى ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن بىخەۋەر ياكى ئاساسىي جەھەتتىن مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلار، 20-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېماتىك قاتلاملىرى، ژانىرلىرى ، ئۇنىڭدىكى ئىدىيە ۋە مىللىي روھ ۋە باشقىلار ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى.

بولۇپمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 70 يىللىق « بۈيۈك سوۋېت خەلقى»، «ئۇلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى» نۇقتىئىينەزەرىنىڭ تەسىرى بىلەن بىر قىسىم رۇس ۋە باشقا مىللەت زىيالىيلىرىدا ئۆزلىرىنى دۇنيادا ئەڭ ئۈستۈن ھېسابلاش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئەڭ مۇكەممەل دەپ قاراش خاھىشى ئېغىر ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك، قازاق ، قىرغىز، ئۇيغۇر ۋە باشقىلاردىمۇ مەلۇم دەرىجىدە كۆچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئىشكىنى ئېتىش سىياستى نەتىجىسىدە چەتئەللەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئىدىيولوگىيىلىك مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق تاشقى ئالىملارنى چەكلەش مۇئامىلىسى قوللىنىلغان، ئىلىم ساھەسىدىمۇ بۇ ئەھۋال داۋاملاشقان ئىدى. ئۇزۇن مەزگىللىك ئىشىك تاقاش، «ئۇلۇغ سوۋېت » تەشۋىقاتى ۋە كاللا يۇيۇش ھەرىكىتى جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا ، جۈملىدىن ئىلىم ساھەسىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. ھەتتا بەزى ئۇيغۇرشۇناسلىق ماتېرىياللىرىدا ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ ئاپتورلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخى، تىل-ئەدەبىياتى، مەدەنىيتى ھەققىدىكى قىسمەن ئەسەرلىرىگە باھا بېرىلگەندە، مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىيلىك دەرىجىسى تۆۋەنرەك، ئاكادېمىيلىك ساھەگە تەۋە ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن يېزىلغان« ئىلمي ئاممىباب»لىق خاراكتېرى بارلىقى ئەسكەرتىلگەن.

بىراق، 1990-1992-يىللاردىن كېيىن ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئالىملىرى بۇ خىل چۈشەنچىنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشىپ، ئۇيغۇر ئېلىدىمۇ ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ھەر خىل يوللار بىلەن ئېپادە قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، مۇتلەق كۆپ قىسىم رۇس تىللىق زىيالىيلار ئۇيغۇرچە بىلمىگەنلىكى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى ئوقىيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەسەرلەردىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى قىيىن ئىدى.

مەن ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇش ، ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئىلمي ئەمگەكلىرىنى ئىلىم ساھەسىگە تونۇشتۇرۇش قارارىغا كەلگەن ئىدىم.

مەن ئالدى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ رۇس تىلىدىكى چوڭ ھەجىملىك بىر ئانتولوگىيىسىنى تۈزۈپ، موسكۋادا نەشىر قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرمەكچى بولدۇم. 1996-يىلى، ئۈرۈمچىدىكى بىر ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنى جەريانىدا بۇ لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇ ھەقتە مەخسۇس پىكىر

ئــېلىش پائــالىيىتىمۇ ئۆيۈشــتۈرۈلدى. كــۆپىنچە كىشــىلەر قــوللاپ قۇۋۋەتلــىدى. قۇۋۋەتلىگەنلەر، قوللىغانلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلىدى. ئەشۇ 1996- يىلى، مەن ئۇچۇن ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالـدۇردى. مەن هــازىرمۇ دائىــم ئەشــۇ كــۈنلەرنى، ئۆرۈمچىنىڭ 1980-90- يىللىرىدىكى ئەشۇ گۈزەل كۈنلىرىنى ئەسلەيمەن. 1995- 1996- يىللىرى، مېنىڭ تەتــل جەريانىمــدا مەن ئۇچــۇن بىــر قــانچە قېتىم ئــالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە زىيالىيلارغا نۇتۇق سۆزلەش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. « موسكۋا خىياللىرى» ناملىق ئەسىرىم جەمئىيەتنىڭ هەر خىل قاتلىمىدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى ئۆزلىرى هەققىدە ئويلىنىشقا ئېلىپ كەلـدى. بەلكــى ، ســوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلۈك ئەنئەنىۋى تەسىر ئىسكەنجىسى ئاستىدا ئۇزۇن ۋاقىــت ياشــىغان ئۇيغــۇر جەمئىيىتــى، ئۇيغــۇر زىيــالىيلار قــاتلىمى ســوۋېت ئىتتىپاقــىدەك قۇدرەتلــىك مەملىكەتنىڭ بىر پاي ئوقسىز غــولاپ چۈشــكەنلىكىنىڭ ســىرلىرىنى مېنىــڭ « موســكۋا خىياللىرىم» دىن ئىزدىمەكچى بولغان بولسا كېرەك. مەن ئۇچراشقان 20- ئەسىرنىڭ ئەڭ داڭلــىق ئۇيغــۇر زىيــالىيلىرى، ئەدىبلــىرى، سىياســىيونلىرى بىــلەن بولغــان سۆهبەتلەردە موســكۋا ۋە ســوۋېت ئىتتىپاقىنــىڭ تەقــدىرى ئاساسلىق تېمــا ئىــدى.
ســەيدۇللا ســەيفۇللايېف، هــاكىم جاپپــار، ســوپاخۇن ســوۋۇروف قاتــارلىق تــارىخىي شەخسلەر، ئابدۇرېھىم ئۆتكــۈر، هــاجى يــاقۇپ، ئىبــراهىم مــۇتىئى، ئىمىــن تۇرسۇن، شەرىپىدىن ئۆمەر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىــن، زارىــپ دولات،ئابلىمىــت روزى ۋە باشــقا تەبىئىــي پەن هەم ئىجتىمــائىي پەنــلەر ساھەســىدىكى كــۆپلىگەن ئۇيغــۇر پروفېسســور-دوتسېنتلىرى، مۇتەخەسسىســلىرى، ئەدەبىيــات ساھەســىدىكى ئابــدۇللا تالىــپ، قەييــۇم تــۇردى قاتــارلىق كــۆپلىگەن، بــۇ يەردە مەن ئىســمىنى ئاتىمىغــان پېشــقەدەم، ئوتتــۇرا يــاش ۋە يــاش ئەدىبــلەر، ئەدەبىــي تەنقىــدچىلەر هازىرغىچە مېنىڭ خاتىرىلىرىمدە ساقلانماقتا.

ئەنە شۇ 1996- يىلى مېنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغــۇر شــېئىرىيىتىنى بىــر تــوپلام قىلىپ، رۇس تىلىدا نەشر قىلىش ، ئارقىدىن ئۇيغۇر پروزا ئەسەرلىرىنى تــوپلام قىلىــپ نەشر قىلىش، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى ۋە سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇشــتۇرۇش ئويــۇم خېلــى كۆپ كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرگەن، ھەتتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يــۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئارىسىدىمۇ قوللاش ۋە ئىلھام بېــرىش پوزىتسىيىســى بولغــان ئىدى.

ئەمما، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى رۇس تىلىــدا نەشــر قىلىش پىلانىم ئىقتىسادىي ۋە تۈرلۈك سەۋەبلەردىن كــۈن تەرتىپــتىن قالــدى. بىــراق ،

مەن كۆڭلۈمدىكى بۇ ئارزۇيۇمنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دېگەن ئويدىن ھېچقاچان قالمىدىم. مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇم بەربىر يەنىلا خېلى كۆپسانلىق ئەدىبلەر تەرىپىدىن قوللاشقا ئېرىشلەلدى. مەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ۋاپات بولغان ئەدىبلەرنىڭ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان تاللانما شېئىرلىرىدىن كىچىكرەك بولسىمۇ بىر توپلام چىقىرىش، ئىككىنچى قەدەمدە ھاياتلار ۋە ياشلارنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاپ قىلىش ئويىغا كېلىپ، جەددىي تاللاشقا كىرىشتىم ۋە ئاخىرىدا 20-ئەسىردىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلەر ۋە بىر قىسىم ھايات ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتىم. بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت كەتتى. مەن ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق تەرجىمە قىلىش ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي تەرجىمىسىنى تەييارلاش ھەمدە ھەر بىر ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تەييارلاش، ئاخىرىدا كىتاب قىلىپ نەشىر قىلىش ئىشى قەدىرلىك ئىنىم ئابدۇرېھىم تۇرسۇنغا يۈكلەندى. بۇ جەرياندا قازاقىستاندا تونۇلغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى، مەرھۇم ساۋۇتجان مەمەتقۇلوف شېئىرلارنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىنى گۈزەل شېئىرىي ھالغا كەلتۈرۈشتە تەجرىبىلىك بولغان رۇس شائىرەسىنى تېپىشقا ياردەملەشتى. ئەلۋەتتە، شېئىرنى شېئىرىي ھالدا تەرجىمە قىلىش ئەڭ يۈكسەك تىل سەنئىتى ۋە شائىرلىق قابىلىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئاخىرىدا مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، پروفېسسور مۇرات ھەمرايېف ھايات ۋاقتىدا تەرجىمە قىلغان ئاز ساندىكى ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ۋە لۇتفۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى ھەم باشقىلارنىڭ بىر قانچە پارچە شېئىرىمۇ توپلىنىپ، 28 شائىرنىڭ تاللانما شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر پوئېزىيىسى» دۇنياغا كەلدى.

ئىنىم ئابدۇرېھىم بۇ جەرياندا بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىنى قىلدى، بارلىق شائىرلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى مېغىزلىق قىلىپ رۇسچە يېزىپ چىقتى ھەمدە مېنىڭ كىتابىنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن «20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقات پروگراممىسى» ماۋزۇلۇق ماقالەمنى ئۇيغۇرچىدىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ تەييارلىدى. ئەلۋەتتە، كىتابنىڭ تەرجىمىسىدىن تارتىپ، تەھرىرلىكىنى قىلىش، كومپيۇتېرغا ئېلىش، نەشر قىلىنىشىدىن ئىبارەت ئۇزۇن خىزمەت جەريانىدا خېلى كۆپ مەبلەغ تەلەپ قىلىناتتى. ئىنىمنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈنمۇ خىراجەت كېتەتتى. بۇ، مېنىڭ ئامېرىكىغا يېڭى كەلگەن، تېخى تۇرمۇش ۋە ئوقۇش ئىشلىرىم ياخشى ئورۇنلاشمىغان يىللار بولۇپ، تۇرمۇش، ئۆي كىراسى، ئېلېكتىر، تېلېفون ۋە باشقا ھەممە چىقىملار ئۈچۈن زور ئىقتىساد تەلەپ قىلىدىغان بۇ دۆلەتنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇش ئىستىلىگە

كۆنۈش ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئىنگلىزچە ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشۈم كېرەك بولۇپ، ئىنگلىزچە ئۆگىنىش ۋە باشقا ئوقۇش چىقىمىمۇ يۇقىرى ئىدى. بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن ھەر كۈنى 8-10 سائەتلەپ ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. مەن، دەسلەپتە بىر ياقتىن ئوقۇپ، بىر ياقتىن تاماق توشۇپ، ئاشخانىلاردا ئىشلەپ، زاۋۇتلاردا ئىشلەپ تاپقان پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى ئىنىمنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئەۋەتىپ بېرەتتىم ھەمدە ئاخىرىدا «ئۇيغۇر پوئېزىيىسى» نى نەشىر قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتىم. ئىنىممۇ دادام ئەۋەتىپ بەرگەن تۇرمۇش پۇللىرىدىن ئىقتىساد قىلغانلىرىنى مەزكۇر كىتاب ئۈچۈن ئىشلەتتى.

ئاخىرىدا ئىنىم بۇ كىتابنى ئۆزى نەشرگە تەييارلاپ، ئىككىمىزنىڭ نامى ئاستىدا ئېلان قىلدى. قىسقىسى، ئەگەر ئىنىم ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ جاپالىق ئەمگىكى، ساداقىتى، ئەقىل-ئىدرىكى، قابىلىيىتى ۋە مەبلىغى بولمىغان بولسا، مەزكۇر كىتاب دۇنياغا كەلمەيتتى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىغا يېزىلمايتتى. شۇڭا مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تۇنجى چەتئەل تىلىدىكى، يەنى رۇس تىلىدىكى ئانتولوگىيىسىنى ئىنىم ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ تۆھپىسى دەپ قارايمەن.

ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ رۇس تىلىدىكى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر دىيارىدىكى مەتبۇئاتلارلار ھەم ئىنتېرنېت تورلىرىدا ئۇچۇرلار تارقىتىلىپ، خەلق ئىچىدە ياخشى ئىنكاسلار بولدى. بۇ توپلامغا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن شائىرلاردىن ئىمىن تۇرسۇن، بۇغدا ئابدۇللا، غەنىزات غەيرانى ۋە باشقىلار كىتابنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئابدۇرېھىم تۇرسۇنغا چەكسىز رەھمىتى ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈردى.

ۋاپات بولغان شائىرلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئىنىمغا رەھمىتىنى بىلدۈردى. ئەلۋەتتە، ۋاپات بولغان شائىرلار بىلەن بىزنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقىمىز ياكى ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىز يوق، ئەمما ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمگەكلىرى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى بىز ياخشى چۈشەنگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىنى مەنىۋى جەھەتتىن تەقدىرلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، تونۇشتۇرغان ئىدۇق. ئۆزلىرىنىڭ ئالىلبۇرۇن ۋاپات بولغان دادىلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن چوڭ بىر تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىشىدىن ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشى تەبىئي ئىدى.

دېمەك، ئىنىم بۇ ئىشلارنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقى ئۈچۈن قىلغان ئىدى. بۇنىڭ قىممىتىنى خەلق بىلىدىكەن!

مەركۇر توپلام، رۇسىيە،ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە غەرب دۆلەتلىرىدىكى كۈتۈپخانىلارنىڭ تىزىملىكلىرىگە كىرگۈزۈلدى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە تارقىتىلدى. ھەر مىللەت رۇس تىللىق ئوقۇرمەنلەر مەركۇر توپلامنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىيات دۇردانىلىرىدىن، ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ دۇنيا قاراشلىرى ۋە شېئىرىي تەپەككۇرلىرىدىن خەۋەردار بولدى. ھەتتا، بۇ ئەسەر قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە باشقا جايلاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىنىڭ دەرسلىك قوللانمىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات دەرسلىرىدە بۇ ئەسەرلەر ئاساس قىلىندى ھەمدە كىتاب ئاخىرىدىكى « 20- ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقات پروگراممىسى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى ھەم ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى ئۈچۈن مۇھىم مەنبەلىك رولىنى ئوينىدى.

كېيىنچە ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەگەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياغا تونۇشتۇرۇلۇش ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈلۈش تارىخىنى يېزىش توغرا كەلسە، ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ بۇ ئەمگىكى ئەڭ ئالدىنقى بەتلەردىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك. چۈنكى، ھەر قانداق بىر ئەدەبىيات باشقا تىللارغا، بولۇپمۇ دۇنيادىكى چوڭ تىللارغا كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلمىسا، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن خىلۋەت قېلىشى،نەزەردىن ساقىت قىلىنىشى تەبىئىي. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇش ھېچقاچان ئۆز جىددىيلىكىدىن قالغىنى يوق، ھەتتا بۈگۈنكى كۈنلەردە بۇ خىزمەت تېخىمۇ مۇھىمدۇر. بۇنداق ئەسەرلەر دۇنيادىكى چوڭ تىللاردىن ئىنگلىزچە، رۇسچە، فرانسۇزچە، ئەرەبچە، خەنزۇچە،تۈركچە، ياپونچە ۋە باشقا تىللاردا كۆپلەپ چىقىرىلىش لازىم، پەقەت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىلا ئامەس، بەلكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى، مەسىلەن: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر، پەرھات جىلان، ئەخمەت ئىمىن، جالالىدىن بەھرام، ياسىنجان چوغلانى، ئەخەت تۇردى، باتۇر روزى، پەرھات تۇرسۇن، ئەختەم ئۆمەر، ئابدۇۋەلى ئەلى، مۇھەممەد پولات ۋە باشقا يۈزلىگەن ئەدىبلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، زامانىۋى ھايات مۇئەممەئالىرى ۋە كارتىنىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نادىر رومانلىرى، ھېكايىلىرى، نەسرلىرى ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلىرىنى دۇنيادىكى چوڭ تىللارغا كۆپلەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك، ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەكلىماكان- جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىن چىقىپ دۇنياغا يۈزلىنەلەيدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇر

مەدەنىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ،ئۆزگىچىلىكى، رەڭدارلىقى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى پۈتۈن جۇڭگوغا، بولۇپمۇ دۇنياغا تونۇشتۇرۇلۇشى كېرەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر غەربىنىسگىلا ئۆچمەس ھەسسە قوشقانلىقى ئەمەس، بەلكى بۇ تىلنىڭ دۇنيادىكى چوڭ تىللارغا ئوخشاش سەۋىيىدە مەمۇرىي باشقۇرۇش تىلى، ئىلىم-پەن تىلى، ئۇنىۋېرستەت ماائارىپ تىلى، مەمۇرىيەت تىلى، دىپلوئاتىيە تىلى، ئاممىۋى ئاخبارات تىلى ھەمدە دۇنيادىكى فرانسۇز، رۇس، ئىنگلىز قاتارلىق ياۋروپا تىللىرىدا يېزىلغان ئەڭ نادىر كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەر، نوبېل مۇكاپاتى ئەسەرلىرى، 19-20-ئەسىر ئىدېئولوگىيە كۆرىشىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى بولغان ماركس، ئېنگىلىس، لېنىن، ستالىن، گېگىل، فېيېربىاخ، ماۋزېدوڭ، نىتزىي، فرويىد ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى، خەنسۇ تىلىنىڭ جەۋھەرلىرى بولغان كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە تەرجىمە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇنغان مۇكەممەل تىل ئىكەنلىكىنى، قانداقتۇر ھەرگىزمۇ « قۇشلار» نىڭ تىلى ئەمەسلىكىنى ئىپادە قىلىش ھاجەتتۇر، بۇ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچى! بۇ مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى ئوقۇتقۇچىلىق ، ئوقۇغۇچىلىق ۋە ئىلمىي تەتقىقات ھاياتىمدا داۋاملىق ھېس قىلغانلىرىمدۇر .

ئابدۇرېھىم تۇرسۇن ئەنە ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم شېئىرلارنى رۇس تىلىدا تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شۇ يولدىكى پىداكارلاردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئابدۇرېھىم ئۇيغۇر زىيالىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك بۇرۇچنى ئادا قىلدىمۇ يوق؟ بۇنى خەلق بەلگىلەيدۇ ئەلۋەتتە!

## ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتىنىگە قايتىش ۋە قىسمەت

ئابدۇرېھىم تۇرسۇن 2003-يىلى، تۈركىيە، ئامېرىكا، رۇسىيە، قىرغىزىستان، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئۇنىۋېرستېتلاردا خىزمەت قىلىش ۋە بىلىم ئاشۇرۇش تەكلىپلىرى ھەم ئىمكانىيەتلىرىدىن ۋازكېچىپ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىي پەلسەپىسى تەتقىقاتىغا ھەسسە قوشۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، يۇقىرى قىزغىنلىق بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

مەن ئۇنى ئامېرىكىغا چاقىرتىشنى ئېيتسام، «ئەڭ ياخشىسى ئاتا-

ئانامنىڭ يېنىدا تۇراي، ئىككى ئوغۇل چەتئەلدە تۇرساق، ئاتا-ئانىغا كىم قارايدۇ ؟» دەپ رەت قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا تۈركىيىلىك پروفېسسورلار ئۇنىڭ تۈركىيىگە بېرىشى ۋە ئۇ يەردە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئىشلەپ تېخىمۇ گۈللىنىش ئىمكانىيىتى بارلىقى ھەم بۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بىراق ، ئۇ ئۇدۇل ئانا ۋەتەنگە يول ئالدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مېكىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ دىپلومىنى ۋەتەندە ئىشلەش پۇرسىتى ئۆچۈن پايدىلىق بولسۇن دەپ قانۇنىي گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزگەن.

ئۇ، ئالتە يىللىق ئوقۇشنى پۇتۇنلەي ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ خىراجىتى بىلەن تاماملىغان بولۇپ، جاپالىق ئوقۇش جەريانىدا ئىقتىسادچانلىق بىلەن ياشاش ئىستىلىنى تۇرغۇزغان ئىدى. بىر ياقتىن ئوقۇش خىراجىتىنى تۆلەش ، بىر ياقتىن تۇرمۇش چىقىمىنى ھەل قىلىش، كىتاب-ماتېرىيال سېتىۋېلىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. جاپالىق ئوقۇش جەريانىدا كۆپ قېتىم ئاغرىپ قېلىش، ھەتتا خەجلەيدىغانغا پۇل قالمايدىغان ئەھۋاللارغىمۇ يولۇققان، مەن ئۇنىڭغا ۋاقىتدا پۇل ئەۋەتىپ بېرەلمىگەندە ياكى ئۆرۈمچىدىكى ئاتا-ئانامدىن ئىقتىسادىي ياردەملەر ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەندە قىيىن ئەھۋاللاردا قالغان پەيتلەرمۇ كۆپ بولغان. ئۇ، باشقىلارنىڭ «ھەممە ئادەم سودا-تىجارەت قىلىپ جان بېقىۋاتسا، جىنىڭنى قىيناپ ئوقۇيمەن دەپ نېمە قىلىسەن؟» دېگەن تاپا-تەنىلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئوقۇشنى يېرىم يولدا تاشلىۋەتمەستىن ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن يانمىدى. ئۇنىڭ بۇ روھى ئۇنى بىلگەن ئۇيغۇر، قىرغىز، رۇس ۋە باشقا ھەر مىللەت ساۋاقداشلىرى، دوستلىرى ھەم تونۇشلىرىنى تەسىرلەندۈرگەن ئىدى.

ھەقىقەتەن، 1992-2000-يىللارغىچە ئۇيغۇر دىيارى ۋە باشقا ئىچكىرى جۇڭگودىن رۇسىيە ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى خېلى كۆپ بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىرەر يىل رۇسچە ئۆگىنىپلا بولدى قىلدى، يەنە بەزىلىرى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرسىمۇ ئوقۇشنى يېرىم يولدا تاشلىدى. شۇ سەۋەبتىن رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە جۇڭگودىن كەلگەن بۇ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئىشەنمەسلىك ۋە ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى ئويۇن-تاماشا قىلىش ياكى تىجارەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقى ھەققىدە سەلبىي چۈشەنچىلەر پەيدا بولغان ئىدى.

قىرغىزىستان، قازاقىستانلاردىمۇ ئەنە شۇنداق ئىنكاسلار مەۋجۇت بولۇپ، قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى مۇتەخەسسىس-ئۇستازلار ۋە ئابدۇرېھىمنىڭ

ساۋاقداشلىرى دەسلەپتە ئابدۇرېھىمنى ئەنە شۇ جۇڭگودىن كەلگەن «ئوقۇغۇچىلار» غا قارىغاندەك ئىشەنمەسلىك كۆزى بىلەن قارىغان ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئابدۇرېھىمنىڭ تىرىشچانلىقى، ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى ئۆزگەردى ۋە ئۇنى قەدىرلەشكە، ھۆرمەتلەشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە قىرغىزىستان، قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان جەمئىيىتىدە ئۇيغۇرلارنى « سودىگەر مىللەت، ئوقۇشقا قىزىقمايدۇ» دەيدىغان خاتا چۈشەنچىلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئابدۇرېھىم تۇرسۇن بۇ جۇمھۇرىيەتتىكى خەلقلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم-مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىلىم ئەھلىنى قەدىرلەيدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرستىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسىي ئوبرازىنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەنگەن ئىدى.

ئابدۇرېھىم جاپاغا چىداپ، ئائىلىسىنىڭ نۇرغۇن ئىقتىسادىنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىنى زور بىلىم بىلەن تەييارلاپ، ۋەتىنىگە، ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى، دوستلىرى، جۈملىدىن ئۆز مىللەتداشلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىش يولىنى تۇتتى. ھەتتا، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردىكى تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن بىشكەككە بىلىم ئاشۇرۇشقا كېلىپ، ئابدۇرېھىم بىلەن تونۇشقان ھەم ئۇنىڭ ئىلمىي ياردەملىرىگە ئېرىشكەن بەزى مۇتەخەسسلەرمۇ ئابدۇرېھىمنىڭ تالانتى ۋە قابىلىيىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەلسەپە ساھەسى بويىچە مەخسۇس تەربىيە كۆرۈپ، يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋان ئالغانلارنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكى، ئەگەردە ۋەتىنىگە قايتسا، چوقۇم ئۇنىڭ تەتقىقات ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىش ۋە ئۆز قابىلىيىتىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش ھەم راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ تالانتىغا يۇقىرى باھا بېرىشكەن.

ئابدۇرېھىم تۇرسۇن ئەنە شۇ يۇقىرى قىزغىنلىق ۋە ئۈمىد-ئىشەنچ بىلەن ۋەتىنىگە قايتىپ كەلدى. بىراق، ئۇ ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى، بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۆز قابىلىيىتىنى نامايان قىلىپ، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ بىرىدە ئۆزىگە مۇۋاپىق خىزمەت ئورنى تېپىپ، ئۆز بىلىمىنى ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلىتىش ھەم تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇشقا كۆپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما مۇۋاپىق خىزمەت تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۈرۈمچىدىكى بەزى تەتقىقات ئورنى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئۇچرىشىشتا ئۇنى خىزمەتكە قوبۇل قىلىش مۇمكىنلىكى، بىراق ئۇزۇن يىللارغىچە

قايتىدىن چەتئەلگە ۋە باشقا جايلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىشقا رۇخسەت قىلمايدىغان قاتتىق شەرتنى قويىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئەمەلىيەتتە رەسمىي خىزمەتكە قوبۇل قىلىش تەكلىپى ئەمەس بولۇپ، پەقەت سۆھبەت جەريانىدىكى ئاغزاكى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئابدۇرېھىمنىڭ پىلانىدا بىرەر-ئىككى يىل ئىشلەپ، قايتىدىن موسكۋاغا بېرىپ، رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ۋە ياكى ئىچكىرىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرىدە بىلىم ئاشۇرۇپ، ياكى دوكتور ئاشتىلىق ئوقۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇش نىشانى بار ئىدى. كىم بىلىدۇ؟ بۇ بەلكى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىر پۇرسەتنى قاچۇرۇپ قويۇش بولۇسا كېرەك؟!، ئەگەر ئۇ ئاغزاكى ئېيتىلغان بۇ شەرتكە كۆنگەن بولسا، ئۇ ئورۇندىن ئاخىرقى جاۋاب قانداق بولار ئىدى؟ ھەقىقەتەن ئالارمىدى؟ بۇنىسى نامەلۇم. بىراق، ئۇ شەرتلەرنى بىراقلا رەت قىلىۋەتتى. ئۇ كېيىن داۋاملىق خىزمەت ئىزلەپ، ئۆزىنى ئىختىساسلىق ئورۇنلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويىدى. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئېيتىشىچە، ئىختىساسلىقلارغا ئىش تېپىپ بېرىش ئورنى ئۇنىڭ مۇۋاپىق خىزمەت ئورنىغا كىرىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىدىغانلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ چەتلەردە ئوقۇپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەمما، بەربىر ئۇنىڭ ئارزۇلىرى لايىغا چىقمىدى. دېمەك، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يول تۇراتتى، ئۇنىڭ بىرى يەنە قايتىدىن چەتئەلگە كېتىپ، ئۆز ئورنىنى تېپىش، يەنە بىرى داۋاملىق ۋەتىنىدە قېلىپ، باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇش تىرىكچىلىكى قىلىپ، ئۆز كەسىپى بىلەن ئىشتىن سىرت شۇغۇللىنىش. ئابدۇرېھىم تۇرسۇن ئىككىنچى يولنى تاللىدى. ئۇ، ۋەتەنىدە قېلىپ، سودا-تىجارەت بىلەن تىرىكچىلىك يولىنى تۇتۇپ، پەلسەپە تەتقىقاتىنى ئىشتىن سىرت قىلىشقا قارار قىلدى. ئابدۇرېھىمنىڭ بۇ چاغدىكى ئۆي-پىكرى ھېچكىمگە تايانماسلىق، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەپ، ئۆزىنى-ئۆزى بېقىش، ئەركىن تەتقىقاتچى بولۇش، تاپقان پۇلىنى ئىلىم-مەرىپەت ۋە خەيرى-ساخاۋەتلىك ئىشلىرىغا سەرپ قىلىش ئىدى.

ئەمما, ئابدۇرېھىمنىڭ قوبۇل قىلماقچى بولغان ئورۇننىڭ ئاغزاكى شەرتىنى رەت قىلىپ، مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەپ، ئۆز ئۆي-پىكرىگە ئۆزى ئىگە بولۇپ ياشاش قارارىغا كېلىشىگە نىسبەتەن ئانىمىز نارازى بولدى. ئانا دېگەن بەربىر ئانا! دۇنيادىكى ئەڭ مېھرىبان ئىنسان ! ئانا بالىسىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ ھەر بىر ئېلىمېنتلىرىغىچە ئەڭ دىققەت قىلىدۇ ۋە ئەڭ كۆيۈنىدۇ. ئانىمىز ئاخىرغىچە ئابدۇرېھىمنىڭ بىرەر خىزمەت ئورنىغا داخىل بولمىغانلىقىدىن ئەڭ ئەپسۇسلىنىپ،

كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا باش قاتۇرغان ئىدى. مەنمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەنسىرەپ، مۇمكىن بار بىرەر خىزمەت ئورنىغا كىرىپ ئىشلەپ، خۇسۇسىي ئىگىلىك تىكلەشتىن يېنىشنى تەۋسىيە قىلغان ئىدىم، بىراق ئۇ « ھېچ يەردە ئىشلىمەيمەن، ھېچكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يالۋۇرمايمەن، ئۆزۈمنى ئۆزۈم باقىمەن، ئۆزۈم ئويلىغان ئوي پىكىرىمدە ياشايمەن » دەپ ئۆزىگە تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن ۋە ياكى كەسپىگە مۇۋاپىق بىرەر ئورۇندىن داۋاملىق خىزمەت ئىزلەشنى رەت قىلغان ئىدى . ئەلۋەتتە، ئۇ نېمە ئويلايدۇ؟ نېمە ئۇنىڭ كاللىسىغا ۋە ئىدىيىسىگە تەسىر قىلدى؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە يىل ئوقۇپ، يۇقىرى سەۋىيە ۋە ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشىپ تۇرۇپ، بىرەر جايدىن ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ دىپلوملىرىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرگە يالۋۇرۇپ، ئىپادە بىلدۈرۈپ بولسىمۇ، خىزمەت تېپىش يولىنى تۇتماي، ئۆزى مۇستەقىل ياشاش قارارىغا كەلدى؟ بەلكى ئۇنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىدىغان نۇرغۇن ئوي پىكىرلىرى بار بولسا كېرەك، ئەمما ئۇنىڭغا ئۆلگۈرمىدى. بىراق، مەن ئەقلىمنى ئىشلىتىپ، كۆپ نۇقتىلارنى قىسمەن بولسىمۇ پەرەز قىلالايمەن.

ئۇ، ئاخىرى رۇس تىلىدىن پايدىلىنىپ، تىجارەت ئىشلىرىغا كىرىشىپ، بەزى شىركەتلەردە خىزمەت قىلدى ھەمدە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن تىرىشتى. ئۇ، دەسلەپتە خىزمەت قىلغان بىر شىركەتنىڭ خەنزۇ خوجايىنى ئابدۇرېھىمنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار، رۇس، خەنزۇ، ئۇيغۇر ۋە قىرغىز تىللىرىنى بىلگەن ھەم قابىلىيەتلىك ۋە ئەخلاقلىق يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى خىزمەتكە قوبۇل قىلدى شۇنىڭدەك ئۇنى گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلاردىكى سودا ئالاقىلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئابدۇرېھىم مەزكۇر شىركەت ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك مەنپەئەت ياراتتى ھەمدە شىركەت رەھبەرلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. خوجايىن ئۇنىڭ سەمىمىيتى ۋە قابىلىيىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى يۇقىرى دەرىجىدە ھۆرمەتلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، مەزكۇر شىركەت پرېزىدېنتى ئانىمىزنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۆيىگە كېلىپ ئانىمىزنى يوقلىغان ھەمدە، ئابدۇرېھىمدەك سەمىمىي ۋە قابىلىيەتلىك ياشنى ئۆستۈرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتقان.

بۇ جەرياندا ئابدۇرېھىم بىر ياقتىن ئىشلەپ ، يەنە بىر تەرەپتىن تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر قانچە قىممەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، ئىلمىي دوكلات بەردى. ئىلمىي ژۇرناللاردا ئىلمىي ماقالىلار يېزىپ ئېلان قىلدى. بىراق ، بىرەر تەتقىقات ئورنى ۋە ياكى ئالىي مەكتەپتە خىزمەت قىلىپ، ئۆز كەسپى بىلەن بىۋاستە ۋە مەخسۇس شۇغۇللىنىش بىلەن تۇرمۇش تىرىكچىلىكى يولىدا باشقا كەسىپ بىلەن

مەشـــغۇل بولـــۇپ، تەتقىقـــاتنى ئىشـــتىن ســـىرت قىلىشـــنىڭ زور پەرقـــى بـــار ئىدى. ئەلۋەتتە، كۆپ ۋاقىتلارنى ئۆز كەسپىگە ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش يولىغا سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى.مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىلمىي نەتىجىلەرنىڭ ئازلىشى تەبىئىي ئىدى. چـۈنكى، ئىنسـان ھاياتـىدا ئالـدى بىـلەن ئۆزىنىـڭ قورسىقىنى باقـىدىغان تىرىكچىلىك يولىنى يارىتىشى، تۇرمۇش چىقىمىنى ھەل قىلـىدىغان كىـرىم مەنبەسـىنى ھەل قىلىشى، قىسقىسى ئالدى بىلەن كۈندۈلۈك تاماق يېيىشـى ھەم كىيىشـى كېـرەك ئىدى. بۇ مەسىلە ھەل بولماي تۇرۇپ، ھەر قانداق خىزمەت ۋە ياكى تەتقىقاتتىن سـۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەمما، ئابدۇرېھىم تۇرسۇن تۇرمـۇش ھەلەكچىلىكىنىـڭ قايىنامىلىرىـدا يۈرسـىمۇ، ئۆزى سۆيگەن پەلسەپە كەسپىنى تاشلىمىدى، پەلسەپىۋى تەپەككۇر قىلىش، ھايات ۋە تۇرمۇشـنى ئىجتىمـائىي- پەلسـەپىۋى پىكـىرلەر بىـلەن بىرلەشتۈرۈشـكە ئەھمىـيەت بەردى.ئۇ، دائىم «ئىلگىرى مەن پەلسەپىنى كىتابتىن ئۆگەنگەن بولسا، مانا ئەمـدى تۇرمۇشتىن ئۆگىنىۋاتىمەن، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ھەقىقىي پەلسەپە» دەيتتـى. ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ ئۇنىـڭ چوڭقـۇر پىكىرلـىرى، ئـاز ئەمـا، چوڭقـۇر ۋە كۈچلـۈك، مەنتىقىلىق سۆزلىرى ۋە خۇلاسىلىرىدىن قايىل ئـىدى. ھەر بىـر سـۆزىنى ئويلىشـىپ، مەنتىقىلىق، ئىلمىي ئاساس ۋە پاكىت بىلەن ئېيتىشقا ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنى « دوكتور ئابدۇرېھىم »دەپ چاقىراتتى.

كىچىك پېئىل، سالماق،كەمتەر ۋە مەرتلىك، ۋىجدانىغا، ئـۆز خەلقىـگە ۋە ئـۆز قـوۋمىگە، ئاتـا-ئانىسـى، ئاكـا-ھەدە سـىڭىللىرىغا ھەم تۇغقـان قېرىنداشـلىرى شۇنىڭدەك دوستلىرىغا سادىق بولۇش، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئالدىـدا كۈچۈكلەنمەسلىك، كىشىلىك غـورۇرىنى دەپسـەندە قىلـىش بەدىلـىگە ئـۆز نىشـانىغا يەتكەنلەر ھەم ئـۆز ئىمتىيازلىرىـدىن پايـدىلىنىپ، باشـقىلارنىڭ ئالدىـدا ئـۆزىنى كۆرسەتكەنلەرگە نەپرەتلىنىش ئابدۇرېھىمنىڭ شەخسىي خاراكتېرلىرىدىن ھېسابلىناتتى. سېخىلىق، كەڭ قورساقلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ، تاپقىنىنى دوستلىرىدىن ئايىماسلىق ئۇنىڭ كىشىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئىدى.

ئابدۇرېھىم تۇرسۇن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاساسلىق تەتقىقاتىنى ئوتتۇرا ئەسرلەر ئۇيغـۇر پەلسـەپىۋى پىكـىرلەر تەرەققىيـات تـارىخى، پەلسـەپىۋى پىكىرلىرىنىـڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنىشـى ھەم ئوتتـۇرا ئاسـىيا خەلقلىرىنىـڭ ئىجتىمـائىي-پەلسـەپىۋى پىكـىرلەر تـارىخى تەتقىقاتىغـا قارىتىـپ، بىـر قىسـىم ئەسـەرلەرنىڭ دەسـلەپكى نۇسخىلىرىنى پۈتتۈردى. بۇ يىللاردا ئۇ ئىككى قېتىم ئامېرىكىدىكى مەركىزىي ياۋرو-

ئاسىيا ئىلمىي جەمىيىتىنىڭ خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، ماقالە ئوقۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدى، مەزكۇر ئىلمىي جەمئىيەت ئۇنىڭ ئۇيغۇر بۇددىزم پەلسەپىسىگە ئائىت ئىلمىي دوكلاتلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى لايىق كۆرۈپ، تاللىنىش تەلىپى يۇقىرى بولغان مەزكۇر خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، دوكلات بېرىش سالاھىيىتىنى تەستىقلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى.

قىسقىسى، ئابدۇرېھىم تۆرسۇن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىنكى يىللار جەريانىدا بىر تەرەپتىن جاپالىق تۆرمۈش تىرىكچىلىكى يولىدا ئەمگەك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلارنى چىڭ تۇتۇپ، بار ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، پەلسەپە تەتقىقاتى ۋە ئىجادىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. بىراق ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن ئارزۇ قىلغان نەتىجىلەرگە ۋە ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن، نۇرغۇن ۋاقتىنىڭ تۆرمۈش تىرىكچىلىكى يولىغا كېتىۋاتقانلىقىدىن، ئەسلىدىن بىرەر تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەش پۇرسىتى بولغان بولسا، بۇنداق نۇرغۇن ۋاقتىنىڭ زايا كەتمەيدىغانلىقىدىن ئەپسۇسلانغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇ، ھەقىقەتەن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ۋە ئۇنى ئۆز خەلقىغە تەقدىم قىلىشقا ئۈلگىرەلمىدى. بەلكى ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭغا يەنە ئۆمۈر بەرگەن بولسا، بەلكى ئۇنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرى ئەمەلگە ئاشقان، بەلكى يازغان ھەم يېزىۋاتقان ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولار ئىدى. بىراق، ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى پات ئارىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلىدۇ. ئۇنى چۈشىنەلىگەن، ئۇنىڭ ئىززىتىنى ۋە قىممىتىنى بىلگەن خەلقى ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ! ئۇيغۇر خەلقى ھېچقاچان ئۆزىنىڭ ياخشى پەرزەنتلىرىنى ئۇنتۇپ قالغان ئەمەس!

## ئابدۇرېھىم تۆرسۇننىڭ پەلسەپە تەتقىقات ئەسەرلىرى

ئابدۇرېھىم تۆرسۇننىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رۇس تىلىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسىرى «دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى» ماۋزۇلۇق ئىلمىي مونوگراپىيىسىدۇر. ئۇ، بۇ كىتابىنى ئۇيغۇر تىلىدا تەييارلاشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنى تېخى يورۇقلۇققا چىقىرىشقا

ئۆلگىرەلمىگەن ئىدى.

مەزكۇر مونوگرافىيە قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ « ئىلىم» نەشرىياتى تەرىپىدىن 2002-يىلى، رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، مەيلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياكى كېيىنكى مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقى دەۋرى بولسۇن، ئەشۇ ۋاقىتقىچە مەخسۇس دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر بۇددىزم پەلسەپىۋى پىكىرلىرى مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس ئىلمىي دىسسېرتاتسىيە ياقلىنىپ باقمىغان ھەمدە مەخسۇس مونوگرافىيە نەشر قىلىنمىغان ئىدى. شۇڭا بۇ ئەسەر مەزكۇر ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان ئىدى. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، تېخى 2000-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگودىمۇ مەخسۇس ئۇيغۇر بۇددىزم پەلسەپىۋى پىكىرلىرى مەسىلىرى بويىچە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ياقلىنىپ، مۇنداق تېمىدىكى مەخسۇس مونوگرافىيە نەشر قىلىنمىغان .

شۇ سەۋەبتىن ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ تەتقىقات تېمىسى رۇس، تۈرك، قىرغىز، قازاق ۋە باشقا مىللەت ئالىملىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپلا قالماستىن بەلكى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغىغان ئىدى. ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن ئەزىز نارىنبايېف، كوممۇنار تالىپوف، ئابلەت كامالوف، ئىسلامجان شىرىپ، غەيرەتجان ئوسمان ، پەرھات تۇرسۇن ۋە باشقىلار ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ تېمىسى ۋە نەتىجىلىرىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئىزچىل مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كەلگەن ئىدى. تۈركىيە -قىرغىزىستان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركىيەدىن كەلگەن بىر قىسىم پروفېسسورلىرىمۇ ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنىڭ ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىدا بېسىپ تارقاتقان ھەتتا ئۇنى تۈركىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا خىزمەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلغان ئىدى.

ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ « دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى»ماۋزۇلۇق مەزكۇر مونوگراپىيىسىنى قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەلسەپە ۋە قانۇن ئىنستىتۇتى نەشر قىلىشقا تەۋسىيە قىلغان بولۇپ، قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەخرىي ئاكادېمىكى، پروفېسسور، پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى ، ئۇيغۇر ئالىمى ئەزىز نارىنبايېف ئەسەرنىڭ جاۋابكار تەھرىرلىكىنى زىممىسىگە ئالغان ھەمدە ئەسەرگە كىرىش سۆز يازغان.

قىرغىز ئالىملىرىدىن، قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پەلسەپە ۋە قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورى، پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور ئوسمان

توگۇساكوف بىلەن قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي خادىمى، پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى س. مۇقاسوف نەشر قىلىشنى باھالىغۇچى بولغان.

كىتابقا باھا سۆزى يازغۇچى مەزكۇر ئىككى قىرغىز ئالىمى مۇنداق باھا بەرگەن:

« بۇ مونوگرافىيىدە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىكى ئىجتىمائىي-مەدەنىي ھەل قىلغۇچ ئامىللار ھەم ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ئىدىيىۋى مەنبەلىرى تەتقىق قىلىنىدۇ. كۇمارارجىۋا، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، پرىتىيا ياشرى، ئاتسان، چۇسىيا تۇتۇڭ، كالىم كايشى ۋە باشقا شائىر-مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىپتىكىلىق ۋە ئېستېتىك قاراشلىرى ئانالىز قىلىنىدۇ.

مەزكۇر كىتاب پەيلاسوپلار،تارىخچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئىستۇدېنتلار، ئاسپىرانتلار ۋە بارلىق شەرق خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي-پەلسەپىۋى پىكىرلىرىگە قىزىققۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشىنى نىشان قىلغان.»

ئاكادېمىك ئەزىز نارىنبايىيف كىتاب ھەققىدىكى كىرىش سۆزىدە ئەسەرگە مۇنداق باھا بەرگەن:

« مەزكۇر كىتابتا بۇددىزىم پەلسەپە ماتېرىياللىرى ۋە مەنبەلىرى ئاساسىدا تۇنجى قېتىم دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي - پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ئۆستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان ۋە بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ھەم راۋاجلىنىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئىجتىمائىي-مەدەنىي ئامىللار، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىدىيىۋى مەنبەلەر ئېنىقلاپ چىقىلغان شۇنىڭدەك يەنە مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىر قاتار دۇنيا قاراش پرىنسىپلىرى، ئەخلاقىي -ئېتىكىلىق ۋە بەدىئىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە گۇمانىزملىق ئىدىيىلىرى ھەم ئىدىياللىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن، دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى بۇددىزىم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي-پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ تولۇق كارتىنىسى تۇرغۇزۇپ چىقىلغان. بۇ ئەسەر ياشلارنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ پەلسەپىۋى مىراسلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشى، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا ئومۇمىي مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى يۇقىرى باھالاپ، ئۇنىڭ پەخىرلىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. »

بەلكى، قىرغىزىستان ئاكادېمىك ۋە پروفېسسورلىرىنىڭ يۇقىرىدىكى باھا سۆزلىرى ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ ئىلمىي ئەمگىكى ھەم ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەڭ ئىشەنچىلىك پاكىت بولۇپ، مۇنداق باھالار ھەرگىزمۇ لايىق كەلمىگەن، ئۆلچەمگە توشمىغان ۋە يېتىلىق قىممىتى بولمىغان ئەسەرلەرگە بېرىلمەيدۇ. پەقەت ھەققىي ئىلمىي ئەسەرلەرگە بېرىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە 2002-يىلى،قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى «دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە ئېۋالىيۇتسىيىسى» ماۋزۇسى ئاستىدا نەشر قىلىپ تارقاتتى. دىسسېرتاتسىيە بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان كىشىلەر مەزكۇر قىسقارتىلما ئەسەر بىلەن تونۇشۇش مۇمكىن.

## ئۇنىڭ ئەسىرى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۇتۇپخانىلاردا ساقلانماقتا

ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ «دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى» ماۋزۇلۇق مەزكۇر مونوگراپىيىسى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلەت مەجلىسى كۇتۇبخانىسى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ، مەزكۇر كۇتۇپخانىنىڭ رۇس تىلىدىكى كىتابلار كاتولىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن قويۇلغان. ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ چەت تىللىرىدا يېزىپ نەشر قىلىنغان ئىلمىي كىتابلىرىدا ئىچىدە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلەر ناھايىتى ئاز ساندىدۇر. ئادەتتە ئىلمىي ساپاسى ۋە ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولمىغان ئەسەرلەر مەزكۇر كۇتۇپخانىغا قويۇلمايدۇ.

مەزكۇر كىتاب يەنە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىكى دۇكې ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىللىنوي ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ۋىسكونسىن ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ كۇتۇپخانىلىرىغا قويۇلغان. نۆۋەتتە، ئۇنىڭ ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىسى ۋە دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ قىسقارتىلمىسى شۇنىڭدەك مەزكۇر مونوگرافىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئەسىرى قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئارخىپىدا، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىك مەركىزىي كۇتۇپخانە، قىرغىزىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇبخانىسى، قىرغىزىستان ئالىي ئۇنۋان باھالاش ۋە بېرىش كومىتېتىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى بېسىلغان ژۇرناللارمۇ ھەر خىل كۇتۇپخانىلاردا ساقلانماقتا.

ئۇنىڭ مونوگراپىيىسى ۋە «ئۇيغۇر پوئېزىيىسى» رۇسىيە، جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە غەرب دۆلەتلىرىدىكى بىر قىسىم كۇتۇبخانىلاردا شۇنىڭدەك مۇتەخەسسىس ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ قولىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ دىسسېرتاتسىيىسى ۋە

مونوگرافىيىسى رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە غەرب دۆلەتلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ئۇيغۇر ئوتتۇرا ئەسىرلەر پەلسەپىۋى پىكىرلەر ۋە ئىدىيىلەرنى تەتقىق قىلىش ساھەسى ئۈچۈن مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىياللىق رولىنى ئويناۋاتقان بولۇپ، مەزكۇر ساھە بويىچە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ۋە ياكى ئىلمىي ماقالە يېزىش ئۈچۈن ئابدۇرېھىمنىڭ مونوگرافىيىسى ۋە ماقالىلىرىنى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ بىر قىسىم رۇسچە ئېلان قىلغان ئاساسلىق ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى

كىتابلار :

1. دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى . بىشكەك. ئىلىم نەشرىياتى. 2002-يىلى. (رۇسچە)
2. ئۇيغۇر پوئېزىيىسى . بىشكەك، قىرغىزىستان نەشرىياتى، 2001-يىلى، ( رۇسچە)
3. دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە ئېۋالىئۇتسىيىسى ( بۇددىزم پەلسەپىسى ماتېرىياللىرى ئاساسىدا) . دىسسېرتاتسىيە، 2002-يىلى، بىشكەك، ( رۇسچە)
4. دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە ئېۋالىئۇتسىيىسى ( بۇددىزم پەلسەپىسى ماتېرىياللىرى ئاساسىدا) . دىسسېرتاتسىيىنىڭ قىسقارتىلما نۇسخىسى، 2002-يىلى، بىشكەك، ( رۇسچە)

## رۇس تىلىدا ئېلان قىلغان بىر قىسىم ئاساسلىق ئىلمىي ماقالىلىرى

1. دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر بۇددىزم پەلسەپىۋى تەپەككۇرلىرى

. «زامانىۋىلىق ۋە پەلسەپە ۋە قانۇن مەسىلىلىرى . قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلار توپلىمى» .1998-يىلى، بىشكەك ، ( قىرغىزچە)

2. بۇددىزم پەلسەپىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى . « ياش تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» . بىشكەك. 1999-يىلى، ( رۇسچە)

3. ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىشلەر . « ياش تەتقىقاتچىلار ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» . بىشكەك، 2000-يىلى، ( رۇسچە)

4. ئۇيغۇر بۇددىزم مۇتەپپۇككۇرلىرى . « ياش تەتقىقاتچىلار ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» .بىشكەك، 2000-يىلى.

( رۇسچە).

5. ئۇيغۇر مۇتەپككۇرلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك پرىنسىپلىرى . « ياش تەتقىقاتچىلار ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» . بىشكەك، 2001-يىلى، ( رۇسچە)

6. تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىدىكى ئېتىكىلىق كۆز قاراشلار ھەققىدە ئىزدىنىش. « قىرغىزىستان-تۈركىيە ماناس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى» ، بىشكەك ، 2003-يىلى ( رۇسچە)

7.ئۇيغۇر مۇتەپپەكۇرلىرىنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى كوز قاراشلىرىغا ئائىت مەسىلىلەر . «ياش تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى» ، 2001-يىلى، بىشكەك، ( رۇسچە)

8. چۆيسا تۇتۇق ۋە كالىما كايشىنىڭ ئېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى . « قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 5-قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماتېرىياللىرى توپلىمى» . 2002-يىلى، بىشكەك.( رۇسچە).

9. تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مۇتەپپەككۇرلىرىنىڭ ئېتىكىلىق قاراشلىرى. « قىرغىزىستان -تۈركىيە ماناس ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 2001-يىلى، 2-سان، بىشكەك ( رۇسچە).

10. ئۇيغۇر بۇددىست مۇتەپپەككۇرى پرتىئا ياشىرىنىڭ ئەخلاق قاراشلىرى . « مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىدىكى بۇددىزم ۋە خرىستىيانىزم» ناملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلار توپلىمى، بىشكەك 2002-يىلى.( رۇسچە).

11. ئۇيغۇر ئىجتىمائىي-پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى ئىدىيىۋى

مەنبەلەر ھەققىدە. مۇھاكىمە يىغىن دوكلاتى (رۇسچە)

## نەشر قىلىنغان كۆتۈپ تۇرغان ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتاب ۋە ئەسەرلىرى

1. قەدىمكى يۇرت ئۇچتۇرپان. ئىجتىمائىي ـ مەدەنىيەت تارىخى تەرەققىيات مۇساپىلىرى
2. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر تارىخى(رۇسچە كىتابى ئاساسىدا)
3. 19ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي پىكىرلەر توقۇنۇشى
4. ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈش مەسلىسى

ئابدۇرېھىم تۇرسۇن يەنە « تۇرپانشۇناسلىق» ، «مۇنبەر» ، «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيتى» ۋە «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا بىر قىسىم ماقالىلارنى يېزىپ نەشر قىلدى.

## ئابدۇرېھىم ئىسمىنىڭ كېلىپ چىقىش ھېكايىلىرى

ھەر قانداق ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىگە يۈكسەك بىر ئارزۇ ـ ئۈمىد ھەم تىلەك تۈيغۇلىرىنى مەنبە قىلغان ئىسىملارنى قويىدۇ. ئىنىم ئابدۇرېھىمنىڭ ئىسمىمۇ ئەنە شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئاتاقلىق قەھرىمانلارنىڭ، باتۇرلارنىڭ ، ئارتىستلارنىڭ ۋە ياكى ئاتاقلىق دانىشمەنلەرنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ بوۋىمىزنىڭ ئىسمى ئىدى، يەنى ئۆز غورۇرى ۋە ئىمانىغا سادىق بولۇپ ئۆتكەن بىر ئاددىي ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى ئىدى. ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بوۋىمىز 71 ياش ياشىدى، ئەمما ئىنىم ياش جەھەتتە ئۆز بوۋىسىنىڭ يېنىغىمۇ كېلەلمىدى !

بىز ئائىلىدە تۆت پەرزەنت ئىدۇق، ئىككى ئوغۇل ،ئىككى قىز. ئابدۇرېھىم

بالىنىڭ ئۇچىنچىسى ئىدى. بىزنى گۈزەل، ساپ ھاۋالىق يۇرت ئۇچتۇرپان ئۆستۈردى. ئاتا-ئانىمىز كونا زىيالىيلاردىن بولۇپ، دادىمىز تۇرسۇن بارات 1957-يىلى ئۇچتۇرپانغا كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى باشلاپ، ئۇچتۇرپان 1-ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە ئىماملىرىم يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنى بەرپا قىلىشقا قاتناشقان. بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن مەزگىل مەمۇرىي ئىشلار، يەنى تەزكىرە يېزىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن پېنسىيىگە چىققان. مەرھۇم ئانىمىز نۇرنىسا ئابدۇرېھىم ئۆمۈر بويى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، پېنسىيىگە چىققان ئىدى. مانا ئەمدى ئائىلىمىزدە ئىنىمىز ئابدۇرېھىم ۋە ئانىمىزدىن ئايرىلدۇق.

دادام ۋە ئانام ھەر ئىككىلىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1950-ۋە 1960-يىللاردا قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن ۋە قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن ئىدى.

ئىنىم تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭغا ئانام، دادام ۋە مومام چوڭ دادىمىز ئابدۇرېھىمنىڭ ئىسمىنى قويۇشنى قارار قىلغان ئىكەن. چۈنكى، چوڭ دادىمىز (بوۋىمىز) ئابدۇرېھىمنىڭ ھايات مۇساپىسى ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە قىزىقارلىق بولۇپ، سودا-تىجارەت ۋە دىنىي ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن كىشى ئىدى.

بوۋىمىز قەشقەر بەشكېرەمدىكى ئاۋات دېگەن جايدا تۇغۇلغان ھەمدە ياشلىق ۋاقتىدا قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ، داموللا دەپ ئاتالغان. كىشلەر ئۇنى ئادەتتە ئابدۇرېھىم دامولla دەپ ئاتايدىكەن. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تەخمىنەن ئوتتەبىر ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدىدا بوۋىمىز ئەنجانغا سەپەر قىلىپ، مەرغىلان، تاشكەنت، شەمەي، ئورېنبۇرگ، موسكۋا، سانكتپېتېربۇرگ قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ تىجارەت قىلغان، ئاخىرىدا قاراقول ) پرژىۋالسكى( شەھرىدە ئۇزۇن يىللار ياشىغاندىن كېيىن ،1930-يىللىرى ئەتراپىدا ستالىننىڭ كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ۋە باي-كۇلاقلارغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى مەزگىلىدە، ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئۆي-ماكانلىرىنى تاشلاپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، بارلىق ئائىلە ئەزالىرى ھەم ئۇرۇغ-جەمەتى بىلەن ئۇچتۇرپانغا ماكانلاشقان.

شۇ قېتىمقى كۆچۈشتە مومىمىزنىڭ كىچىك ئىنىسى، موسكۋادا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۆمەرجانمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەدىسى، ئاكىلىرى ۋە ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇچتۇرپانغا كۆچۈپ كەلگەن. 1934-يىلى، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەپ، خوجا نىياز ھاجىم قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆلكىدە مەدەنىيەت-

مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويغان ھەمدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرغاندا يۇقىرى مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن ئۆمەرجان ئۇچتۇرپان ، ئاقسۇ، كۇچار ۋە بىر مەزگىل كورلا ھەم ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلغان. كۇچاردا ، مائارىپ ۋە سەنايى نەپىس ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرگەن، ئەمما 1941-يىلى ئارىسىدا تازىلاش باشلانغاندا، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا ھەر مىللەت زىيالىيلىرى قاتارىدا يوق قىلىنغان.

ئۆمەرجاننىڭ ئىككى قىزى بولغانلىقى مەلۇم، بۇۋىمىز، مومىمىز، ھاممىمىز ۋە ئانىمىز بۇ قىزلارنى ئۆمۈر بويى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالماي ئۇ دۇنياغا كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىشقا ھەتتا ئىنىم ئابدۇرېھىمۇ قاتنىشىپ بەزى ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئىشىنىمەنكى، بۇ ئىككى قىز ھازىر ھايات بولسا، تەخمىنەن 70 ياشلار چامىسىدىكى مومايلاردۇر، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرىلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

بىزنىڭ بوۋىمىز ئابدۇرېھىم داموللا قاراقولدىكى ۋاقتىدىن تارتىپ، 1944-1949-يىللاردىكى مىللىي ئىنقىلاب رەھبەرلىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ دادىسى ھاشىم ئاقساقال ئائىلىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇلار كېيىن ئۇچتۇرپاندا بىرگە ياشىغان ھەمدە ئائىلىمىز بىلەن ئابباسوفلار ئارىسىدا قويۇق تارىخى مۇناسىۋەتلەر بار ئىدى. بۇ ئايرىم تارىخ، شۇڭا بۇ يەردە ھەممىنى يېزىپ بولالمايمەن.

بوۋىمىز ئابدۇرېھىم داموللا ناھايىتى مەرىپەتپەرۋەر ، كۆپنى كۆرگەن، زامانىۋى ئىلىم - مەرىپەتنى قوللايدىغان ھەمدە دىنىي بىلىملەرگىمۇ كامىل كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ يۇقىرى ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان، ئۇ زات 1959-يىلى، ئۇچتۇرپاندا ۋاپات بولغان. ئىنىم ئابدۇرېھىمگە بوۋىمىزنىڭ ئىسمىنى قويۇش، ئەنە شۇ زاتنى ۋە ئائىلە شەجەرىسىنى ئەستە تۇتۇش مەقسەت قىلىنغان.

دادىمىز تۇرسۇن باراتنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى قەشقەر پەيزىۋات بولۇپ، دادىسى، يەنى دادا جەھەتتىن بىزنىڭ بوۋىمىز باراتاخۇن پەيزىۋاتتا تونۇلغان دىنىي زات ئىدى. ئۇ كىشى قاغىلىقتىكى ئاتاقلىق ئالىم تەجەللىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى ئىدى. مەرىپەتپەرۋەر بۇ زات دادىمىزنى پەيزىۋاتتىكى ۋە كېيىن قەشقەردىكى يېڭىچە مەكتەپكە ئۆزى ئاپىرىپ بەرگەن ھەمدە دادىمىزنىڭ قەشقەر دارىلمۇئەللىمىننى نەتىجىلىك پۈتتۈرۈشنى قوللىغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر

دارىلمۇئەللىمىن تەگرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىردىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم دەرگاھى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئاتاقلىق زىيالىيلار تۇرغۇن ئالماس، مۇھەممەد ئابدۇللا، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن، غازى ئەمەت، ئابباس بۇرھان، ئۆمەر موللا، كېرىم سايىم قاتارلىق يۈزلىگەن زىيالىيلارنىڭ ئىسمى بۇ مەكتەپ بىلەن باغلىنىشلىق، دادام ئەنە شۇ كىشىلەر بىلەن مەكتەپداش ۋە بەزىلىرى بىلەن ساۋاقداش ئىدى.

دادام ئۆز كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتى پەيزىۋاتنى، ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ھاياتى ئۆتكەن ئۈچتۇرپاننى ئىنتايىن سۆيىدۇ. بولۇپمۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن پەيزىۋاتتىكى ئۆز يېزىسىدا دادىسى ۋە ئانىسى ھەم قېرىنداشلىرىنىڭ قەبرىسى جايلاشقان بولغاچقا بۇ يۇرتقا ئالاھىدە مۇھەببەت باغلىغان. شۇڭا ئىنىمنى تاپقان پۇلنى پەيزىۋاتقا سىلىش، ئۆز يېزىسىدا بوز يەرلەرنى ئېچىپ، باغ-بوستان قىلىشقا ئۈندىگەن. نەتىجىدە، ئىنىم ئاران تەستە ماقۇل بولۇپ، پەيزىۋاتقا تاپقان پۇلنى مەبلەغ قىلىپ، شۇ يەرگە سالغان ئىدى. ئەپسۇس، ئىنىم ئاخىرقى ۋاقىتلاردا بۇ بىر ئازغىنىش بولغانلىقىدىن ئەپسۇسلانغانلىقىنى، ئەمما پۇتۇن كۈچى بىلەن كۆكەرتىش ئېلىپ بېرىپ، كۆپ مېۋە كۆچەتلىرىنى تىككەنلىكى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشنى قوللايدىغانلىقى، مانا ئەمدى تىككەن كۆچەتلىرى كۆكلەپ، رەسمىي چوڭ باغقا ئايلىنىۋاتقانلىقنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ئەپسۇسكى ، ئۇ تۆككەن تەرلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئالدىدا، ھاياتلىقتىن خوشلاشتى، ئۆستۈرگەن مېۋە دەرەخلىرى، باغلىرى قالدى! ئەلۋەتتە، بۇ باغلار، بۇ تۆكۈلگەن تەرلەر كەلگۈسىدە نېمە بولىدۇ ؟ بۇنىسى نامەلۇم، تارىختا نۇرغۇن باغلار ۋەيران بولغان ئەمەسمۇ؟! ئەمما يەنىلا ئىنىمنىڭ ئەقلىي قەلىمى بىلەن قالدۇرغان پەلسەپە ئەسەرلىرى ئارقىلىق تىكلەنگەن ئۇنىڭ كىچىككىنە «بېغى» ئەبەدىيلىك بولسا كېرەك؟! مەنىۋى تەپەككۇر ۋە ئىلىم تۆھپە بېغى ئىنسانلارغا ئەبەدىي ئوزۇق بېرىدۇ. خۇددى بىز 1000 يىلنىڭ ئالدىدا قەشقەر دىياردا تىكلەنگەن ماھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەنىۋى باغلىرىدىن ھازىرمۇ ھوزۇرلىنىۋاتقان ھەم روھىمىزغا كۈچ مادار ئېلىۋاتقاندەك !

قىممەتلىك ئوقۇرمەنلىرىم، تارىخى تەزكىرىچىلىك دادىمىزنىڭ ئەڭ سۆيگەن ئىشلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۈچتۇرپاندىكى « جېگدە يېغىلىقى» نىڭ تارىخىنى تۇرغۇزۇش، «يەتتە قىزلىرىم» نىڭ ئەسلى تارىخى كېلىپ چىقىشىنى بېكىتىش ۋە ئۇلار ئۇچۇن مەقبەرە ئورنىتىش ، كىلاسسىك شائىر موللا شاكىرنىڭ قەبرىسىنى تېپىپ بېكىتىش قاتارلىق ئۈچتۇرپان تەزكىرىسىگە ئائىت نۇرغۇن خىزمەتلەردە دادىمىزنىڭ

جاپالىق ئەمگەكلىرى بارلىقىنى چوڭ ياشتىكى كىشىلەر ياخشى بىلىدۇ. دادىمىز بۇ ھەقتە ۋە باشقا تېمىلاردا خېلى كوپ ئىلمىي ماقالىلارنىمۇ ئېلان قىلغان ھەمدە ئىنىم بىلەن بىرلىشىپ، ئۇچتۇرپان ۋە ئاقسۇ رايونىنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت تەزكىرىسى ھەققىدە كىتابمۇ يازغان ئىدى.

ئاتا-ئانىمىز 4 پەرزەنتىنىڭ ھەممىسىنى ئالى مەلۇماتلىق قىلىپ تەربىيىلىدى ھەمدە ئىككى ئوغلىنىڭ دوكتور بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا ئاساس سالدى. ئاتا-ئانىمىز كىچىكىمىزدە ھەر كۈنى چىراقنىڭ تۈۋىدە ئوقۇپ بەرگەن رومانلار ۋە ھېكايىلەر، سۆزلەپ بەرگەن تارىخى ۋەقەلەر بىكارغا كەتمىگەن بولسا كېرەك؟

بىز كىچىكىمىزدە ئائىلىمىزنىڭ تارىخى مۇساپىلىرى ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغان ئىدۇق. بەلكى، تارىخ پىنىگە قىزىقىش ئالدى بىلەن ئائىلىسىنىڭ تارىخىنى بىلىشتىن باشلانسا كېرەك، شۇ نۇقتىدىن مەشھۇر ئەدىب ۋە ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر « ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى بىلمەسلىك ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەسلىككە ئوخشاش» دېگەن ئىدى.

مەن بۇ يەردە ئائىلە تارىخىنى سۆزلەشنى مۇددىئا قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە قىسمەنلا توختىلىمەن.

ئىنىم ئابدۇرېھىم ئائىلىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئائىلىمىزنىڭ شەجەرىسىنى ئىگىلەشكە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى، مەن كۆپ نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىن سورايتتىم. ئۇ ، يەنە ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھايات مۇساپىلىرىنى چۈشىنىش، ئۇلار ھەققىدە كۆپ ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەربىر شەخسنىڭ ھايات مۇساپىسى شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي ھاياتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ. مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھايات مۇساپىسى ئارقىلىق شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ئەخلاق، ئىجتىمائىي تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنى ھەم سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئەلىخان تۆرە بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھاياتى ئارقىلىق 1940-يىللاردىكى ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ ئىككى خىل مىللىي ئىدېئولوگىيە قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن. سابىت داموللام بىلەن خوجا نىياز ھاجىم ئارقىلىق 1930-يىللاردىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قاتلىمىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى خىل كۆرۈنۈشنىڭ تەسرىنى بىلىش مۇمكىن.

مەرھۇم ئىنىمغا « ئابدۇرېھىم» ئىسمىنىڭ قويۇلۇشى 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۆتكەن ئاددىي بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھايات

مۇساپىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۆز ئائىلە شەجەرىسىنى يېزىپ قالدۇرۇش، ئائىلە شەجەرە دەرىخىنى تۇرغۇزۇش ئەنئەنىسى تەرەققى قىلمىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھەر بىر ئىنسانىڭ نۇرغۇن ھېكايىلىرى ۋە سىرلىرى بارلىقى تەبىئىي. ئائىلە شەجەرىسىنى تۇرغۇزۇش ئەنئەنىسى كۈچلۈك بولمىغان مىللەتتە ئۆز مىللىي تارىخىنى چۈشىنىش، ئۇنىڭغا قىزىقىش ۋە ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىش روھى ئاجىز بولسا كېرەك؟! ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەنە شۇ سەۋەبتىن يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مەشۇر سۆزنى ئېيتقان ئىدى. قىسقىسى، ئۆزلىرىنىڭ يەتتە ئەجدادىنى بىلىش روھى مەسىلىسىدە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قان-قېرىنداشلىرى ھېسابلانغان تۈركلەر، قازاقلار، قىرغىزلار ۋە باشقىلاردىن ئۆگىنىشى زۆرۈر!

## خاتىمە

مەرھۇم ئىنىم ئابدۇرېھىمنىڭ ھايات مۇساپىسىنى ئويلىغىنىمدا قاتتىق ئېچىنىمەن ھەم پەخىرلىنىمەن. پەخىرلىنىدىغان نۇقتام ئۇنى ئىلىم-پەن دۇنياسىغا باشلاشتا ئاتا-ئانام ۋە مەن مۇھىم رول ئوينىغان بولسام، ئۇنىڭ ئىلمىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئاكادېمىك ئەزىز نارىنبايېف ۋە پروفېسسور ئوسمان توگۇساكوف قاتارلىق ئالىملار زور رول ئوينىغان ئىدى. ئېچىنىدىغان يېرىم ئۇنىڭ دوكتورلۇق دىپلومىنى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، ئىگىلىك تىكلەش يولىدا، كۆندىلىك تۇرمۇشنى قامداش يولىدا سەرپ قىلىنغان نۇرغۇنلىغان ۋاقىتلىرى ھەم ئاقىۋەتتە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ بىز بىلەن خوشلىشىشىدۇر. 40 ياش بىر ئەر ئۈچۈن ئەقىلگە تولغان ، قىران مەزگىل، ئۇنىڭ چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك پەلسەپە تەتقىقات ئەسەرلىرى بەلكى ئۇنىڭ 40 ياشتىن كېيىن، بەلكى 50 ياشلىرىدا بولار ئىدى. ئەگەر ، ئۇنىڭدا مۇنداق تالانت ۋە قابىلىيەت بولمىغان بولسا، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەسەرلەرنى يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ئۆز قابىلىيىتىنى 30 ياشقا تولماي تۇرۇپ كۆرسەتمىگەن بولسا، مەن ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە ئويلىمايتتىم. لېكىن، ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۆمۈر بەردى. ئۆز ئىنسانلىق قەدرى ۋە غورۇرى بىلەن ياشىدى. ئامال قانچە؟

مەن ئۇنى دائىم كۆپ تىرىشىشنى، كۆپ ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۆزىنى نامايەن قىلىشنى جىكىلەيتتىم ، بەزىدە تەنقىدمۇ قىلاتتىم. بىراق، ئۇ سۆزلىرىمگە خاپا

بولمايتتى، پەقەت «سەن مېنىڭ ھېسسىياتىمنى چۈشەنمەيسەن» دەپلا قوياتتى. ھەقىقەتەن، مەن ئۇنىڭ ھېسسىياتى ۋە ۋەزىيىتىنى چۈشەنمەسمۇ، يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا مېنىڭ تورلاردا ئېلان قىلىنغان تارىخىي ماقالىلىرىمنى ئوقۇپ تۇردى ھەمدە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى يازغانلىقى، بەزىلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى شۇنىڭدەك ئەمدى رەسمىي ئىشقا كىرىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن سىستېمىلىق پەلسەپە تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئومۇمىي پەلسەپە تارىخىنى يېزىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا «شىنجاڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات يۇرتى» ئابدۇرېھىم تۇرسۇننىڭ قابىلىيىتىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۇنى رەسمىي رەۋىشتە «شىنجاڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى» نىڭ تەكلىپلىق تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىپ، گۇۋاھنامە بەرگەن. ئۇ، دادامنىڭ ۋە باشقا مۇتەخەسسلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «شىنجاڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدى ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىشقا كىرىشكەن. دادام تۇرسۇن باراتمۇ مەزكۇر تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەكلىپلىق تەتقىقاتچىسى بولۇپ، ئاتا-بالا بىرلىكتە تەتقىقات پائالىيەتلىرىگە كىرىشكەن ئىدى. ئاتا -بالا ئۇچتۇرپاننى مەركەز قىلغان ھالدا ئاقسۇ دىيارىنىڭ قەدىمدىن تا ھازىرغىچە بولغان ئېتنىك، ئىجتىمائىي-مەدەنىيەت ۋە مائارىپ تارىخىنى يېزىشقا كىرىشىپ ، بۇ كىتابنى تاماملىغان ، ئابدۇرېھىم سوۋېت-رۇس تارىخچىلىرىدىن بارتولد، كروپاتكىن، كۇزنېتسوۋ ۋە باشقىلارنىڭ ئۇچتۇرپان ۋە ئاقسۇ رايونى ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرىدىكى ئۇچۇرلارنى توپلاپ مەزكۇر كىتابنى تېخىمۇ بېيىتقان ھەمدە بۇ ئەسەرنى بۇ يىل ۋە ياكى كېلەر يىلغىچە نەشر قىلماقچى ئىدى.

ئەپسۇس ! ئۇ رەھمەتلىك بولدى! مەن يىراق ئوكيان قىرغىقىدا تۇرۇپ پەقەت ئاللاھتىن ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدىم! رەھمەتلىك ئانام ۋە رەھمەتلىك ئىنىمنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىدىم! مەن پەقەت ئۇلار بىلەن ئۆتكەن ئەڭ ياخشى كۈنلەرنى ئەسلىدىم. مەن ئىنىم بىلەن كۆرۈشكەن كۈنلەردىكى ئۇنىڭ چىراي تۇرقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بۇ ئەلۋەتتە ھەر قانداق بىر قېرىنداشتا بولىدىغان تەبىئىي تۇيغۇ! دائىم دېگۈدەك تېلېفوندا بولسىمۇ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئىنىمنىڭ ئاۋازى مەن ئۈچۈن ئەمدى ئەبەدى ئاڭلانماستۇر !

دائىم دېگۈدەك تېلېفوندا بولسىمۇ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئانامنىڭ ئاۋازى مەن ئۈچۈن ئەمدى ئەبەدى ئاڭلانماستۇر !

مەن ئاتا-ئانامغا دائىم دېگۈدەك ئانا يۇرتقا قايتىپ كېلىمەن دەيتتىم. ھەتتا ، ئانام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەن دادام ۋە ئىنىمگە ئەگەر ۋىزا ئالالىسام، بۇ يىل مۇمكىن بار يۇرتقا بېرىپ سىلەر ۋە دوستلار بىلەن كۆرۈشىمەن دېگەن ئىدىم. ئۇلارمۇ تېلېفوندا «ۋەتەن بەك تەرەققىي قىلىپ كەتتى، سەن ئۇرۇمچىگە كەلسەڭ ئۆيۈڭنى تاپالمايسەن، ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتتى» دېگەن ئىدى. ھازىر يېڭىدىن پۇقرا بولغان ئامېرىكىلىق ئۇيغۇرلار تۇشمۇ-تۇشتىن ۋىزا ئېلىپ ئەسلى ۋەتىنىگە كېتىپ بارماقتا، ھەممە يەردە ئەسلى ۋەتەن بىلەن يېڭى ۋەتەن ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر قويۇقلاشماقتا. ئانام بىلەن ئىنىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مېنىڭ ۋەتەن سېغىنىشلىرىم تېخىمۇ كۈچەيمەكتە، بۇنداق سېغىنىش ئەلۋەتتە ئىنساندىكى تەبىئىي تۇيغۇلارنىڭ بىرىدۇر خالاس !

مەن ھەقىقەتەن ،ئۆز يۇرتۇمنى، ئۆزۈم ئىشلىگەن ئەشۇ گۈزەل شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنى، ياشلىق ھاياتىمنىڭ ئەڭ گۈزەل شېئىرىي تەپەككۇرلۇق مىنۇتلىرى ئۆتكەن، ساماۋى خىياللارغا پاتقان ئۇرۇمچى كوچىلىرىنى ئەسلەيمەن، ياشلىق ھاياتىمنىڭ ئەڭ گۈزەل رومانتىك دەۋرلىرىم ئۆتكەن موسكۋا باغچىلىرى، موسكۋا دەرياسى بويلىرى، كرېمىل تېمىغا، لېنىن ھەيكىلىگە سوئال قويغان كۈنلىرىمنى ئەسلەيمەن. ھاياتىم خىياللار، ئارزۇ-ئۇمىدلەر بىلەن كىتابلار دۇۋىسى ئىچىدە ئۆتتى ۋە ئۆتىۋاتىدۇ. كىتابلار دۆۋىسى ۋە رېئاللىقلاردىن ھەم ئۆتمۈشتىن ئۇيغۇر مىللىتىمنىڭ شانلىق ۋە پاجىئەلىك قىسمەتلىرىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭدىن توغرا يەكۈن چىقىرىشقا ئىنتىلىپ كەلدىم. مەن ئەسلىدىكى شائىر ، تىلشۇناس، يازغۇچى بولۇشتىن تارىخچى بولۇشنى تاللىۋالغان ئىدىم. ئەسەرلىرىم تور دۇنياسى ئارقىلىق ۋەتەندىكى ئوقۇرمەنلىرىمنى تاپالىدى. ھەقىقەتەن، بىر يازغۇچى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇيدىغان ئوقۇرمەن بولمىسا، ئۇ كىم ئۈچۈن يازىدۇ؟ بىر تارىخچى ئۈچۈن بىلگەن ۋە يەكۈنلىگەنلەرنى ئاڭلايدىغان، تەھلىل قىلىدىغان ئادەم بولماي، ئۇنىڭغا ھېكايە-چۆچەكلەردەك مۇئامىلە قىلسا، تارىخىي ھۆججەتلەرنىڭ ئارىسىدىن كېچە-كۈندۈز سىرلارنى قېزىشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ ھازىر جۇڭگودا خەنزۇلاردىن خۇادوڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتىنىڭ پروفېسسورى شېن جىخۇا، ئۆزى ئالدى بىلەن ئىگىلىك تىكلەپ، باي بولۇپ، تاپقان پۇلى بىلەن رۇسىيىدىكى سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى تارىخىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرى، جۈملىدىن قىسمەن ئۇيغۇرلارغا ئائىت كۆپلىگەن ئارخىپ ھۆججەتلەرنى توپلاپ، نەچچە تومىلغان كىتابلارنى نەشىر قىلدۇردى . ھازىر جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋەتلىرى تارىخىنى تەتقىق قىلىش، ستالىن

دەۋرنى تەتقىق قىلىش جۇڭگو، رۇسىيە ۋە غەربتىكى قىزىق تېمىلاردىن ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆپرەك ئىزدەنگەن ئىدىم. خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە چىققان بۇ ھەقتىكى ئەسەرلەرگە نىسبەتەن مېنىڭ قىلغان ئىشىم تېخى ھېچ نېمە ئەمەس، بىراق مەن ئۆزگىچىلىكىمنى ساقلىدىم. نەسىپ بولسا ، بۇ جەھەتتىكى كىتابلىرىمنى ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىمەن.

قەدىرلىك ئىنىمۇ يەنىلا شۇ ماڭا ئوخشاش ۋە مېنىڭدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە جەمىيەتنىڭ پەلسەپىۋى تەپەككۇر قاتلىمىنى تەتقىق قىلىدىغان قىسمى بولغان پەلسەپىۋى پىكىرلەر تارىخى قىسمىنى تاللىۋالغان ئىدى. ئۇ، ھەقىقەتەن ئەشۇ شېنجاڭ ۋادەك ئالدى بىلەن ئىگىلىك تىكلەپ، پۇل تېپىپ ، ئۆزىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، رەسمىي ئولتۇرۇپ، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشمەكچى ئىدى. ئەپسۇس، ئۇ ئۆزى تىكلىگەن ئىگىلىكىنىڭ ھېچنېمىسىنى كۆرەلمىدى ! ئۇنىڭ قەلبى ئىچىدىن ئاللىبۇرۇن زېدە بولغان، باتۇر روزى ۋە باشقىلارنىڭ قىسمىتى ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. ئىنىم ئۆز غايىسى يولىدا مەغلۇپ بولدىمۇ؟ ياكى غالىپمۇ؟ مەن بۇ ھەقتە بىر نېمە دېيەلمەيمەن!

قىسقىسى، ئىنىم ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ۋەتىنىگە قايتىپ ، تىرىكچىلىك، ئىگىلىك تىكلەش يولىغا كىرگىنىگە 10 يىل توشقاندا ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ كەتتى. بەزىلەر ئېيتقاندەك ئۇنى بۇرۇنلا چەتئەلگە ئېلىپ چىقىۋېلىش كېرەك ئىدى. بىراق، ئىنىم ۋە ئانامنىڭ پىكرى شۇكى ئەسلىدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆز ۋەتىنىدە ياشاپ، ئۆز ۋەتىنىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك، مىللەتنىڭ بىلىملىك پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى چەتئەلدە بولماسلىقى كېرەك !

ھەقىقەتەن، ئۇ ۋە ئانام توغرا ئېيتقان ئىدى. ئۇيغۇرلارغا مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئابدۇرېھىم تۇرسۇنلار كېرەك! ئىلىم-پەن، مەدەنىي-مائارىپ ۋە باشقا ھەممە ساھەلەردە نەچچە خىل تىلنى پىششىق بىلگەن زىيالىيلار قوشۇنى بولۇش كېرەك، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دوكتورلۇق ئۇۋۋانى ئالغان زىيالىيلىرىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى چەتئەللەردە تۇرماقتا !

مانا ئوقۇش، ئۆگىنىش، خىزمەت بىلەن يىللار يىللارنى قوغلاپ چاماق تېزلىكتە ئۆتۈپ كەتتى، ھەش-پەش دېگۈچە چوڭلار قاتارىغا قوشۇلدۇق، ياشلىق خىياللىرى ۋە ئارمانلىرى بىر-بىرلەپ ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ھاياتلىق مەزمۇنلىرىغا يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى، غەمسىز ئۆتكەن كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى. 17 يېشىمدا ئۆي ئىشكىدىن ئۇچۇرتما قۇش كەبى

چىقىپ كەتكەن ئىدىم. مېھرىبان ئانىمىز ئىككى ئوغلىنى ئىلىم-مەرىپەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قەددىنى تىكلەشكە، نادانلىق، بىلىمسىزلىكتىن خالى بولۇشقا ئۈندەپ يىراق جايلارغا ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ بىر ئۆمۈر ئىككى ئوغلىدىن پەخىرلەندى ! شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، بىر پەرزەنت ئۈچۈن ئالىم بولۇش، دوكتور بولۇش، مىليونېر باي بولۇش، ئەمەلدار بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇ ئالدى بىلەن ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەر ئىنسان بولۇشى كېرەك!

ئىنىم ئابدۇرېھىم ئاتا-ئانىسىغا، تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىغا مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئىنسان ئىدى. ئۇ، ئۆز ئاتا-ئانىسىغا ياخشى خىزمەت قىلىش بۇرچىنى ئادا قىلدى. ئۇ، مەرھۇم ئانامنىڭ 4- 5 يىللاردىن بۇيان داۋاملاشقان كېسەللىكىگە خۇددى دوختۇرغا ئوخشاش سەبىرچانلىق بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ پۈتۈن دورىلىرىنى ئېلىپ كېلىش، ئانىمىزنى دوختۇرخانىلاردا كېچە-كېچىلەپ بېقىش، ھەر دائىم ئانىمىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، خالىغان نەرسىسىنى تەييار قىلىپ بېرىش، ئومۇمەن ئانا سۈتىنى ئاقلاش جەھەتتە ھەقىقىي ئوغۇل پەرزەنتلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى. ئانىمىزنىڭ ۋاپاتى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر زەربە بولغان بولسا ؟! ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ قانچىلىغان يۈرەك ئازاپلىرى، ئۆكۈنۈشلىرى ۋە باشقا ئىچكى دۇنياسى بارلىقى كۆزكە كۆرۈنىپلا تۇرىدۇ.

قىممەتلىك ئوقۇرمەن دوستلىرىم! مېنىڭ يازغانلىرىم ئىنىم ھەققىدىكى ئەسلىمىلەردىن تۇغۇلغان ئوي-تەپەككۇرلىرىمدۇر، ئويلىغانلىرىمنى يازدىم، بىزنىڭ ئۇيغۇردا «كۆزدىن يىراق ، كۆڭۈلدىن يىراق» دەيدىغان بىر ماقال-تەمسىل بار. ئەمما، مەن بۇ ماقال-تەمسىلگە قىسمەن قوشۇلمايمەن، باشقىلارنىڭ چۈشەنچىسى قانداق؟ مەن بىلمەيمەن، ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈم، مېنىڭ ئوي - خىياللىرىم ھېچقاچان سىلەر قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمدىن، سىلەر قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىم سۇ ئىچىۋاتقان، تۇزىنى تېتىۋاتقان، ئەسىرلەردىن بۇيان ئەجدادلاردىن مىراس قالغان ھاۋالىرىدىن نەپەس ئېلىۋاتقان مۇقەددەس تۇپراقتىن يىراقلىشىپ كەتكىنى يوق. چۈنكى، ئۇ يەردە مېنىڭ ئەجدادلىرىم، سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار، مېنىڭ ئانام ۋە مېنىڭ ئىنىم ئابدۇرېھىم تۇرسۇن ياتماقتا ! چەتئەللەردە ياشاش، ھەرگىزمۇ ئۆز كىندىك قېنى تۆكۈلگەن زېمىننى ئۇنتۇش ئەمەستۇر! ھەر قانداق ۋەتىنىدىن ئايرىلغان مۇساپىر ئۈچۈن بۇ ئورتاق يەكۈن خالاس ! بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلار قەشقەردىن خوتەنگە بېرىپ قالسا، خوتەندىن قەشقەرگە ياكى، ئاقسۇغا ۋە ياكى ئاقسۇدىن كۇچاغا بېرىپ قالسا مۇساپىرلار ناخشىسىنى ئېيتىپ يىغلاپ يۈرگەن

ئەمەسمۇ؟

مەن ئىشىنىمەنكى، ئابدۇرېھىمنى قەدىرلىگەن، ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىنغان ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلەنگەن ئۇنىڭ دوست-يارەنلىرى، ھەتتا ئۇنى تونىمىسىمۇ، ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدىن خەۋەردار بولغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۇنى ئېسىدە تۇتىدۇ!

# پەرغانە ۋادىسىدا يوقىلىپ كەتكەن خەلق-ئۇيغۇرلار

## نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

## كىرىش

بۈگۈنكى كۈنلەردە، جۇڭگو تەرىپىدىن رەسمىي ھالدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ نام بېرىلگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياشاۋاتقان مەركىزى زېمىندىن باشقا يەنە چەتئەللەردىمۇ ئۇيغۇر دىئاسپورىسى مەۋجۇت.

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا تەۋە قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەرگە جايلاشقان. ئۇيغۇرلار ئالدى بىلەن جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىكى قولايلىق شارائىت تۈپەيلىدىن قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن ئىبارەت ئۈچ جۇمھۇرىيەتكە كۆپرەك تارقالغان.

ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ رەسمىي ئىستاتىستىكىلىرى بويىچە ئالغاندا، بۈگۈنكى كۈنلەردە قازاقىستان ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ئەڭ كۆپ دۆلەتتۇر. قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ 2012- يىلىدىكى ئىستاتىستىكىسى بويىچە، بۇ جۇمھۇرىيەتتىكى ئۇيغۇرلار 237,532 نەپەر بولغان (1)

ئۇنىڭدىن كېيىن قالسا، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، 2012- يىلىدىكى قىرغىزىستاننىڭ دۆلەتلىك ئىستاتىستىكىسى بويىچە ئالغاندا، ئۇيغۇرلار 50 مىڭ نەپەر(2) ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 2000-يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتتا 19,526 نەپەر دەپ ئېيتىلغان. (3)

تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەڭ ئاز بولۇپ، بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات يوق. 1890- يىلى، 270 ئائىلە، يەنى 1307 نەپەر ئۇيغۇر يەتتەسۇدىن

تۈركمەنىستاندىكى مۇرغاب دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن. ئۇلارنىڭ سانى 1990- يىلى 1392 نەپەر، 2010- يىلى، 2000 نەپەر دەپ ئېلان قىلىنغان. 1928 – 1929- يىللىرى، بايرام ـ ئالدا ئىككى ئۇيغۇر كولخوزى قۇرۇلغان ئىدى (4)

ئەمما، تاجىكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى نوپۇس ئەھۋالى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. بۇ جۇمھۇرىيەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ ئاز جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تاجىكىستاننىڭ 1926- يىلىدىن تاكى 2009- يىلىغىچە بولغان مىللەتلەرنىڭ نوپۇس ئىستاتىستىكىسى تەركىبىگە ئۇيغۇرلار كىرگۈزۈلمىگەن.

لېكىن، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا مەيلى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئىشەنچ قىلمايدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆپ ئىكەنلىكى ھەققىدە قاراشلار ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى مەۋجۇت.

ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار جۇغراپىيىلىك ۋە تىل - دىئالېكت ئالاھىدىلىك بويىچە ئىككى ئاساسىي گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى پەرغانە گۇرۇپپىسى، يەنە بىرى يەتتەسۇ گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ پەرغانە گۇرۇپپىسى ئاساسلىقى ئەسلىدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار رايونىدىن كۆچۈپ چىقىپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاننىڭ شەھەر ھەم دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئورۇنلاشقانلار بولۇپ، بۇ گۇرۇپپا تاكى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، يەرلىك ئاھالىلار تەرىپىدىن «قەشقەرلىكلەر» دەپ ئاتالغان ئىدى.

يەتتەسۇ گۇرۇپپىسى، ئاساسلىقى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان ۋە 1882- يىلى رۇسىيە بىلەن چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسى ئايرىلغاندا ئىلى تەۋەسىدىن رۇسىيە تەۋەسىگە كۆچكەن تارانچىلار، يەنى ئىلى ئۇيغۇرلىرى شۇنىڭدەك 1955-1962- يىللىرى ئارىسىدا ئىلى ۋە باشقا شىمالىي رايونلاردىن كۆچكەنلەردۇر.

بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار تىل جەھەتتىن ئالغاندا ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىئالېكتىغا مەنسۇپ بولۇپ، پەقەت ئايرىم شۇۋىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە خالاس. پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى، يەنى بۇرۇنقى قەشقەرلىكلەر قەشقەر شىۋىسىنى ئاساس قىلغان. يەتتە سۇ رايونىدىكىلەر بولسا ئىلى شىۋىسىنى ئاساس قىلغان ئىدى. بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار تاكى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە

قەشقەرلىك ۋە تارانچى دېگەن ئىككى نام بىلەن ئاتالغان. ئەلۋەتتە، 1955-1962-يىللىرىكى كۆچۈش نەتىجىسىدە يەتتە سۇ گۇرۇپپىسى تەركىبىگە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇرۇمچى، ئاتۇش ۋە باشقا جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ قوشۇلدى. تاشكەنت ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار تەركىبىگە ئىلى تەۋەسىدىن كەلگەن تارانچى ئۇيغۇرلىرىمۇ قوشۇلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى بۇ ئۇيغۇرلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى»، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى «سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەنىدەك ناملار بىلەن ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈلگەن بولسا، مۇستەقىللىقتىن كېيىن، ئورتاق سوۋېت ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان بىر گەۋدە يوقىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرگە پارچىلىنىپ ئايرىم تەرەققىيات يولىغا مېڭىشقا باشلىدى.

گەرچە، بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت جۇمھۇرىيەتكە تارقىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم دىئاسپورلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدە مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان پەرغانە گۇرۇپپىسى بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈنلەي دېگۈدەك يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىپ تۈگىدى ھەمدە بۇ رايوندىكى قالدۇق ئۇيغۇر گۇرۇپپىلىرى داۋاملىق تۈردە سىڭىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە. ئەمما، ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ پەقەت 1955-يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئېلىدىن كۆچۈپ چىققان تەركىبى ۋە قازاقىستاندىن بۇ جۇمھۇرىيەتكە خىزمەت يۈزىسىدىن بېرىپ يەرلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى تاشكەنت شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، ئۆز مىللىي كىملىكى ۋە مەدەنىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئەۋلادلارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن بۇ قەدەم-قەدەم ئاجىزلاش ھەم ئۆزبېكلىشىش جەريانلىرىنى باشتىماقتا.

ئەمما، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتەسۇ گۇرۇپپىسى بولسا ئۆز مىللى كىملىكى، مىللىي مەدەنىي-مائارىپى، ئەدەبىيات-سەنئىتى، مۇزىكىلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئېنچىل تۈردە ياخشى ساقلاپ قالدى شۇنىڭدەك بۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى بىر قىسمىلىق رولىنى ئوينىماقتا. بۇ گۇرۇپپىنىڭ يەرلىك قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق خەلقلەرگە سىڭىپ كېتىشى ئاساسەن دېگۈدەك كۆرۈلمىدى.

بىز بۇ ماقالىدە بۈگۈنكى مۇستەقىل ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى

ئومۇمىي ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ پەقەت پەرغانە گۇرۇپپىسىنىڭ شەكىللىنىش ۋە ئاخىرىدا يەرلىك ئاھالىلارغا سىڭىپ كېتىپ، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ ئاساسلىق يادروسى بولغانلىق رولىنى يوقىتىپ قويۇشىغا مۇناسىۋەتلىك جەريانلار ھەم سەۋەب-ئامىللار ھەققىدە توختىلىمىز.

پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇ ئۇيغۇرلار ئەسلىدە نورمال تەرەققىيات بويىچە ئالغاندا، بۈگۈنكى كۈندە بىر قانچە مىليون نوپۇسلۇق خەلققە ئايلىنىش لازىم ئىدى. بىراق، ئۇلار ئۇزۇن تارىخىي جەريانلاردا قەدەممۇ-قەدەم يەرلىك ئۆزبېكلەرگە سىڭىپ، ئۆزبېكلىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈردى ھەم ئاقىۋەتتە پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقاپ كەتكەن خەلققە ئايلاندى. بىراق، ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئېتنىك، تىل ۋە باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرى ئاساسىدا بۇ ھادىسىنى يوقاپ كەتكەن دېگەننىڭ ئورنىغا سىڭىپ كەتكەن دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتتىم، شۇنىڭدەك ئاسسىمىلياتسىيە ئىبارىسىنىمۇ ئىشلەتمىدىم. چۈنكى، ئىككى ئوخشاش خەلق ئىچىدە سىڭىشىش مەۋجۇت، بىراق، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدەممۇ-قەدەم سىڭىشىش جەريانى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىشتا يەنىلا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگىدۇر. مەن بۇ ھەقتىكى ئىلمىي ماقالەمنى تۈركىيىنىڭ ئەنقەرە شەھرىدىكى ھاجى تەپپە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇدۇم. 2012-يىلى، 23-26-ماي كۈنلىرى ئېچىلغان بۇ يىغىنغا، ئامېرىكا، رۇسىيە، تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرى، جۇڭگو، ياۋروپا ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن 90 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس قاتنىشىپ، يوقىلىش تەھلىكىسىدىكى تۈركىي تىللار، جۈملىدىن نوپۇسى ئاز بولغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرىنىڭ تەقدىرى ۋە مەۋجۇت مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلغان ئىدى. مەلۇم بولدىكى، بىر قىسىم كىچىك تۈركىي تىللار ۋە تۇپلۇقلار تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەدەممۇ-قەدەم يوقاش تەقدىرىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئالىملار بىردەك ھالدا بىر قىسىم كىچىك تۈركىي تىللارنىڭ ھامان يوقىلىشى مۇمكىنلىكى، ئەمما ئۇنى ساقلاپ قېلىشنىڭ چارىلىرىنى قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مېنىڭ تېمام پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەسلىدە كۆپ سانلىق خەلق بولۇشقا تېگىشلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق بولۇپ يېقىنقى ئىككى ئەسىردە سىڭىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئانالىز قىلدىم. مەن بۇ قېتىم تېخىمۇ تەپسىلىيرەك ھالدا

پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىنى ئوقۇرمەنلىرىمگە سۇنۇش قارارىغا كەلدىم.

## 1. پەرغانە ۋادىسى بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ تارىخى باغلىنىشى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي، غەربىي ۋە جەنۇبىي ھەم شەرقىي قىرغاقلىرىدىكى بوستانلىق بەلۋاغ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ ماكانى. بۇ تۇپراقلاردىكى ئاھالىلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ غەربىي تەرىپى، قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن پەرغانە ۋادىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

پەرغانە ۋادىسى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن ھازىرقى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ۋە قىرغىزىستانىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ مۇنبەت بوستانلىق زېمىندۇر. پەرغانىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزبېكىستانغا تەۋە.

جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىن ئالغاندا، تارىم ۋادىسى بىلەن پەرغانە ۋادىسىنى پامىر-ئالاي تاغلىرى ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى رايون ئارىسىنى ئېگىز تاغ-داۋانلار ئايرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن مەزكۇر ئىككى رايوننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان نۇرغۇن تاغ ئۆتكەللىرى، كارۋان يوللىرى قەدىمدىن تارتىپ ئىككى رايون ئاھالىسىنى بىر-بىرى بىلەن باغلاشتا مۇھىم جۇغراپىيىلىك قولايلىق ئامىل بولغان ئىدى. قاراسۇ، ئەركەشتام، تورغات، بەدەل-ئارت ئېغىزى قاتارلىق پامىر-ئالاي تاغلىرى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ مەزكۇر ئېغىزلىرى ئىككى رايون ئاھالىسىنىڭ بىر-بىرى تەرەپكە كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشىدىمۇ قولايلىق شارائىت ياراتقان ئىدى. بۇ ئۆتكەللەر قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆتۈشمىلىرى بولۇپ، ھەر قانداق سودا كارۋانلىرى ۋە كۆچمەنلەر مەزكۇر ئۆتكەللەردىن ئۆتەتتى.

تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ئاھالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قەدىمدىن تارتىپ ئولتۇراق ھاياتتا ياشىغانلىق ۋە تۈركىلىشىش، ئۇيغۇرلىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈشىنىڭ، شىمالىي تەرەپلەردىن كەلگەن چارۋىچى-كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ قەدەممۇ-قەدەم ئولتۇراق ھاياتقا كۆچۈش جەريانلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان پەرغانە ۋادىسى بىلەن تارىم ۋادىسى ھەمدە شىمالدا ئىلى ۋادىسى بىلەن قوشنا قازاقىستانىنىڭ يەتتە سۇ

رايونى قەدىمدىن تارتىپ قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى.

كۆكتۈركلەر دەۋرى ( 552ـ 704) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر دەۋرىدە ( 744ـ840) يەتتە سۇ، پەرغانە ۋادىسى، تارىم ـ تۇرپان ۋادىلىرىدا تۈركىي ـ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كەڭ يېيىلدى شۇنىڭدەك بۇ رايونلار دائىم دېگۈدەك ئورتاق سىياسىي ھاكىمىيەت ئاستىدا بولۇش دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈردى. دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بولسا، تارىم ۋادىسى بىلەن پەرغانە ۋادىسى ئوخشاشلا بىر مەھەل قاراخانىلار سۇلالىسى (840ـ1212) دىن ئىبارەت بىر ئومۇمىي سىياسىي گەۋدە ئىچىدە بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قارا خىتايلار ۋە موڭغۇللار دەۋرىدىمۇ تارىم ۋادىسى بىلەن پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلار بىر سىياسىي گەۋدە ئىچىدە بولۇشتىن قالمىدى. 13ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئىتىبارەن چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا بۇ رايونلار چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى كونترول قىلىشىدا بولدى. بۇ جەريانلاردا ئوخشاشلا ئىككى رايون ئاھالىلىرى ئارىسىدىكى ئالاقە قويۇق بولدى.

تىمۇرىلەردىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىن ئايرىم سىياسىي گەۋدە بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنسىمۇ، بىراق 16ـ17ـ ئەسىرلەردە ياركەنتنى پايتەخت قىلغان سەئىدىيلەر خاندانلىقى (1514ـ1689) ئۆز تەسىر دائىرىسىنى يەتتەسۇ ۋە پەرغانە ۋادىلىرىغا كېڭەيتىشكە دائىم ھەرىكەت قىلغان ئىدى. ئەمما، 17ـ ۋە 18ـ ئەسىردە بۇ رايونلار ئالدىدا شىمالدىكى جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ، كېيىن مانجۇرلارنىڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراش ئەھۋاللىرىغا دۇچ كېلىپ، مەزكۇر رايونلارنىڭ سىياسىي ۋە ئېتنىك تەرەققىيات تارىخىدا جىددىي ئۆزگىرىش شەكىللەندى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا ئىككى رايون ئاھالىلىرى ئارىسىدىكى ئېتنىك، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئالاقىلىرى قويۇق بولغان بولسا، 18ـ ئەسىرنىڭ 50ـ يىللىرىدا چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىم ۋادىسىنى ئىگىلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەزكۇر ئىككى رايونى ئارىسىدا رەسمىي ئايرىلىش شەكىللەندى. بۇ رەسمىي تۈردە ۋە بۇ رايونلاردىكى ئاھالىلار قەدەم ـ قەدەم بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ ياشاش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، مەركىزى ئاسىيانىڭ سىياسىي تارىخى يېڭى باسقۇچقا كىردى. غەرب تەرەپتە پۈتۈن پەرغانە ۋادىسى قوقان خانلىقى (1709ـ1876)، شەرق تەرەپتە تارىم ۋادىسى چىڭ سۇلالىسى (1644ـ1912) تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، مەزكۇر ئىككى دۆلەتنىڭ تۈركىستاننى ئايرىپ ئىدارە قىلىشى بىلەن رايوننىڭ سىياسىي، ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھاياتى بىر ـ

بىردىن پەرقلىق تەرەققىيات يولىغا كىردى.

چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتۈن تارىم ۋە جۇڭغارىيە ۋادىلىرىنى بويسۇندۇرۇشى بۇ رايوندىكى يەرلىك، يەنى شەھەر ۋە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يېتىپ كەلمىگەن پەرغانە ۋادىسىغا ئىزچىل ۋە كەڭ كۆلەمدە كۆچۈش دولقۇنلىرىنى پەيدا قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە كۆچۈشلەر بولغان بولسىمۇ، پەقەت ئۇ كەڭ كۆلەملىك ۋە كوللېكتىپ خاراكتېرگە بولغان ئەمەس، بەلكى قىسمەن ئائىلىلەر ئارىسىدىكى باردى-كەلدى قىلىش ھەم ھەربىي يۈرۈش تۈسىنى ئالغان ئىدى.

تارىم ئويمانلىقى ئەتراپى 1759-يىلى، چىڭ ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى ئائىلىلەرنىڭ تاكى 1878-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا چىڭ ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئۈزلۈكسىز قارشىلىق كۆرسىتىش، ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دەۋرىگە كىردى. ئامېرىكا ئالىمى جېيمىس مىللۋاردنىڭ قارىشىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندىكى سىياسىتى تىپىك ئىمپېرىيالىزملىق ھۆكۈمرانلىق ئىدى.(5). ئۆزۈن مەزگىل داۋاملاشقان باستۇرۇش، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بېسىم ھەم ئۇرۇشلار تارىم ۋادىسىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ پاناھلىنىش دولقۇنلىرىنىڭ قوزغىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى، ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەرلىك ئائىلىلەرنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىپ، ئۈچ ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزى بېسىۋالغان جايلارنىڭ مۇقىملىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئىدى. بۇنداق ئۈچ ئېلىش قوزغىلاڭغا قاتناشقان ياكى قاتناشمىغان ئائىلىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن پاناھلىق ئىزدەپ پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتەسۇ رايونىغا كوللېكتىپ ھالدا قېچىش دولقۇنلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

---

ئىزاھاتلار:

1 .قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستاتىستىكا ئىدارىسى. قازاقىستاننىڭ 2012- يىلى، 1- يانۋارغىچە بولغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى (رۇسچە)

2 .قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستاتىستىكا كومىتېتى قازاقىستاننىڭ 2012- يىلى، 1-يانۋارغىچە بولغان مىللەت تەركىبى (رۇسچە)

3 .ئۆزبېكىستان مىللەتلەر ئاتلىسى. تاشكەنت. ئۆزبېكىستان، 2002-يىلى، 217-بەت ( رۇسچە)

4 . يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركمەنىستانغا كوچۇشىنىڭ 100 يىللىقى، 1890-1990-يىللار، 1890

5. James A. Millward. Beyond The Pass. Economy, Ethnicity , and Empire in Qing Central Asia, 1759-1864. P.245-249

## 2 .ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈش باسقۇچلىرى

ئۇيغۇر دىياردىن قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈش دولقۇنلىرى ئىزچىل ۋە ئىجتىمائىي -ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولۇپ كەلدى. بۇ خىل كەڭ كۆلەمدە ۋە ئاممىۋى يوسۇندىكى كۆچۈشلەر 18-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن تاكى 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغىچە ئىزچىل داۋاملاشقان بولۇپ، بىز بۇ جەرياننى ئومۇمىي جەرياننى بەش دەۋرگە ئايرىشىمىز مۇمكىن.

### بىرىنچى باسقۇچ : (1759-1760- يىللىرى)

مەزكۇر باسقۇچ، چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ رايوندا ھۆكۈمرانلىق ئورناتقان دەسلەپكى دەۋرلىرىدە يۈزبەردى. دەسلەپتە مانجۇرىينى بازا قىلىپ قۇرۇلۇپ بارا-بارا كېڭەيگەن توڭگۇس تىللىق مانجۇرلارنىڭ چىڭ ئىمپېرىيىسى 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر ئېلى'غا قەدەم باستى. مانجۇرلار ئالدى بىلەن جۇڭغار خاندانلىقىنى يوقىتىپ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىنى ئىگەلەپ، بولغاندىن كېيىن، 1759-يىللىرىدا قەشقەرىينى ئىگىلەشكە ئاتلاندى. قەشقەرىيە ئاھالىسى بۇرھاندىن خوجا ۋە خان خوجا باشچىلىقىدا چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. ئەنە شۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، كۆپ ساندا ئۇيغۇر ئاھالىلىرى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، قوشنا بەدەخشان، پەرغانە ۋادىسى، يەتتەسۇ ۋە باشقا جايلارغا قېچىپ بېرىپ ماكانلاشقان ئىدى. ئەنە شۇ يىللاردىن تارتىپ، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى شەھەر ۋە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ئاھالىلارنىڭ -يەنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى ئەجدادلىرىنىڭ قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ كۆلەمدە كۆچۈپ كېتىپ ماكانلىشىپ قېلىشى باشلاندى.

بۇ يىللاردىكى كۆچۈش ئىككى خاراكتېرغا ئىگە. بىرى، چىك قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشقان ئاھالىلەرنىڭ چىك قوشۇنلىرى پۈتۈن قەشقەرىيىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ قېچىش. يەنە بىرى چىڭ سۇلالىسى بۇ جايلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، قەشقەرىيە ئاھالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلاردىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بۇرھانىددىن خوجا ۋە خان خوجىدىن ئىبارەت ئىككى ئاكا-ئۇكا خوجىلارنىڭ باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىقلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مەزھەپ قارشىلىقىغا ئىگە قارا تاغلىقلارنى قوللىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ خىل تاكتىكىسى ئاق تاغلىقلار مەزھىپىگە مەنسۇپ كۆپلىگەن ئاھالىلارنىڭ ئۆز خوجىلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ۋە ياكى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشۋالغان يەرلىك قارا تاغلىق بەگلەرنىڭ زۇلۇمى ھەم چىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قەدەم-قەدەم پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. چىڭ ھۆكۈمىتى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقاندىن كېيىن، بۇ جايلارنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ھاكىمبەگلىك تۈزۈمى يولغا قويۇپ، ئاساسلىقى قۇمۇل ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئۆزلىرىگە سادىق بەگلەرنى يۆتكەپ كېلىپ، رايوننى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا سالدى. بۇ بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرى ھېسابلانغان يەرلىك ئاھالىلارغا چىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا تايىنىپ، ھەددىدىن-زىيادە زۇلۇم سالدى. چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەرىيىدە يۈرگۈزگەن بۇ خىل باشقۇرۇش تاكتىكىلىرى ۋە بېسىملىرى مانجۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشنى خالىمىغان ئاھالىلارنىڭ، بولۇپمۇ مانجۇرلارغا نىسبەتەن قارشىلىق ئىدىيىسىگە ئىگە ئاق تاغلىقلار مەزھىپىگە مەنسۇپ ئاھالىلارنىڭ توپ ۋە ئايرىم يوسۇنلاردا قوشنا پەرغانىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۆزلىرىدىن بۇرۇن بېرىپ يەرلەشكەن قەشقەرلىكلەر بىلەن بىرلەشتى.

## ئىككىنچى قېتىملىق باسقۇچ: (1816-1864-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىق)

19- ئەسىر ئۇيغۇر ئېلى ئۈچۈن چوڭ يىغىلىق دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1814-يىلىدىن تارتىپ، تاكى 1878-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تارىم -تۇرپان ۋادىسى ۋە شىمالدىكى ئىلى ۋادىسىدىكى ئاھالىلار كەڭ كۆلەمدە قوزغىلىپ، مانجۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى ئورناتتى. ئىلگىرى-كېيىن كۇچارنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيەت، خوتەننى مەركەز قىلغان

ھاكىمىيەت ۋە ئىلىنى مەركەزقىلغان ھاكىمىيەتلەر بەرپا بولدى. بۇ ئارىلىقتا پەقەت قوقانلىق ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرگە كېلىپ، كۇچار، خوتەن، ياركەنت ھۆكۈمەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى بەدۆلەت دەپ جاكارلاپ، يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ 13 يىل ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى ھېسابلىمىغاندا، 1814-يىلدىن 1864-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق قوزغىلاڭلار تەكرارلىق تۈسى ئالغان ئىدى. بۇ قوزغىلاڭلار غەلىبە قىلىش ۋە ئارقىدىن يەنە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قېلىش، ئارقىدىن يەنە قوزغىلىش ۋە يەنە مەغلۇپ بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولدى. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ رېت تەرىپى شۇكى، بۇلار 1816-يىلدىكى قەشقەردىكى زىياۋىدىن قوزغىلىڭى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 1825-1828-يىللىرىدىكى جاھانگىر قوزغىلىڭى، 1830-يىلدىكى يۈسۈپ خوجا قوزغىلىڭى، 1847-يىلدىكى ۋەلىخان قوزغىلىڭى، 1857-1858-يىللىرىدىكى قوزغىلاڭ، 1864-يىلدىكى، قەشقەر، كۇچار، ئاقسۇ خوتەن ۋە يەركەنت قوزھىلاڭلىرى.

مانا بۇ توختاۋسىز ئۆرۈشلار جەريانىدا قەشقەرىيىنىڭ ھەر قېتىم قايتىدىن چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ قولىغا تەكرار چۈشۈشى ئەشەددىي ئۈچ ئېلىش خاراكتېرلىك قىرغىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولغاچقا، بۇ يەرلىك ئاھالىلارنىڭ، يەنى قوزغىلاڭلارغا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ توختاۋسىز تۈردە كەڭ كۆلەمدە ۋە ئايرىم شەكىللەردە ئۆزىگە قوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىياغا، بولۇپمۇ پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ پاناھلىنىش ھەمدە شۇ جايلاردا يەرلىشىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

### 3. ئۈچىنچى قېتىملىق باسقۇچ: (1877-1882-يىللىرى ئارىسىدا)

19- ئەسىرنىڭ 70-80-يىللىرىدا مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي خەرىتىسى يېڭىدىن سىزىلىپ، ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىدا يېڭى دەۋر باشلاندى. مەلۇمكى، 1864-1865-يىللىرىدا پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭلار پارتلاپ، ئىلگىرى - كېيىن كۇچار قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئۇلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. قەشقەر، خوتەن ۋە ياركەنتتىمۇ چىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. بۇ ۋاقىتتا قوقان ئوفتسېرى ياقۇپبەگ جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇكخان خوجىنى پەرغانىدىن ئېلىپ، قەشقەرگە كەلدى. ياقۇپبەگ 1865-يىلدىن قەشقەر ھۆكۈمرانلىقىنى ئىگىلەپ، ئىلگىرى -كېيىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزدى. قەشقەرىيە ئوسمانلى ئىمپەرىيىسى، چاررۇسىيە ۋە ئۇلۇغ برىتانىيە بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى

ئورناتقــان بولۇشــغا قارىمــاي، ھەتتــا ئۆزىنىــڭ ئوســمانلىغا تەۋە ئىكەنلىكىنــى جاكارلىشىغا قارىماي، 1877ـ1878ـ يىللىرى ئارىسىدا چــڭ سۇلالىســى زور قوشــۇن ئەۋەتىپ، قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ يەنە بىر قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ قېتىمقى كۆچــۈش بــۇرۇنقى كۆچۈشــلەردىن پەرقلىــق بولۇپ، بۇ نۆۋەت مۇستەقىل قوقــان خــانلىقى تەۋەســىگە ئەمەس، بەلكــى چاررۇســيە ھۆكۈمرانلىقى تېررىتورىيىسىگە كۆچۈش بولۇپ ھېسابلاندى.

شــىمال تەرەپــتە ئىلــى ۋادىســىدىكى ئۇيغــۇر-تارانچىلارنىــڭ 1865ـ يىلــى، مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ قۇرغان ئىلى ســۇلتانلىقى، 1871ـ يىلــى چــار رۇســيە تەرىپىــدىن بىســۋېلىنغاندىن كېيىن، 1881ـ يىلــى ”رۇســيە-جۇڭگــو ئىلــى شەرتنامىسى“ ئىمزالىنىــپ، رۇسىيە 10 يىــل بىســۋالغان ئىلىنــى چــىڭ سۇلالىســىغا قايتۇرۇپ بەرگەندە، ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئــاز ساندىكى تۇڭگــانلار چىــڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلىــپ، ئــۆز ئــۆي-ماكــانلىرىنى تاشــلاپ، كوللېكتىــپ ھالــدا چاررۇســيە تەۋەســىدىكى يەتتەســۇغا كۆچــۈپ كېلىــپ ماكانلاشتى. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ بىر قىسمى تۈركمەنىســتاننىڭ بــايرام ـ ئــالى رايونىغــا كېلىپ يەرلەشتى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش تارانچى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ”كۆچ-كۆچ“ دەپ ئاتىلىپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن قوشاقلار ۋە خەلق ناخشىلىرى پەيدا بولغان ئىدى.

19ـ ئەسىرنىڭ 60ـ70ـ يىللىرىدىكى مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتــى شۇنىڭدىن ئىبــارەتكى، بــۇ ۋاقىتتــا تۈركىســتاننىڭ غەربىــي قىســمى چــار رۇســىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قەدەممۇ-قەدەم چۈشۈش جەريانىنى باشتىن كەچــۈردى. تۈركىســتاننىڭ شەرقىي قىسمىدا بولسا بەدۆلەت رەھبەرلىكىدىكى يەتتە شەھەر دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇردى شۇنىڭدەك چار رۇسىيە يەنە ئىلىدىكى ئۇيغۇر تارانچى ســۇلتانلىقىنى يوقىتىــپ، ئىلى ۋادىسىنى 10 يىل ئۆز خەرىتىسىگە كىرگۈزدى. مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا، بولۇپمۇ ئۇيغــۇر ئېلىــدا بىــر مەھەل ئۇلۇغــا بىرىتــانىيە، چــار رۇســيە، ئوســمانلى ۋە چىــڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ مەنپەئەتلىرى توقۇنۇشۇپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تارىخىدىكى ”چوڭ ئويۇن“ (گرەئات گامە) دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. ئىمپېرىيىلەر ئارىسىدىكى كۆچلۈك تەسىر دائىرىسى ۋە مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرى قەشقەرىيىنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى خالاس.!

مەركىزىي ئاسىيانىڭ بۇ ئىككى پارچىســىدا تاشــكەنتنى مەركەز قىلغــان چــار رۇســيىنىڭ تۈركىســتان ئۆلكىســى، يەنــى «تۈركىستانســكاي گۇبېرنىيــا» (كېيىــن تۈركەستانسكىي كراي دەپ ئاتالدى) ۋە ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلىنىپ، مەزكۇر ئىككى ئىمپېرىيە بــۇ رايــونلارنى ئــايرىم-

ئايرىم ھالدا ئۆلكە سىستېمىسىدىكى ھەربىي-مەمۇرىي ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن باشقۇردى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ھاكىمىيەتنى پۇقرا مەمۇرىيلار ئەمەس، بەلكى ھەربىي گېنېراللار باشقۇردى.

## 4-قېتىملىق دولقۇن: (1900-1920-يىللىرى)

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولۇپ، بۇ چاغدىكى كۆچۈشنىڭ خاراكتېرىدا ئازراق پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ مەزگىلدە قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا ياۋروپانىڭ سانائەت ۋە مەدەنىيەت تەسىرلىرى يېتىپ كەلدى. ئۇيغۇر ئېلى بولسا چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ چەتتىكى ھەر جەھەتتىن قالاق قالدۇرۇلغان رايونىغا ئايلانغان ئىدى.

20-ئەسىرنىڭ بېشىدا بۇ ئىككى رايوننىڭ سىياسىي ھاياتىدا ئوخشاشلا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. جۇڭگودا بولسا 1911-يىلى، چىڭ ئىمپەرىيىسى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭگو جۇمھۇرىيەت دەۋرىگە كىرگەن بولسىمۇ، بىراق ھەر قايسى رايونلار ئايرىم مىلتارىستلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان يەرلىك خاندانلىقلىرىغا ئايلاندى. شىنجاڭ ئۆلكىسىدە گېنېرال ياڭ زېڭشىن قاتارلىق جۇڭگو مىلتارىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلدى. قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، 1917-يىلى پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتلاردا ياڭ زېڭشىننىڭ «نادان قالدۇرۇپ باشقۇرۇش» سىياستى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا سانائەت، مەدەنىيەت - مائارىپ، ئىقتىساد ۋە باشقا ھەر جەھەتتىن قالاق قالدۇرۇلغان ئىدى. بۇ خىل قالاق ئىقتىسادىي ھايات، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركۈملەپ، قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا، يەنى رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلارغا بېرىپ، تىرىكچىلىك قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى، بولۇپمۇ قەشقەر تەۋەسىدىن قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن پەرغانە ۋادىسىغا ۋە يەتتە سۇغا بېرىپ، مەدىكارچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، كاسىپلىق ۋە تىجارەت قىلىدىغانلارنىڭ ھەتتا زاۋۇت-فابرىكىلاردا ئەرزان ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانى ئۆزلۈكسىز تۈردە ئاشتى.

شۇ يىللاردا قەشقەر تەۋەسىدىكى ھەر بىر ئائىلىدىن كەم دېگەندە بىرەر ئادەمنىڭ رۇسىيىگە بېرىپ ئىشلەش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن ئىدى[6]. ئۇيغۇرلار پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئېچىگە ئالغان بۇ جايلارنى، قىسقىسى پۈتۈن ئۆزبېكىستاننى قىسقارتىپ، «ئەنجان» دەپلا ئاتايتتى. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدەملىرى تاشكەنتتىن تارتىپ يىراق ياۋروپا شەھەرلىرى ھەتتا موسكۋا، قازان، ئورېنبۇرگ،

سانكتپېتىربۇرگقىچە يېتىپ بىرىپ، مەلۇم ساندىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى شۇ جايلاردىكى زاۋۇت، كارخانا قاتارلىق جايلاردا قارا خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن تاكى 20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە تەخمىنەن 30 يىل داۋاملاشقان بۇ جەرياندا يەنە كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ( قەشقەرلىكلەر) پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي تۈركىستان رايونىدا يەرلىشىپ قالدى.

بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلاردا يەرلىشىپ قېلىشى تاكى 1920 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملاشتى.

## 5ـقېتىملىق كۆچۈش باسقۇچى ( 1954ـ1963ـ يىللىرى)

ئۇيغۇرلارنىڭ بەشىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش دولقۇنى 20ـ ئەسىرنىڭ 50ـ60ـ يىللىرىدا قوزغالدى. بۇ كۆچۈشنىڭ سەۋەب ئامىللىرى يەنىلا ئالدى بىلەن سىياسىي، مىللەت ۋە ئىقتىسادىي ھەم مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ دەۋردىكى كۆچۈش ئىككى خىل تۈس ئالدى، بىرى رەسمىي سوۋېت پۇقرالىقى پاسپورتى بىلەن ئائىلىۋى ھالدا كۆچۈش، بۇ قەدەم ـ قەدەم ۋە ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشتى. يەنە بىرى ئاممىۋى يوسۇندا چېگرىدىن قېچىپ ئۆتۈش بولۇپ، بۇ 1962 ـ يىلى يۈز بەردى. بۇ كۆچۈشكە 9 ناھىيىنىڭ ئادەملىرى قاتناشقان بولۇپ، جۇڭگو تەرەپ 60 مىڭ ئادەمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۇيغۇر ۋە قازاقلار ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.

بىراق رۇس مەنبەلىرى 1962 ـ يىلى، 66 مىڭ 500 ئادەمنىڭ قانۇنسىز ھالدا سوۋېت ـ جۇڭگو چېگرىسىدىن ئۆتكەنلىكىنى، 1963 ـ يىلى، ماي ئېيىدا بولسا، يەنە 46 مىڭ ئادەمنىڭ شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمىنىڭ قازاقىستانغا ئورۇنلاشقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ(6). جۇڭگو مەنبەلىرى 1954ـ 1962 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ پاسپورت ۋە قېچىش ئۇسۇلى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكىنى قەيت قىلغان بولۇپ، جۇڭگو مۇتەخەسسى لى دەنخۇينىڭ كۆرسىتىشىچە، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئېنىق سانلىق مەلۇماتىغا تايانغاندا، 1954 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا 86890 سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرى ۋە ئۇلارنىڭ 45983 نەپەر ئائىلە ـ تاۋئىاباتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلدى. 1960 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە 8559 نەپەر سوۋېت مۇھاجىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن 20907 نەپەر

ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلغان بولۇپ، بۇلاردىن باشقا يەنە ھەر خىل سوۋېت ھۆججەتلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلەرمۇ بار[7] .

يەنە باشقا جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، 1954-1963-يىللىرىغىچە بولغان 9 يىل ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدىن جەمئىي 198468 ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا رۇسلار 18.8% نى ئىگىلىگەن، يەنى 18800 ئادەم بولغان(8). قالغانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئەلۋەتتە يەنە قازاقلارمۇ مۇھىم سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ شۇنىڭدەك يەنە بۇلارنىڭ ئىچىدە تاتارلار، ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار ۋە باشقا خەلقلەرمۇ بار.

ئەگەر مەزكۇر قانۇنلۇق قايتۇرۇلغان 198 مىڭ ئادەمگە 66 مىڭ ھۆججەتسىز ھالدا چېگرىدىن قاچقانلارنى قوشقاندا، 1954-يىلىدىن 1963-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلەرنىڭ سانى 260 مىڭدىن ئارتۇق بولىدۇ. ئەمما بۇ ھەقتە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈرلۈك ئۆلچەملەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ك ب گ سىنىڭ مەخسۇس شىنجاڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىمى، پولكوۋنىك توقان يۈسۇباقوۋ يۈسۇپباقۇنوفنىڭ ئۆچۈر بېرىشىچە، 1955-1963-يىللىرى ئارىسىدا شىنجاڭدىن جەمئىي بىر مىليون ئادەم ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە كوچۈپ كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار كوپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ.

## 3 .كۆچۈشلەردىكى ئاساسلىق سەۋەب-ئامىللار

1759-1760- يىللىرىدىن تارتىپ تاكى 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كۆچۈش كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب ۋە ئامىللار ھەر خىل بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئامىل رايوننىڭ سىياسىي ھاياتى، يەنى يەرلىك خەلقلەرنىڭ مىللىي ۋە دىنىي ئەركىنلىك غايىسى ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇنۇشلىرى بىلەن رايوننى بېسىۋالغان تاشقى كۈچلەرنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باستۇرۇشى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن ئىبارەت ئىدى. بەلكى، 18-ئەسىردە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنلىرى بۇ رايونغا بېسىپ كەلمىگەن بولسا، 18-19 ئەسىردىكى بۇنداق كۆچۈشلەر بولمىغان بولار ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي كۈرەشلىرى ئۆز مەقسىتىگە يېتىپ، بۇ جايدا بىر ئايرىم

ھاكىمىيەت قۇرۇلغان بولسا، بەلكى 20-ئەسىرنىڭ 50-60-يىللىرىدىكى كۆچۈشلەر بولمىغان بولار ئىدى.
18-19-ئەسىرلەردىكى كۆچۈشلەر بىلەن 20-ئەسىردىكى كۆچۈشلەردە ئورتاقلىق ھەم قىسمەن پەرقلىق ئۆزگىچىلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ، بۇنى ئىككىگە بۆلۈپ تەھلىل قىلىشىمىز مۇمكىن:

## 1. 18-19-ئەسىرلەردىكى كۆچۈشنىڭ خاراكتېرلىق سەۋەب-ئامىللىرى

ئومۇمەن قىلىپ، ئېيتقاندا 18-19-ئەسىردىكى كۆچۈشلەر ھەر بىر قېتىملىق چەتتىن ھۆكۈمرانلىققا قارشى قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيىتى نەتىجىسىدە چەتتىن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشى ۋە جازالىشىدىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، يەنە بىرى خوجىلارنىڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ھەمدە خوجىلارغا سادىق ئاھالىلەرنىڭ ئۆز يۇرتلىرىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىز بۇ يەردە بۇ خىل مەسىلىلەرنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن كورسىتىشكە تىرىشىمىز:
مەلۇمكى، 19-ئەسىردىكى كۆچۈشلەردە مانجۇ-چىڭلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشىدىن ئەنسىرەش ئامىلىنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقى، 1881-1883-يىللىرى ئارىسىدا رۇسىيە تەۋەسىدىكى يەتتەسۇغا كۆچكەن تارانچى ئۇيغۇرلىرىدا ئېنىق بولغان. ئەنە شۇ تارانچىلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن ھەمدە ئۇلار بىلەن كۆپ سۆھبەتلەردە بولغان رۇسىيە تارىخچىسى رومىيانسېۋ تارانچىلارنىڭ چىڭگە قايتۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، چىڭلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقۇپ رۇسىيە تەۋەسىدىكى جايلارغا كۆچۈش يولىنى تاللىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ[8]. ئۇنىڭ يېزىشىچە، ئىلىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلىدىكى تارانچىلار ۋە باشقا خەلقلەر ئارىسىدا قورقۇنۇچ ۋە ئەندىشە ھەم پانىكلار كۆتۈرۈلگەن ھەمدە تارانچىلار يېزا-يېزا بويىچە كۆچكەن، ئىلىدىن كۆچكەن بۇ ئاھالىلەرنىڭ سوتسىيال تەركىبى شەھەر ئاھالىلىرى، سودىگەرلەر، قول-ھۈنەرۋەنلەر ۋە دېھقان يېزا ئاھالىلىرى ئىدى [9].
چەت سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭ ۋە قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى قانلىق باستۇرغانلىقى، قوزغىلاڭغا قاتناشقان خەلقتىن رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىش بىلەن ئۆچ ئالغانلىقى ئاھالىلاردا ھامان قورقۇنچ پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە

مال-مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوشنا پەرغانە ۋە باشقا جايلارغا قېچىش ۋە كېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلىنغان ئىدى. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ 1759-1765-يىللىرىدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرى ھەمدە 1816-1878-يىلىغىچە بولغان قارشىلىقلارنى باستۇرۇش جەريانلىرىدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرى ھەققىدە ئېنىق سانلىق مەلۇمات ئىگىلەش قىيىن، ئەمما چىنلەرنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى قىرغىن قىلغانلىقى ھەققەت. جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، 1765-يىلىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدا چىڭ سۇلالىسى ئەنە شۇنداق قىرغىن قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزگەن بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار 6 ئايغىچە شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. چىڭ سۇلالىسى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىلىدىن بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇن يۆتكەپ كەلگەن ھەتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «ئۇچتۇرپان ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرمۇ ئۇرۇقىنى قالدۇرماي، ئۇلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ يوقىتىش كېرەك» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى [10]. ئەنە شۇ بۇيرۇق بويىچە قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى 2300 نەپەر ئۇيغۇر قوزغىلاڭچى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلانغان [11]. چىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن خەلق ئۈستىدىن قانلىق چوڭ قىرغىنچىلىق قىلىپ[12]، قورامىغا يەتكەن ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى قىرىپ تاشلىغان [13]، ئاجىز ياشانغانلار، ئاياللار ھەم باللار كوللېكتىپ ھالدا تۇتقۇن قىلىنىپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان [14]. ياش ئاياللارنىڭ بىر قىسمى مەجبۇري تۈردە چېرىكلەرگە خوتۇنلۇققا بېرىلگەن. نەتىجىدە 20 مىڭ نوپۇسلۇق ئۇچتۇرپان ئادەمسىز قالدۇرۇلۇپ، كېيىن ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋە يەركەندىن ئىبارەت تۆت شەھەردىن 500 ئائىلە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان [15].

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدىمۇ يەنە كەڭ كۆلەملىك قىرغىن قىلغان بولۇپ، جاھانگىر خوجا 1820-يىلى، 1824-يىلى، 1826-يىلى، ئۈچ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى چىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىدى. ئالدىنقى قېتىملىق ھەركەتلەردە غەلىبە قازىنالماي، ئۇنىڭ قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن نۇرغۇن كىشىلەر قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. ئەمما، 1826-يىلى، ئىيۇلدىكى قوزغىلاڭ غەلىبە قىلىپ، ئۇزۇن ئوتمەي قەشقەر، يەركەنت، يېڭىسار ۋە خوتەن قاتارلىق جايلارغىچە بولغان رايونلاردىكى چىڭ قوشۇنلىرى يوقىتىلىپ، بۇ رايونلاردىكى خەلقلەر ئومۇمىي يۈزلۈك جاھانگىر خوجىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى. بىراق، بۇ ۋاقىتتا چىڭ ھۆكۈمىتى جاھانگىر قوزغىلىڭىنى تىنجىتىش ئۈچۈن پۈتۈن ئەسكىرى كۈچىنى ئاقسۇغا

توپلىغان بولۇپ، چىك سۇلالىسىنىڭ 40 مىڭغا يېقىن مۇنتىزىم قوشۇنى بىلەن جاھانگىر خوجا قوزغىلاڭچىلىرى ئارىسىدا ئاقسۇ شەھىرى يېنىدىكى قۇمباش، ئۇچتۇرپان، كەلپىن قاتارلىق جايلاردا ئارقمۇ-ئارقىدىن بىر قاتار ئۇرۇشلار بولدى. چىك ئىمپېرىيىسى قوزغىلاڭنى تىنجىتىش ئۈچۈن ئەڭ ۋەھشىي قىرغىنچىلىق چارىسى قوللانغان بولۇپ، جاھانگىر خوجىنى قوللىغان ۋە ياكى ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئوغرىلار» دەپ جاكارلاپ، قاتتىق قىرغىنچىلىق قىلىپ جازالاش ئارقىلىق ۋەزىيەتنى تىنجىتماقچى بولدى. چىك قوشۇنلىرى 1826-يىلى، 9-ئايدىن تاكى 1828-يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان بىر قاتار ئۇرۇشلار جەريانىدا قوزغىلاڭچىلار ئۈستىدىن بىر قاتار دەھشەتلىك ۋە كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. مەسىلەن، 1826-يىلى، 23-سېنتەبىر كۈنىدە قۇمباش ئەتراپىدىكى ئۇرۇش جەريانىدا 1000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى ۋە پۇقرالارنى قىرىپ تاشلىدى. 11-ئايدا كەلپىن ئەتراپىغا ھۇجۇم قوزغاپ، 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى. چىك قوشۇنلىرى 1827-يىلى، 3-ئايدا قەشقەرگە ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاپ، يېڭىئېرىق، بارچۇق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا كەلگەندە يەنە 3000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى ئاممىنى قىرىپ تاشلىدى. چىك قوشۇنلىرىنىڭ جاھانگىر غوجا قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا قوزغىلاڭچىلارنى قىرغىن قىلىشىغا ئائىت سانلىق ئۇچۇرلارنى ۋە بەزى ئەھۋاللارنى ھازىرقى زامان تارىخىي كىتابى «شىنجاڭ قىسقىچە تارىخى» ھەمدە چىك سۇلالىسىنىڭ رەسمىي تارىخىي ھۆججەتلىرى توپلىمى ھېسابلىنىدىغان «چىك شىلۇ» دىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

«شىنجاڭ قىسقىچە تارىخى» دا چىك قوشۇنلىرىنىڭ جاھانگىر غوجىغا ئەگەشكەنلەرنى قانداق قىرغىن قىلغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇرلار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 1827-يىلى، 20-مارت كۈنى چىك قوشۇنلىرى جاھانگىر خوجىنىڭ قوشۇنلىرى ئورۇنلاشقان يېزىسىغا ئۈچ يول بىلەن باستۇرۇپ كىردى ھەم ئارقىدىنلا پەيزىۋاتقا ھۇجۇم قىلىپ، پەيزىۋات تەۋەسىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى ھەمدە 2500 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتقۇن قىلدى. «چىك شىلۇ» دىكى ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، پەيزىۋاتتىكى يېڭىئاۋات يېزىسىغا جاھانگىر خوجىنىڭ قوزغىلاڭچىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، 100 مىڭ ئەتراپىدا ئادەم ئورۇنلاشقان بولۇپ، چىك قوشۇنلىرى بۇ يەرگە ھۇجۇم قوزغاپ، زەمبىرەكلەرنى ئىشقا سېلىپ، قاتتىق قارشىلىقلارنى بويسۇندۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلاردىن 40-50 مىڭ ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى(16). چىك قوشۇنلىرى ئارقىدىن يەنە ياندىما قاتارلىق جايلاردىمۇ قىرغىن قىلدى.

چىك قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەر كونا شەھىرى ۋە قوزغىلاڭچىلار قولىدىكى مانجۇ

شەھرىنى ئىگىلەش ئۇرۇشى جەريانىدىمۇ ئەنە شۇنداق قىرغىنچىلىق قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، جۇڭگو مەنبەلىرى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ 1827-يىلى، 26-27-مارت كۈنلىرى قەشقەرنى ئېلىش ئۇرۇشى جەريانىدىلا 60 مىڭ ئادەمنى قىرىپ تاشلىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ خوتەننى ئېلىش ئۇرۇشىمۇ ئەنە شۇنداق قىرغىنچىلىق بولدى. خوتەن ئۇرۇشى جەريانىدا 2000 دىن ئارتۇق ئادەم چىڭ قوشۇنىنىڭ قولىدا ئۆلدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭغا قاتناشقان، ياكى قوللىغان ۋە ياكى ئاق تاغلىقلار مەزھىپىگە مەنسۇپ ھەم بۇ مەزھەپتىكى خوجىلارنى قوللىغانلارغا نىسبەتەن قاتتىق قول جازالاش چارىسى قوللانغان بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە قارا تاغلىقلار مەزھىپىگە مەنسۇپ كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلارنى قوراللاندۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرغۇچىلارغا قارشى قويدى. چىڭ سۇلالىسى ئىزچىل تۈردە ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلانغان بولۇپ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى مەيداندىكى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشتا قارا تاغلىقلاردىن تۈرلۈك شەكىلدە پايدىلانغان ئىدى. قارا تاغلىقلار قوزغىلاڭغا قاتنىشىشتىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇلارنىڭ بەزى خوجىلىرى ۋە بەگلىرى ئاستىرىتتىن چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلاشتى ۋە چىڭ قوشۇنلىرىنى ئاق تاغلىق قوزغىلاڭچىلار ھەققىدە ئۇچۇر يەتكۈزۈش، چىڭ قوشۇنلىرىنى ئاشلىق، يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش ۋە ھەتتا ئۇلار تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىش يولىنى تۇتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ قىرغىنچىلىقتىن ئامان قېلىشى تەبىئىي ئىدى.

جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلگەن ئەشۇ سانلىق مەلۇماتلارنى جەملىگەندە چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا، يەنى 1820-يىلىدىن 1828-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا ئۆلگەن ئادەمنىڭ سانى ئاز دېگەندە 110 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ چىقىدۇ. يارىدار قىلىنغان، تۈرمىلەرگە تاشلانغان ۋە كېيىن جازالانغانلارنىڭ سانى بۇ يەردە ئېنىق ئەمەس. «چىڭ شىلۇ» دىمۇ چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قۇمباشتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىلگىرى-كېيىن يىگىرمە ئەۋلاد، شاپتۇل قاتارلىق جايلاردىلا 100 مىڭدىن ئارتۇق تۇپىلاڭچىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قانچە مىڭنى تۇتقانلىقى ھەم قارشىلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ (17).

ئۇيغۇر مەنبەلىرىدىمۇ بەزى ئۇچۇرلار قالدۇرۇلغان بولۇپ، موللا مۇسا سايرامى مۇنداق مەلۇمات قالدۇرىدۇ:

«جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ چېرىكلىرى جاھانگىر خوجا دەۋرىدە قەشقەردە مەنسەپ تۇتقان ياكى خىزمەت قىلغان كىشىلەرنى

سۈرۈشتۈرۈپ ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى، يەر-مۈلۈكلىرىنى ۋە چارۋا-ماللىرىنى ئولجا ئالغاندىن تاشقىرى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوغۇل-قىز، كىچىك بالىلارنى ئولجا ۋە ئەسىر قىلىپ، بۇ تەرىپى ئىلى، ئۇ تەرىپى لەنجۇغىچە ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگولارنىڭ ئىشلىتىپ خىزمەتكە سېلىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى» [18]. ئۇ، يەنە بۇ ئىشتىن كېيىن قوقان خانىنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن چىڭ خانى يارلىق چۈشۈرۈپ، ئولجا ئېلىنغان بۇ بالىلار ۋە ئاياللارنى يۇرتلىرىغا قايتۇرغانلىقى، لېكىن نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ بۇ ئارىدا چىڭ سۇلالىسى چىرىكلىرىگە خوتۇنلۇققا تۇتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىك بولغانلىقى ھەم بالىلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى يازىدۇ [19].

بەلكى، مۇسا سايرامىنىڭ بۇ مەلۇماتى 1830-يىلى، قوقان خانلىقى بىلەن چىڭ ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلۈپ، قوقانلىقلەرنىڭ قەشقەردە زور سودا ۋە ئىقتىسادىي ئىمتىيازغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن باغلىنىشلىق بولسا كېرەك.

مۇھەممەد ئاتىق ئۆزىنىڭ «تارىخىي كاشغەر» ناملىق كىتابىدا 1847-يىلىدىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشتا چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ۋەھشىلىكلىرىنىڭ شۇ قېتىملىق كۆچۈشكە سەۋەب بولغانلىقى ھەمدە كۆچۈشنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان بولۇپ، قەشقەر ئاھالىلىرىنىڭ «چىنلىقلار كېلىدىغان خەۋەر ۋە ۋەھشىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن قىشنىڭ سوغۇقلىرى ۋە يوللارنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي قوقانغا كۆچكەنلىكى» نى كۆرسىتىدۇ. [20].

چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭنى باستۇرۇش جەريانىدىكى رەھىمسىزلىكلىرى ۋە قوزغىلاڭ باستۇرۇلۇپ، تەرتىپ ئورنىتىلغاندىن كېيىن داۋاملىق تۈردە خوجىلار ھۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلغان ۋە قوزغىلاڭغا قاتناشقان ھەم ئەگەشكەنلەرنى قاتتىق جازالاش تەدبىرلىرى قوللانغانلىقى، ۋەلىخان تۆرە قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەلىخاندىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە زۇلۇم سالغانلىقى چوقان ۋەلىخانوف تەرىپىدىنمۇ تەكىتلەنگەن. ئۇ، مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«جۇڭگولۇقلار قەشقەرنى ئىگىلەپ، ۋەلىخاندىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە ئىش تۇتتى. بولۇپمۇ، ئاشلىق، چارۋا -مال، يەم-خەشەك ۋە باشقىلارنى يىغىپ بەرگەن ئەتراپتىكى يېزىلار جۇڭگولارنىڭ زەربىسىگە بەكرەك ئۇچرىدى. ھەتتا مەسچىتلەرنىڭ دەرىزە، ئىشىك ھەم خوجىلارنىڭ مازارلىرىنىڭ ياغاچ قىسىملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ زور دات-پەرياتلىرىغا قارىماي ئوتۇن قىلىپ ئىشلىتىلدى. قالماقلار مەسچىتلەرنىڭ ئىچىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتخانىسى قىلدى ھەمدە يەرلىك كىشىلەرنى سەۋەبسىز ئۇردى ھەمدە ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى.» [21].

ۋەلىخان قوزغىلىڭى باستۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەرگە كەلگەن چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەت ھەققىدە بىۋاستە ئىشەنچلىك مەلۇمات تويلاشقا مۇۋەپپەق بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەرگە ئېيىدىن ھاكىمبەكلىككە تەيىنلەنگەن قۇتلۇقبەگ قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئادەملەرنىڭ قولىغا ئېلىنغانلىقى ۋە باشقىلارغا ساۋاق بېرىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن. ۋەلىخانوۋنىڭ بايان قىلىشىچە، قوزغىلاڭچىلارنى قوللىغان شەيىخ ئاخۇن ئىسىملىك ئۇيغۇرنىڭ چوڭ ئوغلى قازى ئاخۇن تۈرمىگە تاشلىنىپ ئۇرۇپ قىيناشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن كاللىسى ئېلىنغان، باشقا ئىككى ئوغلى بولسا قورقۇپ قوقانغا قېچىپ كەتكەن [22].

چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغالغان خەلقلەرگە قارىتىلغان يەنە بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىقى ۋە تالان-تاراج قىلىشى 1877-1878-يىللىرى زو زوڭتاڭ ۋە لىيۇ جىنتاڭ قوماندانلىقىدىكى ھەربىي يۈرۈشى جەريانىدا يۈز بەردى. چىڭ قوشۇنلىرى داۋانچىڭدىن ئۆتۈپ، تاكى ياركەنت ۋە قەشقەرگىچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلىش جەريانىدا بىر قىسىم جايلاردا قاتتىق قارشىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ھەر بىر قېتىملىق قارشىلىق قاتتىق باستۇرۇلدى. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ دەھشەتلىك جازا يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ كۆپ ساندىكى ئاھالىسى چىڭ قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن روسىيە تەۋەسىگە قېچىپ ئۆتۈپ كەتتى. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار، بولۇپمۇ ياقۇپ بەگ ھۆكۈمىتىدە يۇقىرى خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى قاتتىق ۋە رەھىمسىز بولدى. ھەتتا ياركەنتتە ياقۇپ بەگنىڭ ئايالى، ئىككى كىچىك ياشتىكى ئوغلى ھەم ئۈچ نەۋرىسى لىيۇ جىنتاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى [23].

جۇڭگو تارىخچىسى گو يىڭدېنىڭ يېزىشىچە، 1877-يىلى، لىيۇ جىنتاڭ ياركەنت ۋە خوتەننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن 7450 ئادەمنى تۇتقۇن قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 1166 ئادەم مانجۇرلارغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار ئىدى. لىيۇ جىنتاڭ بۇ ئادەملەرنى كوللېكتىپ قىرىپ تاشلىدى، قالغان چەتئەللىك سودىگەرلەر، دىنىي زاتلار ۋە باشقىلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى [24]. 1878-يىلى، تېخى قەشقەردىن كەتمەي يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ياقۇپ بەگنىڭ ئىلگىرى سانكتپېتېربۇرگ ۋە تاشكەنتكە ئەۋەتكەن ئەلچىسى موللا تۇراپ خوجا مەخپىي تۈردە تۈركىستان گۇبېرناتورىغا خەت ئەۋەتىپ، چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان باستۇرۇش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلغان. ئۇ، خېتىدە قەشقەر، ياركەنت ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان 72 ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى مەلۇم

قىلغان [25].

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى پۈتۈن قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى بايلارنىڭ، قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرىنى، مال ـ مۈلكى ۋە بايلىقلىرىنى مۇسادىرە قىلغان بولۇپ، زو زوڭتاڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ خاتىرە قالدۇرغان:

«لىيۇ جىنتاڭ قوشۇنلىرى قەشقەرنى ئىشغال قىلىش ۋاقتىدا شەھەرنىڭ زور كۆپچىلىك ئاھالىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرى، بايلىقلىرى ۋە قىممەت باھالىق ئۈنچە ـ مارجانلىرىنى تاشلاپ چەتئەلگە، رۇسىيەگە قېچىپ كەتكەن ۋە بۇلار لىيۇ جىنتاڭ تەرىپىدىن يىغىۋېلىندى. بۇلارنىڭ قىممىتى 70153 لياڭ (سەر) كۈمۈشكە باۋارەر. سابىق تويپلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ بايلىقلىرىنى مۇسادىرە قىلىندى. بۇنىڭ قىممىتى 4827 سەر كۈمۈشكە تەڭ» [26].

زو زوڭتاڭ ۋە لىيۇ جىنتاڭ قوماندانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، بۇ ئۆلكىنى قايتىدىن ئىشغال قىلىش جەريانىدا تۆرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللانغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۈنۈملۈك بىرى ياقۇپ بەگنىڭ پەرغانىلىقلارنى مۇھىم باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قويۇپ، يەرلىكلەرگە نىسبەتەن ھاكىمىيەتتىن يىراقلاشتۇرۇش سىياسىتى قوللىنىشىدىن پايدىلىنىپ، ياقۇپ بەگكە نارازىلىقى بار بىر قىسىم يەرلىك بەگلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق ياقۇپ بەگنى ئۆلتۈرۈش ھەمدە قەشقەرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش ئىختىلاپلىرى ۋە پەرغانىلىقلارنىڭ كۆپ ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ، يەرلىك بەگلەرنى چەتكە قېقىش قاتارلىق تەرەپلەر بۇ دۆلەتنىڭ يوقىلىشىدىكى ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جازا يۈرۈشى جەريانىدا ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ھامان يىمىرىلىشىنى كۆرگەن قەشقەرىيە يەرلىك ئاھالىلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم پۇرسەتپەرەس بەگلەر، سودىگەرلەر ھەم باشقىلار ئۆز ھاياتىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن چىڭ قوشۇنلىرىغا ئالدىدا بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ماسلاشتى. بىراق، بۇ ئومۇمىي يۈزلۈك ئەھۋال ئەمەس بولۇپ، يەنىلا ئومۇمىي خەلق ئۆز مۇستەقىل ھاكىمىيىتى بولغان يەتتە شەھەر دۆلىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى ۋە ياكى سۈكۈت قىلىش ئۇسۇلى قوللاندى. بەزىلىرى بولسا ۋەتىنىنى تاشلاپ كېتىش يولىنى تاللىدى، ئەمما 1878 ـ يىلى پۈتۈن قەشقەرىيە ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، زو زوڭتاڭ ۋە لىيۇ جىنتاڭ گۇرۇھى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ئەپتى بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، بۇ رايوننى ئىشغال قىلىش جەريانىدا قوللانغان دەسلەپكى بەزىبىر يۇمشاقراق تاكتىكىلىرىنى ۋە

چاقىرىلىقلىرىنى ئۆزگەرتتى. نەتىجىدە، بىر قىسىم جايلاردىكى خەلق قايتىدىن قارشىلىق كۆرسىتىش پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىغا ئۆتتى. پەرغانىغا كەتكەن ياقۇپ بەگنىڭ ئوغلى بەك قۇلىبەگ ۋە ھاكىمخان تۆرە قاتارلىقلار يەنە قوشۇن تەييارلاپ چېگرىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ھەرىكەتلەر قىلدى. 1879-يىلى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونىدىكى قوزغىلاڭ قاتتىق باستۇرۇلۇپ، 2000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. 1879-يىلى ۋە 1880-يىلى يەنە قوزغىلاڭلار يۈز بەرگەن بىرىپ، مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتتى [27]. ھەتتا ئەينى ۋاقىتتا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ياقۇپ بەگنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان خوتەننىڭ ۋالىيسى نىياز بەگمۇ چىڭ ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈپ قارشىلىق كۆرسىتىش يولىنى تۇتتى. بىراق، ھازىرقى زامان جۇڭگو تارىخچىلىرى زو زوڭتاڭنىڭ مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا كۆز يۇمۇپ، ئۇنى «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان قەھرىمان» دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭ شەنشىدىكى تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىنى نەسلىدىن يوقىتىش تۈسى ئالغان ئېتنىك تازىلىشى ھەتتا خەنزۇلارنىڭ مانجۇلارغا قارشى مىللەتچىلىك قوزغىلىڭى-تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتىنى قانلىق باستۇرغانلىقىغا كۆز يۇمۇپ، ئۇنى ۋەتەنپەرۋەر سۈپىتىدە مەدھىيىلەيدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنى پۈتۈنلەي ئاقلاپ، پەدەزلەپ، ئۇنى ئۇيغۇرلارنى ئازاد قىلغۇچى تەرىقىسىدە كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن، بىر قىسىم تارىخچىلار 18-19-ئەسىرلەردىكى خوجىلار باشچىلىقىدىكى بارلىق قوزغىلاڭلارنى قارىلاپ، بۇنى خوجىلارنىڭ «تاجاۋۇزچىلىقى» دەپ ئاتايدۇ ھەمدە خوجىلارنى «زوراۋان»، «بۇلاڭچى»، خەلقنى «مەجبۇرىي ئۆزىگە ئەگەشتۈرگەن» دەپ چۈشەندۈرۈش بىلەن چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق باستۇرۇش ئۇرۇشلىرى جەريانىدىكى ئۇيغۇرلارغا قىلغان قىرغىنچىلىقلىرىنى كۆرسەتمەي، ئۇنىڭدىن چەتنەپ ئۆتۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىش ھەرىكەتلىرىنى بولسا، خوجىلار تەرىپىدىن «مەجبۇرلانغان» دەپ تەرىپلەيدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان جۇڭگو دۆلەت بىرلىكى ئىدېئولوگىيىسى نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىنغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، مانجۇلار قۇرغان چىڭ ئىمپېرىيىسى پۈتۈن جۇڭگونى بويسۇندۇرۇش جەريانى ۋە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا ئۈزۈن مەزگىل خەنزۇلارنىڭ مانجۇرلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى داۋاملاشقان ئىدى. بۇ ۋەقەلەر ئادەتتە جۇڭگو تارىخىدا «فەن مەن يۈندوڭ» يەنى «مانجۇلارغا قارشى ھەرىكەت» دەپ ئاتىلىدۇ. جۇڭگو تارىخچىلىرى تەرىپىدىن خەنزۇلارنىڭ تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى ۋە باشقا مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىگە قارشى بۇ

ھەربىكەتلىرى بولسا، ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ چۈشەندۈرىلدۇ، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق ۋە ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرى بولسا قارىلىنىدۇ. ئەمەلىي تارىخى رىئاللىقتىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، تۇڭگانلار ۋە باشقا مىللەتلەر خۇددى خەنزۇلارغا ئوخشاشلا مەنچىڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغۇچىلار بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئوخشاش ئىدى. لېكىن، مانجۇلار پۈتۈن ئىمپېرىيىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن خەنزۇ يۇقىرى تەبىقە گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنى دۆلەتنى ھەربىي-سىياسىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن ئىدارە قىلىشقا قاتناشتۇردى. خەنزۇلار، تۇڭگانلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنىڭ ھەممىسىنى باستۇرۇشتا ئەشۇ گۇرۇھ ئاكتىپ رول ئوينىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، 1759-1760-يىللىرىدىن تاكى 1954-1963-يىلىغىچە بولغان ئىككى ئەسىر تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈشلىرى دائىم كەڭ كۆلەملىك تۈس ئالغان بولۇپ، ئومۇمىي نۇقتىدىن ئالغاندا، بۇ جەرياندىكى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلەر ھەر 20-60 يىلدا بىر قېتىم يۈز بەرگەن. مەسىلەن، 1759-1760-يىللىرىدىكى كۆچۈشتىن، 60 يىللار ئۆتۈپ، 1816-1880-يىللىرىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن، 30-40 يىللار ئۆتۈپ، 20-ئەسىرنىڭباشلىرىدا ۋە يەنە 30-40 يىللار ئۆتۈپ، 1950-60 يىللاردا يۈز بەردى.

بۇ ئىككى ئەسىر ئىچىدە ئەڭ زور كۆچۈشلەر 1816-1882-يىللىرى ئارىسىدا كۆپ قېتىم يۈز بەردى. ھەتتا بۇ جەرياندا ھەر بىر قانچە يىل، ئون نەچچە يىللار ئىچىدە بىر قېتىمدىن تەكرار يۈز بەردى. شۇ ۋاقىتلاردىكى كۆچۈشنىڭ قېتىم سانىنىڭ كۆپ بولۇشىدىن قاراپ تۇرۇپ، 19-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن 80-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىق پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتەسۇدا ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپەيگەن باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ يەرلەشكەن بىر قىسىم قەشقەرىيىلىك ئەرلەرنىڭ تەكرار ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىرىغا ئەگىشىپ، قايتىدىن ئانا ۋەتىنى قەشقەرىيىنى مانجۇلاردىن قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەرغانە ۋادىسىغا يەرلەشكەن قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ كۆپلەپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

## 2. 20-ئەسىردىكى كۆچۈشلەرنىڭ سەۋەب-ئامىللىرى

يۇقىرىدا قەيت قىلغانىدەك، 18-19-ئەسىرلەردىكى كۆچۈشلەردە چەك ئىمپېرىيىسىنىڭ باستۇرۇشىدىن ساقلىنىش خەۋپى بولغان بولسا، 20-ئەسىردىكى كۆچۈش قوزغاق سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا قوشما پەرغانە ۋادىسىدا يەرلىشىپ قېلىشىدا ھەمدە ئىككىنچى يېرىمىدىكى كۆچۈش ھەرىكىتىدە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئامىلنى نەزەرگە ئېلىش لازىم.

بىرىنچى ئامىل، بۇ رايونلاردا ئىلگىرىدىنلا يەرلىشىپ بولغان بىر قانچە ئەۋلاد زور ساندا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلار بىلەن بولغان نىسبەتتە مەلۇم سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى.

ئىككىنچى ئامىل. ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئامىلى. بۇ رايوننىڭ چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسى تەركىبىدە بولۇش بىلەن سودا-ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە سانائەت جەھەتلەردىن ئۇيغۇر ئېلىغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىلغار ۋە راۋاجلانغان بولۇشى. بولۇپمۇ، 1918-يىلىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن ئۆزگىرىشلەر. بولۇپمۇ مەدەنىيەت-مائارىپ جەھەتلەردىكى كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلار.

ئۈچىنچى ئامىل. سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە ۋە مىللەتپەرۋەرلىك. 1917-يىلىدىكى فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ئاتموسفېراسىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. رايوندا مۇستەقىللىق، ئىسلامى گۈللىنىش، تۈركچىلىك، كوممۇنىزم قاتارلىق يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئېپادىسىنى تاپتى. بولۇپمۇ، گراژدانلار ئۇرۇشى مەزگىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ مىللىي چېگرىلارنى ۋە مىللىي مەمۇرىي چېگرىلارنى ئايرىش ھەم بېكىتىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئايرىم مىللەت ھەم مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى ھەمدە ئايرىم ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىدىيىلىرى دۇنياغا كەلدى.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، كوممۇنىستلىرى ۋە مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ «قەشقەرىيە-جۇڭغارىيە ئىشچى دېھقانلار ئىتتىپاقى» دەپ ئاتالغان تەشكىلاتى 1921-يىلى 4-ئىيۇندا تاشكەنتتە تۇنجى قېتىم قۇرۇلتاي چاقىرىپ، بۇ نامىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» دېگەن نام ئاستىدىكى تەشكىلاتنى قۇردى. بۇلارنىڭ تۈپ سىياسىي شۇئارى، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە

«ئۇيغۇرستان» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار قەشقەرلىك ۋە تارانچى دەپ ئاتالغان ئاھالىلارنىڭ ئايرىم خەلق ئەمەس بەلكى ئەسلى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن كۆچۈپ چىققان بىر خەلق — ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ، ئۇلارغا ئورتاق ئۇيغۇر نامىنى بېكىتىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ پروگراممىلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قوشنا شىنجاڭدىكى جۇڭگو مىللەتارىست ھاكىمىيىتىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇ يەردىكى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار گېزىت ۋە مەبۇئاتلارنى پەيدا قىلىپ، كەڭ تەشۋىقاتلارنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا كۆپ ساندىكى قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىققان خەلقلەر بۇ ھەرىكەتلەرگە قوشۇلدى ۋە قوللىدى. دېمەك ئەنە شۇنداق خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلغانلىقى ۋە قوللىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا قايتىپ بارسا، مىللەتارىستلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرىشى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۆز تۇپراقلىرىدا دۇچ كېلىۋاتقان قالاق ۋە مۇستەبىت ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈمنى كۆرۈشنى خالىمىغانلىقىدىن بۇ جايلارغا يەرلىشىش يولىنى تاللىغان.

مەلۇمكى، 1931-يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى يۈز بېرىپ، 1933-يىلى، 12-نويابىردا قەشقەردە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ھۆكۈمەتنى قوللىماي، خەنزۇ مىللەتارىستى شېڭ شىسەينى قوللاپ، سوۋېتپەرەس ئۆلكە ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئۆلكىگە مەدەنىيەت-مائارىپ، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ھال ئۆلكىنىڭ سوۋېت مودېلىدىكى مەدەنىيەت-مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىش مەنزىرىسىنى ياراتتى. بارلىق دەرسلىك ماتېرىياللىرى ئاساسەن دېگۈدەك، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ كېلىندى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر ياشلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈپ قايتىپ كەلدى.

1944-يىلىغا كەلگەندە ئىككىنچى قېتىملىق مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى بولۇپ، غۇلجىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى. مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى تاكى 1949-يىلى، جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭنى ئىگىلىگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. ئىلى، چۆچەك ۋە ئالتاي قاتارلىق ئازاد ئۈچ ۋىلايەت ھەمدە ئۆلكىنىڭ باشقا جايلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر خىل تەسىرى ئاستىدا بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1946-يىلىدىن كېيىن شىنجاڭدا سوۋېت پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلىش ئېلىپ بېرىپ، زور ساندا كىشىلەرگە سوۋېت پاسپورى تارقاتتى.

1949-يىلدىن كېيىن، ئۆلكىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بولۇشىدىن كېيىن كېلىپ چىققان بىر قاتار، سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەر، مىللەتپەرۋەرلىككە زەربە بېرىش ھەمدە سىياسىي كۆرەشلەر شۇنىڭدەك يەنە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېغىر چېكىنىش ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر ئۇيغۇرلارنىڭ 1955-يىلدىن تاكى 1962-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا رەسمىي ھۆججەتلەر بىلەن سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا كۆچۈشى، 1962-يىلى، ماي ئېيىدا كەڭ كۆلەمدە، ئاممىۋى يۇسۇندا چېگرىدىن قېچىپ ئۆتۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 4. پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس مەسىلىسى

بىز يۇقىرىدا قەيت قىلغاندەك بەش قېتىملىق كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشنىڭ پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى تەبىئىي. بۇ خىل ئۈزلۈكسىز كۆچۈش بۇ رايونلاردىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ سۈنئىي يۇسۇندا كۆپىيىش رولىنى ئوينايدۇ. ئەسلىدىن بار بولغان كۆچمەن ئاھالىلارنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى بىلەن يېڭىدىن كەلگەن توپلۇقلارنىڭ قوشۇلۇشى ھەمدە بۇ خىل ئەھۋالنىڭ تەكرارلىنىشى پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپەيتىدىغان مۇھىم ئامىللار ھېسابلىنىدۇ.

پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ 19-ئەسىردىلا زور سانىنى ئىگىلەپ، پەرغانە ئاھالىسىنىڭ مۇھىم سالمىقىنى تەشكىل قىلغانلىقى ھەققىدە ئۈچ خىل مەلۇمات مەۋجۇت. بۇلار : 1) تارىخىي مەنبەلەر. 2) مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مەنبەلەر بويىچە ئوتتۇرىغا قويغان سانلىق مەلۇماتلىرى. 3) دەسلەپكى سابىق سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىگەن سانلىق ئۇچۇرلىرى. مەن بۇ نۇقتىنى ئەنە شۇ ئۈچ تەرەپتىن ئوتتۇرىغا قويىمەن:

### (1) تارىخىي مەنبەلەر بويىچە پەرغانە ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇسى

1759-1760-يىلدا زادى قانچىلىك ئادەم كۆچكەنلىكى ھەققىدە كۆپ مەلۇماتلار يوق. بىراق، سېرگېي ئاباشىن مەنبەلەر بويىچە بۇ ۋاقىتتا 12 مىڭ ئائىلە قەشقەرلىك ۋە قالماقنىڭ كۆچكەنلىكى، بۇلارنىڭ 9 مىڭ ئائىلىنىڭ پەرغانىغا، ئۈچ

مىڭ ئائىلىنىڭ بەدەخشاننىڭ پەيزاباد رايونىغا كۆچكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. بۇ 9 مىڭ ئائىلە، يەنى تەخمىنەن 40 مىڭ ئادەمنىڭ قەشقەرلىك ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ[31]. بۇنداق كۆچۈش ئىزچىل داۋاملىشىۋەرگەن بولۇپ، بۇرۇن بەلكى ئاممۇۋى تۈس ئالغان بولسا، كېيىنكى ئۈزۈن يىللار جەريانىدا ئايرىم -ئايرىم هالدا كۆچۈش داۋاملاشقان. يۈسۈپ خوجىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭغا قاتناشقان مىرزا شەمسى بۇخارىنىڭ مەلۇماتى بويىچە ئالغاندا، 1830-يىلى قوقەنت قوشۇنلىرى قەشقەرگە هۇجۇم قىلىپ كىرىشىنىڭ ئالدىدا قوقەنتتە 10 مىڭدىن 12 مىڭغىچە قەشقەرلىك بولغان[32]. 1830-يىلى، يۈسۈپ خوجا قوزغىلىڭى مانجۇلار تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندا 70 مىڭ ئادەم قەشقەردىن پەرغانىغا كۆچۈپ بېرىپ، سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى خوجەنت ۋە تاشكەنتتىن يىراق بولمىغان جايلارغا ئورۇنلاشقان.[33] بۇ ھەقتە جۇڭگو تارىخچىلىرىمۇ جۇڭگو مەنبەلىرىگە تايىنىپ مەلۇمات قالدۇرغان بولۇپ، جۇڭگو تارىخچىسى ليۇ فېڭژۇ 1936-يىلى ئېلان قىلغان ماقالىسىدە يۈسۈپ خوجا قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ئاق تاغلىقلاردىن 60-70 مىڭ ئادەمنىڭ قوقەنتكە كەتكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ[34].

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ مەلۇماتىدىكى 70 مىڭ ۋە مىرزا شەمسى بۇخارىنىڭ مەلۇماتىدىكى 10 مىڭدىن 12 مىڭغىچە بولغان سانىنى قوشقىنىمىزدا، بۇ چاغلاردا پەرغانە ۋادىسىدىكى قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ سانى 80 مىڭدىن ئارتۇق بولىدۇ.

1847- يىلى، يەتتە خوجا قوزغىلىڭى مانجۇر قوشۇنلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندا، قەشقەر تەۋەسىدىن يەنە 20 مىڭ ئادەم مانجۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ پەرغانىغا قاچتى[35]. كۇروپاتكىن بولسا 100 مىڭ ئادەم ھەققىدىكى ئۇچۇرنى بېرىدۇ [36]. جۇڭگو تارىخچىسى سېك مىنۇۋ 1936-يىلى يازغان ئەسىرىدە بۇ قېتىمقى ئۈرۈش مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، بىر قانچە ئون مىڭ ئادەم خوجىلار بىلەن قوقەنتكە قېچىپ كەتتى دەپ مەلۇمات بېرىدۇ [37].

بۇ قېتىمقى كۆچۈش قىش مەزگىلىگە توغرا كەلگەن بولغاچقا نۇرغۇن ئادەم پامىر -ئالاي تاغلىرىدىن ئۆتكىچە ئاچلىق، قاتتىق سوغۇق ۋە قار شىۋىرغانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، توڭلاپ ئۆلگەن. كۆچكەنلەرنىڭ ئارىسىدا قېرى-چۆرىلەر، باللارمۇ بولۇپ، ئادەملەر ئائىلە-ئائىلە بويىچە كۆچكەن. كۇروپاتكىننىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ قېتىم كۆچكەنلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت قەشقەر ۋە يېڭىھساردىن كۆچكەنلەرنىڭ سانىلا 37 مىڭ ئەتراپىدا بولغان [38]. بۇ كۆچكەنلەرنىڭ ھەممىسى ساق-سالامەت پەرغانە ۋادىسىغا يېتىپ بارالمىغان بولۇپ، ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن تېرەك داۋان ئەتراپىدىكى دەريا سۈيىنى شۇ يەردىكى قىرغىزلار ئۈچ يىلغىچە

ئېچەلمىگەن ئەھۋال كۆرۈلگەن.[39].

مۇسۇلمان تارىخچىلىرىدىن مۇھەممەد ئاتىق ئۆزىنىڭ «تارىخىي كاشغەر» ناملىق ئەسىرىدە قەشقەر ئاھالىسىدىن 100 مىڭغا يېقىن نوپۇس ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوقەنتكە كۆچتى» دەپ بايان قىلىدۇ. [40].

يەتتە خوجا قوزغىلىڭىدىن يەنە 10 يىل ئۆتۈپ، ۋەلىخان تۆرە باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ يۈز بەردى. ئۇچ ئايغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار جەريانىدا نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى شۇنىڭدەك ۋەلىخان تۆرىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارىماي، ئۇيغۇرلار چىڭ قوشۇنلىرىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ۋەلىخان تۆرە قاتارلىقلار پەرغانىغا قاچتى. 19-ئەسىردىكى رۇس تارىخچىسى ۋ. نالىۋكىننىڭ مەلۇماتىچە، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 15 مىڭ ئەتراپىدا قەشقەرلىك پەرغانە ۋادىسىغا قاچتى[41]. بۇ ھەقتە جۇڭگو تارىخچىلىرىمۇ مەلۇمات قالدۇرغان بولۇپ، لىۋ فېڭشۇ پەرغانىغا كەتكەنلەرنىڭ سانىنىڭ بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى[42]، لىۋ زىنشاۋ 15 مىڭ ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ[43].

سىڭ مىنۇۋ جۇڭگو مەنبەلىرى ئاساسىدا جاھانگىر خوجا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خوجىلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭلىرىغا قاتناشقانلارنىڭ ئادەم سانى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، جاھانگىر خوجىغا ئەگىشىپ چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قەشقەر ئەتراپىدا بولغان جەڭگە قاتناشقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ 100 مىڭ ئەتراپىدا[44]ئىكەنلىكىنى، 1857-يىلى ۋەلىخان تۆرىگە ئەگىشىپ چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلغانلارنىڭ بىر قانچە تۈمەن ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ[45]. دېمەك، چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭلەرگە قاتناشقان بۇ ئادەملەرنىڭ ھايات قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىردىن بىر ھاياتلىق يولى ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ پەرغانىغا قېچىپ پاناھلىنىش بولۇپ، قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى، ئۇلارنىڭ پەرغانىغا قېچىپ پاناھلىنىش نىسبىتىنىڭمۇ كۆپ بولۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھەر قېتىملىق قېچىپ پاناھلىنىش جەريانىدا بىر قىسىم ئۆلگىرەلىگەن كىشىلەر ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى، بالاۋاقىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە خېلى كۆپ ساندىكى ئەرلەر ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى تاشلاپ ئۆزلىرى تەنھا قېچىشقا مەجبۇر بولغان. ئائىلىسى ئۆز ۋەتىنىدە قالغان بۇ ئەرلەرنىڭ بىر قىسمى پەرغانە ۋادىسىدا خوجىلار تەشكىللىگەن قوشۇنلار تەركىبىگە قوشۇلۇپ، قايتىدىن قەشقەرگە كېلىپ، ئۆز يۇرتلىرىنى چىڭ قوشۇنلىرىدىن ئازاد قىلىش ئارقىلىق ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنى جەم بولۇش يولىنى تاللىغان ئىدى.

1877-1878-يىللىرى ئارىسىدا چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن قەشقەرىيىنى قايتا

بويسۇندۇرغاندا، قانچىلىك ئادەمنىڭ پەرغانە ۋادىسىغا كۆچكەنلىكى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن ئېنىق سانلىق مەلۇمات يوق. لېكىن، يەنىلا خېلى كۆپ ساندا ئادەملەر رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى پەرغانىغا قاچقانلىقى ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىستاندىكى رۇسىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن خاتىرىگە ئېلىنغان ئىدى[46]. پەرغانىدىكى رۇسىيە ئەمەلدارى 1877-يىلى 12 مىڭ ئەتراپىدا قەشقەرلىك ۋە تۇڭگانىنىڭ رۇسىيە تەۋەسىگە قېچىپ ئۆتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ 7 مىڭ نەپىرىنىڭ يەتتە سۇ تەرەپكە، قالغانلىرىنىڭ ئوش ئارقىلىق پەرغانە ۋىلايىتىگە كەتكەنلىكىنى قەيت قىلدۇ[47]. بىراق، بۇ ھەقتىكى سانلىق مەلۇماتلارمۇ ھەر خىل بولۇپ، ئابلەت كامالوفنىڭ رۇسىيە مەنبەلىرى ئاساسىدا تەكشۈرۈشچە، ياقۇپ بەگنىڭ ئوغلى بەكقۇل بەگ بىر قىسىم ئۆز قوشۇنلىرى ھەم ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى باشلاپ، 1877-يىلى، 15-دېكابىر كۈنى چېگرىدىن ئۆتۈپ، ئوشقا يېتىپ كەلگەن ھەمدە ئارقىدىن، يەنى 16-17-دېكابىر كۈنلىرى زور ساندىكى قەشقەرلىك مۇساپىرلار چېگرىدىن ئۆتكەن بولۇپ، 23-دېكابىر كۈنىدىكى رۇسىيە تەرەپنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئوشقا 4641 نەپەر قەشقەرلىك كۆچمەن ( بۇلارنىڭ 3573 نەپىرى ئەر، 968 نەپىرى ئايال) ئورۇنلاشقان[48]. رۇسىيە ئارخىپىدىكى ئۈچۈرلارغا قارىغاندا، چېگرىدىن كوللېكتىپ ھالدا ئۆتۈپ قېچىش ئىزچىل داۋاملاشقان بولۇپ، 1877-يىلى، 14-دېكابىردىن 29-دېكابىرغىچە بولغان 15 كۈن جەريانىدا 5675 ئادەم ( 4413 ئەر، 1262 ئايال) كۆچۈپ كەلگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە 500 ئادەم قاراسۇ ئارقىلىق ئەنجانغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. دېمەك، ئەنە شۇ 15 كۈنى ئىچىدىلا 6000 ئەتراپىدا ئادەم ئوش ۋە ئەنجان تەۋەسىگە قېچىپ كەلگەن. رۇسىيە ئارخىپ ئۈچۈرلىرىغا كۆرە قوقەنت خانلىقى مەۋجۇت بولغان ۋاقىتتىلا ئوش شەھىرى ئاھالىسىنىڭ 3 تىن 1 قىسمىنى قەشقەرلىك ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغان بولۇپ، 1877-يىلى، ئوش تەۋەسىگە كىرگەن 1459 قەشقەرلىكنىڭ 959 نەپىرى ئوش شەھىرىگە قېپ قالغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە 909 نەپىرىنىڭ ئوشتا ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشقان[49]. قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلارنىڭ بىر قىسمى پەرغانە ۋادىسىدىكى ھەر قايسى جايلارغا تارقىلىپ كەتكەن. ئەلۋەتتە، قەشقەرىيەدىن قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلارنىڭ تەركىبى ھەر خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەرلىكلەر، يەنى ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇلاردىن قالسا، تۇڭگانلارمۇ بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە قوقەنتلىكلەر ۋە ئەنجانلىقلارمۇ بار ئىدى. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار پەقەت رۇسىيە تەرەپنىڭ 15 كۈن ئىچىدىكى كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ سانى ھەققىدىكى مەلۇمات بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن كەلگەنلەر شۇنىڭدەك باشقا

جايلاردىن ئۆتكەنلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. چىڭ قوشۇنلىرى قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چىقىرىپ، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى ۋە ئائىلە ئەزالىرى پەرغانىدا تۇرىۋاتقانلارنى دەرھال چېگرىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇغان. بۇ بۇيرۇق بويىچىمۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پەرغانىغا كەتكەنلىكىدە شەك يوق.

چىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى ئەھۋالىنى قەيت قىلغان بولسىمۇ، بىراق، قانچىلىك ئادەمنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرمىغان. ئەمما 1877-يىلى، 17-دەكابىر كۈنى قەشقەر چىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، زو زوڭتاڭ بېيجىڭدا چىڭ ئىمپېراتورغا قەشقەردىكى ئۇرۇش ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ قەشقەر شەھىرى ئاھالىسى ئىچىدە خېلى كۆپچىلىكنىڭ رۇسىيە تەۋەسىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان[50].

چىڭ سۇلالىسى رەسمىي ھۆججىتى بولغان «چىڭ شىلۇ» دا بولسا، بەي ياڭخۇ قاتارلىقلارغا ئەگىشىپ قاچقان توپىلاڭچىلارنىڭ 5 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكىگە ئائىت ئۇچۇرمۇ مەۋجۇت. بۇ پەقەت تۇڭگانلارنىلا كۆرسىتەمدۇ ۋە ياكى باشقا بارلىق قاچاقلارنىڭ ھەممىسنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟ داۋاملىق ئىنقلاش كېرەك، ئەمما، بۇ سان رۇسىيە رەسمىي ئۇچۇرلىرىغا بىراز يېقىنلىشىدۇ.

مەلۇمكى، چار رۇسىيە 1876-يىلى، قوقەنت خانلىقىنى ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىپ، پۈتۈن پەرغانە ۋادىسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چېگرىسى بىۋاستە قەشقەرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چىڭ ئىمپېرىيىسى بىلەن بىۋاستە چېگرىلاندى. رۇسىيە قوقەنت خانلىقى تېررىتورىيىسى بولغان پەرغانە ۋادىسىنى، تۈركىستان گېنېرال-گۇبېرناتورلۇقىنىڭ پەرغانە ئوبلاستى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، 1881-يىلى، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئەنجان، نامەنگان، قوقەنت، چۇست، ئىسفارىن، مەرغىلان ۋە ئوشتىن ئىبارەت يەتتە ناھىيە تەسىس قىلغان ئىدى. نوپۇسى 564970 ئادەم دەپ بېكىتىلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئوش ناھىيىسىنىڭ نوپۇسى 59760 ئادەم بولۇپ، ئوش شەھىرىنىڭ نوپۇسى 3950 ئادەم ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئوش پەرغانىدىكى 6 شەھەر ئىچىدە نوپۇسى ئەڭ ئاز شەھەر ھېسابلىناتتى. بىرىنچى ئورۇننى مەرغىلان ئىگىلىگەن بولۇپ، 44480 ئادەم ياشىغان. بىراق، 1910-يىلىغا كەلگەندە چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى پەرغانە ئوبلاستىنىڭ نوپۇسىنى 2مىليون 34مىڭ 62 ئادەم دەپ ھېسابلىغان. پەرغانىدىكى بەش ناھىيىنىڭ نوپۇس تەركىبى مۇنداق بولغان:

نامەنگان ناھىيىسىدە 467423
ئەندىجان ناھىيىسىدە 461240

قوقەنت ناھىيىسىدە 453555
سكوبېلېۋسكىي ناھىيىسىدە 453462
ئوش ناھىيىسىدە 193.382[51]

بىراق، 1910-يىلىدىكى بۇ ئىستاتىستىكىدا ئوش شەھرىنىڭ 44204 كىشىلىك نوپۇس تەركىبىدە قەشقەرلىكلەرنىڭ سانى ئاز بولۇپ، 500 نەپەر قەشقەرلىك بارلىقى كۆرسىتىلگەن. ئەمما نوپۇسى ئەڭ كۆپى سارتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى 38646 نەپەر دەپ كۆرسىتىلگەن[52]. ئەلۋەتتە، بۇ سانغا ئوش شەھرى ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ ئاھالىسى كىرمىگەن بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئوش شەھرىدە بىر قانچە ئۇنلىغان مەھەللىلەر بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاشلاق-گۇزەر، تۈرت كوچا، ئەندىجان كوچا، شامال كوچا، قوش تاش، داۋان، شاھىدان تۆپە، شەيخلەر، گۇزەر، جىدەلىك، ئىمام-ئاتا، ئارچا-مازار، ساراي كوچا ۋە رابات كوچا قاتارلىقلار مەشھۇر ئىدى. بۇ مەھەللىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ نامىلىرى قەشقەرىيە تەۋەسىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ مەھەللىلەرنىڭ بىر قىسمى قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىققانلار تەرىپىدىن پەيدا قىلىنىپ، شۇلار تەرىپىدىن قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئەگەر رۇسىيە دائىرىلىرى 1877-يىلىنىڭ ئالدىدىلا ئوش ئاھالىسىنىڭ 3تىن 1 قىسمىنىڭ قەشقەرلىكلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى مەلۇم قىلغىنىنى نەزەرگە ئالساق ئەگەر، 1881-يىلى، ئوش ناھىيىسىنىڭ ئاھالىسى 59760 ئادەم بولسا، ئۇنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى 20 مىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ. دېمەك، بۇ ساننىڭ تەخمىنەن 20 مىڭى ئۇيغۇرلار بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1877-يىلى قېچىپ كېلىپ ئوشقا يەرلەشكەنلەرنى قوشقاندا ئوش تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى تەبىئىي. ئەگەر ئوش شەھرىنىڭ نوپۇسى 1881-يىلى 3950 ئادەم بولغان بولسا، بۇنىڭ ئۈچتىن بىرىنى قەشقەرلىكلەر ئىگىلىگەن بولسا، بۇ چاغدا قەشقەرلىكلەرنىڭ سانى تەخمىنەن بىر يېرىم مىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1877-يىلى، 950 نەپەر قەشقەرلىك ئوش شەھرىگە ئورۇنلاشتى دېسەك بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ بولۇشى ھەتتا ئوش شەھرىنىڭ نوپۇسىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىشىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. بىراق، ئوش شەھرىنىڭ نوپۇسى 1910-يىلغا كەلگەندە تەخمىنەن 11 ھەسسە ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما، قەشقەرلىكلەر ئاران 500 نەپەر بولغان. ئۇ چاغدا ئەسلىدىكى قەشقەرلىكلەر نەگە كەتتى؟ ئەمما سارتلار يەنى ئۆزبېكلەر ناھايىتى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن بولۇپ، كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوش شەھرىدىكى ئاساسلىق ئاھالە بولغان قەشقەرلىكلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆزىنى

سارت دەپ تىزىمغا ئالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، يەرلىك خەلق ۋە چار رۇسىيە هۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە «قەشقەرلىك» پەقەت قەشقەردىن كۆچۈپ كەلگەن مۇساپىر كۆچمەن ئاھالىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، كۆچمەنلەر بۇ جايىنىڭ يەرلىك خەلقى ھېسابلانمايتتى ھەمدە مۇھاجىرلىق خاراكتېرىغا ئىگە ئىدى. ئەنە شۇنداق تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 1877- يىلى كەلگەن ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن كېلىپ ماكانلىشىپ بولغان قەشقەرلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنى سارت دەپ ئاتاپ تىزىمغا ئالدۇرغان. بۇ ۋاقىتتا شەھەر ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلار، يەنى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەر قىرغىزلار ۋە رۇسلار تەرىپىدىن بىردەك ھالدا سارت دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلارنى ئايرىم ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك دەپ ئايرىش تېخى بېكىتىلمىگەن ئىدى.

رۇس پۇقرالىرى ۋە رۇسىيە هۆكۈمەت ئورگانلىرى ھەم دائىرىلىرى شەھەر ۋە يېزا ئاھالىلىرىنى تىزىمغا ئالغاندا ئۆرپ-ئادەت، تىلى ۋە كىيىم-كېچەك، مەدەنىيەت ھەمدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھايات شەكلى ئوخشاش بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەرنى پەرقلەندۈرۈشى قىيىن بولۇپ، نوپۇس تىزىملىغاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاشلا سارت دەپ تىزىمغا ئېلىشى تەبىئىي ئىدى.

بۇرۇندىنلا پەرغانە ۋادىسىغا كېلىپ يەرلىشىپ، يەرلىك ئاھالىلار بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ بولغان قەشقەرىيىلىكلەر ئەنە شۇ ئورتاق سارت ئاتالغۇسى بىلەن بىر گەۋدە ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

بىز بۇ يەردە تېمىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن «سارت» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتنولوگىيىسى مەسىلىسى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزمەيمىز، ئەمما ئۇنىڭ 18-19-ئەسىرلەردە ھەتتا 20-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك خەلقلەر ئۆزبېكلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنا چارۋىچى خەلقلەر قىرغىزلار ۋە قازاقلار تەرىپىدىن «سارت» دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن شۇنىڭدەك تاكى 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ مىللىي سىياستى يولغا قويۇلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا رۇسلار ۋە چار رۇسىيە هۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئولتۇراق ھاياتتىكى ئاھالىسىنى «سارتلار» دەپ ئاتىغان ھەتتا بۇرۇنقى رۇس سەيياھلىرى قەشقەرىيىدىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ ئوخشاشلا «سارت» دەپ ئاتىغان بولسا، غەربلىكلەر ئۇلارنى «تۈرك» دەپ ئاتىغان ئىدى [53]. 19-ئەسىردىكى رۇسلارنىڭ نەزەرىدە قەشقەرىيە ۋە پەرغانىنىڭ بىر-بىرىگە ئىنتايىن يېقىن بولغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەمدە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولغان شەھەر ۋە دېھقان ئاھالىسى بىلەن پەرغانىنىڭ دېھقان ۋە شەھەر ئاھالىلىرى ئوخشاشلا «سارت» دەپ پەرقلەندۈرۈلمىگەن ئىدى.

رۇسـلار، قەشـقەر ئۇيغـۇرلىرىنى پەرغـانە ۋادىسـىدىكى «سـارتلار» دىـن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈنلا ئۇلارنى «قەشقەر سارتلىرى» دەپ ئاتىغان. رۇس ئالىمى ل. ن. سوبولېۋنىڭ قارىشىچە سارتلار ئالاھىدە باشقا قەبىلە ئەمەس، شەھەرلەردە ياشايدىغان ۋە سـودىگەرچىلىك بىـلەن شـۇغۇللىنىدىغان مەيلى ئۆزبېـك، مەيلى تاجىكلارنىـڭ ھەممىسى پەرقلەندۈرۈلمەسـتىن سـارت دەپ ئاتالغـان[54]. 20-ئەسـىرنىڭ بېشـىدا ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسـىيادىكى جەدىـدچىلىك ھەرىكىتىنىـڭ باشـلامچىلىرىدىن بىـرى، قـازاق تۈركشۇناسـى سـىرالى لاپىـن «ئـۆزبېكلەردىن پەرقلىـق بولغـان سـارت دەپ ئاتىلىدىغان ئۆزگىچە بىر خەلق يوق، شۇنىڭدەك يەنە ئۆزبېك تىلىدىن باشـقا بولغـان ئايرىم سارت تىلى دەيدىغان تىلمـۇ مەۋجـۇت ئەمەس» دەيـدۇ. ئۇنىـڭ قارىشـىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سارتلار دەپ ئۆزبېكلەر، يەنى ئولتۇراق ھاياتتىكى تۈركىي تىللىـق ئاھالىلاردۇر[55].

لېكىن، 1897-يىلى چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانـدا، تۈركىستان ئۆلكىسىدىكى ئاھالىلارنىڭ تەركىبى ئايرىپ چىقىلىپ، سارتلار ئـۆزبېكلەر، قارا قالپاقلار، قىرغىزلار، قەشقەرلىكلەر ۋە قىپچاقلاردىن ئـايرىۋېتىلگەن. شـۇ ۋاقىتتىكـى سانلىق مەلۇمـات بـويىچە، پۈتـۈن رۇسـىيە ئىمپېرىيىسـىنىڭ تۈركىسـتان ئۆلكىسـىدە 968655 نەپەر سارت، 726534 نەپەر ئۆزبېك، 34908 نەپەر قەشقەرلىك ۋە باشـقا خەلقلەر بولغان. بۇ ۋاقىتتـا سـارتلار ئـۆزبېكلەر ۋە قەشـقەرلىكلەردىن ئـايرىم بولـۇپ چىققان[56]. رۇسىيە ئالىملىرى چار رۇسىيىنىڭ بۇ قېتىمقى نوپـۇس تەكشۈرۈشـى ئېنىـق ئەمەس ۋە كۆپلىگەن خاتالىقلارغا يول قويۇلغان ھەمدە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ بېكىـتكەن. 1897-يىلـى نوپـۇس تەكشـۈرۈش بـويىچە ئۇيغۇرلارنىـڭ، يەنـى قەشقەرلىكلەرنىڭ سانى رەسمىي تۆردە تۇنجى قېتىم چار رۇسىيە ھۆكـۈمىتى تەرىپىـدىن تىزىمغا ئېلىنغان بولۇپ، ئەسـلىدە ئۇيغۇرلارنىـڭ سـانى ئەڭ كـۆپ بولغـان پەرغـانە ئوبلاستىدىكى ئۇيغۇرلار، يەنى قەشقەرلىكلەرنىڭ سانى سەمەرقەند ئوبلاسـتىدىكىدىن ئـاز بولـۇپ چىققـان. ئىستاتىسـتىكا بـويىچە، پەرغـانە ئوبلاسـتىدا 14915 نەپەر قەشـــقەرلىك، ســـەمەرقەند ئوبلاســـتىدا 19993 نەپەر قەشـــقەرلىك بـــارلىقى كۆرسىتىلگەن[57].

بۇ يەردە بىر سوئال تۇغۇلىدۇ، نېمە ئۈچۈن چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشىدە يەرلىك خەلقلەرنى ئايرىغاندا سارت دېـگەن ئـايرىم توپلۇقنى بېكىتىپ، نوپۇس جەدۋىلـىگە كىرگـۈزدى؟ ئەگەردە ئەنە شـۇنداق ئايرىمـا ئالدىن بېكىتىلىپ بېرىلمىگەن بولسا، ئاھالىلارنىڭ تەركىبى مۇنداق ئايرىلمىغان بولار ئىدى. بۇ بەلكى تىل شۇۋە ئالاھىـدىلىكى ۋە رايـونلىرى بـويىچە بېكىـتىلگەن بولۇشـى

مۇمكىن. نەتىجىدە، تۈركىستاننىڭ نۇرغۇن ئولتۇراق ھاياتتىكى شەھەر ئاھالىلىرى، يەنى قەبىلە ـ ئۇرۇغ چۈشەنچىلىرىدىن خالىي ئاھالىلار ئۆزلىرىنى چار رۇسىيىنىڭ نوپۇس تىزىملىكىدىكى «سارت» دېگەن كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزگەن، قەبىلە ـ ئۇرۇغ چۈشەنچىلىرى تېخى مەۋجۇت بولغان بىر قىسىم ئاھالىلار ئۆزلىرىنى ئۆزبېكلەر دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. ھەتتا سارت كاتېگورىيىسىگە شەھەرلەردە ۋە يېزىلاردا ياشايدىغان زور ساندىكى ئەسلى قەشقەرىيەدىن كېلىپ ماكانلىشىپ ئاللىقاچان يەرلىكلىشىپ كەتكەن قەشقەرلىك ـ ئۇيغۇرلارمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇشى ئېھتىماللىقا يېقىن. چۈنكى، چوقان ۋەلىخانوفنىڭ مەلۇماتىدىكى ئەشۇ پەرغانە ۋادىسىدىكى 50 مىڭ ئائىلە قەشقەرلىكنىڭ ئارىلىقتا 40 يىل ئۆتمەي تۇرۇپلا بىراقلا غايىپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار كۆپىيىشىنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە ئازلاپ پەرغانە ۋادىسىدا قانداقسىگە 14 مىڭ بولۇپ قالدى؟ ئېنىقكى ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى شۇ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئۆزلىرىنى قەشقەرلىك دەپ ئاتاشتىن ۋاز كېچىپ، سارت دەپ ئاتاپ تىزىمغا ئالدۇرغان. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ تىزىمغا ئالدۇرۇشى ئانچە رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس بولۇپ، بىرىنچىدىن ئۆزبېك ئاتالغۇسى بىۋاستە شەيبانىخان دەۋرى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆچمەنلىك ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قەبىلىنىڭ نامى بولغاچقا بۇنىڭ قەشقەرىيە ئاھالىلىرى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ئىككىنچىدىن قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن بىر قانچە ئەۋلاد ئۇيغۇرلار ئۈچۈن سارت ئاتالغۇسى يېڭى ئاتالغۇ ئەمەس، چۈنكى، ئۇلار قوشنا قىرغىزلار تەرىپىدىن ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق ئاتىلىدىغانلىقىنى ئۇزۇندىن بۇيان بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە پەرغانە ۋادىسى چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسى تەركىبىگە كىرگەندىن كېيىن پەرغانىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ باشقا قېرىنداش شەھەر ۋە ئولتۇراق ھاياتتىكى قېرىنداشلىرى، يەنى «ئەنجانلىقلار» بىلەن ئوخشاش ھالدا «سارت» دەپ ئاتىلىشىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىكلەشكەن مەزكۇر قەشقەرىيە مۇھاجىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاللىقاچان تىل جەھەتتىن يەرلىك ئەنجانلىقلار ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ بولغان بولۇپ، زاتەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تىل ۋە باشقا ئورتاقلىقلارمۇ كۆپ ئىدى. بۇ بىر قاتار ئەھۋاللارغا قارىتا قەشقەرىيە كۆچمەنلىرى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە سارت دەپ ئاتىدى خالاس. رۇسىيە ئىستاتىېستىكىسىدا كۆرستىلىشىچە، بۇ ۋاقىتتا پەرغانە ئوبلاستىدىكى سارتلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى 788989 بولۇپ، پۈتۈن تۈركىستاندىكى سارتلارنىڭ 80% دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان. پەرغانە ئوبلاستىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ سانى 153780 نەپەر بولغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،

پەرغانە ۋادىسىدىكى سارتلارنىڭ مۇنداق كۆپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي ئامىل قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىقىپ ئاللىقاچان يەرلىكلىشىپ بولغان ئاھالىلارنىڭ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى سارت دەپ نوپۇسقا ئالدۇرۇشىدۇر. ئەمدى، نوپۇس ئىستاتىپستىكىسىدىكى «قەشقەرلىكلەر» مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇلار بەلكى قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىقىپ يەرلىكلىشىش تارىخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، بولۇپمۇ 1878-يىلىدىن كېيىن كۆچۈپ چىققان ۋە 1890-يىللاردا قەشقەرىيەدىن پەرغانە ۋادىرىلىرىغا ئىشلەشكە، سودىگەرچىلىككە چىقىپ يېڭىدىن يەرلىكلىشىپ قالغان ئاھالىلار بولۇپ، ئۇلار ئۆز تىل شۇئۇرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ھەمدە ۋەتىنى بىلەن بولغان بىۋاستە باغلىنىشلىرىنى تېخى ئۈنتۈپ قالمىغان ئىدى. بۇ ئاھالىلار ئۆزلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن «قەشقەرلىك» دېگەن كاتېگورىيىدە تىزىمغا ئالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

بەلكى، 1910-يىلى، چار رۇسىيە تۈركىستان ئۆلكە ھۆكۈمىتىنىڭ تىزىمىدىن ئورۇن ئالغان ئوش شەھىرىدىكى 500 نەپەر قەشقەرلىكمۇ پەقەت يېڭىدىن قەشقەر تەۋەسىدىن كېلىپ يەرلەشكەن ھەم رۇسىيە پۇقرالىقىنى قوبۇل قىلغانلار بولۇپ، ئۇلار تىل ئالاھىدىلىكى ۋە بەزى تەرەپلەردىن يەرلىكلەشكەن ئۆز قېرىنداشلىرىدىن پەرقلىق ھالەتنى ساقلاپ قالغان بولۇشى ئېھتىماللىقا يېقىن.

مەلۇمكى، چوقان ۋەلىخانوف 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىلا پەرغانە ۋادىسىدا قەشقەرىيەدىن چىققان 50 مىڭ ئائىلە قەشقەرلىك مۇھاجىر نوپۇس ياشايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇ، 50 مىڭ ئائىلە قەشقەرلىكنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەندىجان ئەتراپىدىكى يېزىلار، شەھرىخان ۋە قاراسۇ قاتارلىق جايلاردا ياشىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يەرلىكلەر تەرىپىدىن «تاغلىقلار» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ [58]. چوقان ۋەلىخانوف يەنە شەھرىخان بىلەن قاراسۇ ئارىسىدىكى جايلارغا 9 مىڭ دولانلىقنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ، يەنە تاشكەنتنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا يېڭى شەھەر مەھەللىسى نامىدا بىر مەھەللە بارلىقى، بۇ يەردە قەشقەر مۇھاجىرلىرى ياشايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.[59].

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ خاتىرىسىدە ۋەلىخان تۆرىنىڭ 1857-يىلى، ئاقسۇدىكى چىك قوشۇنلىرىغا قارشى ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن ئادەملىرىدىن توختى مانجۇ ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قانچە مىڭ دولانلىقنى باشلاپ، قوقەنتكە كۆچۈرۈپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلغان. بەلكى، ئۇ ئېيتقان 9 مىڭ دولانلىق ئەشۇ قېتىملىق كۆچۈشتە كەلگەنلەر بولۇشى مۇمكىن. دولانلىقلار، ئاساسلىقى قەشقەرنىڭ مارالبېشى، مەكىت، ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىلىرى تەۋەسىگە تارقالغان بولۇپ، ئۇلار تىل

شۇنى جەھەتلەردىن باشقا رايونلىرىدىكى ئاھالىلەردىن ئازراق پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا زور ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كىيىم - كېچەك، ئاياغ، ئادەت، مۇزىكا ۋە باشقا تەرەپلىرىدە يەنىلا ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئوخشاشلا بىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ گەۋدىسىدىن ئايرىم بولغىدەك زور پەرقلەرگە ئىگە ئەمەس ئىدى. دولانلىقلار گۇرۇپپىسى 1897- يىلىدىكى چار رۇسىيىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈشىدە ئايرىم گۇرۇپپا سۈپىتىدە كۆرسىتىلمىگەنلىكىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ياكى قەشقەرلىك ۋە ياكى سارت ياكى ئۆزبېك كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار تىل جەھەتتە باشقا ئاھالىلەردىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ئۇلار باشقا ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش ئالاقىچان، ئۆزگىرىشچان ۋە ئاجىزلىشىپ بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوخشاشلا سارتلار تەركىبىگە كىرىپ كەتكەنلىكىدە شەك يوق.

چوقان ۋەلىخانوفنىڭ بايانىدا «شەھرىخان ئاھالىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قەشقەرلىكلەر» دەپ ئەسكەرتىدۇ.[60] باشقا ماتېرىياللاردا يەنە 1840- يىللاردا شارىخان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك قەشقەرلىكلەر ئىكەنلىكى، پەقەت بىر جايدىلا 20 مىڭ ئۆيلۈك قەشقەرلىك ياشايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن [61].

ئۆزبېك ئالىمى، ئاكادېمىك ھەيدەربەك بابابېكوۋنىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىچە، يەنە شۇ دەۋرنىڭ ئۆلىمالىرىدىن بىرى موللا مۇسۇلمان 1868- يىلى، ئەنديجان ئەتراپىدا 70 مىڭغا يېقىن قەشقەرلىك ياشىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان [62].

## (2) سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى 19- ئەسىردىكى پەرغانە ۋادىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋاللىرى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھەر خىل مەنبەلەر بويىچە تۈرلۈك سانلىق مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بولۇپمۇ، بۇ خىل تەتقىقاتلار 20- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ تىلى، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋە مىللەتشۇناسلىق مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئەۋجى ئالغان ۋاقىتلاردا كۆپرەك مەيدانغا چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە 20- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، بولۇپمۇ 1960- 1970- يىللىرىدىكى سوۋېت- جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ رەقىبلىك يىللىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىدىن

چىقىش قىلىپ، ئۇيغۇر تارىخى، تىلى ـ ئەدەبىياتى، ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنى كۆچەيتىشكە ئومۇمىي جۇڭگو تەتقىقاتىنىڭ ۋە تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ مۇھىم قىسمى سۈپىتىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلاردا كۆپلىگەن نەتىجىلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ـ دىئالېكتلىرى تەتقىقاتىغمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭغا باغلىق ھالدا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەمدە ئېتنىك تەرەققىيات تارىخىي جەريانى مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققىتىدىن ئورۇن ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە پەرغانە ۋادىسىدىكى مۇھىم ئېتنىك ۋە ئىجتىمائىي تەركىب بولغانلىقى، بىراق ئۇلارنىڭ قەدەممۇ ـ قەدەم ئۆزبېكلىشىپ كەتكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئالىملارنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى نوپۇسى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۈچۈن چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ۋە كېيىنكى ھۆكۈمەت مەنبەلىرى ھەم ئەينى ۋاقىتتىكى رۇس ئالىملىرىنىڭ ئەمگەكلىرىمۇ ئاساس بولدى.

س. س. گۇبايېۋا چوقان ۋەلىخانوفنىڭ مەلۇماتلىرى ئاساسىدا 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەرغانە ۋادىسىدا 300 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ [63].

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئالىمى، ئاكادېمىك غوجاخمەت سادۋاقاسوف، پەرغانە ۋادىسىدا چوقان ۋەلىخانوف قەيت قىلغان 9 مىڭ نوپۇس دولانلىقلارنى قوشۇپ، 324 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىغان دېگەن پىكرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ [64].

ئى.ۋ. زاخورووۋانىڭ قارىشىچە، 1860 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قوقەنت خانلىقى تەۋەسىدە 200 ـ 250 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىدى [65].

قازاق ئالىمى، ئاكادېمىك ئابدۇۋالى قايداروف بولسا، 1860 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىياغا قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىققانلار 250 مىڭ ئىدى [66] دەپ يازىدۇ.

بۇلاردىن باشقا يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن، ئۇيغۇر تارىخچىسى گېگېل ئىسخاكوۋ، رۇس ئالىمى ئا.م. رېشېتوۋ ۋە ئا. ن. سىدلوۋسكايا 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىياغا قەشقەرىيەدىن 85 مىڭدىن 160 مىڭغىچە ئادەم كۆچۈپ چىققان دەپ قارايدۇ [67]. بىراق، يەنە بىر سوۋېت ئالىمى گ. ب. نىكولسكايا بولسا، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەن قەشقەرلىكلەر 85 مىڭدىن 165 مىڭغىچە دەپ كۆرسىتىدۇ [68].

سابىق رۇس ۋە سوۋېت ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، 18-19-ئەسىرلەردىكى قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈش ھەرىكەتلىرىدە ئۇلار پەقەتلا پەرغانە ۋادىسىغىلا تارقالغان بولماستىن بەلكى، داۋاملىق تۈردە كۆچۈپ، تاشكەنت، كانىبادام، خوجەنت، سەمەرقەنت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى، بۇخارا، قاراتېگىن، ھەتتا ئەڭ يىراقتىكى خورەزىم ۋە شەرقىي بۇخارا قاتارلىق جايلارغىچە تارقالغان [69]. 1897-يىلىدىكى رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈشىدە سەمەرقەند ئوبلاستىدىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ نوپۇسىنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكىدىن كۆپ كۆرستىلىشى، گەرچە ئەمەلىي سانغا ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا پەرغانە ۋادىسىدىن ئۆتۈپ، سەمەرقەند ۋە باشقا جايلارغىمۇ كۆپ تارقالغانلىقىنى كۆرستىدىغان پاكىتلارنىڭ بىرىدۇر.

19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا پەرغانە ۋادىسىدىكى قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ رايوننىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا بەلگىلىك رول ئوينىغانلىقى مەلۇم. بۇ كۆچمەن ئاھالىلار قەشقەرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەشقەرىيىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بەزى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان رايونلارغا ئېلىپ بارغان ھەتتا ئۇلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى پەرغانىلىقلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. قەشقەرىيىلىكلەر ئارىسىدا قوقەنت خانلىقىدا يۇقىرى مەرتىۋە بىلەن خىزمەت قىلغان مەمۇرىي ۋە ھەربىي شەخسلەرمۇ بولغان. قوقان خانى ئومەرخاننىڭ ئەڭ يېقىنلىرىدىن بىرى قەشقەرىيە مۇھاجىرلىرىدىن يۇسۇپ تاغلىق، يەنى يۇسۇپ مىڭ باشى كاشغارى ئىدى. يۇسۇپ تاغلىقنىڭ قىزىغا كېيىن قوقان خانى مەدەلىخان ئۆيلەنگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە مەدەلىخاندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن خۇدايارخاننىڭ ئاياللىرىدىن بىرى قەشقەرلىك ئىدى. خۇدايارخان دەۋرىدە قوقان ئوردىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ھەربىي خادىملارمۇ كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ تەسىرى كۈچلۈكلەردىن بىرى يۈنۈس تاغلىق دېگەن كىشى ئىدى. خۇدايارخاننىڭ ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئارىسىدا يەنە ئەيسا ئەۋلىيا ئىسىملىك كىشى بار ئىدى.

رۇسىيە ئالىمى سىرگېي ئاباشىننىڭ ھېساباتىچە، پەرغانە ۋادىسىنىڭ ئاھالىسى 1870-يىللاردا كۆپ بولغاندا بىر مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، 1897-يىلىغا كەلگەندە، پەرغانە ئوبلاستىدا بىر يېرىم مىليون ئاھالە ياشىغان. ئەگەردە قەشقەرىيىدىن كۆچۈپ چىققان مۇھاجىرلار سانى ھەققىدىكى ئەڭ ئاز بولغان 85 مىڭ دېگەن مەلۇماتنى ھېسابلىغاندىمۇ، 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا قەشقەرلىكلەر پۈتۈن پەرغانىنىڭ

ئولتۇراق ھاياتتىكى ئاھالىسىنىڭ 11-14% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەردە 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 300 مىڭ ئۇيغۇر بار ئىدى دېگەن مەلۇمات بويىچە ھېسابلىغاندا، 19- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدا قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى زور بولۇپ، پۈتۈن پەرغانە ئاھالىسىنىڭ 40%-50% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەردە پەرغانە ئاھالىسى رۇسلارنىڭ پەرغانىنى بېسىۋالغان پەيتلىرىدە 700-800 مىڭ ئەتراپىدا دەپ قارالسا، قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى چىقىدۇ.

بىراق، قەشقەرىيىلىك مۇھاجىرلار 18-ئەسىردىن 19-ئەسىرغىچە بولغان بىر ئەسىر جەريانىدا ئىلگىرى كەلگەنلىرى ئۆزلۈكسىز تۈردە يەرلىك ئاھالىلار بىلەن ئارىلىشىپ سىڭىشىپ كېتىش ھەمدە ئۆزلىرىنى قەشقەرلىك دېمەيدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەن بولۇپ، پەقەت 19-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىن باشلاپ كۆچۈپ چىققان ئاھالىلارلا ئۆز كىملىكىنى ساقلىغان. بەلكى چوقان ۋەلىخانوف ئېيتقان 50 مىڭ ئائىلە قەشقەرلىك ئەنە شۇ 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ كۆچكەنلەر بولسا كېرەك.

ئەمما، پەرغانە ۋادىسى ۋە باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن قەشقەرىيىلىكلەر پەرغانە ۋادىسى ۋە باشقا رايونلارغا كەڭ تارقىلىپ كەتكەن بولغاچقا ئۇلار بىر رايوندا مۇتلەق نوپۇس ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان. ئۇلار بەرىبىر مۇھاجىر تەرىقىسىدە كۆرۈلگەن. بۇنداق بىر ياكى بىر قانچە رايوندا توپلىشىپ ئولتۇرۇپ، شۇ رايوننىڭ نوپۇسىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمىگەنلىكى، يەنى تارقاقلىشىپ كېتىشى بەرىبىر ئۇلارنىڭ قەدەم-قەدەم يەرلىك، ئۆزلىرى بىلەن تىلى، ئۆرپ -ئادەتلىرى ئاساسەن بىر خىل بولغان شەھەر ۋە يېزا ئاھالىلىرى بولغان-ئۆزبېكلەرگە سىڭىپ كېتىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. مەسىلەن، رۇسىيە تۈركىستان گۇبېرناتورلۇقىنىڭ پەرغانە ئوبلاستى مەرغىلان ناھىيىسىنىڭ 1890-يىلى، تۈزگەن ئېتنوگرافىيىلىك تەركىبىگە ئائىت مەنبەدە قەشقەرلىكلەرنىڭ پۈتۈن مەرغىلاندىكى 251 قىشلاقنىڭ 111 غا تارقىلىپ كەتكەنلىكى كۆرسىتىلگەن[70].

لېكىن، چار رۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئېلان قىلغان نوپۇس مەلۇماتلىرىدا قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ سانى بىراقلا ئازلاپ كەتكەن بولۇپ، چار رۇسىيە ھۆججەتلىرىدە تۈركىستان ئۆلكىسىدە 1904-يىلى، 47388، 1906-يىلى، 50238، 1917-يىلى، پۈتۈن تۈركىستاندا 39528 نەپەر قەشقەرلىك بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن. چار رۇسىيىنىڭ تۈركىستان ئۆلكىسى ئەلۋەتتە، بۇ دەۋردە قەشقەرلىك بىلەن تارانچىنى ئايرىم خەلق تەرىقىسىدە كۆرگەن بولۇپ، چار رۇسىيە دائىرىلىرى 1917-يىلى يەتتەسۇدىكى تارانچىلارنىڭ سانىنى 60988 ئادەم دەپ ئېلان قىلغان. بۇ ئىككى

نوپۇسنى قوشقاندا، 1917-يىلى چار رۇسىيە تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 100516 ئادەم بولۇپ چىققدۇ.

بىراق، بۇ سانلىق مەلۇماتلار پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 20-ئەسىرنىڭ بېشى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر قەدەم كۆپىيىشى كېلىپ چىققان ئىدى. مەسىلەن، رۇسىيە ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشچە، 1911-1913-يىللىرى ئارىسىدا ھەر يىلى 20 مىڭدىن 25 مىڭغىچە بولغان قەشقەرلىك پەرغانە ۋادىسىغا پەسىللىك ئىشلەشكە كەلدى. پەقەت 1914-يىلى، بىر يىلدىلا 40 مىڭ ئادەم ئىشلەمچىلىككە كەلگەن. ئەمەلىيەتتە قەشقەرلىكلەرنىڭ رۇسىيە تەۋەسىگە بېرىش، بەلكى تۇغقان يوقلاش، ئىشلەش، تىجارەت ۋە باشقا خىلدىكى سەپەرلىرى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا باشلانغان بولۇپ، 1896-يىلىلا رۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى 68 مىڭ 760 ئادەمنىڭ رۇسىيىگە بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەرگەن [71]. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا يەنە قانچىلىك ئادەمنىڭ رەسمىيىتى بېجىرىلگەنلىكى ھەققىدە قولىمىزدا ماتېرىيال يوق. بىراق، ئۇيغۇر مەنبەلىرىدە ئېيتىلىشىچە، يەنە نۇرغۇن ئادەمنىڭ بەلكى ھېچقانداق رەسمىيەتسىز ھالدا چېگرىدىن ئۆتۈپ، رۇسىيە تەۋەسىگە كىرىپ تىرىكچىلىك قىلغان. بەلكى رەسمىيەت بېجىرىش ئىشلىرى ۋە چېگرىلارنى قاتتىق كونترول قىلىش 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا كۈچەيتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

1911-يىلدىن 1914-يىلغىچە بولغان تۆت يىل جەريانىغا ئائىت مەلۇم سانلىق مەلۇماتنى ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن 110 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر پەرغانە ۋادىسىغا ئىشلەشكە كەلگەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئالدىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن توختىماي كەلگەنلەرنىڭ سانى نامەلۇم. مانا شۇلارنىڭ مەلۇم قىسمى داۋاملىق تۈردە پەرغانە ۋادىسىدا تۇرلۇك شەكىللەر ۋە ئۇسۇللار ھەم مەقسەتلەر بىلەن يەرلىشىپ قېلىشىدا شەك يوق.

تۈركىستان ئۆلكىسىدىكى ئۇيغۇرلار يەنى قەشقەرلىك ۋە تارانچىلارنىڭ ئومۇمى سانى ھەققىدە ھەر خىل ئۇچۇرلار مەۋجۇت. مەسىلەن، رۇسىيە تارىخچىسى ۋلادىمىر داسشي 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا تۈركىستاندا 194 مىڭدىن 215 مىڭغا يېقىن شىنجاڭدىن چىققانلار ياشىغان [72] دەپ قارايدۇ.

ئى.س. سولوگۇبوۋنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 1915-يىلى، پۈتۈن رۇسىيە تۈركىستانىدا 279 مىڭ شىنجاڭدىن چىققان نوپۇس مەۋجۇت بولۇپ، بۇنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغان [73]. بۇ ئىككى ئاپتورنىڭ ئۇچۇرلىرىنىڭ چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ مەنبەلىرىدىن كەلگەن بولۇشى ئېھتىماللىقى ئۇيغۇن

بولسمۇ، ئۇلار ئارىسىدا پەرق مەۋجۇت. بۇ بەلكى يېڭىدىن كىلىپ-تۇرغان نوپۇسلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

### (3) ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى مەلۇماتلىرى

پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىستاندا ( تۈركىستانسكىي كرايـ-رۇسچە) 1918-يىلى، كوممۇنىسلار تاشكەنتنى مەركەز قىلىپ، تۈركىستان سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى (1918-1924) قۇرۇپ، سوۋېت بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1924-يىلى، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېتنىك چېگرىلار ئايرىلىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىتتىپاقداش ۋە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس ئىستاتىستىكىسى ھەر خىل تۈردە ئېلان قىلىندى. ھۆكۈمەت مەلۇماتى بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بىراقلا ئازلاپ كەتتى. ئەمما، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ئاھالىسى، يەنى پەرغانە ۋادىسىدىكى قەشقەرىيىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار بىلەن يەتتەسۇ رايونىدا ياشىغۇچى ئىلى ئۇيغۇرلىرى (تارانچىلار) نىڭ ئومۇمىي سانىنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ھەقتە تۈرلۈك سانلىق ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلدى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بۇ سانلىق مەلۇماتلىرى 1921-يىلى، ئىيۇن ئېيىدا تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ بەلكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سانىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مەلۇم دەرىجىدە تەكشۈرۈش ۋە ئىنقىلاش ئېلىپ بارغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئۇيغۇر رەھبەرلىرى ئۆزلىرى توپلىغان بۇ مەلۇماتلار ئاساسىدا تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە بولشېۋىكلار پارتىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسى قاتارلىق رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى، تارقىلىشى، سىياسىي-ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت-مائارىپ ئەھۋاللىرى ھەققىدە مەلۇماتلار يوللىغان ئىدى. ئۇيغۇر رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىغا يوللىغان دوكلاتلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىش ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە ئىنقىلاش ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تونۇلغان ئۇيغۇر دۆلەت ۋە كومپارتىيە رەھبەرلىرىدىن بىرى، ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ [74] 1923-يىلى رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىغا ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە يوللىغان دوكلاتىدا، پۈتۈن تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانلىق مەلۇماتى ھەققىدە مەلۇمات

بىرىپ، يەتتەسۇ رايوندا 265مىڭ، سىر دەريا رايوندا 30 مىڭ، پەرغانە ئوبلاستىدا 300 مىڭ، تۈركمەنىستاندا 2500، سەمەرقەنتتە 2500 بولۇپ، جەمئىي 600 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقىنى كۆرسەتىدۇ [75].

1924-يىلىدا، قەشقەرىيلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تونۇلغان جامائەت ۋە سىياسىي ئەربابلاردىن بىرى قادىر ھاجى تۈركىستاندا 435 مىڭ ئالتىشەھەرلىك بار دەپ يازغان.

تونۇلغان ئۇيغۇر زىيالىيسى بۇرھان قاسىموف، 1924-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەممە ئۇيغۇرلارنى قوشساق بىر مىليوندىن ئاشىدۇ، دەپ يازغان.[76].

شۇ يىلى، يەنە تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا 600 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقىنى مەلۇم قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەلۇماتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئۆزبېكىستاندا 300 مىڭ، قىرغىزىستاندا 70 مىڭ، قازاقىستاندا 115 مىڭ، تاجىكىستاندا 15 مىڭ دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا پەقەت ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستانلا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت دەرىجىسىدە بولۇپ، تاجىكىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئۆزبېكىستان، قازاقىستان بىلەن قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى رۇسىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى تەركىبىدە بولۇپ، ئۇلار تېخى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپراقلىرىنىڭ سىياسىي خەرىتىسى دەسلەپكى قەدەمدە سىزىلغان ئىدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئارىلىقتىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، يەنى 1925-يىلى، ئۆزىنىڭ «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنى 500 مىڭدىن 700 مىڭغىچە دەپ ھېسابلايدۇ[77]. ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلارنى قانداق توپلىغانلىقى ۋە قايسى مەنبەلەردىن ئىگىلىگەنلىكى نامەلۇم، ئەمما ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ۋە كېيىنكى قازاقىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ئاتقۇرغان يۇقىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرى ھەمدە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى باشقۇرۇشى ۋە 1924-يىلىدىن كېيىن مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك ۋە تېررىتورىيە چېگرىلىرىنى ئايرىش بويىچە ھۆكۈمەت كومىسسىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇشتەك بىر قاتار يۇقىرى سالاھىيىتىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سانلىق مەلۇماتلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي سانىغا بىر قەدەر ئۇيغۇن ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى، ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي ئورگانلىرىنىڭ قولىدىكى سانلىق ئۇچۇرلار ۋە تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ھەم ئېتنىك سىياسىي پىلانلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن

ئىدى.

لېكىن، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتىنى ئېلان قىلىپ، 9 ئاي كېيىن نېمە سەۋەبتىندۇر، بۇ سانلىق مەلۇماتنى ئۆزگەرتىپ «پۈتۈن شورا ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 300 مىڭ »دەپ كۆرسىتىدۇ [78]. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۆزىنىڭ مەزكۇر يېڭى سانلىق مەلۇماتىنى ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئەۋجى ئالغان، «تارانچى ۋە قەشقەرلىك ئايرىم مىللەت» دېگەن تالاش-تارتىش مەزگىلىدە يازغان ماقالىسىدە كۆرسەتكەن بولۇپ، قەشقەرلىك ۋە تارانچى ئايرىم ئىككى خەلق ۋە ئىككى مىللەت ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىككى جۇغراپىيىلىك رايون تارمىقىدىكى ئاھالىلار، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئانا ۋەتىنى قەشقەرىيە / ئۇيغۇرىستان دېگەن ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان روزىباقىيېۋ مەزكۇر ماقالىسىنى يېزىش ئارقىلىق تارانچىلار بىلەن قەشقەرلىكلەرنى ئايرىم ئىككى مىللەت دەپ كۆرسىتىشكە تىرىشقان ئۇيغۇر زىيالىيسى سابىرجان شاكىرجانوفنى تەنقىد قىلغان ئىدى. ئۇ، مۇنداق دەپ يازغان:

«شورا ئىتتىپاقى (سوۋېت ئىتتىپاقى-ن. ت) دا بىر يۈز مىڭ <تارانچى <بولسا، ئىككى يۈز مىڭ <قەشقەرلىق <بارلىقنى بىلمەمسىز؟ شورا ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنى <قەشقەرلىك <ھەم >تارانچى<، يەرسىز، يەرلىك دەپ بۆلمەكچى بولسىڭىز، پەرغانىدىكى يۈز مىڭدىن ئوشۇق يەرلىك <قەشقەرلىق <لەرگە نېمە دەيسىز؟ دېمەك شورا ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىنى ئىككى خىل قىلىپ كۆرسەتمەك مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، شورا ئىتتىپاقىدىكى ئۈچ يۈز مىڭ (300) ئۇيغۇرنىڭ ئىككى يۈز مىڭدىن ئارتۇقى دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل.» [79].

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتى ھەققىدىكى بۇرۇنقى يۇقىرى كۆرسىتىلگەن مەلۇماتلىرى ئەنە شۇ 1926-يىلىدىن كېيىن بىردىنلا بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئازراق كۆرسىتىلىشكە باشلىغان. بۇنىڭ سەۋەبى ھەر خىل بولۇپ، بۇ ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ 1926-يىلى، 17-دېكابىردىكى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئېلىپ بارغان تۇنجى قېتىملىق ئومۇمىي يۇزلۇك نوپۇس تەكشۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، بىراق ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا 300 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشى باشلىنىشتىن تەخمىنەن 8 ئاي بۇرۇن ئېلان قىلىنغان ئىدى، ئەمما ئۇ بۇ ۋاقىتتا موسكۋادىكى شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ سوۋېت

ئىتتىپاقنىڭ مىللەتلەر ۋە ئېتنىك چېگرىلارنى ئايرىش كومىسسىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئېغىر بېجىرىۋاتاتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ سانلىق مەلۇماتىنى كۆرسىتىشتىن 8 ئاي ئىلگىرىلا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى 500 مىڭدىن 700 مىڭغىچە دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1926-يىلىدىكى تۇنجى قېتىم نوپۇس تەكشۈرۈشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارانچى، قەشقەرلىك ۋە ئۇيغۇر دېگەن ئۈچ خىل ئايرىم مىللەت كاتېگورىيىسى بىلەن تىزىملىتىشىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈش تىزىملىكىدە ئۇيغۇرلار «قەشقەرلىك»، «تارانچى» ۋە «ئۇيغۇر» دېگەن ئۈچ ئايرىم مىللەت تەۋەلىكىدە ئورۇن ئالغان. بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، 1926-يىلى، پۈتۈن سوۋەت ئىتتىپاقىدا قەشقەرلىكلەر 13010 نەپەر، تارانچىلار 53010 نەپەر، ئۇيغۇرلار 42550 نەپەر بولغان [80].

ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1926-يىلىدىكى بىرىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشىدىن تاكى 1937-يىلىدىكى 2-قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشىگىچە بولغان 11 يىل جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىدا بارغانسېرى ئازلاش كۆرۈلگەن. 1926-يىلىدىكى بىرىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۆزبېكىستاندا 40115 ئۇيغۇر بارلىقى كۆرسىتىلگەن. لېكىن، يەنە باشقا ماتېرىياللاردا 1926-يىلى، ئۆزبېكىستاندا 4421 قەشقەرلىك، 31مىڭ 941 ئۇيغۇر بارلىقى قەيت قىلىنغان. 1937-يىلىدىكى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۆزبېكىستاندا 61 مىڭ 180 ئۇيغۇر بارلىقى يېزىلغان [81].

قىرغىزىستاندا بولسا، 1926-يىلى 7467 نەپەر قەشقەرلىك، 523 تارانچى، 73 ئۇيغۇر بولغان. 1937-يىلى 14 مىڭ 224 ئۇيغۇر بولغان. ئوخشاشلا قەشقەرلىك ۋە تارانچى نامى ئەمەلدىن قالغان.

قازاقىستاندا 1926-يىلى، 1121 قەشقەرلىك، 51803 تارانچى، 10 مىڭ 510 ئۇيغۇر بولغان [82]. 1937-يىلغا كەلگەندە 32 مىڭ 982 ئۇيغۇر قالغان.[83] بۇ جۇمھۇرىيەتتىمۇ ئوخشاشلا قەشقەرلىك ۋە تارانچى ئايرىمىسى بولماي، ھەممىسى بىردەكلا ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان.

1926 - يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى قەشقەرلىك، تارانچى ياكى ئۇيغۇر دەپ ئاتاش ئەركىنلىكى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئەينى ۋاقىتتا پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق ھالدا «ئۇيغۇر» نامىنى قوبۇل قىلىش ئېغىر تولۇق ئىشقا ئېشىپ بولالمىغانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر

تەرەپتىن بۇ بىر قىسىم تارانچى ۋە قەشقەرلىك زىيالىيلار ھەم جامائەت ئەربابلىرى ئارىسىدىكى تارانچى ئايرىم، قەشقەرلىك ئايرىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئەمەس دېگەن تالاش-تارتىش ۋە تەشۋىقات بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەمما، 1937-يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە قەشقەرلىك ۋە تارانچى ناملىرى پۈتۈنلەي يوقىلىپ، پەقەت ئۇيغۇر نامىلا پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئورتاق ۋە بىرلىككە كەلگەن نامى سۈپىتىدە بېكىتىلدى. دېمەك، بۇ ۋاقىتتا قەشقەرلىك ۋە تارانچى دېگەن ئايرىمىچىلىق قىلمىشلىرى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەتئىي يول قويۇلمىغان ئىدى.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 1926-يىلىدىن كېيىن بىراقلا ئاز كۆرسىتىلىشكە باشلىغانلىقى سىرتىدا يەنە ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانلىق مەلۇماتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارمۇ ھەر خىل بولىدى. ھەتتا ئابدۇللا روزباقىيېۋنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئۇيغۇرلارنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى سانى 1923-يىلى 300 مىڭ دېيىلگەن بولۇشىغا قارىماي، يەنە بىر نەپەر ئۇيغۇر زىيالىيسى ك. غەيبۇللا ئوغلى 1928-يىلى ئۆزبېكىستاندا 50 مىڭ ئۇيغۇر بار دەپ يازدى [84]. تۆنجى ئۇيغۇر پروفېسسورلىرىدىن بىرى بۇرھان قاسىموف بولسا ئۆزىنىڭ 1924-يىلى، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مىليوندىن ئاشىدىغانلىقىنى قەيت قىلغىنىغا قارىماي، 1925-يىلى ئېلان قىلغان ماقالىسىدە، 1923-يىلى، يەتتەسۇدىكى بارلىق تارانچىلارنىڭ 46100 نەپەر ئىكەنلىكى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەرنىڭ 24064 نەپەر، ئاياللارنىڭ 22036 نەپەرلىكىنى قەيت قىلغان [85]. ئۇ يەنە، ئۆزىنىڭ 1937-يىلى يازغان ماقالىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 300 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

قىسقىسى، ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى دائىم زىت بولغان. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا دائىم ھۆكۈمەت سانلىق مەلۇماتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پەرەزلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئانالىز قىلىش كۆرۈلگەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى كۆپ كۆرسىتىشكە ئەلۋەتتە بۇ رايوننىڭ ئىككى ئەسىرلىك تارىخى مۇناسىۋەتلىرى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جايلاردا ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ ئورۇنلاشقانلىقى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك.

قىسقىسى، تارىخى مەنبەلەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە زىيالىيلارنىڭ تەكشۈرۈش ئۇچۇرلىرى ھەم تارىخىي رېئاللىق 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن تارتىپ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەرغانە ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر دىئاسپورىسى

ئەڭ كۆپ جايلاشقان رايون ئىكەنلىكىنى، بۇ رايوندا كۆپلىگەن قەشقەرلىكلەر مەھەللىلىرى ۋە يېزىلىرىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

## (4) پەرغانە ۋادىسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت-مائارىپى ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ گۈللىنىشىدىن يوقىلىشىغىچە

1921-1930 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مىللىي جۇمھۇرىيەتلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئايرىم مىللىي كىملىكىنىڭ تىكلىنىش ۋە راۋاجلىنىش دەۋرىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكمۇ بارغانسېرى تىكلىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇلار ئارىسىدىكى بۆرۈنقى قەشقەرلىك ۋە تارانچى دېگەن ئىككى گۇرۇپپا بويىچە بىر-بىرىنى ئايرىش خاھىشلىرى بارغانسېرى تۈگەپ، ئورتاق ئۇيغۇر نامى ئاستىدىكى مىللىي كىملىك روھى كۈچەيدى. 1922-1923 - يىللىرى ئارىسىدا تاشكەنتتە ئۇيغۇر ياش زىيالىيلىرىنىڭ تۇنجى نەشر ئەپكارى «ياش ئۇيغۇر» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى.

1920 - يىللاردا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاشكەنتكە توپلانغان بولۇپ، 1923 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىلا 500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش موسكۋا، تاشكەنت، باكۇ، لېنىنگراد، سەمەرقەنت ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاشكەنت ئەڭ مۇھىم بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىنستىتۇتى بىلەن تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بىلىم دەرگاھىغا ئايلاندى. بۇ ئورۇنلاردا كۆپلىگەن زىيالىيلار تەربىيلىنىپ چىقتى. 20-30 - يىللاردا تاشكەنت پەقەت ئۆزبېكىستاننىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ مەركىزىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي، ئەمما مەدەنىيەت جەھەتتە ئالدىدا ماڭغان خەلققە ئايلانغان ئىدى.

1930 - يىللاردا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي كىملىك ئىدىيىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىك ئىدىيىسىمۇ كۈچەيگەن بولۇپ، 1937 - يىلىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 61 مىڭغا يەتتى. پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەنجان ئوبلاستىدىكى ئۇيغۇرلار 30 مىڭ 757 نەپەر دەپ تىزىمغا ئېلىندى.

پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئۆزلىرىنى ئۇزۇندىن بۇيان قەشقەرلىك كىملىكى بىلەن ئاتاپ كەلگەن يەنە كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۆزبېك دەپ تىزىمغا ئالدۇرغان بولىسمۇ لېكىن، ئۇلارنىڭ يەنە بەزىلىرى 1930ـيىللاردا ئۆز كىملىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. 1930ـيىلىدىن كېيىن تارانچى ـ قەشقەرلىك ئايرىمچىلىقىغا چەك قويۇلغاندىن كېيىن، ئەنجان ۋە تاشكەنت سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان بولۇپ، 1937ـيىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن ئۆزبېكىستاندا 60 ئۇيغۇر كولخوزى مەۋجۇت بولدى. ئۇيغۇر تىلىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئېچىلدى. ئەنجاندا پېداگوگىكا تېخنىكومى قۇرۇلغان بولۇپ، 5000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇدى. شۇنىڭدەك يەنە ئەنجاندا 1935ـيىلى، ئۇيغۇر دراما تىياتىرى قۇرۇلدى. باشتا فرۇنزىدا (ھازىرقى بىشكەكتە) «قۇتۇلۇش» گېزىتى چىققان بولسا، كېيىن بۇ گېزىت «كۆن چىقىش ھەقىقىتى» نامىغا ئۆزگەرتىلىپ، تاشكەنتكە يۆتكىلىپ، «شەرق ھەقىقىتى» دېگەن نامدا چىقتى، ھەمدە 1930ـيىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا گېزىتنىڭ تىراژى 5 مىڭدىن ئاشتى. تاشكەنتتىكى بۇ گېزىت ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلىدىكى تىراژى ئەڭ كۆپ گېزىت ھەمدە ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە تاشكەنتتە ئۇيغۇر تىلىدا دۆلەتلىك نەشرىيات ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىپ، مائارىپ نەشرىياتى قارمىقىدىكى ئۇيغۇر بۆلۈمى ئۇيغۇر تىلىدا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇر باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى باستى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاشكەنتتە توپلانغان ئىدى. تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى، سەمەرقەند يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ماركسىزم ـلېنىنىزم ئىنستىتۇتى قاتارلىق تۆرلۈك ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىدا كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرى خىزمەت قىلدى. ئۇيغۇر يازغۇچى ئەدىبلىرىدىن ئۆمەر مۇھەممەدى (1906ـ1931)، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى (1901ـ1937)، ھېزىم ئىسكەندىروف (1906ـ197)، تۇردى ھەسەنوف (1909ـ1937)، نۇر ئىسرائىلوف (1910ـ1953)، مۆمىن ھەمرايېف (1907ـ1955)، تۇردى ھەسەنوف (1912ـ1937) ۋە باشقىلارنىڭ كىتابلىرى تاشكەنتتە نەشر قىلىندى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى رومان مۆمىن ھەمرايېفنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ، «دولقۇنلار ئارىسىدا» دەپ ئاتالغان ئەسەر 1934ـيىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ئىدى [86]. 1930ـ1937ـيىللىرى ئارىسىدا تاشكەنتتە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ رومان، پوۋېستلىرى، دراما ۋە شەئىرلار توپلاملىرى ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن نەشر قىلىندى.

1931-يىلى بولسا ئالمۇتىدا ئايلىق «قىزىل تاڭ» ژۇرنىلى نەشر قىلىندى.

بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ مەدەنىي-مائارىپ، پارتىيە ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش ساھەلىرىدە يېتەكچىلىك خىزمەتلىرىنى ئىگىلەش مۇمكىنچىلىكلىرىنى قولغا كەلتۈردى. يولداش ئاخۇنبابايېۋ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىسمائىل تاھىروۋ، ئابدۇغوپۇر قۇربانوۋ، ياقۇپ روزىن، ئەلىيېۋ ۋە باشقا ئۇنلىغان ئەربابلار ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە يۇقىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇردى.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرى دۆلەت رەھبىرلىك ئورۇنىنى ئىگىلىگەن كىشى يولداش ئاخۇنبابايېۋ بولۇپ، ۋىكى ئېنسىكلوپېدىيىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، مەرغىلاندا توغۇلۇپ چوڭ بولغان يولداش ئاخۇنبابايېۋ 1924-يىلى، ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلغاندىن كېيىن، 1925-يىلى ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ بىرىنچى رەئىسى بولۇپ بېكىتىلگەن ھەمدە بۇ ئالىي ۋەزىپىدە تاكى 1938-يىلغىچە ئولتۇرغان. ئەمما، مەرغىلاندا ئاددىي قەشقەرلىق دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان يولداش ئاخۇنبابايېۋ 1937-يىلىدىكى تازىلاشتىن ساق قېلىپ، 1938-يىلى قايتىدىن ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، بۇ ۋەزىپىدە تاكى 1943-يىلى ۋاپات بولغىچە ئولتۇرۇش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشكەن. يولداش ئاخۇنبابايېفنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزۈندىن بۇيان خەلق ئىچىدە كۆپ ئۇچۇرلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلە ئۆزۈندىن بۇيان ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي ئاشكارىلانماي ساقلىنىپ كېلىنمەكتە. ھەتتا ھازىرقى زامان ئۆزبېكىستان ناخشا چولپىنى يۇلتۇز ئوسمانوۋانىڭ دادىسى ئۇرايىماخۇنمۇ ئەنە شۇ مەرغىلاندا 1926-يىلى توغۇلغان ئىكەن. ئەلۋەتتە، «ئاخۇن» قوشۇمچىسى ئۆزبېكىستاندا پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا خاس بولۇپ، يۇلتۇزخاننىڭ دادىسى مەرھۇم ئۇرايىماخۇننىڭ تېگى قەشقەرلىك ئۇيغۇرلاردىن ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇرلار مەۋجۇت.

1920-1930 -يىللاردىكى ئۇيغۇر مەشھۇر ئەربابلىرى ئارىسىدا يەنە بىر ئەڭ يۇقىرى سالاھىيەتكە ئىگە بولغان كىشى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ بولۇپ، ئۇ، ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستاندىكى ئالىي رەھبەرلىك دەرىجىسىدىن ھالقىپ موسكۋادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدا مىللەتلەر ئىشلىرى بويىچە رەھبىرى ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇردى.

بۇلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئالىي مەكتەپلەر ۋە

فاكۇلتېتلارنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇردى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر زىيالىيسى ياقۇپ روزىن تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ خىزمەت قىلدى.

تۇنجى ئۇيغۇر دوتسېنتى بۇرهان قاسىموف ئوتتۇرا ئاسىيا پاختا-سۇغۇرۇش ۋە سانائەت ئىنستىتۇتى ئىشچىلار فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى. تۇنجى بىئولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئابدۇمېجىت روزىباقىيېۋ، 1935-1937-يىللىرى ئارىسىدا تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى. ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى دوتسېنت-پروفېسسورلار يېتىشىپ چىقتى. مەسىلەن دوتسېنت-پروفېسسورلاردىن بۇرهان قاسىموف، ئۆمەر قاسىمى، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى ۋە باشقىلار تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى، ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردە دەرس ئۆتتى. 1934-1937-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر ئىلىدىن تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئۈچ تۈركۈمدىكى 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي قىلغان تۈركىي مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئەنە شۇ بۇرهان قاسىموف، ئۆمەر قاسىمى، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى ۋە باشقا ئۇيغۇر ھەم ئۆزبېك ئوقۇتقۇچىلار دەرس بەرگەن ئىدى.

ئۇيغۇر ئالىمى مەرھۇم مۇرات ھەمرايېفنىڭ يېزىشىچە، 1930-يىللاردا ئۇيغۇرلاردا باشلانغۇچ مائارىپ ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ بولۇنغان ھەمدە خەلقنىڭ مائارىپ ساپاسى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۆسكەن ئىدى.

1937-يىلى ئالمۇتىدا پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى ۋە ئىملا مەسىلىسى بويىچە چوڭ كونفېرېنسىيە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، تاشكەنتتىن بارغان زىيالىيلار بۇ يىغىننىڭ ئاساسى تەركىبىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. بۇ يىغىندا ئۇيغۇرلارنىڭ تىلشۇناس ئالىملىرى رۇس تىلشۇناسلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئىملا قائىدىلىرىگە ئائىت كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئاساستا مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە ئورتاق ئىملا قائىدىسىنى بېكىتتى.

قىسقىسى، 1921-1937-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە رول ئوينىغاپ، 20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس سېلىنغان ماكانغا ئايلاندى. ئومۇمەن 1920-1930-يىللار ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئايرىم بىر قانچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ تېمىسى بولۇپ، بۇ ماقالىدە پەقەت مەركۇر نۇقتىنى قىسقىچە ئەسلەشتىن ھالقىش مۇمكىن ئەمەس.

1930 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە مۇنداق ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ يەنە بىر سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ موسكۋانىڭ ئۇيغۇر ئېلىغا قاراتقان سىياسىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 1934 ـ يىلى، موسكۋا قەشقەردە قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتنى ۋە ما جۇڭيىڭنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى قوللىماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە شېڭ شىسەينى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، سوۋېتپەرەس شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەسىس قىلىپ، بۇ رايوننى نامدا جۇڭگوغا، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 17 ـ جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاش ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ھەربىي ـ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىمتىيازلارنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى تەسىرىنى ۋە ئوبرازىنى تېخىمۇ تىكلەش مەقسىتىدە سوۋېت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى.

بىراق، 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا باشلانغان كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ھەرىكىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ بۇ تازىلاشنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلاندى. ئالمۇتىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئىملا يىغىنىغا قاتناشقان زىيالىيلار ۋە ئالىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۈرمىلەرگە تاشلاندى ۋە ياكى ئۆلتۈرۈلدى. 1937 ـ يىلىدىكى بۇ تازىلاش ئۇيغۇر ئېلىدە ماخمۇت مۇھىتىنىڭ ھىندىستانغا قېچىشى ۋە ئابدۇنىياز بەگ ھەم ما خۇسەننىڭ ئىسيانىدىن كېيىن بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ، ھەر ئىككىلا تەرەپتە ئۇيغۇر خەلقى بۇ تازىلاشلارنىڭ ئەڭ چوڭ قۇربانىغا ئايلانغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇ ياقتا يوسۇف ستالىن، بۇ ياقتا شېڭ شىسەينىڭ خالىغانچە جازالىشىدىن قۇتۇلالمىدى.

1937 ـ يىلىدىن كېيىن ئابدۇللا روزىباقىيېف، ئىسمايىل تاھىروف، ئەلىيېف، ئابدۇغوپۇر قۇربانوف قاتارلىق ئالىي رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرغان سىياسىي ئەربابلاردىن باشقا يەنە نۇر ئىسرائىلوف، ھېزىم ئىسكەندەروف، تۇردى ھەسەنوف، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى، مۇمىن ھەمرايېف، ھەبىب زاكىرىي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە ئونلىغان ئەدىبلەردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى ئاتاقلىق تەرجىمان، لۇتفۇللا مۇتەللىپنىڭ تاغىسى مىجىت مۇتەللىپوف، بۇرھان قاسىموف، ئۆمەر قاسىمى شۇنىڭدەك 20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا تۇرپاندىن تاشكەنتكە بېرىپ ئوقۇپ، كېيىن كۆزگە كۆرۈنگەن تىلشۇناس بولۇپ يېتىشىپ چىققان قادىر ھوشۇرى قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېت دوتسېنت ـ پروفېسسورلىرى ھەم باشقا يۈزلىگەن زىيالىيلار بىراقلا قولغا ئېلىندى. لېكىن، بۇ تازىلاش يۇقىرى قاتلام سىياسىي ۋە مەمۇرىي ئەربابلار ۋە زىيالىيلار بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ھەم نەشرىيات ئورگانلىرىنىڭ

تاقىلىشىغمۇ بېرىپ تاقاشتى. ئەينى ۋاقىتتا تاشكەنتتە خىزمەت قىلغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئابدۇمەجىت روزىباقىيېف [87] ۋە خېلەم خۇدابەردىيېفلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدە بايان قىلىنىشىچە، بۇ ۋاقىتتا تاشكەنت ۋە ئەندىجاندىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئورگانلىرى تاقالغاندىن سىرت يەنە ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستاندىكى بارلىق ئۇيغۇر مەكتەپلىرى تاقالدى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەلق دۈشمەنلىرى دەپ بېكىتىلدى [88]. 1937-يىلىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بىرى مەرھۇم ئەخمەت ئىلىيېفنىڭ «يېڭى ھايات» گېزىتىدىكى خاتىرىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 1937-1938-يىللىرىدىكى تازىلاشتا تاشكەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزبېكىستاندا 3800 نەپەر ئۇيغۇر زىيالىيسى «ئۇيغۇر ئازادلىق تەشكىلاتى» دېگەن سوۋېت ئىنتىپاقىغا قارشى يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى دېگەن جىنايەت بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، جازالانغان، ئۇلارنىڭ كۆپى ھاياتىدىن ئايرىلغان. قازاقىستاندا 1937-1938-يىللىرى ئۆلتۈرۈلگەن 1668 نەپەر ئادەمنىڭ ئىچىدە 97 نەپەر ئۇيغۇر زىيالىيسى ۋە جەمىيەت ئەربابلىرى بار. بۇ ۋاقىتلاردا ستالىننىڭ ن ك ۋ د ئورگانلىرى ۋە شىڭ شىسەينىڭ ساقچى دائىرىلىرى ئىككى تەرەپ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان جىنايەت «پانتۈركىست»، «تروتسكىچى»، «ياپونىنىڭ ئىشپىيونى»، «خەلق دۈشمىنى»، «جاھانگىرلارنىڭ قۇيرۇقى» ۋە باشقىلارنى ئارتتى. بىچارە ئۇيغۇر خەلقى، دىنىي ئەربابلىرى ۋە زىيالىيلىرى ھەر خىل جىنايى ناملار ۋە سىياسىي قالپاقلارنىڭ قۇربانى بولۇشتىن قۇتۇلالمىدى.

1937-1939 - يىللىرىدا، تاشكەنتتە چىقىدىغان «شەرق ھەقىقىتى» گېزىتى ۋە ئالمۇتىدا نەشر قىلىنىدىغان «قىزىل تاڭ ژۇرنىلى»، «قىزىل تۇغ» گېزىتلىرى بىراقلا تاقالدى. خېلەم خۇدابەردىيېف سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ 1937-يىلىدىكى كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈن خەلقلەرگە ئېغىر پاجىئە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئەسكەرتىش بىلەن بىرگە بۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ قاتتىق بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ئۇيغۇرلار بۇ ئاممىۋى قىرغىن-تۇتقۇننىڭ زەررىچىسى ئىدى. زەررىچىسى بولغان بىلەن نوپۇسى ئاز بولغاچقا باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا بەك زىيادە زەرەر كۆردى. نېمە ئۈچۈن دەڭ؟ بىز يۇقىرى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر مەدەنىي-ئاقارتىش ئورۇنلىرىنىڭ بىرىمۇ قالماي يىپپىي تاشلاندى. ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ باللىرى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن مەكتەپلىرىدە ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمدى ئانا تىلدا ئوقۇيدىغان بىر پارچىمۇ گېزىت ۋە كىتاب قالمىدى. مىللىي مەدەنىيەت بىردىنلا گۇمران بولغىنى

ئاقىۋىتىدە بولۇپمۇ ياش ئەۋلاد ئاستا-ئاستا ئانا تىلىدىن قاقاس بولدى. ئەدەبىي تىل بۇزۇلدى» [89].

ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ يىپىلىپ كېتىشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈن زور زەربىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھال ئارىلىقتا 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە مەيدانغا كېلىپ، راۋاجلىنىش يولىغا كىرگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى خاراپلاشتۇرۇپلا قالماستىن بەلكى پەرغانە ۋاسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلەرگە سىڭىشىپ كېتىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بولماسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلىشىش قەدىمىنى بىسىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ تاقىلىپ كېتىشى مەسىلىسى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ۋە زىيالىيلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان بولۇپ، يەرلىك زىيالىيلار بۇ ئىشنىڭ ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى تەرىپىدىن قىلىنغان قارار دەپ ھېسابلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنى، جۈملىدىن ستالىننى خەۋەرلەندۈرۈش ئويلىرىدا بولغان. ئەمما، ھازىرغىچە مەۋجۇت بولغان مەنبەلەردە ئۇيغۇر مەكتەپلىرى، ئۇيغۇر نەشرىيات ھەم مەدەنىي-مائارىپ ۋە سەنئەت ئورگانلىرىنى تاقىۋېتىش توغرىسىدا بىۋاستە موسكۋادىن كەلگەن بۇيرۇق بولغانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق مەلۇمات ئاشكارىلانمىغان. ئەمما، بۇ مەسىلىدە ھەر خىل قاراشلار بار. ئۇنداقتا، مەزكۇر بۇيرۇق بىۋاستە موسكۋادىن كەلگەنمۇ؟ يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قارارىمۇ؟ بۇنىسى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. خېلەم خۇدابەردىيېۋ بۇ مەسىلە بويىچە 1940- يىلى 12- ئاينىڭ 28- كۈنى موسكۋاغا، يوسىف ستالىننىڭ نامىغا بىۋاستە خەت يازغان بولۇپ، مەزكۇر خەت ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت-مائارىپى ۋە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ بېشىغا چۈشكەن پاجىئەنىڭ جانلىق ئىسپاتىدۇر. چۈنكى، خەتنىڭ مۇئەللىپىنىڭ رىيالىقنى بۇرمىلاپ، ياكى قەستەن ھالدا مۇنداق خەتنى ستالىنغا ئەۋەتىشى مۇمكىن بولۇپ، ئەگەر رېئاللىق ئۇنداق بولمىسا، خەت ئاپتورىنىڭ كاللىسى كېتىشى تەبىئىي ئىدى.

خەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

قەدىرلىك يوسىف ۋىسسارىئونوۋىچ!

تۆۋەندە ئىزاھلىغان مەسىلىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى تاپالمىغاچقا سىزگە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئىلتىماس، ئۇقتۇرۇپ بەرسىڭىز. ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، س س س ر دا (ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستاندا) ئۇيغۇر ئاھالىسى ئىستىقامەت قىلىدۇ. بۇ رەسپۇبلىكىلاردا باشقا رەسپۇبلىكىلارغا ئوخشاش ئانا

تىلدا (يەنى ئۇيغۇر تىلدا) تەلىم بېرىدىغان ئون يىللىق، يەتتە يىللىق، باشلانغۇچ مەكتەپلەر، بىر قاتار تېخنىكۇملار بار ئىدى. ئۆزبېكىستاننىڭ ئۇچپېيدىگىز ۋە دۆلەت نەشرىياتى (تاشكەنتتە) ئۇيغۇر بۆلۈملىرى ئىش ئېلىپ باراتتى. قازاقىستاندا (ئالمۇتىدا) بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتىدا ئۇيغۇر بۆلۈملىرى بار ئىدى. 1939-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ ئاۋۋال قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندا، كېيىن ئوزبەكىستاندا بارلىق ئۇيغۇر مەكتەپلىرى يېپىلدى. ئايرىم جايلاردا (قازاقىستاندا) بىرىنچى ۋە ئىككىنچى سىنىپلارلا ساقلىنىپ قالدى، خالاس. ئۇيغۇر باللىرى قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز تىللىرىدا ئوقۇيدىغان بولدى. كېينىرەك ئۆزبېكىستاننىڭ ئۇچپېيدىگىز ۋە دۆلەت نەشرىياتلىرىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈملىرى يېپىلدى. قازاقىستاننىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە ئۇيغۇر بۆلۈمى ئىش ئېلىپ باراتتى، يېقىندا بۇ بۆلۈممۇ يېپىلدى.

س س س ر ئاساسىي قانۇنىدا پۇقرالارنىڭ تەلىم ئېلىش ھوقۇقى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئانا تىلدا يۈرگۈزۈش ئارقىلىق تەمىنلىنىدۇ، دېيىلگەن. ئۇيغۇر ئاھالىسى نېمە ئۈچۈن بۇ ھوقۇقى مەھرۇم بولۇشىنى چۈشىنىش قېيىن بولۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى بىر بۆلەك ئىنسانلار زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقان ھازىرقى تارىخىي ۋەزىيەتتە بۇنداق تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىلىشى توغرا بولارمىكىن؟ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەزمۇنەن سوتسىيالىستىك، شەكلەن مىللىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەسىلىسى ئەمدىلىكتە قانداق بولىدۇ دېگەن مەسىلە تۇغۇلىدىغۇ؟

شۇ مۇئەممانى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىڭىزنى سوراپ ئۆزبېكىستان ئۇچپېيدىگىز ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى، ھازىر ئارمىيە سېپىدىكى مۇئاۋىن سىياسى كوماندىر خېلەم رەھمۇۋىچ خۇدابەردىيېۋ.

مېنىڭ ئادرېسىم. ئۆ س س ر، ۋىنىنسا شەھىرى. پوچتا بۆلۈمى، پ/پ 125.
1932-يىلدىن تارتىپ ۋ ل ك س م (لېنىنچە كومسومول ئەزاسى). 1940-يىلى، 28-دېكابىر [90].

خېلەم خۇدابەردىيېفنىڭ بۇ خېتى تاكى 1940-يىلدىن 1944-يىلىنىڭ قىش كۈنلىرىگىچە جاۋابسىز قالدى. بىراق، ئۇ، قىزىل ئارمىيە سېپىدە جەڭلەرنى داۋاملاشتۇرىۋاتقاندا، 1944-يىلى، قىش ئايلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۇنى موسكۋاغا چاقىرتىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئارقىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە تاشكەنتتە «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىندى. ئەمما، بۇ

ۋاقىتتا ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ئەسلىگە كەلمىدى. موسكۋانىڭ خۇدابەردىيېفنى چاقىرتىشى ۋە ئارقىدىن ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئەمەلىيەتتە موسكۋانىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى، يەنى 1943-يىلىنىڭ ماي ئېيىدىن كېيىن شەكىللەنگەن ئۇيغۇر ئېلىدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى قوزغاش ئىستراتېگىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ تەسادىپىيلىق ئەمەس ئىدى خالاس. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، 1937-1939-يىللىرى ئارىسىدا ۋەيران قىلىنغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئۆزۈنغىچە ئەسلىگە كېلەلمىدى. مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى خارابلىق تاكى 1950-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىققىچە داۋاملىشىپ، شۇنىڭدىن كېيىن قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەن ئىدى.

ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، 1937-1940-يىللىرى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئۆز كىملىكىنى ئۆزگەرتىش دەۋرى بولۇپ، زور ساندىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ئۆزبېك قىزلىرى بىلەن توي قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇيغۇر ئەمەس، بەلكى ئۆزبېك دەپ يېزىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1941-1945-يىللىرىدىكى ئۇرۇش يىللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپى چەتئەللىك كۆچمەن دەپ قارالغان بولغاچقا ئۇلار ئەسكەرلىككە ئېلىنمىغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزبېك قىزلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلار بىلەن توي قىلىش ئەھۋالى كۆپەيدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ھۆكۈمەتنىڭ 1937-يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتىدا ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە 60 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقى يېزىلسىمۇ، بىراق، ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈن ئۆزبېكىستاندا 60 ساپ ئۇيغۇر كولخوزى بولغان. ئەگەردە ھەر بىر كولخوزدا ئاز دېگەندە 2000 ئادەم بار دەپ ھېسابلىغاندىمۇ، 60 كولخوزدا تەخمىنەن 120 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنجان، تاشكەنت ۋە باشقا شەھەرلەردە ياشايدىغان ئاھالىلار كولخوزلارغا تەۋە ئەمەس. مۇنداق ھېسابلىغاندىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزبېكىستان تەۋەسىدىكى ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ تىزىمغا ئالدۇرغانلارنىڭ سانىلا 60 مىڭدىن خېلىلا كۆپ بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئەمەلىي سانى خېلىلا كۆپ بولۇشى تەبىئىي.

لېكىن، 1937-يىلىدىن كېيىنكى ئۆزگىرىش پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز كىملىكىنى ئۆزگەرتىش دولقۇنى قوزغىدى. ئەمما، قازاقىستاننىڭ شەرقىي قىسىملىرىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئارىسىدا ۋە قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 1932-1933-يىللىرىدىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئاچارچىلىق ۋە بايلارغا زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىدە ئۇيغۇر ئېلىغا قېچىش دولقۇنى

قوزغالدى. شۇ قېتىملىق قېچىشتا خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار يەتتەسۇدىن (قازاقىستاننىڭ شەرقىي ۋە قىرغىزىستاننىڭ شىمالى تەرەپلىرى) ئىلگىرى كەتكەن. شۇنىڭدەك يەنە 1932ـ1933ـ يىللىرىدىكى چوڭ ئاچارچىلىقتا قازاقىستان تەۋەسىدە 27 مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. ئەمما، مۇنداق قېچىش ۋە كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرى پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن دېيىلگەندىمۇ گەۋدىلىك ئەمەس ئىدى. بۇ ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇزىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيتتى.

ئومۇمەن، 1937ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 1917ـ يىلىدىكى چار رۇسىيە تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدىكى 39528 «قەشقەرلىك» نىڭ سانى ھېچقانداق كۆپىيىش كۆرۈلمىگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ستاتىستىكىسىدىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازلاپ ماڭغان. مەسىلەن 1926ـ يىلى ئەنجان ئوبلاستىدا 30 مىڭ 757 نەپەر ئۇيغۇر تىزىمغا ئېلىنغان بولسا، 1979ـ يىلى، 11867 نەپەر ئۇيغۇر قالغان.

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى 1937ـ يىلىدىكى 61 مىڭ ئۇيغۇر 1959ـ يىلىغا كەلگەندە 19 مىڭغا چۈشۈپ قالغان. 1979ـ يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئاران 29104 ئادەم دەپ ئېلان قىلىنغان. 1989ـ يىلى، 35 مىڭ دەپ ئېلان قىلىنغان. 2000ـ يىلى، بولسا 20 مىڭغا چۈشۈپ قالغان. ئەمما، 2009ـ يىلى، ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نىجات نىيازوف پۈتۈن ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ 60 مىڭ ئىكەنلىكىنى يازغان بولسىمۇ[91]، بىراق بۇ رەسمىي ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكىسى ئەمەستۇر. ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ئەنجان شۆبىسىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا نۆۋەتتە ئەنجان ئوبلاستى تەۋەسىدە 30 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشىماقتا. تەخمىنەن 4ـ5 مىڭ ئۇيغۇر شەھرىخان ناھىيىسىنىڭ دولان يېزىسىغا جايلاشقان[92].

قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى، يەنى پەرغانە ۋادىسىنىڭ قىرغىزىستانغا تەۋە قىسمىدىكى ئوش ۋە جالال ـ ئاباد ۋىلايەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئەزەلدىن ئېنىق ئەمەس بولۇپ، 2009ـ يىلىدىكى قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي سانلىق مەلۇماتى بويىچە ئالغاندا، ئوش ۋىلايىتى بىلەن جالال ئابادتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى 15 مىڭ ئەتراپىدا، ئوشتىكى ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى قارا سۇ رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى ئوش ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ 11 مىڭ ئىكەنلىكى، ئوش شەھرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ 791 نەپەر

ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنغان [93]، بۇلار ئاساسلىقى قاراسۇ ناھىيىسىدىكى قەشقەر قىشلاق قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان. قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھىرىدىكى مەركىزى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەمەلىيەتتە، 1955-1962-يىللاردا كۆچۈپ كەلگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يەردە ئەسلىدىن بار بولغان ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان ئۆزبېكلەر تەركىبىدە يوقىلىپ بولغان ئىدى. بۇلار بۈگۈنكى كۈنلەردە داۋاملىق تۈردە ئۆزبېكلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەكتە.

پەرغانە ۋادىسىدىكى قەشقەرلىكلەر يەنى ئۇيغۇرلار ئىككى ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا 19-ئەسىردە بۇ رايوندىكى ئاساسلىق خەلقلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغانلىق ئەھۋالىنى يوقىتىپ، بۈگۈنكى كۈندە رايوندىكى ئەڭ ئاز نوپۇسلۇق مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. نۇرغۇن ئۇيغۇر يېزىلىرى، مەھەللىلىرى، كوچىلىرى يوقالدى شۇنىڭدەك بۇ مەھەللە، قىشلاق ۋە كوچىلاردىكى ئەسلى قەشقەرلىكلەر-ئۇيغۇرلار سىڭىپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۈگۈنكى كۈندىكى پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ تەركىبىگە سىڭىپ تۈگەپ، ئۆزبېك مىللىي كىملىكىگە ئايلاندى. شۇ ۋەجىدىن مەيلى ئوش، مەيلى ئۆزگەند ۋە ياكى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدىكى ئەنجان، مەرغىلان ۋە باشقا جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ئەجدادلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدىغان «ئۆزبېكلەر» ھازىرمۇ ئاز ئەمەس. ئەنە شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم قازاق، قىرغىز ھەم باشقا مىللەت ئالىملىرى ئارىسىدا ئەنجان ئاھالىسىنىڭ 60% ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ستالىن دەۋرىدە ئۆزبېكلەشتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى يازىدۇ [94].

ئوش ۋە ئۆزگەنلىك ئەتراپىدىكى ئەسلى قەشقەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىزلارنىڭ تەركىبىگە سىڭىپ كېتىش ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇماتلار يېتەرلىك ئەمەس، بىراق سابىق سوۋېت ئېتنوپاقى ئېتنوگرافى س. م. ئابرومزون ئۆزىنىڭ 1955-يىللىرىدىكى بۇ رايونلاردىكى تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە جەنۇبىي قىرغىزلار تەركىبىدە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىغان قەبىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېنىقلاپ چىققان ئىدى [95]. ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارغا تەۋە دەپ ئاتىغان گۇرۇپپا ئۆچ-قورغان رايونىدا ۋە قارول بۇيىغا، ئاۋۇزتام-پىلال، تىگىرمەچ، قاراغاندى، كىرىگىتاش، ئۆلىگىش، قاراقشتاق، پۇم دېگەن جايلاردا ھەممە بۇرۇن شىپى (شىبىە) يېزىلىرى ھەممە لەڭگەر دېگەن جايغا تارقالغان. ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ دەپ قارىغان قېرىلاردىن كىنجىباي ئايتىمىرووف ۋە رايىمبەردى ئورمونوف بۇ گۇرۇپپىنىڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىنىڭ بۇخارادىن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۆچ قورغاندىكى ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى بولسا ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىنىڭ بىر قىسمى ياشايدىغان قوش-تىگىرمەن دېگەن جايدىن كەلگەن. بۇ

ئۇيغۇر گۇرۇپپىلىرىنىڭ بىر قىسمى چارۋىچىلىق، يەنە بىر قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، قارائۇتول دېگەن جايدا « ئۇيغۇر ئارىق» دەپ ئاتالغان سۇ قانىلى بار. بۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى قىرغىزلارنىڭ بۇيگا ۋە تۆلەس قەبىلىسى بىلەن تۇغقانچىلىقتا ئىگە دەپ قارايدۇ شۇڭىدەك يەنە قىرغىزلارنىڭ تېيىت قەبىلىسىنى ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ.[96].

لېكىن، چوقان ۋەلىخانوفنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تاغلىق دەپ ئاتالغا قەشقەرلىكلەرنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان پامىر-ئالاينىڭ ئېتەكلىرىدىكى قىسىملىرى ئارىسىدا قىرغىز قەبىلىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىش نەتىجىسىدە قىرغىزلاشقانلارنىمۇ يوق ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ.

1960 ـ يىللاردا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى مەخسۇس تەكشۈرۈلگەن سوۋېت ئالىملىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن غوجا ئەخمەت سادۋاقوسوفنىڭ تەكشۈرۈشىچە، 1960 ـ يىللاردا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئاھالىلار ئىچىدە ئۆزبېكلىشىپ كەتكەن ھەمدە ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ھېسابلىغان بولسىمۇ، بىراق ئەسلى كېلىپ چىقىشىنىڭ قەشقەر ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلار كۆپرەك بولغان. ئوش ۋىلايىتى ۋە ئەنجان ۋە مەرغىلان ۋىلايىتى تەۋەسىدە كۆپلىگەن ئەسلى قەشقەرىيىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن جاي ئىسىملىرى ۋە مەھەللە ئىسىملىرى ئۇچرىغان بولۇپ، پەقەت ئەنجان ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى موسكۋا رايونى، يەنى ھازىرقى شەھرىخان ناھىيىسىدىلا ئارتۇش، دولان، جاگجال، قەشقەرمەلە، قەشقەرقىشلاق قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق جاي ئىسمى تىزىمغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەنجان ۋىلايىتىنىڭ ئىزباسقان ناھىيىسى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت يېزىسىدا قەشقەرمەلە دېگەن جاي بار بولۇپ، 1960 ـ يىللىرىدا بۇ يېزىدىكى 200 دىن ئارتۇق ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ھېسابلىغان كىشىلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ 110 ـ 120 يىللار ئىلگىرى قەشقەردىن كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەردە قەشقەر مەھەللىسى پەيدا قىلغان. بۇ كىشىلەر 60 ـ يىللارغا كەلگەندە تىل ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئۆزبېكلىشىپ كەتكەن [97]. 1960 ـ 1970 ـ يىللىرى ئارىسىدا يەنە شەھرىخان يېزىسىدا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى ئەلىخان موللاخۇن ئوغلى ئارازىنىڭ ئوغلى 73 ياشلىق مۆمىنجان ئەلىخانوفمۇ ياشىغان بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا شەھرىخان يېزىسىغا ئارازىنىڭ قەبرىسىگە ئورنىتىلغان خاتىرە تاشقا ئارازىنىڭ 1869 ـ يىلى، مەرغىلان ناھىيىسىنىڭ شەھرىخان يېزىسىنىڭ قەشقەر مەھەللىسىدە تۇغۇلغانلىقى، ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ 1835-1930 ـ يىللىرى ئارىسىدا قەشقەردىن كېلىپ، يەرلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلاردىن ئىكەنلىكى يېزىلغان

بولۇپ، ئارازىننىڭ ئوغلى مۆمىنجان ئەلخانوف شۇ ۋاقىتتىكى شەھىرخان يېزىسىنىڭ زور كۆپچىلىك ئاھالىسىنىڭ قەشقەردىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن[98]. بىراق بۇ ئاھالىلارنىڭ ھەممىسى 60-70-يىللاردا ئاللىقاچان ئۆزبېكلىشىپ، ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ئاتايدىغان بولغان ئىدى. غوجاخمەت سادۋاقوسوف قاتارلىقلار يەنە ئەنجان ۋىلايىتىنىڭ بۇتاقارا يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلىشىش جەريانى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ يېزىدىكى قەشقەردىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ 1939-1940-يىللىرى ئارىسىدىن باشلاپ ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ھېسابلىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان[99].

1959-1960 - يىللىرى ئارىسىدا ئەنجان ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى تارقاق ياشىغان بولۇپ، سوۋېت ئېتنوگرافلىرى شۇ ۋاقىتتا پەقەت ئەنجان ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەركۇز ۋىلايەتتىكى 79 كولخوزغا ھەممە پەرغانە ۋادىسىنىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى بېكىتكەن[100].

1950-1960 - يىللاردا قەشقەر كۆچمەنلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى يەنە نامەنگان شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ ياشىغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار ئوخشاشلا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزبېك كىملىكىنى قوبۇل قىلىپ بولغان ھەممە نامەنگان، ئەنجان ۋە باشقا جايلاردا ئۆزبېك تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئارىلاشقان ئۆزگىچە شۋىلىق خۇسۇسىيەتلىرى شەكىللەنگەن.

سوۋېت ئۇيغۇرشۇناسى ئا.ك بورووكوۋ ئۆزىنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە 1963-يىلى يازغان ئىلمىي تەتقىقات ئەمگىكىدە نامەنگان ئاھالىسىنىڭ مۇھىم يادروسىنى قەشقەردىن كەلگەن كۆچمەنلەر تەشكىل قىلغانلىقى شۇنىڭدەك بۇ قەشقەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلىشىپ، ئۆزبېك تىلىنىڭ بىر شۋىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى يەكۈنلىگەن[101]. ئۆزبېكىستان ئالىمى ئا.مەمەتوف بولسا، ئۆزىنىڭ 1967-يىلى ئۆزبېك تىلىنىڭ ئەنجان شەھەر شۋىسى ھەققىدىكى دىسسېرتاتسىيىسىدە، «ئەنجان شۋىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇيغۇرلار مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇلار ھازىرمۇ ئەنجان شەھىرىدىكى مائارىپ، ئەسكىلىك، تاختاكۆپرۈك، كاللىنىن ۋە باشقا مەھەللىلەردە ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆزبېك تىلىدا سۆزلىشىدۇ ھەممە ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ تىزىملاتقان» دېگەن مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان [102].

قىرغىز، ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللىرى ساھەسىدە كۆپ تەتقىقات قىلغان ئاتاقلىق سوۋېت تۈركولوگى كونستانتىن يۇداخىن 1940-1950-يىللىرى ئەتراپىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە 1950-يىلى مەخسۇس ئۆزبېك تىلى بىلەن ئۇيغۇر

تىلىنىڭ ئارىلىشىش مەسىلىسى ھەققىدە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلىشىش ھەمدە ئۆزبېك تىلىغا سىڭىپ تەسىر كۆرسىتىش ئەھۋالى ھەققىدە خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئۇ، ئاساسلىقى پەرغانىنىڭ قىرغىزىستانغا تەۋە ئوش ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر ـ ئۆزبېك تىللىرى مەسىلىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، «ئوش شەھىرى ئاھالىسىنىڭ تەركىبىنى خېلى بۇرۇنلا تۈرمۈش ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تىل جەھەتتىن يەرلىك ئۆزبېك ئاھالىسى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن قەشقەرىيىدىن كۆچۈپ كەلگەن مۇھىم قىسىم ئاھالە تەشكىل قىلىدۇ» دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئوشتىكى ئۆزبېك تىلى شۋىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئەنە شۇ كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان.

سوۋېت ئالىملىرىدىن پولىۋانوۋ، رېشېتوۋ، يۇداخىن، بورووكوۋ، قايداروۋ، سادۋاقوسوف، ئىسمايىلوف ۋە باشقىلار پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۆزبېك تىلى شۋىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرى سىڭگەنلىكىنى بىردەك ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ رايونلاردىكى ئۆزبېك تىلى شۋىلىرى تەركىبىدە ئۆزبېك تىلىنىڭ باشقا شۋىلىرىدە كۆرۈنمەيدىغان، ئەمما پەقەت ئۇيغۇر تىلىغىلا خاس بولغان بىر قىسىم سۆزلەر ھەم فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىقى ئالىملار تەرىپىدىن ئېنىقلاپ چىقىلدى.

ئومۇمەن، پەرغانە ۋادىسىنىڭ ھەر قانداق بىر جايىدا ھازىرمۇ يەنىلا كۆپلىگەن ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ئاتاپ يۈرگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدىغانلار مەۋجۇت. ئەنجان، مەرغىلان، نامەنگان ۋە ئوش قاتارلىق شەھەرلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردىكى بوگۈنكى كونىلەردىكى ئۆزبېكلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تەركىبىنى زور ساندىكى ئەسلى قەشقەرلىك كۆچمەنلەر ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىللىگەنلىكىدە شەك يوق.

پەرغانە ۋادىسىدا ھازىر ياشاۋاتقان، ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتايدىغان ئاھالىلارنىڭ سانى مەيلى ئۆزبېكىستان ۋە ياكى قىرغىزىستان بولسۇن، ھەر ئىككىسىدىلا ناھايىتى ئاز. ئۆزبېكىستان تەۋەسىدىكى ئەنجان ۋىلايىتىدە يەنە ھازىرمۇ «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئاستىدىكى جايلار مەۋجۇت. ئوش ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى قاراسۇ رايونىنىڭ قەشقەر قىشلاق يېزىسىدا ئۇيغۇرلار بىر قەدەر زىچ ئولتۇراقلاشقان. پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇ قالدۇق ئۇيغۇرلار گەرچە بەزى جايلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا ئۆز ئانا تىلىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزبېك تىلىنى ئىشلىتىدۇ. ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ تىزىمغا ئالدۇرغان بۇ ئاھالىلارنىڭ ھەممىسى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەت ۋە تىل جەھەتتىن يەنىلا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزبېكلىشىپ بولغان بولۇپ، پەقەت ئۇلارنىڭ مىللەت ناملا ساقلىنىپ

قىلىنغان. سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، بۇ جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى 20 يىل ئىچىدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرى پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇ قالدۇق ئىسمى بار، جىسمى يوق ئۇيغۇر ئاھالىلار 21-ئەسىردە خۇددى 19-20-ئەسىردە بېشىغا كەلگەندەك ئۆزلۈمەي داۋاملاشقان سىڭىش ۋە يوقاپ كېتىش تەقدىرىگە يەنە دۇچ كېلىشى مۇقەررەر.

ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ تارىخىي مۇساپىلىرىنى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىپ كېتىش ھادىسىسى پەقەت ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاندا ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. بولۇپمۇ ئۆزبېكىستان بىلەن قىرغىزىستان ھەم تاجىكىستان ئەڭ روشەن بولۇپ، بۇ خىل ھادىسە بۇ ئۈچ جۇمھۇرىيەتنىڭ پەرغانە ۋادىسىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. سىڭىشىش ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلەرگە سىڭىپ، ئۆزبېك مىللىتىنىڭ پەرغانىدىكى ئاساسلىق قىسمىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە تەشكىل قىلىش بىلەن خۇلاسىلاندى. ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۆنلەردە ئۆز تىلى، مەدەنىيىتى ۋە بەزى تۆرمۇش ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان قىسمىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تاشكەنت ۋە باشقا جايلارغا تارقىلىپ، شۇ جايلارنى مەركەز قىلغان بولۇپ، بۇلار 1955-1963-يىللىرى ئارىسىدىكى كۆچۈشتە ئۇيغۇر ئېلىدىن كۆچۈپ چىقىپ، ئۆزبېكىستاندىن تاشكەنت شەھرىنى ئاساس قىلىپ، ئەنجان ۋە يەنە باشقا شەھەرلەرگە تارقالغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرى شۇنىڭدەك يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرلىرىدە قازاقىستاندىن تاشكەنت ۋە باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇپ ۋە خىزمەت قىلىپ تۇرۇپ قالغان يەتتەسۇلۇق ئۇيغۇرلاردۇر. مانا بۇ گۇرۇپپا بۈگۈنكى كۈنلەردە ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسىي مىللىي قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرىنچى ئەۋلادلىرى تۈگەپ، ئىككىنچى ئەۋلادلىرى ئۆز ئانا تىلىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك 50-80-يىللار ئارىسىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ مائارىپ تەربىيىسىنى ئۆزبېك ۋە رۇس تىللىرىدا، قىسمەنلىرى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قازاقىستاندا ئۇيغۇر تىلىدا ئالغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇر تىلى پەقەت ئائىلە تىلى ۋە ئۆزئارا ئالاقە تىلى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ 3-ئەۋلادلىرى بولسا تامامەن دېگۈدەك ئۆزبېك تىلى ۋە ياكى رۇس تىلى ئىشلىتىدىغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىشىنىڭ ئالدى كەينىدە دۇنياغا كەلگەن يېڭى ئەۋلادلار بولسا ئاساسەن دېگۈدەك ئۆزبېك تىلىدا تەربىيە ئېلىپ، ئۆزبېك جەمئىيىتى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. دېمەك، ئەمدىكى نۆۋەت ئۆز ئانا تىلىنى بىلمەيدىغان ۋە تىل، ئۆرپ-ئادەت ۋە باشقا

جەھەتلەردىن ئۆزبېكلەردىن ھېچ پەرقى بولمىغان يېگى ئەۋلادنىڭ يەنە بىر قەدەم ئۆزبېك جەمئىيتىگە قوشۇلۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. قىرغىزىستانغا تەۋە ئوش، ئۆزگەند، قاراسۇ، جالال ئاباد قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولسا، تېخىمۇ شۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا. ئۇلار ئومۇمەن، ئۆز تىلىدىن ئايرىلىپ بولغان. گەرچە، ئەنجان ۋە ئوش قاتارلىق جايلاردىكى پەرغانە ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۆز مىللىي كىملىكىنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش قىزغىنلىقى بولسىمۇ، ھەتتا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تۆرلۈك سەنئەت گۇرۇپپىلىرى ئۆز مىللىي ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىق ئۆز سەنئىتىنى نامايەن قىلىش ھەم ئۆگىنىش پائالىيەتلىرى بولسىمۇ، بىراق بۇلارنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالماسلىقى تەبىئىي.

## 5. پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك خەلققە سىڭىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر ۋە ئامىللار

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر 18ـ19ـ20ـئەسىردە ئىزچىل تۈردە قەشقەرىيىدىن پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار پەرغانە ۋادىسىدىكى ئاساسلىق ئاھالە ئۆزبېكلەر تەركىبىگە سىڭىپ كەتتى. بۇ خىل سىڭىشىشى ئۇزۇن مەزگىل ئىزچىل داۋاملاشتى. ئەگەر ئۇنداق بولماي، قەشقەرلىك ئۇيغۇرلار، ئىزچىل ئۆز كىملىكىنى ساقلاپ، تەرەققى قىلغان بولسا، ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا خۇددى ئۆزبېكلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى قوغدالغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان بولسا، ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئاساسلىق ئاھالە ھەم ئېتنىك گۇرۇپپا بولۇپ قېلىشى تەبىئىي ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سىڭىپ كېتىشىدىكى سەۋەب ۋە ئامىللارنى تۆۋەندىكى تۆت ئاساسىي نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن، بىراق مەزكۇر سەۋەب ـ ئامىللارنى تېخىمۇ ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، باشقا نۇقتىلارنىمۇ تېپىپ چىقىپ ، پەرەزلىرىمىز ۋە تەھلىلىرىمىزنى ھەم يەكۈنلىرىمىزنى چوڭقۇرلىتىش مۇمكىن.

### 1) تارىخىي ۋە ئېتنىك مۇناسىۋەت

ھازىر دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان 40 ئەتراپىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئېتنىك تەرەققىياتى تارىخى

جەيانلىرىدا زور ئۇرتاقلىقلار ۋە باغلىنىشلار مەۋجۇت. جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر دىيارى، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە باشقا جايلار قەدىمدىن تارتىپلا تۈركىي خەلقلەر ۋە تۈركىي خەلقلەر بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرگە ئىگە خەلقلەر ياشىغان زېمىنلاردۇر. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تارىخىي ۋە ئېتنىك باغلىنىشى زىچ بولۇپ، ئېنىق بولغان تارىخىي مەنبەلەر بويىچە ئالغاندا، 5-9-ئەسىرلەردىلا بۇ تۇپراقلاردا تۈركىي -ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كەڭ تارقىلىپ ئورۇنلاشقان. بولۇپمۇ، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر-تۈركىي قەبىلىلىرى بىلەن پەرغانە ۋادىسى ۋە ئىسسىق كۆل بويىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا زىچ باغلىنىشلار بولغان. قاتنىل خانلىقى ، كۆك تۈركلەر دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئورخۇن قالغانلىقى ھەمدە قاراخانىلار سۇلالىسىغىچە بولغان كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا پەرغانە ۋادىسى، ئىسسىق كۆل بويلىرى ۋە تارىم ۋادىلىرى تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولۇپ، بۇ تۇپراقلار ئىلگىرى كېيىن مەركىزى خاندانلىقلارنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئىدارە قىلىش مۇساپىلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن ئىدى. بۇ خىل ئۇزۇن مەزگىللىك تارىخىي جەريانلاردا تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا پەقەت ئىجتىمائىي تۈزۈلمىدىكى ، يەنى ئولتۇراقلاشقان شەھەر مەدەنىيىتى بىلەن چارۋىچىلىق-كۆچمەن ئىجتىمائىي ھايات تۈزۈلمىسىدىكى پەرقلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇلاردا ئايرىم ئېتنىك كىملىك بولمىغان ئىدى. تۈركىي قەبىلەر ئوتتۇرا ياۋرو-ئاسىيانىڭ قەدىمكى ۋە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلىرىدە كۆپ ۋاقىت ئورتاق دۆلەتچىلىك رامكىسى ئاستىدا ، مەسىلەن ھۇن ئىمپېرىيىسى، كۆك تۈركلەر ۋە شەرقىي ھەم غەربىي تۈرك قالغانلىقى، ئۇيغۇر ئورخۇن قالغانلىقى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسى قاتارلىق قۇدرەتلىك خاندانلىقلارنىڭ سىياسىي خەرىتىسى ئىچىدە ياشىدى. بۇ خىل رامكا 11-ئەسىردە ماھمۇت كاشغەرى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ كۈچەيگەن بولۇپ، ماھمۇت كاشغەرىينىڭ ئورتاق سىياسىي ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ ئىپادىسى بولغان << تۈرك>> نۇقتىئىينەزەرىنى گەۋدىلەندۈرۈشى شۇنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ماھمۇت كاشغەرىينىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئالغاندا قاراخانىلار دەۋرىدە پەرغانە ۋە تارىم ھەم ئىسسىق كۆل ۋادىسىدىكى شەھەر ۋە چارۋىچىلىق ھاياتتىكى ئاھالىلارنىڭ ھەممىسى تۈرك خەلقى بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ئېتنىك كىملىكى پەرقى ۋە ئايرىم تۈركىي مىللىي تىللىق پەرقى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئالغاندا ئەينى ۋاقىتتىكى 20 دىن ئارتۇق ھەر خىل تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ

ھەممىسى تۈرك خەلقى ۋە ياكى تۈرك مىللىتىدىن ئىبارەتتۇر.

تارىم، يەتتە سۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىدا ياشىغان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى 8-9- ئەسىرلەردە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مىللىي ۋە سىياسىي كىملىكى رامكىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، 8-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئىسسىق كۆل ۋە پەرغانە ۋادىلىرىغىچە يېتىپ كەلدى شۇنىڭدەك 9-ئەسىردە ئۇيغۇر قالغانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىمۇ كىرىپ يەرلەشكەن ئىدى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە يەنە 13-ئەسىردە ئىسسىق كۆل، پەرغانە ھەتتا سەمەرقەنتكە بولغان جايلاردا ياشىغان خەلقلەر ئۇيغۇر، يەنى خەنسۇچە << خۇيخۇ>> ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىلىپ؛ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئىدى.

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ بۇ زېمىنلارنى ئىدارە قىلىشى ۋە چاغاتاي خانلىقى ھەمدە كېيىن، تۆمۈرلەر دەۋرى ۋە سەئدىيە خاندانلىقى دەۋرلىرىدىمۇ پەرغانە ۋادىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن تارىم ۋادىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئىتنىك تەرەققىياتىدا قىسمەن ئۆزگىرىشلەر يۈزبېرىپ، بۇ تۇپراقلارغا موڭغۇل تىللىق قەبىلىلەر كۆچۈپ كەلىپ يەرلىشىپ، قەدەم-قەدەمدە مۇسۇلمانلىشىش ۋە تۈركلىشىش ھەم ئۇيغۇرلىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈشى بىلەن رايوننىڭ ئېتنىك تەركىبىگە يېڭى ئېلېمېنتلار قوشۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا ئۇيغۇر دىيارى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەقلەر ئارىسىدا ئېتنىك زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئايرىم ئېتنىك كىملىك چۈشەنچىلىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ، ئولتۇراق ھاياتتىكى پەرغانە ئاھالىسى بىلەن تارىم ۋادىسى ئاھالىسى ئوتتۇرىسىدا ئېتنىك كىملىك پەرقى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېتنىك پەرقلەر تۈركىي قەبىلىلەر ۋە خەلقلەر ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى تۈركىي خەلقلەر بىلەن پارس تىللىق خەلقلەر ۋە موڭغۇل تىللىق موڭغۇل قەبىلىلىرى ھەم جۇڭغارلار ئارىسىدا ئىپادىلىنەتتى. ئۇيغۇر دىيارى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئولتۇراق ھاياتتىكى تۈركىي خەلقلىرى بىر-بىرى بىلەن ياشىغان شەھەر ۋە ماكانلىرى ئارقىلىق پەرقلىنەتتى. تارىم ۋادىسىدىكى شەھەرلەردە ياشىغۇچى ئاھالە بىلەن پەرغانە ۋادىسىدىكى شەھەرلەردە ياشىغۇچى ئاھالە بىر-بىرىنى ئايرىم

مىللەت ئەمەس بەلكى ئايرىم شەھەرلەردە ۋە ماكانلاردا ياشىغۇچى سۈپىتىدە چۈشەنگەن ئىدى. مەسىلەن، قەشقەرلىق، ئەنجانلىق، سەمەرقەنتلىك، قوقانلىق ۋە باشقىلار.

ئولتۇراق ھاياتتىكى تۈركىي خەلقلەر بولسا، قەبىلە تۈزۈلمىسى مەۋجۇت تۈركىي خەلقلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەبىلەن نامى بىلەن ئاتايتتى خالاس ! ھازىرقى قازاقلار ۋە قىرغىزلار ئىچىدىمۇ نۇرغۇن قەبىلەر ۋە ئۇرۇغلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلاردىمۇ ئورتاق قازاق ۋە ياكى قىرغىز مىللىي كىملىك چۈشەنچىسى يوق ئىدى.

ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان بىر-بىرلىرى بىلەن ئايرىم مىللەت سۈپىتىدە ئايرىلماي كەلگەن ھەر خىل تۈركىي خەلقلەر ۋە قەبىلەر 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىغا كەلگەندە ھازىرقى زامان مىللەت كاتىگورىيىسى ۋە نەزەرىيىلىرى بويىچە سۈنئىي يوسۇندا بىر-بىرلىرىدىن ئايرىۋېتىلدى. مەزكۇر سۈنئىي ئېتنىك چېگرا ئايرىمىسى نەتىجىسىدە تۈركىي خەلقلەر بۈگۈنكى كۈندىكىدەك تەخمىنەن 40قا يېقىن ئايرىم تۈركىي مىللەتكە ئايرىلدى. ئايرىم مىللىي ۋە ئايرىم مىللىي سىياسىي كىملىك تەرەققىيات يولى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن مەيدانغا كېلىپ، ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە لېنىنىزم ۋە ستالىنىزمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئىبارەتتۇر.

مەيلى، قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار بىلەن بۈگۈنكى ئۆزبېكلەرنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىق تارىخى ۋە ئېتنىك باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتلىرى 18-ئەسىردىن ئېتىبارەن پەرغانە ۋادىسىدىغا كۆچۈپ يەرلەشكەن قەشقەرىيىلىكلەر، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قەددەمدە يەرلىك خەلقلەرگە، يەنى بۈگۈنكى ئۆزبېكلەرگە سىڭىپ كېتىشىدىكى مۇھىم ئامىلدۇر. ئەگەردە بۇ خەلقلەر ئارىسىدىكى ئۇزۇن مۇساپىلىق تارىخىي ۋە ئېتنىك ئورتاقلىقلارنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى بولمىغان بولسا، مۇنداق سىڭىششىمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى.

## 2)تىل، دىن ۋە ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق مەدەنىيەت ھادىسىسىدىكى ئورتاقلىق ۋە يېقىنلىق

18-19-ئەسىردە پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلار قەدەم-قەدەم يەرلىك خەلقلەرگە، بولۇپمۇ ئۆزبېكلەرگە سىڭىپ كېتىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشىدىكى ئاكتىئال ئامىللار ئالدى بىلەن بۇ ئىككى خەلقنىڭ ئېتنىك، ئۆرپ-

ئادەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى، دىن، تىل جەھەتتىن ئىنتايىن يېقىن ۋە زور دەرىجىدە ئوخشاشلىقلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىل جەھەتتىن ئالغاندا ، رۇسىيە تۈركولوگلىرى ئۆزبېك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر گۇرۇپپىغا، يەنى تۈركىي تىللارنىڭ ئۇيغۇر-قارلۇق گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىككى تىلنىڭ قىسمەن فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك تەرەپلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سىنتاكسىس ، لۇغەت تەركىبى ھەتتا ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت زور دەرىجىدە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى. ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئارىسىدىكى پەرقلىق تەرەپلەرنىڭ كۆپىيىشى 20-ئەسىرگە مەنسۇپ بولۇپ، 20-ئەسىردە ئۆزبېك مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ جاۋاجىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزبېك تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىگە رۇسچە ئىبارىلەر ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى كۆپلەپ كىرىپ ئۆزلەشتى.

ئۇيغۇر تىلىغا بولسا، 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن خەن تىلىنىڭ تەسىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىللىرىدە مەجبۇرىي يوسۇندا، ئۇنىڭدىن كېيىن زامان ۋەزىيىتىگە لايىق ھالدا سىڭدى.

لۇغەت فوندىدىكى بۇ خىل ئوخشىماسلىقلارمۇ ئىككى خەلق تىلىنىڭ پەرقلىق تەرەپلىرىنى كۆرستىدۇ. بىراق، 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە ، يەنى سوۋېت رۇسىيىسى ھاكىمىيىتى تېخى مۇستەھكەملەنمىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئايرىم ئېتنىك نام ئاستىدىكى زامانىۋى تۈركىي تىللار ، جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى دەيدىغان تىلشۇناسلىق ئۇقۇملىرى تېخى شەكىللەنمىگەن ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە پەرغانە ۋادىسى بىلەن تارىم ۋادىسى، بولۇپمۇ قەشقەر تەۋەسىدىكى ئاھالىلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ھەم ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىدە زور ئورتاقلىقلار مەۋجۇت بولۇپ ۋە ئوخشاشلىقلار مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئىككى تۇپراقتىكى ئاھالىلار بىر-بىرىگە كەلگەندە تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەت ۋە ئىجتىمائىي ھايات تۈزۈلمىسىدە غەيرىلىك ھېس قىلمىغان.

ئەلۋەتتە، بۇ زېمىندا مەنچىڭ ۋە رۇسىيە ھۆكۈمرانلىرى ئايرىم ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ ھاياتىدا پەرقلىق ئالامەتلەر پەيدا بولۇشقا ۋە روشەنلىشىشكە باشلىدى. قەشقەرىيىنىڭ قول-ھۈنەرۋەنچىلىك، دەھقانچىلىق مەدەنىيىتى پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇ خىل مەدەنىيەت بىلەن ئورتاقلىق ۋە ئوخشاشلىقلارغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن كۆچمەن قەشقەرىيلىكلەر يەرلىك

ئاھالىلارنىڭ بۇ خىل ھايات قاتلاملىرىغا تېز ماسلاشتى ھەمدە ئۆزلەشتى.

دىنى جەھەتتە بۇ ئىككى ۋادا ئىلگىرى -كېيىن ئىسلاملاشتى ھەمدە ئوخشاشلا مىڭ يىلدىن ئارتۇق مۇسۇلمانلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ يەردىكى تۈركىي قەبىلىلەرمۇ قەدەم-قەدەم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇلار ئوخشاشلا ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە مەنسۇپ بولدى. بۇنداق بىر خىل مەزھەپتە بولۇشمۇ ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدە ۋە چۈشەنچىلەر جەھەتتە بىرلىكنى ساقلىشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە 18-19-ئەسىرلەردە قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاق تاغلىقلار گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار پەرغانە ۋادىسىدا يەرلىك خەلقلەر بىلەن خۇددى ئۆز ۋەتىنىدىكىگە ئوخشاش ئىككى خىل مەزھەپ زىددىيىتىگە دۇچ كەلمەي ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق زىددىيىتىدىن خالى قالدى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئۇلار يەرلىك قېرىنداش تۈركىي تىللىق ئاھالىلار بىلەن ئوخشاش دىنىي مەزھەپكە مەنسۇپ بولۇش بىلەن ئۇلار ئارىسىدا قىلچە ئايرىمچىلىقى خاھىشلىرى كۆرۈلمىدى. بۇ ھالمۇ ئۇلارنىڭ يەرلىك خەلقلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

يەنە بىر نۇقتا شۇكى، پەرغانىلىقلار بىلەن قەشقەرىيىلىك تۈركىي ئاھالىلار يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ چىراي تۇرقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئانتروپولوگىيىلىك تۈزۈلۈشلىرىمۇ ئاساسەن بىردەك بولغانلىقى ئۈچۈن چىراي-قىياپەتتىكى بۇ خىل ئوخشاشلىقلارمۇ ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ، ئۆزلىشىپ كېتىشىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئانتروپولوگىيىلىك تۈزۈلۈش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا روشەن پەرقلەر كەۋدىلىك ئەمەستۇر. مەركىزىي ئاسىيادىكى ئىككى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا چىراي-تۇرقى جەھەتتە بىلەن ئەڭ ئوخشاش ئىككى خەلق -ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇرلار بولۇپ، بۇ خىل ئوخشاشلىق پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۆزبېكلەر بىلەن قەشقەر تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئالاھىدە كەۋدىلىكتۇر. ئەلۋەتتە، ھازىرقى زامان ئۆزبېكلىرى ئارىسىدا تاجىك-ئىران تىپىنىڭ تەسىرلىرى ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا كەۋدىلىكرەك بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئومۇمىي يۈزلۈك ئەھۋال ئەمەس. بۇنداق ئەھۋال ئۆزبېكىستاننىڭ تاجىكلار كۆپرەك ئورۇنلاشقان رايونلىرى، مەسىلەن سەمەرقەنت ۋە بۇخارا رايونلىرىدا ئالاھىدە روشەن بولسىمۇ، بىراق پەرغانە ۋادىسى، بولۇپمۇ ئەندىجان ۋە مەرغىلان ھەم ئوش ئەتراپلىرىدىكى ئۆزبېكلەر بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ

قەشقەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى چىراي تۇرقى جەھەتتىن بىر-بىرىدىن ئالاھىدە گەۋدىلىك پەرقلەرگە ئىگە ئەمەس.

يۇقىرىقىدەك كۆپ خىل ئوخشاشلىق ۋە ئورتاقلىقلار مۇھاجىر قەشقەرلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن يەرلىك ئاھالىلار ئارىسىدا قەدەم-قەدەم سىڭىشىپ، ئۇلار بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ بىر خىل تەبئىي يۇغۇرۇلۇش ياكى ئىنتېگراتسىيە ھادىسىسى ئىدى.

شۇنىڭغا ماس ھالدا يەنە بىر نۇقتىنى تەكىتلەش زۆرۈركى، 1877-1882-يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن رۇسىيە تەۋەسىگە كۆچكەن تۇڭگانلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۇرمۇش ئۆرپ- ئادەت، تىل، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن يەرلىك ئاھالىلاردىن كۆپ پەرقلىق بولغاچقا ئۇلاردا يەرلىك ئاھالىلارغا سىڭىشىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. تۇڭگانلارنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى ۋە ياكى يەتتە سۇدىكى ئاھالىلارغا خۇددى پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئومۇمىي يۇزلۇك ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، 19-ئەسىردە كۆچۈپ كەلگەن تۇڭگانلار ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ سوقۇلۇق، ئالېكساندروپكا، ئىۋانوفكا قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتا كېلىپ ئورۇنلاشقان يېزىلىرىدا 130 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىللىقنى ساقلاپ، دەسلەپكى بىر قانچە مىڭ ئادەمدىن كۆپىيىپ بۈگۈنكى كۈنلەردە 60مىڭغا يەتكەن. تۇڭگانلار مەيلى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بولسۇن، ۋە ياكى 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى بولسۇن، بۇ دەۋرلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا ئۆز كىملىكىنى ئۆزگەرتمىگەن ۋە ياكى باشقا يەرلىك خەلقلەر تەركىبىگە قوشۇلۇش يولىنى تۇتمىغان. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەتتە سۇدىكى تۇڭگانلارنىڭ باشقا يەرلىك خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر بەكرەك زىچ بولغان ئىدى.

19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا شەنشى-گەنسۇ رايونلىرىدىن ئۇيغۇر ئېلىغا كېلىپ، بۇ جايلار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەن بەي ياڭخۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولسۇن، ۋە ياكى 1882-1883-يىللىرىدا ئىلىدىن ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە كۆچكەن تۇڭگان ئاھالىسى بولسۇن ۋە ياكى 20-ئەسىرنىڭ 50-60-يىللىرىدا ئىلى ۋادىسىدىن كۆچۈپ چىققان تۇڭگانلار بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان، ئېتنىك، تىل، ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تۇمۇش تۈزۈلمىسى ۋە باشقا بەزى تەرەپلەردىن يەرلىك ئاھالىلاردىن پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىشىپ كېتىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلمىدى.

ئاسسىمىلياتسىيە ئەھۋالى كۆرۈلدى دېگەندىمۇ، بۇ قىسمەن ئائىلىۋى خاراكتېرلىك بولۇپ ھېچقاچان ئومۇمىي ئېقىم بولمىغان ئىدى.
شۇڭا مېنىڭ قارىشىمچە، مەركىزىي تەكىتلەنگەن تەرەپلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلەرگە سىڭىشىپ كېتىشىدىكى ھەل قىلغۇچ فاكتورلار ھېسابلىنىدۇ.

## 3) تەبىئىي ۋە سىياسىي جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە شارائىت

بۇ ئۆقتىنى ئىككى خىل جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا يەنى، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىت ۋە مۇھىت ۋە سىياسىي جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئايرىش كېرەك. بىرىنچىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى قەشقەرىيە بىلەن پەرغانە ۋادىسىنى پامىر-ئالاينىڭ ئېگىز تاغ-داۋانلىرى ئايرىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ، قىش مەزگىلىدە بۇ رايونلار قېلىن قار بىلەن قاپلىنىپ، دائىم قار بوران چىقىپ، ئىقلىمى قاتتىق سوغۇق بولىدۇ.
قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭلاردىن كېيىن كۆپلەپ پەرغانىغا كۆچۈپ چىقىشى ئەينى ۋاقىتلاردا ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئېگىز تاغلار، داۋانلار ۋە قار-بورانلارنىڭ ھۇجۇملىرىدىن ساق-سالامەت ئۆتۈپ، مىڭ بىر جاپادا پەرغانەنىڭ بوستانلىقلىرىغا يەرلىشىپ قالغان ھەمدە ئۇ يەردە نورمال تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشكەن ئاھالىلەرنىڭ يەنە ئائىلىلىرىنى ئېلىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشى قىيىن ئىدى. بۇ خىل تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتمۇ مۇساپىرلارنىڭ ، بولۇپمۇ ئائىلىلىكلەرنىڭ قايتىدىن ئۆز يۇرتلىرىغا كۆچۈپ بېرىشىنى توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىدى.
قەشقەرلىكلەرنىڭ مۇنچىلىك قوشۇنلىرىنىڭ ئۈچ ئېلىشىدىن قورقۇپ كوللېكتىپ قېچىش ھەرىكەتلىرىنىڭ قىش ۋاقىتلىرىغا توغرا كەلگەنلىرى بۇ كۆچمەنلەر ئۈچۈن ئېيتىپ تولىمۇ ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى قالدۇرغان ئىدى. مەسىلەن، 1847-يىلى، يەتتە غوجا قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندا يۈزبەرگەن كەڭ كۆلەملىك قېچىش 11-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، بۇ قېچىشتا مىڭلىغان ئادەملەر، باللار، ئاياللار، بوۋاي-موماي پامىرنىڭ ئېگىز قار بورانلىق تاغ-جىلغىلىرىدا قاتتىق سوغۇق ھەم قار شۇۋرغان ۋە ئاچارچىلىق دەستىدىن قىرىلىپ كەتكەن ئىدى. بۇ كۆچۈش مەنچىلىك سۇلالىسى قەشقەرىيىنى ئىشغالىيەت ئاستىغا ئالغاندىن كېيىنكى تارىخىي جەريانلاردىكى كۆچۈش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قېتىملىق ئەڭ پاجىئەلىك ۋەقە ھېسابلىناتتى. ئەنە شۇ قېتىملىق كۆچۈشتە ساق-سالامەت پامىر-ئالاي

تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، پەرغانە ۋادىسىغا يېتىپ كېلەلىگەن ئادەملەرنىڭ قايتىدىن يەنە مۇنداق قىيىن كۆچۈش سەپىرىگە ئاتلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە پەرغانە ۋادىسى بىلەن قەشقەر ۋادىلىرىنىڭ كىلىماتى، يەر شارائىتىنىڭ زور دەرىجىدە ئوخشاشلىقى ، ھەتتا پەرغانە ۋادىسىنىڭ ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ قەشقەرگە قارىغاندا مولراق، يەرلىرىنىڭ بەكرەك مۇنبەت ھەم سۇ زاپىسىنىڭ كۆپرەك بولۇشتەك ئۆزگىچىلىكلىرىمۇ قەشقەرىيىنىڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۈچۈن خۇشاللىنارلىق تەرەپلەر ھېسابلىناتتى. مانا بۇلارمۇ كۆچمەن ئاھالىلارنىڭ بۇ يەرلەرگە تېز يەرلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار بولۇپ، بۇمۇ كۆچمەن قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ يەرلىك ئاھالىلار بىلەن بىرلىشىشىغا پايدىلىق رول ئوينىدى.

ئىككىنچى، سىياسىي جۇغراپىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ ئىككى جۇغراپىيىلىك رايون چار رۇسىيە ۋە چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئايرىپ ئىدارە قىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا چار رۇسىيە ۋە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ، جۈملىدىن رۇسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ھەربىي-سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت دەۋرى باشلاندى. 1878-يىلى چار رۇسىيە قوقەنت خانلىقىنى ئۆزئۆل- كېسىل يوقىتىپ، پۈتۈن پەرغانە ۋادىسىنى تۈركىستان گۇبېرناتورلۇقىنىڭ بىر ئوبلاستىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن قەشقەرىيە بىلەن بولغان چېگرىلارغا چار رۇسىيە قوشۇنلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نەتىجىدە، چىڭ ئىمپېرىيىسى بىلەن چار رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپ ئارىسىدا چېگرىلار دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى. چىڭ ئىمپېرىيىسى تەرەپمۇ ياقۇپ بەگ ھۆكۈمىتىنى يوقىتىپ، قەشقەرىيىنى قايتا ئىشغالىيەت ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، چېگرىلارغا بولغان قوغداش ھەم قامال قىلىشنى كۈچەيتتى.

1881 ـ يىلى، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن مەنچىڭ ھۆكۈمىتى سانكتپېتېربۇرگدا << ئىلى >> شەرتنامىسىنى ئىمزالاپ، 10 يىل چار رۇسىيە كونتروللۇقىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئىلى ۋادىسى نۇرغۇن ئىقتىسادىي پايدا مەنپەئەتلىرى بەدىلىگە چىڭ سۇلالىسىغا قايتۇرۇپ بېرىلدى ھەمدە ئىلى تەۋەسىدە چىڭ سۇلالىسى بىلەن چار رۇسىيىنىڭ چېگرىلىرىنى ئايرىپ چىقىلدى. بۇنىڭ بىلەن شىمالدىكى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە رۇسىيە تەۋەسىگە كۆچۈپ كېتىش ھەرىكىتى يۈز بېرىش بىلەن بۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلار چار رۇسىيە پۇقرالىرىغا ئايلاندى. بۇ مەزگىلدىكى چار رۇسىيىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا سىياسىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەتچىلىك يولىغا مېڭىشىغا يول قويماسلىق ھەم ئۇنى قوللىماسلىق ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇر ئېلىنى

چىك سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا قالدۇرۇپ، پەقەت ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىدى.

پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار بۇرۇن قوقەنت خانلىقىغا تەۋە بولغان بولسا، مانا ئەمدى چار رۇسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۇنىڭ پۇقرالىرىغا ئايلاندى. بۇ خىل يېڭى مۇناسىۋەت پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر قەدەم بۇ جايلارغا سىڭىپ كېتىشىدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەشكىل قىلدى.

ئىچكى سىياسىي جۇغراپىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، چار رۇسىيىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تىكلىنىشى ھەم 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېتنىك كىملىكلەر ئايرىلىپ، جۇمھۇرىيەتلەر قۇرۇلغاندا، پەرغانە ۋادىسى ئۈچ جۇمھۇرىيەتكە ئايرىپ بېرىلىپ، بىر پۈتۈن كۆچمەن ئۇيغۇرلار يەنە ئۈچ سىياسىي جۇغراپىيىلىك بوشلۇقتا پارچىلاندى.

ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقى ئىگىلىگەن پەرغانەنىڭ ئۆزبېكىستان قىسمىنىڭ قەشقەر بىلەن ( شىنجاڭ بىلەن بولغان) چېگرا رايونلىرى قىرغىزىستانغا ئايرىپ بېرىلىش بىلەن پەرغانىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەشقەرىيە بىلەن بولغان بىۋاستە باغلىنىشىمۇ ئۈزۈپ تاشلىنىپ، بۇرۇنقى بىۋاستە باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت ئاخىرلاشتى.

كۆچمەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ زېمىنگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىششى تارىخىي جەريانىدا باشتا قوقەنت خانلىقى، ئارقىدىن چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ، يەنە ئارقىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىن ئىبارەت تۆرلۈك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى. پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق تۆرلۈك سىياسىي كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇشى ھەممە ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار ياشىغان جايلارنىڭ ئۈچ سىياسىي جۇغراپىيىگە پارچىلىنىشى ئۇلارنىڭ پارچىلىنىشى، بىر يەرگە توپلىشىپ ياشاپ، شۇ جايدىكى ئاساسلىق ئېتنىك توپلۇققا ئايلىنىش مۇمكىنچىكىنى ئازلاتتى.

ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى دۇچ كەلگەن مۇنداق تەبىئىي ۋە سىياسىي جۇغراپىيىلىك شارائىت ئۇلارنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە ، مۇھىمى دېھقان، ئولتۇراق ھاياتتىكى ئۆزبېكلەر جەمئىيىتىگە سىڭىشىپ كېتىشىدىكى ئامىلدۇر.

### 4) ئېتنىك سىياسىي ئىستراتېگىيە .

ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى سىياسىي تۇس ئالغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگەرتىشنى تاللىشى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قوقەنت خانلىقى چار رۇسىيە تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، پەرغانىدا چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەندە بىرىنچى قېتىم باشلاندى. چىڭ سۇلالىسى بىلەن چار رۇسىيىنىڭ بۇ ۋاقىتتا بىر قاتار دىپلوماتىك ئالاقىلاردا بولۇشى پەرغانىدىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ رۇسىيە تەۋەلىكىنى بېكىتىپ، بۇرۇنقى قەشقەرلىك پەرقىنى تاشلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى، چىڭ ئىمپېرىيىسى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، پۈتۈن قەشقەرىيىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىدىن كۆپ قېتىم بەي ياغخۇ، بەك قۇلىبەك قاتارلىقلارنى ۋە باشقا قاچقۇنلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

چىڭ ئىمپېرىيىسى تەرەپنىڭ قەشقەردىن قاچقانلارنى رۇسىيە تەرەپتىن تەلەپ قىلىشى پەقەت پەرغانىغا يېڭىدىن قېچىپ كەلگەن ئاھالىلەرنىلا ئەمەس، بەلكى بۇرۇندىلا چىڭ ئىمپېرىيىسىگە قارشى قوزغىلاڭلارغا قاتنىشىپ، پەرغانىغا قېچىپ كېلىپ يەرلىشىپ قالغان قەشقەرلىكلەرنىمۇ ئەندىشىگە سالدى. گەرچە چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى قاچاقلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن قەشقەرلىك ئاھالىلەرنىڭ يېڭىدىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقان چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە بولغان ئىشەنچىسى تېخى شەكىللەنمىگەن ئىدى.

چۈنكى، زو زوڭتاڭ قەشقەرىيىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، چار رۇسىيە بىلەن چىڭ ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا پامىر رايونىدىكى بىر قىسىم زېمىنلەرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى جىددىي تالاش-تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، 1881-يىلى، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا <<ئىلى شەرتنامىسى>> تۈزۈلۈپ، چار رۇسىيە ئىلىنى چىڭ ئىمپېرىيىسىگە قايتۇرۇپ بەردى. پامىر رايونىدىكى چېگرا پاسىلى ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلار نەتىجىسىدە چىڭ ئىمپېرىيىسىمۇ ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىر مەزگىل ياقۇپ بەگنىڭ ئوغلى بەك قۇلىبەككە ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قوراللاندۇرۇپ، چىڭ ئىمپېرىيىسىگە قارشى سالماقچى بولدى. ھەتتا قەشقەرىيە ئاھالىلىرى ئارىسىدا ھاكىمخان تۆرە ۋە بەك قۇلىبەك قاتارلىقلارنىڭ قايتا قوشۇن تارتىپ كېلىپ مەنچىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى خەۋىرى تارقالدى.

بىراق، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن چىڭ ئىمپەرىيىسى 1884-يىلى، يېڭى مەرغىلان شەھىرىدە << قەشقەر كېلىشىمى>>نى ئىمزالاپ، تەڭرى تاغلىرىدىكى بەدەل

ئارتتىن تاكى پامىردىكى ئۈزبېل ئېغىزىغىچە بولغان جايلاردىكى چېگرىلارنى ئايرىپ چىقتى. رۇسىيە پامىرنىڭ غەربىي جەنۇبىنى، چىڭ ئىمپەرىيىسى جەنۇبىي قىسىملىرىنى ئىگىلەيدىغان بولدى[103]. لېكىن، 1891-يىلىغا كەلگەندە چىڭ ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇلۇغ بىرىتانىيە ئارىسىدا پامىرنىڭ بىر قىسىم چېگرىسى ئېنىق بولمىغان رايونلىرى ئايرىش مەسىلىسىدە سۆھبەت بولغاندىن كېيىن، چار رۇسىيە پامىرنىڭ شەرقىغىچە، يەنى، سىرىق قول رايونىغىچە بولغان بىر قىسىم جايلارغا قوشۇن كىرگۈزگەندىن كېيىن ئىككى دۆلەت چېگرا مەسىلىسى يەنە جىددىيلەشتى. چىڭ ئىمپېرىيىسى ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ بۇ جايلارنىڭ ئۆز زېمىنى ئىكەنلىكى بىلەن ئۇنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مانا مۇشۇ بىر قاتار ۋەقەلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا رۇسىيە تەرەپ بەك قۇلبەك قاتارلىقلارغا ياردەم كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش سىياسىتى يۈرگۈزگەن ئىدى. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي، 1892- ۋە 1893-يىللىرى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى سۆھبەتلەردىن كېيىن، چىڭ ئىمپېرىيىسى قاتتىق مەيدانىنى بوشاتتى. رۇسىيە بولسا بەك قۇلبەكنىڭ ھەرىكەتلىرىنىمۇ چەكلەپ قويدى.

مانا بۇ بىر قاتار سەۋەبلەرمۇ پەرغانىدىكى قەشقەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چىڭ ئىمپەرىيىسى تەۋەسىدىكى قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن كىملىكىنى يوشۇرۇش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى ئېھتىماللىققا يېقىن. ئەنە شۇنىڭ سەۋەبىدىن 1897-يىلىدىكى پەرغانىدىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ سانى بىراقلا ئازلاپ كەتكەن.

قەشقەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ چار رۇسىيە دەۋرىدە ئۆز كىملىكىنى ئۆزگەرتىش ۋە يوشۇرۇشقا يەنە 1898-يىلى قەشقەرلىك ئۇيغۇرلاردىن مەدەلىخان خەلىفە باشلامچىلىقىدا ئەنجان قوزغىلىڭى يۈز بەرگەنلىكىمۇ بىر سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. قوقان خانلىقى بويسۇندۇرۇلۇپ، 22 يىل ئۆتكەندىن كېيىن پەرغانە ۋادىسىدا چار رۇسىيىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭنىڭ بېشىدا قەشقەرىيىلىكلەردىن مۇھەممەد ئەلى خەلىفە ( ئىشان مەدەلى خەلىفە) تۇرغان ئىدى. بۇ قوزغىلاڭ 1898-يىلى، ماي ئەيىدا ئەنجان يېنىدىكى ئەسلى كېلىپ چىقىشى قەشقەرلىك كۆپرەك بولغان مىڭ تۆپە دېگەن جايدا پارتلاپ، نامەنگان ۋە ئەنجان قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيگەن ئىدى. بۇ قوزغىلاڭ ئاخىرىدا رۇس ئارمىيىسى تەرىدىن باستۇرۇلۇپ، مەدەلىخان باشلىق 17 ئادەم قولغا چۈشۈپ چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دارغا ئېسىلغان. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن چار رۇسىيە

دائىرىلىرى پەرغانىدىكى قەشقەرلىكلەرگە قاراتقان كونتروللۇق ۋە نازارەتنى كۈچەيتكەن .

پەرغانە ۋادىسىدىكى قەشقەرلىك ئۇيغۇرلار ئىككىنچى قېتىم كەڭ كۆلەمدە ئۆز كىملىكىنى ئۆزگەرتىش ۋە ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا باشقا خەلقلەرگە تىزىملىتىش، ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ، ئېتنىك كىملىكلەر ئايرىلىپ، مىللىي ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغاندا يۈز بەردى. پۈتۈن تۈركىستاندا 1924-يىلدىن كېيىن ئىككى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت ۋە ئىككى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى. پەرغانە ئۈچ مەمۇرىي جەھەتتىن ئايرىلدى. سوۋەت ھۆكۈمىتى پانتۈركىزمغا، ئىسلامىي ئىدىيەگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئايرىم ئېتنىك كىملىك، ۋە مىللەت ئېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پروگراممىسىنى يولغا قويغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان يەرلىك ئاھالە سارتلار، ئۆزبېك نامى ئاستىغا يىغىلىپ، ئۆزبېك مىللىتى شەكىللەندۈرۈلدى. ئۆزبېكلەر جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىگىسى سۈپىتىدە ئېتراپ قىلىندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە زور ساندىكى قەشقەرلىكلەرمۇ ئۆزلىرىنى ئۆزبېك تەركىبىگە قوشتى، چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ پەرقى پەقەت قەشقەرلىك ۋە ياكى ئاخۇن دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىككى خەلق پەقەت يەرلىرى بىلەن پەرقلىنەتتى.

سوۋېت ھۆكۈمىتى پۈتۈن تۈركىستان تەۋەسىدىكى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۋاتقان بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى، خارازىم خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇلارنى موسكۋانىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا تۇتۇش ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئورتاق تۈرك دۆلىتى قۇرۇش ئىدىيىلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن بۇ زېمىندا بۇ يەرلەردىكى خەلقلەرنى ئايرىم مىللەتلەرگە پارچىلاپ ھەم ئۇلارغا ئايرىم مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ بېرىش سىياسىتى قوللىنىپ، مەزكۇر زېمىنلاردا ئالدى بىلەن ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ۋە تۈركمەنىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ چىقتى. ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە تاجىكىستان ئاتونوم جۇممھۇرىيىتى، رۇسىيە سوتسيالىستىك فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى تەركىبىدە قازاقىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ۋە قارا قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى. بىراق، ئابدۇللا روزىباقىيېپ باشلىق ئۇيغۇرلارنىڭمۇ باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش ئاپتونومىيەگە ئېرىشىش ئارزۇسى چەكلىمىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلارغا مۇنداق سالاھىيەت بېرىلمىدى. بۇ ئەھۋالمۇ پەرغانە ۋادىسىدىكى كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى ئۆزبېككە بىكىتىش تاللىشىنى

كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر ئاملغا ئايلاندى. چۈنكى، قەشقەرلىك ۋە تارانچىلار دەپ ئاتالغان ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇر رەھبەرلىرى ۋە ۋەكىللىرى تۇنجى قېتىم 1921-يىلى، تاشكەنتكە جەم بولۇپ، قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ئۇيغۇر نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەمدە بۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ئورتاق ئىتنىك نامى قىلىپ بېكىتىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كەلگۈسى سىياسىي تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان سىياسىي پلاتفورما بەلگىلەپ، 3- ئىنتېرناتسىيونالغا ئۆز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، 1919- يىلى، رۇسىيە بولشېۋىكلىرىنىڭ كوممۇنىزم ئىنقىلابىنى پۈتۈن شەرققە كېڭەيتىش شۇئارى بويىچە 3- ئىنتېرناتسىيونال ئۇيغۇر ئېلىدە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى قوزغاشنى قارار قىلغان شۇنىڭدەك يەنە رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى تۈركىستان بيۇروسىنىڭ رەئىسى لاتىش مىللىتىدىن كېلىپ چىققان ئېرنىست يان رۇدزۇتاك قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيىدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى قوزغاش ھەمدە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا قەشقەرىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە شىمالىدا جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى جۇمھۇرىيەت قۇرۇش پروگراممىسى تەشەببۇس قىلغان ئىدى[104]. 1921-يىلى، 4-ئىيۇن كۈنى لېنىن رەھبەرلىكىدىكى رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ، مۇنداق ئىككى جۇمھۇرىيەت قۇرۇش پروگراممىسىنى بىكار قىلغان شۇنىڭدەك ئارقىدىنلا ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى <<قوشچىلار ئىتتىپاقى>>غا قېتىۋەتكەن ھەمدە تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدا ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى سېكسىيىسى قۇرۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلغان ئىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدا ياڭ زېڭشىننىڭ مىلتارىست ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، سوتسىيالىستىك<<ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى>> قۇرۇش ئارزۇسى يوققا چىقىرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سوۋېت رۇسىيىسى تەركىبىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئېلىش ئارزۇلىرى پەيدا بولغان ئىدى. بىراق، 1924-يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەرلىك خەلقى ئەمەس، بەلكى كۆچمەن سۈپىتىدە بېكىتىلدى. بۇ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىلا ئۆز كىملىكىنى ئۆزگەرتىشىدىكى ئامىللارغا ئايلاندى.

سوۋېت ھۆكۈمىتى يەنە ئۇيغۇرلارغا ئاپتونومىيە ھوقۇقى بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزبېكلەرگە قوشۇۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نوپۇس تەركىبىنى

ئازلىتىش ئۇسۇلىنىمۇ قوللاندى. يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، دەسلەپكى چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ئىدىيىسىمۇ تېخى كۈچلۈك بولمىغان ئىدى. 1921-يىلىدىكى تاشكەنت قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى بويىچە پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتەسۇدىكى پۈتۈن قەشقەرلىكلەر ۋە تارانچىلار بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ دېگەن ئىدىيە قارارلاشتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر نامى بۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ئورتاق ئېتنىك نامى سۈپىتىدە بېكىتىلگەن ھەم تەرغىپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ زىيالىيلىرى ۋە ئاۋاملىرى ئارىسىدا مەزكۇر ئىدىيىنى قوبۇل قىلمايدىغانلارمۇ كۆرۈلدى. بىر قىسىم قەشقەرلىكلەر ئۆزلىرىنى تارانچىلاردىن ئايرىم مىللەت، ئۇنىڭ ئەكسىچە يەنە بىر قىسىم تارانچىلار ئۆزلىرىنى قەشقەرلىكلەردىن ئايرىم مىللەت دەپ ھېسابلاپ، مەزكۇر ئىدىيىنى تەرغىپ قىلدى. ئەسلى قەشقەردىن پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ زىيالىيلىرى قاتلىمىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى قادىر ھاجىنى يادرو قىلىپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدىكى ئىلى ۋادىسىدىن يەتتەسۇغا كۆچۈپ چىققان تارانچى ( ئىلى ئۇيغۇرلىرى) ئۇيغۇرلىرىنىڭ زىيالىيلىرى بىلەن تاكى 1930-يىللارغىچە تارانچى-قەشقەرلىك كۆرۈشىنى داۋاملاشتۇردى . قادىر ھاجى باشچىلىقىدىكى قەشقەرلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، لېكىن <<تارانچىلار ئۇيغۇر ئەمەس، ھەتتا ئۇلار تۈركىي خەلق ئەمەس، ئۇلار موڭغۇل نەسلىدىن كېلىپ چىققان>> (105) دېگەن كۆز قاراشنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە << تارانچىلار ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر ھېسابلاپ بارلىق جايلاردىكى ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىغا كىرىۋالدى. ئوقۇشنى تۈگىتىپ خىزمەتلەرگە جايلىشىۋېلىشقا باشلاپتۇ. دېمەك، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئورۇنلىرىنى ھەم ئالىي مەكتەپلەردە ، ھەم خىزمەت جايلىرىدا شۇلار ئېلىۋاپتۇ، ھەقىقىي ئۇيغۇر چەتتە قالدى>>(106) دېگەن پىكىرلەرنى تارقاتقان. قادىر باشچىلىقىدىكى بۇ بىر قىسىم زىيالىيلار يەنە ئىلى شۆۋىسىنى ئاساس قىلغان ئەدەبىي تىل شەكىللەندۈرۈشكىمۇ قارشى چىققان بولۇپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ۋە باشقىلار بۇ خىل ئىدىيىگە قاتتىق قارشى تۇرۇپ، بۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىككى يەرلىك تارمىقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما قادىر باشلىق گۇرۇپپا < قۇتۇلۇش>> گېزىتىنى نەشر قىلىپ، مەزكۇر گېزىتنىڭ تىلىنى قەشقەر شۆۋىسىنى ئاساس قىلىپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلار مەسئۇل بولۇپ چىقارغان ئىلى شۆۋىسى ئاساس قىلىنغان << كەمبەغەللەر ئاۋازى>> گېزىتى بىلەن رىقابەتكە چۈشتى. مەزكۇر ئىككى خىل ئىدىيىنى يورۇتىدىغان ھەمدە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى دەلىللەيدىغان ماقالىلار بۇ

ئىككى گېزىتتە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئېلان قىلىنىپ تۇردى. <<كەمغەبەللەر ئاۋازى>> ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ ئىدىيىسىنى، <<قۇتۇلۇش>> گېزىتى قادىر ھاجىچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ياقلىدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەقەلەرنىڭ شاھىدلىرىدىن بىرى، 1935-1937-يىللىرى موسكۋا تەرىپىدىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىلگەن خادىملارنىڭ بىرى مەنسۇر ئەپەندى ئۆز ئەسلىمىسىدە تارانچى-قەشقەرلىك كۈرىشىنى ئەسلەپ << بۇ، 1920-يىللاردا تاشكەنتتە ستۇدېنتلار ، ھەتتا ئايرىم ئاۋام -پۇقرالار ئىچىدە ئەۋجى ئالدى. تالاش-تارتىشلار، تىللاش-ھاقارەتلەشلەر، كوچىلاردا مۇشتلىشىش، كالتەكلىشىشكە ئوخشاش توقۇنۇشلار دەرىجىسىگە يەتتى>دەپ يازىدۇ (107).

قادىر ھاجى يەنە دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، يەنى ئۇيغۇر نامى بېكىتىلگەن چاغلاردا << ئۇيغۇر دېگەن مىللەت يوق، قەشقەرلىك ، تارانچى دېگەن ئىككى خىل مىللەت بار. تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى قەشقەرلىك، تارانچىلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئىكەنلىكى نامەلۇم>>(108) دەيدىغان ئىدىيىنى تەرغىپ قىلىپ، پەرغانە ۋە يەتتەسۇدىكى ئەسلى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن كۆچۈپ چىققان ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ، يەنى قەشقەرلىكلەر بىلەن تارانچىلارنىڭ مەزكۇر رايون خاراكتېرلىك نامىلىرىنى تاشلاپ بىر ئورتاق ئۇيغۇر نامى ئاستىغا يىغىلىش ۋە بۇ نامنى ئورتاق ئىشلىتىش ئىدىيىلىرىگە قارشى چىققان ئىدى.

ئۇنىڭ ئەكسىچە ئابدۇللا روزىباقىيېۋ بولسا بۇنىڭغا قارشى چىقىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: ئالتىشەھەر ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا سوغۇقچىلىق سالماق مۇمكىن، ئەمما ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى ئىككى تۈرلۈك مىللەتكە ئايرىۋەتمەك مۇمكىن ئەمەس>>، << ئالتىشەھەرلىك>>، <<قەشقەرلىك>>، <<تارانچى >> دېگەن ئايرىم مىللەتلەر يوق، بەلكى ئۇيغۇر دېگەن بىرلا مىللەت بار، ھەممىگە ئومۇمى بولغان <<ئۇيغۇر تىلى>> دېگەن بىرلا تىل بار(109).

ئەمما، 1926-يىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، يەتتەسۇدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى تارانچى دەپ تىزىمغا ئالغۇزغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكىنى تاللىغانلار تارانچى نامىنى تاللىغانلاردىن ئاز بولغان. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزبېكىستاندا ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ بېكىتكەنلەر قەشقەرلىك دەپ بېكىتكەندىن كۆپ بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر نامىنى تاللىغانلارنىڭ مۇتلەق زور قىسمى ئۆزبېكىستانغا جايلاشقان.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر نامىنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىش تارانچىلارغا قارىغاندا قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا كۈچلۈك بولغان. لېكىن، قەشقەرلىك ئايرىم تارانچى ئايرىم مىللەت دەيدىغان خاھىش ۋە تالاش-تارتىش تاكى 1930-يىللىرىغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، 1930-يىلى ئالمۇتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئىملا يىغىنىدا تارانچى ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىككى خىل شۋىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى ئىملا قائىدىسى بېكىتىلگەنگە قەدەر تارانچى-قەشقەرلىك جېدىلى داۋاملىشىۋەرگەن ئىدى. بۇ خىل تالاش-تارتىشلاردا ئاكتىپ ماقالە يازغانلار ئابدۇللا روزىباقىيېف، قادىر ھاجى، لاتىپ ئەنسارى، سابىرجان شاكىرجانوف، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى، بۇرھان قاسىموف، ئۇچقۇن ۋە باشقىلار ئىدى.

تەھلىل قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېخى ئۇيغۇر دېگەن ئېتنىك نام ئاستىدىكى ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى شەكىللەنمىگەن، ئۇيغۇر نامى ئاستىدىكى ئورتاق ئېتنىك كىملىك ۋە ئېتنىك مىللەتچىلىك ھەمدە ئۇيغۇر مىللىي بىرلىك خاھىشلىرى ئىنتايىن ئاجىز بىر ھالەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل ئاتالمىش تارانچى-قەشقەرلىك جېدىلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى.

قىزىق نۇقتا شۇكى، ئەينى ۋاقىتتا كوممۇنىستىك ئىدېئولوگىيىگە ھەم لېنىن ۋە ستالىنىنىڭ مىللىي سىياسەتلىرىگە قارشى ھەر قانداق ئىدېئولوگىيە ۋە پىكىرنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى خالىمايدىغان سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بۇ خىل تارانچى-قەشقەرلىك جېدىلىگە تاكى ئون نەچچە يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت يول قويىدى. ھەتتا موسكۋا شېك شىسەيىنىڭ ئۆلكە ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەپ، خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆلگىسى بويىچە ئوخشاش شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى ئايرىپ، تارانچىلارنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئايرىپ چىقىپ، ئۇنى تارانچى مىللىتى قىلىپ بېكىتىشىگە يول قويىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل مىللەت تەركىبىنى ئايرىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىدە 14 مىللەتنى رەسمىيلەشتۈرۈشمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت باش كونسۇلىنى ئاساس قىلغان سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى.

سوۋېت رۇسىيىسى تەۋەسىدىكى تارانچى-قەشقەرلىك جېدىلى، 1930-يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئاساسەن سۇسلاشتى ھەمدە 1937-يىلىدىكى ئالمۇتىدا ئېچىلغان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئىملا يىغىنى ئورتاق لايىھە قارار قىلىنىدى ھەمدە شۇ يىلدىكى

سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش جەدۋىلىدە قەشقەرلىك ۋە تارانچى دېگەن ناملار ئۆچۈرۈلۈپ ، پەقەت بىرلا ئۇيغۇر نامى رەسمىيلەشتۈرۈلدى. قىسقىسى سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ ۋاقىتتا تارانچى ۋە قەشقەرلىك دەيدىغان ئىككى مىللەت يوقلۇقى، پەقەت ئۇيغۇر مىللىتىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قانۇنلاشتۇرغان ئىدى. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدىكى ئۇيغۇر ئېلىدە بولسا تارانچى مىللىتى ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن تەڭداش ئورۇنغا قويۇلۇش داۋاملىشىۋەردى. ئون نەچچە يىل ۋاقىت تارانچى-قەشقەرلىك كۈرەشكە سۆكۈت قىلىپ، بۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ بىر-بىرى بىلەن توختاۋسىز كۈرەش قىلىشىنى كۆزىتىپ تۇرغان سوۋېت رۇسىيىسى ئاخىرى 1937-1938-يىللىرىدا مەركىزىي ئىككى گۇرۇپپىدىكى زىيالىيلار ۋە ئاكتىپلار ھەتتا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي بىرلىكىنى تەشەببۇس قىلغان ئابدۇللا روزىباقىيېف ھەمدە قەشقەرلىك ئايىرىم مىللەت دەپ ئۆزلىرىنى تارانچىلاردىن ئاخىرىغىچە ئايرىپ كەلگەن قادىر ھاجىنىمۇ ئوخشاشلا <<خەلق دۈشمىنى>> دېگەن جىنايەت بىلەن ئېتىپ تاشلىدى. ستالىننىڭ رەھىمسىز جازاسىدىن تارانچى ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ ھېچقايسىسى قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدە تارانچى-قاشقارلىق كۈرىشى تولۇق ئاخىرلىشىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇيغۇر دېگەن نام ئاخىرقى قېتىم رەسمىيلەشتۈرۈلدى شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسلىق زەربە بېرىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

دېمەك، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ، بولۇپمۇ ئاۋام خەلقى ئارىسىدا مۇنداق ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا قوبۇل قىلماسلىقتەك مىللىي كىملىك تۇيغۇلىرىدىكى ئاجىزلىق خاھىشلىرىمۇ پەرغانە ۋە باشقا رايونلاردىكى خېلى كۆپ ساندىكى قەشقەرىيە كۆچمەنلىرىنىڭ ئۆز كىملىكىنى ئۆزبېككە ئۆزگەرتىشىدىكى ئىچكى ئامىلغا ئايلانغان ئىدى. بىراق، تارانچىلار ئارىسىدا بولسا ئۆزبېك كىملىكىنى تاللاش ئەھۋالى يوق دېيەرلىك ئىدى.

بىر قىسىم ئۇيغۇر، قازاق، تاجىك ۋە قىرغىز تارىخشۇناسلىرى ئارىسىدا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي كىملىك ۋە مىللىي جۇمھۇرىيەت چېگرىلىرى ئايرىلىش جەريانىدا سوۋېت ھۆكۈمىتى مەجبۇرىي يوسۇندا بىر قىسىم قىپچاق، قازاق، تاجىك ۋە ئۇيغۇرلارنى ئۆزبېك دەپ تىزىمغا ئالغانلىقىنى، بۇنداق سۈنئىي يوسۇندا ئۆزبېكلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ھەمدە ئۆزبېك مىللىتىنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنى

قۇرۇپ چىققانلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەنە شۇنداق مەجبۇرىي تىزىملاش نەتىجىسىدە زور ساندىكى باشقا خەلقلەر ئۆزبېك تەركىبىگە كىرىپ كەتكەن. بۇ دەل ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە كېرەك بولۇپ، چۈنكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئورتاق تۈرك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىدىيىلىرى مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى، خارازم خەلق جۇمھۇرىيىتى نامىدىكى دۆلەتچىلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ھاكىمىيەتلەر تاشكەنتنى مەركەز قىلغان كوممۇنىستلارنىڭ تۈركىستان ئاپتونوم، جۇمھۇرىيىتىگە بويسۇنمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە 1917-يىلى مۇستاپا چوقاي قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئورتاق تۈرك ئىدىيىسىدىكى قوقەنت ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، تاشكەنتكە بويسۇنمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ بىر قاتار ئەھۋاللار سوۋېت رۇسىيىسى ئۈچۈن جىددىي خەۋپلەرنى تۇغدۇرغان ئىدى.

موسكۋا مانا مۇشۇ بىر قاتار ئەھۋاللار ئاساسىدا مەركىزىي ھاكىمىيەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئايرىم مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەركىبىگە قوشۇش قارارىغا كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئالدى بىلەن ئەڭ چوڭ تۈركىي خەلق ئۆزبېكلەرنى يارىتىپ، ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ۋە خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتى زېمىنىدا تۈركمەن مىللىتىنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ تۈركمەنىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئارقىلىق بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەتنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇش ئىمزاسىنى قويدۇردى.

موسكۋا بۇ ئىدىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخى ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ئاتىمىغان ھەممە ئۆزبېكلەردىن پەرقلىنىپ چۈشەنگەن سارتلار، قەشقەرلىكلەر، قىپچاقلار ۋە بىر قىسىم تاجىكلار ھەم باشقا قەبىلىلەرنى ئۆزبېك مىللىي كىملىكىگە قوشۇۋەتتى. بۇ ھەتتا مەجبۇرىي تۈس ئالغان ئىدى. بۇ مەسىلىدە ھازىرقى زامان تاجىك، قىرغىز ۋە قازاق مۇتەخەسسىسلىرى ئارىسىدا شۇنداق قاراش مەۋجۇت.

شۇنداق بولغاندا، پەرغانە ۋادىسىدىكى، بولۇپمۇ ئەنجان ئەتراپىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆزبېك مىللىي كىملىكىگە قوشۇۋېتىلگەن بولۇپ، بۇنى پەقەت ھۆكۈمەتنىڭلا تاللاش ۋە بېكىتىش ھوقۇقى بار ئىدى

1924-يىلى، ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، پەرغانىنىڭ بىر قىسمى، يەنى ئوش ۋە جالال ئاباد ۋىلايەتلىرى قىرغىزىستانغا قوشۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، بۇ رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار (قەشقەرلىكلەر) نىڭ زور بىر قىسمى قىرغىزىستانغا

بۆلۈپ بېرىلگەن. مەسىلەن، 1925-يىلى <<كەمبەغەللەر ئاۋازى>> گېزىتى ئوشنىڭ يېنىدىكى قەشقەر قىشلاقتا 2000 ئۇيغۇر بارلىقىنى يازغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تىللىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنغان، ھەتتا بىر قىسىم جايلار قىرغىزىستان غا ئايرىلغاندا ئېلىپ بېرىلغان ھۆكۈمەت مۇنازىرىسىدە، بۇ يەرلەردىكى 120 مىڭ ئۆزبېك دەپ ئاتالغان ئادەملەرنىڭ پىرىمىنىڭ ئەمەلىيەتتە قەشقەرلىكلەر ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان ئىدى. ئوش ۋە جالال ئاباد، ئۆزگەندقاتارلىق جايلاردىكى قەشقەرلىكلەر ئەنە شۇنداق پارچىلىنىش جەريانلىرىدا ئۆزبېك كىملىكگە ئۆزگەرتىلىپ، تېزىمغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ سوۋېت سىياسىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان چېگرىسىنىڭ قىرغىزىستان تەۋەسىدىمۇ زور ساندا ئۆزبېكلەرنى پەيدا قىلىش ھەمدە ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە يەنە ئوخشاشلا مەلۇم ساندا قىرغىزلارنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق ، بۇ ئىككى مىللەت ۋە ئىككى جۇمھۇرىيەت ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق پەيدا قىلىش تاكتىكىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى . 2009-يىلىدىكى قىرغىزىستان دۆلەت ئىستاتىستىكىسى بويىچە ئالغاندا ئوش ۋىلايىتىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ سانى 308 مىڭ، ئوش شەھىرىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ سانى 112 مىڭ، جالال ئاباد ۋىلايىتىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ سانى 257 مىڭ، جالال ئاباد شەھىرىدىكى نوپۇسى 38 مىڭ بولۇپ، مەزكۇر ئىككى ئوبلاستتا قىرغىزلار ئۆزبېكلەردىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، يەرلىك ئۆزبېكلەر بولسا، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سانىنى قەستەن ئاز كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىشىدۇ. مۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇ جايلاردا يەرلىك ئۆزبېكلەر ئارىسىدا ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىش ھەرىكەتلىرى مەۋجۇت ئىدى. مەزكۇر ئۆزبېك نوپۇسى نۆۋەتتە قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرى ئۈچۈن چوڭ بىر مەسىلە بولۇپ، موسكۋا بۇ مەسىلىنى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا كۆرۈپ بولغان ئىدى. موسكۋانىڭ بۇ تاكتىكىنىڭ نەتىجىسى 1990-يىلى ۋە 2010-يىلىدىكى ئوش ۋە جالال ئاباد ۋەقەلىرىدە نامايەن بولدى. بۈگۈنكى كۈنلەردە پۈتۈن پەرغانە ۋادىسىدا 12 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ياشىماقتا. پەقەت ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان ۋىلايىتىدە 2مىليون 67مىڭ ئادەم، پەرغانە ۋىلايىتىدە 3 مىليون 229 مىڭ ئادەم ياشايدۇ. پەرغانە ۋىلايىتىگە قوقەنت، مەرغىلان قاتارلىق شەھەرلەر تەۋە بولۇپ، مەرغىلانى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا 200 مىڭ ئادەم ياشايدۇ.

ئەگەردە چوقان ۋەلىخانوفنىڭ مەلۇماتىدا كۆرسىتىلگەن 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىكى ئەنجان، قاراسۇ ، شەھرىخان ۋە باشقا جايلاردىكى 300 مىڭ

قەشقەرلىك ھەمدە باشقا رايونلاردىكى قەشقەرلىكلەر ئىزچىل ئۆز كىملىكىنى ساقلاپ كۆپەيدى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىگە ئايلاندى دەپ قارالسا، ئۇ چاغدا، مەزكۇر 300 مىڭ نوپۇس 150 يىل جەريانىدا كەم دېگەندە 7-8 ھەسسە كۆپىيىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا، شۇنداق ھېسابلىغاندا پەرغانە ۋادىسىدا، بولۇپمۇ ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان ۋىلايىتى بىلەن قىرغىزىستاننىڭ ئوش ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ئاتاۋاتقان ئاھالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئەشۇ قەشقەرلىكلەر، يەنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغان بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، قازاق مۇتەخەسسىسى ئەرمەك نارىمبايېنىڭ قارىشىچە، ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان ۋىلايىتىدىكى بىر يېرىم مىليون پاسپورتىدا ئۆزبېك دەپ يېزىلغان نوپۇسنىڭ 65%-80% ئى ئەمەلىيەتتە ئېتنىك ئۇيغۇرلاردۇر (110).

ئەمما، ھازىرغىچە ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە زادى قانچىلىك ئۇيغۇر بارلىقى ئېنىق ئەمەس مەسىلە، مەيلى 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى 300 مىڭ ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ئاز رەقەمدىكى قەشقەرلىكلەر ئاھالىسى بوگۈنكى كۈندە كۆپىيىپ بىر قانچە مىليوندىن ئاشتى دېگەندە دېيىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار بەربىر ئاللىقاچان ئۆز مىللىي كىملىكىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزبېك مىللىي كىملىكىنى قوبۇل قىلىپ بولغان.

ئۆزبەكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، پروفېسسور ئەخەت خوجايوف ئەپەندى بۇنىڭدىن 10 يىللار ئىلگىرى مۇئەللىپكە ئۆزبېكىستاندا تەخمىنەن 500 مىڭ ئۇيغۇر بار دېگەن بولسا، شۇ ۋاقىتتىكى ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مەسئۇلى، ئۆزبېكىستاندا 250 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ سانلىق ئۇچۇرلىرىنى تەخمىنەن ھېساباتلارغا تايىنىپ ئېيتقانلىقىدا شەك يوق. ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى بولسا، 2009-يىلى، پۈتۈن ئۆزبېكىستاندا 60 مىڭ ئۇيغۇر بارلىقىنى قەيت قىلدى.بەلكى مەزكۇر 60 مىڭ دېگەن سان ھازىر يەنە ئازراق كۆپەيگەن بولۇشى مۇمكىن. بەلكى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، مەزكۇر 60 مىڭ دېگەن رەقەمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىسىگە 20-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك.

پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېك كىملىكىگە سىڭىپ كېتىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاپتونومىيە ھەرىكىتى مەۋجۇت بولۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا مۇنداق سالاھىيەتنى بەرمىدى ھەمدە بۇنى بەرمەسلىك ئۈچۈن ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولغان پەرغانە

ۋادىسىدىكى تونۇلۇشى ئۇلتۇراقلاشقان بۇ قەشقەرلىك ئۇيغۇرلارنى ئۆزبېكلەرگە قوشۇۋېتىشقا ھەمدە دەسلەپتە رۇسىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە بولغان قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە كېيىنكى قىرغىز جۇمھۇرىيىتىگە تەقسىم قىلىۋېتىشى توغرا كېلەتتى. قىرغىزلار 1936-يىلى، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت سالاھىيىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆزبېكىستان بىلەن تەڭ دەرىجىگە ئىگە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي كىملىك ئىدىيىسىمۇ كۈچەيتىلگەن ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندا ئۇچىنچى قېتىملىق سىڭىشىش دولقۇنى 193-يىلىدىن كېيىن يۈز بەردى. 1937-يىلىدىكى ستالىننىڭ چوڭ تازىلاش ھەرىكىتى ۋە كىملىك كىنىشكىسى تۈرگۈزۈش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندا، ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى، تىياتىرلىرى ھەتتا كولخوزلىرى بىراقلا تاقالدى. كولخوزلار نامىرىنى ئۆزگەرتتى. نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ياپون ئىشپىيونى، پان تۈركىست دېگەندەك جىنايەتلەر بىلەن قولغا ئېلىندى. ئەنە شۇ قېتىملىق كەڭ رېپرېسسىيىدە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار كىملىك تۈرگۈزۈش سىياستىگە ماسلىشىپ ئۆز مىللىي كىملىكىنى ئۆزبېككە ئۆزگەرتتى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ۋە ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلار بىراقلا تولۇق ئۆزبېكلىشىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلەرگە ئىنتېگراتسىيە بولۇشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى.

1937-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزبېكىستان، جۈملىدىن تاشكەنت ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە ماراپ مەركىزى بولغان بولسا، 1937-يىلدىن كېيىن بۇ مەركەز بارا قازاقىستانغا يۆتكىلىپ، ئاخىردا ئالمۇتا سوۋېت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇلدى.

تاشكەنت 1944-1950-يىللىرىغىچە يەنە بىر قېتىم موسكۋانىڭ پىلانى بويىچە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، بىر قىسىم زىيالىيلار بۇ يەرگە توپلىنىپ، مەخسۇس ئۇيغۇر ئېلىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا ئىدىيىۋى ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلغان << شەرق ھەقىقىتى>> جۇرنىلى ۋە كېيىنچە << شەرق ھەقىقىتى نەشرىياتى>>نىڭ خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇ نەشرىيات ئورگانلىرى 1949-يىلدىن كېيىن نۇرغۇن كىتابلارنى نەشر قىلىپ، ئۇيغۇر ئېلىغا ئەۋەتكەن ھەمدە ئارىلىقتا بىر مەزگىل پاسسىپلاشقاندىن بولسىمۇ، بىراق 1960-يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى يىرىكلەشكەندىن كېيىن، موسكۋانىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلانلىرىنىڭ تەركىبى قىسمى سۈپىتىدە تاشكەنت

قايتىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر مەركىزىگە ئايلاندۇرۇلدى. بۇ يەردە ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئاڭلىتىش يولغا قويۇلدى. ئۇيغۇر ناخشا ئۇسسۇل ئانسامبىلى قۇرۇلۇپ، تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگىچە ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. تاشكەنتكە خېلى زور ساندىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى، سەنئەتكارلىرى، ئەدىبلىرى توپلاندى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ، تاشكەنت قايتىدىن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى رولىنى ۋە ئورنىنى يوقاتتى.

## خۇلاسە.

پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ ئىككى ئەسىرلىك مۇساپىنى باشتىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئۆزىنى ھەتتا ئۇيغۇر دەپ ئاتىسىمۇ بىراق ئوز تىلىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنتۇپ، ئۆزبېك تىلىنى ئوز تىلى قىلىپ بېكىتىش ھەمدە داۋاملىق تۈردە سىڭىشىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە.

خۇلاسىلىغاندا، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە يوقۇلۇپ كەتكەن دىئاسپورىغا ئايلىنىشىدىكى ئاساسلىق ئامىللار يەنىلا ئالدى بىلەن مەدەنىيىتى، ئېتنىك كېلىپ چىقىش ۋە ئېتنىك تارىخى ئوخشاش بولغان، تىلى ۋە ئورپ-ئادەتلىرى ئىنتايىن يېقىن بولۇشىدۇر. ئەگەردە بۇ خىل شارائىت بولمىغان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلەرگە مۇنچە ئاسان سىڭىپ كېتىشى بولمىغان بولار ئىدى. ھەر قانداق ئاسسىمىلياتسىيە ۋە ياكى يۇغۇرۇلۇش ئۇچۇن ئالدى بىلەن تەبىئي مۇناسىۋەتلەر كېرەك بولۇپ، بىر-بىرىدىن تامامەن پەرقلىق خەلقلەرنىڭ بىر-بىرىگە يۇغۇرۇلۇشى ئىنتايىن قىيىن.

پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلەرگە سىڭىپ، ھازىرقى زامان ئۆزبېك خەلقىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، تەبىئي ئاسسىمىلياتسىيە ۋە ياكى تەبىئي يۇغۇرۇلۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق ئەھۋال ئەينى شەكىلدە قەشقەر ، يەركەنت، قاغىلىق، غۇلجا ۋە باشقا شىنجاڭ ( ئۇيغۇر ئېلى ) شەھەرلىرىدىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەرغانە ۋادىسىدىن ئۇيغۇر دىيارىغا كەلگەن ئۆزبېكلەر ئۆزلىكىدىن يەرلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتى، ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ قىسمىتى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولدى.

يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ( ئەسلىدىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ) ئۆزبېكلەرگە سىڭىپ كېتىشى، قەرىنداش تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆزارا يۇغۇرۇلۇشى ۋە ئورتاق ئېتنىك گەۋدىگە ئايلىنىشىنىڭ بىر ئۈلگىسى ۋە مودېلى بولۇپ، بۇ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى مۇنداق سىڭىشىش، يۇغۇرۇلۇش ۋە بىرلىشىش ئالدى بىلەن ئۇلار ئىچىدىكى تىل، ئۆرپ-ئادەتلىرى ئەڭ يېقىن بولغانلىرى تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى، تىل ۋە تۇرمۇش شەكلى جەھەتتىن يېقىنلار ئالدى بىلەن بىرلىشىش يولىنى تۇتىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، جۈملىدىن فەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ شەكىللىنىش شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتتە، بولۇپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغا كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەم ئۇنىڭدىن كېيىن قەدەم-قەدەم پەرغانە ۋادىسىدىكى ئاھالىلار تەركىبىگە سىڭىپ كېتىشى جەريانى مۇرەككەپ ئىچكى - تاشقى سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادى تەرەققىيات ھەمدە جۇغراپىيىۋى سىياسىي ئىستراتېگىيىلىك توقۇنۇشلار بىلەن باغلىنىش مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتتى.

نۆۋەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قالدۇق ئۇيغۇر دىئاسپورىنىڭ كەلگۈسى مەۋجۇتلۇقى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى كۈچلۈك خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان ئۆزلىرىنىڭ تارىخى ئانا ۋەتىنىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۆزلىرىنىڭ مەركىزى يادرولۇق گەۋدىسىدىن ئايرىم ھالدا تولۇق ساقلاپ قالالامدۇ ۋە ياكى قازاقىستان ، قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇر گۇرۇپپىلىرىمۇ خۇددى پەرغانە گۇرۇپپىسىغا ئوخشاش قەدەم-قەدەم يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىپ كېتىش تەقدىرىگە دۇچ كېلەمدۇ؟ دېگەنىدەك مەسىلىلەر جەمىيەتشۇناسلىق، سىياسەتشۇناسلىق، ئانتروپولوگىيىلىك ۋە باشقا نۇقتىلاردىن ئانالىز قىلىنىشى كېرەك.

------------

ئىزاھاتلار ۋە پايدىلانغان ئەسەرلەر

статистике. Численность Агентство Республики Казахстан по . [1])
января населения Республики Казахстан по отдельным этносам на 1
.2012 года

Республики. Национальный статистический комитет Кыргызской. [2]
(Национальный состав населения (оценка 1 января 2012 года
Этнический атлас Узбекистана. . Институт “Открытое Общество” . [3]
Узбекистан, 2002. Стр.217 - - Фонд содействия
СЕМИРЕЧЬЯ В К СТОЛЕТИЮ ПЕРЕСЕЛЕНИЯ УЙГУРОВ ИЗ . [4]
ТУРКМЕНИСТАН
http://hamrajan.narod.ru/Bayram-Ali.html .гг1990 - 1890
Millward. Beyond The Pass. Economy, Ethnicity , and .James A . [5]
P.245-249 .1864-1759 ,Empire in Qing Central Asia
.seyfidin Ezizi. Omur dastani (6)
Аблажей Н.Н. Репатрианты из КНР в районах освоения целинных . [7]
Гуманитарные науки в Сибири. // .(1962-1954) и залежных земель
.2008. № 2. С. 105-106
Li Danxui. Xinjiang Sulian qiaomin wentide lishi kaocha(1945-1965) . [8]
.yanjiu . 2003. № 3. С. 90 // lishi
houqi Zhongsu Guanyui We Changhui Chen Xianlin. Lun Erzhan .(9)
\.45-44 .Xinjiang suqiaode jiaoshe // Xiyu Yanjiu. 2000. № 4. С
. Qirghizistan ,Tokon Yusubakun Yusubakunov. Delo mumber geziti .(10)
баспасы. Румянцев , П . П . Уезды Жетысу.-Алматы:Жалын . [11]
.St.223 .Уезды Жетысу.-2000.- st.222. Румянцев , П . П. Таранчи
Румянцев , П . П Shu eser.223-225-betler . [12]
.Gaozong, zhuan 761 6-7 ye Qianlong 31nian 5 yue . [13]
.eser shu. [14]
Xinjiang .Xinjiang Jianshi ( Shinjangning qisqiche tarixi). 1-tom . [15]
.Renmin Chubanshe. Urumchi. 312-bet
Jiaotu yu Qingdaide Guanxi. ( Musulmanlarning Liu Fengwu. Hui . [16]
munasiwiti)-/ Xing Yaxiya. 1936. 12 toplam , 1- Ching dewri bilen bolghan
WenZhai. GansuShengTushuguan.1985. san.-XibeiMinzuZongjiao Shiliao
.2-tom .800-bet
a.Millward. Beyond The Pass. P.124 James . [17]

.bet-332 .Seng Menwu . [18]

Saibei. Ningxia Qing Shilu Musilin Ziliao Ji lu. zhong zhuan. Ma .(19
bet-236. Renmin Chubanshe.1988.248.-bet. ZHUAN 115. 33-35

Saibei. Ningxia Qing Shilu Musilin Ziliao Ji lu. zhong zhuan. Ma .[20]
.Renmin Chubanshe.1988.248.-bet

.ye 14-13 .ching shilu. zhuan 118

[21] موللا مۇسا سايرامى. تارىخىي ئەمنىيە. نەشرگە تەييارلىغۇچى .مۇھەممەد زۇنۇن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. ئۈرۈمچى.

(22] . موللا مۇسا سايرامى، تارىخىي ئەمنىيە، شۇ ئەسەر.

[23] . تارىخىي كاشغەر. 296-بەت.مۇھەممەد ئاتىق. ئىستانبۇل. 1355 ھىجرە. مىلادىيە 1934-يىلى،

.Choqan Walikhanov. 165-bet . [24]

.bet-165 . Choqan Welikhanov. [25]

A . Ходжаев . “ Цинская империя , Джунгария и Восточный . [26]
. Туркестан ”. 1979. издательство наука. Москва

.Yingde. Wei Wuer Shilue. Shanghai. 1952. 49-bet Guo. [27]

A.Kamalov. Uyghur Studies in Kazakhstan: Tradition and . [28]
.Almaty. Nash Mir. 96-bet .Innovation. 2006

Huifei fanlue .Beijing 1896. Qing Ding Pingding Shan Gan Xinjiang . [29]
.309 ji. L.14

Xinjiang Ji.-Huiminji. 4-tom. 376-380-bet. Liu Wei Guantao. Kandin . [30]
.tom. 1968.Taibei. 162-bet-1 ,Jintang. Liu Xianqin Gong Zuogao

betler-49-46 .Tarixiy Bedekhshan . [31]

Записки .О некоторых событиях в Бухаре, Хоканде и Кашгаре. [32]
.Мирзы-Шемса Бухари, изданные В.В. Григорьевым. Казань, 1861. С
.36

.Валиханов Ч.Ч. О состоянии Алтышара. С. 156; Григорьев В.В . [33]
Комментарии // О некоторых событиях в Бухаре, Хоканде и Кашгаре.
106 .С

12 .1936 .Liu Fengwu. Hui Jiaotu yu Qing Daide Guanxi. Xing Yaxiya . [34]

zhuan. 1 qi. Xibei Minzu Zongjiao Shiliao Wen zhai. GansuSheng
.Tushuguan. Lanzhou. 1985. 303-bet
c.106 . Валиханов Ч.Ч . [35]
Куропаткин А.Н. Историко-географический очерк страны, ее [36]
военные силы, промышленность и торговля. СПб., 1879. С. 121
Menwu, ZhongGu Jingying ShiYu Shi. 1937. 1986-yili qayta Seng . [37]
.bet-346 .neshiri
Историко-географический .kropatkin .qeshqeriye. Куропаткин А.Н. [38]
торговля. СПб., очерк страны, ее военные силы, промышленность и
1879. С. 121
Историко-географический .Korpatkin, qeshqeriye. Куропаткин А.Н [39]
торговля. СПб., очерк страны, ее военные силы, промышленность и
1879. С. 121
.eser Tarixiy Kashgher. Shu . [40]
,V.Nalivkin. Kratkaya istoria Kokandskogo Khanstvo. Kazan. [41]
Tipigrafia Imperatorskogo universiteta.1886. s.185
eser.304-bet Liu Fengwu. Shu. [42]
shinjang xelq .Liu Zishaw. Uyghur Tarixi. 36-70-betler, 2003. [43]
,neshiriyati
Seng Menwu. 338-bet. [44]
Menmu. Zhong Guo Jing Ying ShiYu Shi. 1937. 1986-yili, qayta Seng. [45]
.bet-348 neshiri
С. 125- .Наливкин В. Указ. соч. С. 185; Куропаткин А.Н. Указ. соч . [46]
.126
Оп. 11. .1 .Центр. гос. архив Республики Узбекистан (ЦГА РУ). Ф . [47]
..Д. 205. Л. 16
Ферганской Долины. No2958 Рапорт Начальника ошского Уезда . [48]
merkiziy tarixi ,1877.23-dekabir. SGIA UZ. (Özbékistan döletlik
Населения arxipi).fond.276.delo1, l-d.57-60.. Камалов.А.К . Миграция
Кашгарии в Ферганскую Долину После Падения Кашгарского

Конце 19 век. Uyghur Studies in Kazakhstan: Tradition and Эмирата в
-Nash Mir. 92 ,Innovation. Almaty
.A.Kamalov. Shu eser. 93-bet. [49]
Pingding Shan Gan Xinjiang Huifei fanlue .Beijing 1896. Qing Ding . [50]
.L.14 .309 ji
- .Конопко С.Р. Туркестанский край. -Ташкент. 1912. -2-е изд . [51]
.С.115
Абытов Байболот Капарович .Город Ош в начале XX века (по[ 52]
.(материалам русскоязычных источников
.http://www.eurasica.ru/articles
Return to China's Northern Frontier." The " .Owen Lattimore . [53]
.Jun., 1973), p. 237) Geographical Journal, Vol. 139, No. 2
Svedenia o Sobelev L.N. Geograficheskie I Staticheskie. [54]
Zerafshanskom Okruge ( S Prilozheniem Spiska Nasiyolennikh mest
.prim,1 okruga )// Zap. IPGO po otdeleniyu statistika .SPb, 1874, t.4, c.299
K ) Bronnikova O.M. Sarty v etnicheskoy istorii Sredney Azii . [55]
Postoanovke problem)// Etnosy o Etnicheskie prosessy.Moskwa.
Literatura. 1993 , s.153 Vostochnaya
Российской Империи Первая Всеобщая перепись населения . [56]
1897 г. Распределение населения по родному языку, губерниям и
(.областям ( http:// demoscope.ru//weekly
(demoscope.ru//weekly //:shu uchur. ( http. [57]
[58] چوقان ۋالىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى . 1986. ئالمۇتا. 190-بەت.
[59] ..ۋالىخانوف. شۇ ئەسەر. 190-بەت. غوجاخمەت سادۋاقاسوف. چوقان ۋەلىخانوف ئۇيغۇرلار ھەققىدە. غوجاخمەت سادۋاقاسوف تاللانما ئەسەرلىرى. ئالمۇتا. "ئالەم " نەشرىياتى. 2000. 55-بەت.
shu eser. 164-bet .Walixanof. [ 60]
.196 .Обозрение Кокандского ханства. С .[ 61]
Бабабеков Х.И. Бабабеков Х.И. Народные движения в . [62]
ханстве и их социально-экономические и политические Кокандском

.Ташкент, 1990. С.7 .(.предпосылки (XVIII-XIX вв

// Губаева С.С. Уйгуры и дунгане Ферганской долины (63 )
Современное развитие этнических групп Средней Азии и
S.121 .1992 ,.Казахстана. Ч. 2. М

-55 .2000 ,Izbrannie trudy Gojaxmeta sadvakasova. Almaty ,Alem . [64]
.bet

.Захарова И.В. Указ. соч. С. 223-224 . [65]

Кайдаров А. Уйгурский литературный язык и вопросы . [66]
терминотворчества // Исследования разработки научных принципов
.23 .по уйгурскому языку. Алма-Ата, 1965. Т. 1. С

Исхаков Г.М., Решетов А.М., Седловская А.Н. Современные . [67]
этнические процессы у советских уйгуров // Этнические процессы у
.групп Средней Азии и Казахстана. М., 1980. С. 75 национальных

Выходцы из Синьцзяна в Туркестане в конце .Никольская Г.В . [68]
истории народов Средней Азии): XIX - начале XX вв. (материалы к
.15 .Автореф. дис. канд. ист. наук. Ташкент, 1969. С

:Маллицкий Н.Г. Ташкентские махалля и мауза // В.В. Бартольду . [69]
Туркестанские друзья. С. 113; Решетов А.М. Уйгуры в Таджикистане //
история и традиционная культура народов Средней Этническая
;С. 195 .Азии и Казахстана. Нукус, 1989

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك ) .ЦГА РУ. Ф. 23. Оп. 1. Д. 532. Л. 221-241 . [70]
مەركىزىي ئارخىپى )

вопрос и Туркестанском крае // Верховский Н . П . Рабочий .[71]
4 ,Экономист России, - 32, 14 августа 1910. С

Владимир Дацыше. Ф ормирование китайской общины в ,. [72)
.( -империи ( второй половине 19-го века российской
.www.mion.isu.ru

иностранные коммунисты в туркестане. . И. С. Сологубов . [73]
.ташкент. 1961

[74] .ئابدۇللا روزىباقىيېۋ 20-ئەسىرنىڭ 20-30-يىللىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا تونۇلغان سىياسىي ۋە جامائەت ئەربابلىرى ھەمدە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ، تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار يۇقىرى ۋەزىپىلەردە بولغان ئىدى. 1921-يىلى ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى، 1920-1922-يىللىرى تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، 1922-يىلىدىن ئېتىبارەن رۇسىيە تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى قارمىقىدىكى ئۇيغۇر-تۇڭگان كوممۇنىستلىرى بۆلۈمىنىڭ رەئىسى، 1924-1934-يىللىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللەتلەرنىڭ كېلىشكىنى ئايرىش كومىسسىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قازاقىستان قىزىل ئوردا كومپارتىيىسى ۋە پاۋلودار كومپارتىيىسى كومىتېتلىرىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى، قازاقىستان تەمىنات مىنىستىرى، قازاقىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، رۇسىيە كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قازاقىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرغان ھەمدە 1922-يىلى، 3-ئىنتېرناتسىيونالنىڭ 3- ۋە 4-قۇرۇلتىيىغا تۈركىستانغا ۋاكالىتەن قاتناشقان. سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ 11-، 13، 16- قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان، 1925-1927-يىللىرى موسكۋادىكى شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، 1933-يىلى، موسكۋادىكى لېنىن مەكتىپىنىڭ ئاسپىرانتۇراسىدا ، ئارقىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى قارمىقىدىكى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. ئۇ، 1937-يىلى ستالىننىڭ تازىلاش ھەرىكىتىدە قولغا ئېلىنىپ، خەلق دۈشمىنى ، مىللەتچى ۋە پانتۈركىست دەگەندەك جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلىنىپ 1938-يىلى ئېتىپ تاشلانغان. روزىباقىيېۋ، ئۇيغۇر، قازاق ، رۇس تىللىرىدىكى بىر قانچە گېزىت ۋە جۇرناللارنىڭ باش رېداكتورى ھەمدە كۆپلىگەن ماقالىلارنىڭ ئاپتورى ئىدى. ئا лма-Ата. Энциклопедия / Под ред. Казахской советской .М. К. Козыбаева. - Алма-Ата: Гл. ред энциклопедии، 455-456 .С - .1983.

[75] .ئا.روزىباقەۋ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى. ئالمۇتا، 1988،

[76] .بۇرھان قاسىموف. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرگە بۆلۈنۈشى ۋە ئۇيگۇر خەلقلىرى،.
كەمبەغەللەر ئاۋازى. 1924-، سەنتەبىر 25، 1924.2

[77] .ئابدۇللا روزىباقىيېۋ. گەزەك مۇئەللىملەرنىڭ ."كەمبەغەللەر ئاۋازى"، 1925-يىلى، 18-ئىيۇل سانى.

[78] .ئابدۇللا روزىباقىيېۋ. بۇرادەر سابىرجاننىڭ تەنقىتىگە جاۋاب. " كەمبەغەللەر ئاۋازى". 1926-يىلى، 8-مارت. ئاپتور بۇ ماقالىسىنى موسكۋادا يازغان بولۇپ، ئۇ بۇ ۋاقىتتا موسكۋادىكى سۋەردلوۋ نامىدىكى شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتاتتى.

[79] . ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، شۇ ماقالە. 1926-يىلى، 8-مارت.

[80] . Всесоюзная перепись населения 1926 года. Национальный состав населения по республикам СССР. http://demoscope.ru/weekly/ssp/ussr_nac_26.php

[81] . ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1937-يىلدىكى نوپۇسى . www.demoscope.ru/weekly

[82] . Всесоюзная перепись населения 1926 года. Национальный состав населения по регионам РСФСР. http://demoscope.ru/weekly/ssp/rus_nac_26.php?reg=1476

[83] . Поляков Ю.А. ВСЕСОЮЗНАЯ ПЕРЕПИСЬ НАСЕЛЕНИЯ 1937 ГОДА: ОБЩИЕ ИТОГИ. Сборник документов и материалов. М., РОССПЭН, 2007, s.108-110

[84] . كەمبەغەللەر ئاۋازى .

[85] . بۇرھان قاسىموف . مۇئەللىملەر كېڭىشى ھەم بىزنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرىمىز. <<كەمبەغەللەر ئاۋازى>>. 1925-يىلى، 18-ئىيۇل. ئا.روزىباقىيېۋ. بۇرھان قاسىموۋ. ئالمۇتا. "رائۇئان"، 1992. 29-بەت.

[86] . ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى. قازاقىستان << نائۇكا>> نەشرىياتى. 1986. ئالمۇتا. 122-بەت.

[87] ئابدۇمەجىت روزىباقىيېۋ ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى. ئۇ 1930-يىللاردا تاشكەنتتە ئوقۇغان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان.1944-يىلدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى مەخسۇس ئۇيغۇر ئېلىدە ئىنقىلابىي ئىدىيىلەرنى تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن چىقارغان <<شەرق ھەقىقىتى>> جۇرنىلىدا تەھرىر ۋە كېيىن باش تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇ، 1946-يىلى، موسكۋادىكى پاۋلوۋ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا بىئولوگىيە ساھەسى بويىچە دوكتور بولغان . ئۇ ئۇيغۇرلاردىن چىققان تۇنجى بىئولوگىيە پەنلىرى

ئالمى ئىدى. ئابمەجىت روزىباقىيېۋ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1944-1950-يىللىرىدىكى ئۇيغۇر سىياسىتىگە ئارىلاشقان شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ كىشى 1998-يىلى، ئالمۇتىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.
[88] . خېلەم خۇدابەردىيېۋ. خېلەم خۇدابەردىيېۋ. خېلەم خۇدابەردىيېۋ . زامان ئىزغىرىنلىرىدا شۇڭغۇپ.( خاتىرەنامە). تاشكەنت. 2003-يىلى، 107-بەت.
[89] . خېلەم خۇدابەردىيېۋ . زامان ئىزغىرىنلىرىدا شۇڭغۇپ.( خاتىرەنامە). تاشكەنت. 2003-يىلى، 107-بەت.
[90] خېلەم خۇدابەردىيېۋنىڭ خېتىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ئۇنىڭ ئۆز كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. شۇ ئەسەر. 116-بەت. خېلەم خۇدابەردىيېۋ 1918-يىلى، تۇغۇلغان. 2004-يىلى تاشكەنتتە ۋاپات بولغان. ئۇ، 1937-يىلى، ئۆزبېكىستان ئوقۇتقۇچى نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئىشلىگەن، 2-جاھان ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەمدە 1947-يىلى، ئۆزبېكىستان چەتئەللەرچە ئاڭلىتىش رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ئىشلىگەندىن كەيىن، ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسىنىڭ 1-سېكرېتارى ئوسمان يۈسۈپوۋ تەرىپىدىن باشقا 12 كىشى بىلەن بىرگە غۇلجىغا ئەۋەتىلىپ. 1949-يىلىغىچە غۇلجىدا، باشتا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىدا ئىلاخۇن ئىسمى بىلەن مايور ئۇنۋانىدا مەسلىھەتچى، كېيىنرەك ئەخمەتجان قاسىمىغا سىياسىي مەسلىھەتچى بولغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇ يوشۇرۇن ۋەزىپىنى ئۆتىگەن ئىدى. ئەمما 1950-يىللاردا ئاشكارا ۋە رەسمىي يوسۇندا ئۇرۇمچىگە كېلىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا مەسلىھەتچى بولغان. ئۇ.، 20 يىلغا يېقىن ئۆزبېكىستان رادىئو-تېلېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. خېلەم خۇدابەردىيېۋ 1960-1980-يىللاردا سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن چىققان ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي خىزمەت ئۆتىگەن ( مىنىستىر دەرىجىلىك) ئازغىنا شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى. 1960-يىللاردا ئۆزبېكىستاندا ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان.
[91] . Nizat Niyazov. www.icc.uz.
[92] . V Шахрихане прошел национальный фестиваль уйгуров 19.09.2011
[93] . Национальный статистический комитет Кыргызской жилищного фонда Кыргызской Республики. Перепись населения и Кыргызстана. Республики 2009 года. Книга III(в таблицах). Регионы

.Город Ош
политики Казахского Ермек НАРЫМБАЙ .Задачи внешней . [94]
государства в Средней Азии (в разрезе казахско-узбекского
http://www.zonakz.net/articles/13536 .(пограничного вопроса
Абрамзон. Киргизы и их этногенетические и историко- .С. М. [95]
Наука, 1971. 1971. S.42 :.культурные связи. - Л
eser.43-bet С. М. Абрамзон. shu. [96]
G.Gozhaxmet Sadvakasov. K Voprosu Ujgursko-Uzbekiskoj . [97]
Yazykovoj Interferensii- . Izbrannyie Trudy Gozhxmeta Sadvakosova. S.
.Almaty. Alem. 2000. .180
.shu eser . [98]
[99] . غوجاخمەت سادۋاقوسوف. پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر تىلى. 66-67-بەتلەر.
Современное расселения народов и . Винников Я . Р . [100]
П . М .,1959. 2- . этнографических групп Ферганской долины // СЭС
Tom. 468.-bet
наманганской области. А. К. Боровков. Узбекские говори . [101]
Языкознание. Tashkent. 1963. Izbrannie Trudy Gozhaxmeta
.Sadvakosova. 180-bet
[102] . غوجاخمەت سادۋاكاسوۋ. شۇ ئەسەر.180-بەت.
Азии В.А. Моисев . Россия и Китай в Центральной. [103]
.S.224 .вторая половина XIX в. - 1917 гг.). Барнаул: АзБука, 2003)
Александр Зиновьев. БОГАТАЯ ПРОВИНЦИЯ СИНЬЦЗЯН, . [104]
БЕРИЛЛИЙ
ДЛЯ ССС
Phttp://nnm.ru/blogs/semiadmin/bogataya_provinciya_sinczyan_berilliy
.</_dlya_sssr
В.А. Советский Союз и Синьцзян 1918-1941. Барнаул: БГПУ, Бармин
.1999
(105). مەشۇر روزىيوۋ. ئۇيغۇر زېمىندا ( كۆرەش تارىخىدىن يادنامە).2007. ئالمۇتا. 64-بەت.
(106) ، شۇ ئەسەر. 64-65-بەتلەر

(107). شۇ ئەسەر .65-بەت.

(108). ئابدۇللا روزىباقىيېف. ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى. ( بۇرادەر سابىرجاننىڭ تەنقىدىگە جاۋاب) .كەمبەغەللەر ئاۋازى.1926-يىلى، 28-فېۋرال. بۇ ماقالە بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. ئابدۇللا روزىباقىيېف، خەلقىم ئۈچۈن كۆيىدۇ يۈرەك. ئالمۇتا. <، جازۇشى>> نەشرىياتى. 1997-يىلى، 88-بەت.

(109). شۇ ماقالە ۋە شۇ كىتاب. 89-بەت.

(110). Задачи внешней политики Казахского Ермек НАРЫМБАЙ. государства в Средней Азии (в разрезе казахско-узбекского пограничного вопроса), http://www.zonakz.net/articles/13536 . موسكۋانىڭ قانداق قىلىپ، ئۇزبەك مىللىتىنى ياسىغانلىقى ھەققىدە تۇۋەندىكى ماقالىدىكى ئۇچۇرلارغا قارالسۇن.
Р.Масов (академик): О термине "узбек" ("озбак") встречается множество противоречивых суждений. К вопросу образования Узбекской ССР. www.centrasia.ru

# مۇرات ناسىروف ۋە مەن

نەبىجان تۇرسۇن (تارىخ پەنلىرى دوكتورى)




ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك شانلىق مەدەنىيەت ۋە سىياسىي تارىخ ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ چىن قەلبىدىن پەخىرلىنىدىغان، سۆيىدىغان ۋە ئۇلۇغلايدىغان سۇلتان سۇتۇق، مويۇنچۇر، سەئىدىخان كەبى ئىمپېراتورلىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك

سىياسىيون ـ دۆلەت ئەربابلىرى، مەھمۇت قەشقىرى كەبى ئالىملىرى، ئەلىشىر ناۋايى كەبى يازغۇچى ـ شائىرلىرى ۋە ئامانىسساخان كەبى سەنئەتكارلىرىدىن ئىبارەت كۆپلىگەن نامايەندىلىرىگە ئىگە بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق ۋە سەلتەنەتلىك ئۆتمۈشى ھەم ئەشۇ بۈيۈك نامايەندىلىرى ئۇلارنىڭ مىللىي ئىپتىخار تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشتىكى روھىي مەنبە بولغان بولسا، 20 ـ ئەسىردە مەيدانغا چىققان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇلۇغ ئادەملىرى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىشنىڭ ئاۋانگارتلىرى سۈپىتىدە تېخىمۇ ھەم ئۈمىدۋارلىق بىلەن كېلەچەككە قاراپ مەردانە قەدەم تاشلاۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىلھام بېرىش شۇنىڭدەك چاقىرىق قىلىشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرماقتا. 20 ـ 21 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىشكە ھەسسە قوشۇۋاتقان ئۇيغۇر پىداكارلىرىنىڭ سانى ۋە كەسىپ دائىرىسى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئالقىشقا تېگىشلىك ۋە جۇغراپىيىدىن ئىبارەت ئىككى ئويمانلىقتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ياۋرو ـ ئاسىياغا جۇملىدىن دۇنياغا يۈزلەندى ھەمدە خەلقئارالىق تونۇش ئالدى. ئۇزۇن يىللار بۇ ئىككى ئويمانلىققا دۈملەپ قويۇلغان ئۇيغۇر كىملىكى بۈگۈنكى كۈندە تارىختىكى ئورخۇن دۆلىتىنىڭ ئىگىلىرىلىق سۈپىتى بىلەنلا ئەمەس بەلكى، يېڭى ئۇيغۇر كىملىكى ھالىتىدە يەر شارىغا تونۇلۇشقا باشلىدى. دۇنيا مۇنداق بىر مىللەتنىڭ ھېچقاچان ئۇنتۇلۇپ كېتىلمەيدىغانلىقى، بەلكى ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا يېڭى تارىخ يازىدىغانلىقىغا ئىشەندى ۋە ئىشەنمەكتە. مەن ئەنە شۇ كۆپلىگەن تالانتلىق ۋە پىداكار كىشىلىرىمىز قاتارىدا پەقەت ئاددىي بىر ئۇيغۇر ناخشىچىسى يەنى ئۇيغۇر سەنئەتكارى ھەققىدە ئاساسىي تېما سۈپىتىدە توختالماقچىمەن. ئەمما ئەسكەرتمەكچىكى، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۆز خەلقى ئۈچۈن جاۋاپكارلىق تۇيغۇسى ھېس قىلغان ھەم مىللىتىنىڭ ئالدىدا ئىمىنىڭ نومۇس، ئىمىنىڭ شەرەپ ئىكەنلىكىنى ھەس قىلالىغان ئاددىي ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر! رۇسلارنى ئۇسۇلغا سالغان ئۇيغۇر مۆڭگى سۆيۈملۈك دوستلار! شۇنچە شوخ" گۈل ئايىم" ناخشىسى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ھاياتلىققا رومانتىك مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن ئۆزۈلمەس شىجائەت بەخش ئېتىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم! بەلكى، بۇ ناخشىنى بىلمەيدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر بولمىسا كېرەك؟! ئۇيغۇرنىڭ پاك مۇھەببەتكە، ساداقەتمەنلىككە شۇنداقلا ئەركىن، شاد ـ خورام ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشى بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ ناخشا ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋى كۈچ قۇۋۋىتىنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە، ئۇيغۇرنىڭ ئايىغى تەككەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە يېتىپ بارغان ھەم بارماقتا. مانا

بۇگۈنكى كۈنلەردە بۇ ناخشا رۇسىيە سەھنىلىرىنى زىل-زىلىگە سېلىپ، سەنئەتخۇمار رۇس تاماشىبىنلىرىنى ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزۇۋەتمەكتە. بۇ ناخشا بىپايان رۇسىيىنىڭ موسكۋا، سانكت پېتېربۇرگ قاتارلىق كۆپلىگەن چوڭ-كىچىك شەھەرلىرى ھەتتا سىبىرىيە ئورمانلىقلىرىدىكى سوغۇق ئىقلىم قىشلاقلىرىدا، ۋولگا-ئۇرال ۋادىلىرىدا، ئۇكرائىنىيىنىڭ دنېپىر دەريالىرى ۋادىلىرىدا، بەلارۇسىيىنىڭ يېشىللىققا پۈركەنگەن تۈزلەڭلىكلىرىدە، مولداۋىيەنىڭ ئۈزۈمزارلىقلىرىدا ياڭراپ، ئۇ يەرلەردىكى كىشىلەرگە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دوستلۇق تىلەكلىرىنى بىلدۈرمەكتە. ئۆمرىدە ئۇيغۇر دېگەن نامنى ئاڭلاپ باقمىغان كىشىلەر ئۇيغۇرنىڭ بۇ شوخ ناخشىسىنىڭ كۈچلۈك مۇزىكىلىق ئۇدارلىرىغا جۆر بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشمەكتە. ئەلۋەتتە، ئۆزىدىن باشقا خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزىدىن ئۈستۈن كۆرۈش تۇيغۇسى ۋە ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئاھاڭلىرىدىن زوق ئېلىش ئىقتىدارى كەمچىلىك بىلەن تونۇلغان رۇسلارنىڭ ئۇيغۇرنىڭ كىچىككىنە بىر پېزىسى بولغان ئاتۇشىنىڭ ئەنئەنىۋى خەلق ئاھاڭلىرىغا ئۇسسۇلغا چۈشىشى زور بىر مۆجىزە بولسا كېرەك؟ بۇ مۆجىزە پەقەت مەخسۇس رۇس مۇزىكىلىرىنى ۋە رۇسلارنىڭ مۇزىكا پسىخىكىسىنى ياخشى چۈشەنگەن ئۇيغۇر يىگىتى مۇرات ناسىروف تەرىپىدىن يارىتىلدى.

ئۇنداقتا مەزكۇر ناخشىنى شۇنچە يېقىملىق ئېيتىپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقى كىشىلىرىنى ھاياجانغا سالغان بۇ ناخشىچى كىم؟ ئۇ، بۈگۈنكى كۈندە رۇسىيە جۇملىدىن پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىدا مەشھۇر بولۇپ تونۇلغان، ناخشا خۇمار ياشلارنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغان، ناخشا چولپىنى مۇرات ناسىروفتۇر. مۇرات ناسىروف بۈگۈنكى رۇس ئەستىرادلىق ناخشا-مۇزىكىسىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ئاللا پۇگاچېۋا، فىلىپ كىركوروۋ، ئولېگ گازمانوپ، ۋالېرى لېئەئونتېۋ ۋە باشقىلار غا ئوخشاش شان-شۆھرەتكە ئېرىشكەن بولۇپ، ھازىرقى زامان رۇسىيە سەنئەت تارىخىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئالغان.

ئەلۋەتتە، شوخ ۋە يېقىملىق ناخشا-مۇزىكىلارنىڭ ۋاقتى كەلسە مىللەت ۋە تىل ئايرىمىسى بولمايدۇ، ئەنە شۇنداق ھەممە مىللەت جۈملىدىن ھەممە ئىنسان ئورتاق ھوزۇرلىنالايدىغان، بەھر ئالالايدىغان ناخشا-مۇزىكىلارنى ھەممە مۇزىكانت ئىجاد قىلالمايدۇ شۇنداقلا ھەممە ناخشىچىلار ئېيتالمايدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىلگىرى كېيىن ئىككى ئۇيغۇر ناخشىسى رۇسلارنى قىسقىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنى ئۇسسۇلغا چۈشۈردى دېسەك مۇبالىغە بولمىسا كېرەك، بۇ ئىككى ئۇيغۇر ناخشىسىنىڭ بىرى 70-80-يىللاردا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تونۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ " ياشلىق

ئانسامبلى تەرىپىدىن ئورۇنلانغان " ئاپپاق-ئاپپاق توشقانلار" بولسا، يەنە بىرى 90-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋە ھازىرمۇ ئىپتىلئۋاتقان "گۈل ئايىم" ناخشىسىدۇر. ھەر ئىككىلا ناخشا ئۇيغۇر خەلق ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىجراچىلىرىنىڭ ئىسمىلىرى مۇرات بولۇپ، ئالدىنقىسى قازاقىستان خەلق ئارتىسى، قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ دىرېكتورى مۇرات ئەخمەدى ئىدى. 70-80-يىللاردا " ياشلىق" ئانسامبىلىغا رەھبەرلىك قىلغان ياش مۇرات ئەخمەدى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى قېتىم مەخسۇس گۇرۇپپا تۈزۈپ، ئۇيغۇر چالغۇلىرى بىلەن غەرب ۋە زامانىۋى چالغۇلارنى ھەم مۇزىكا ئۇدارلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىنى قازاقىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە شۇنىڭدەك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە رايونلىرىدا ئورۇنلاپ، مىليونلىغان ئىخلاسمەنلەرنى بويسۇندۇرغان ئىدى. ياشلىق ئانسامبىلىنىڭ گۇرۇپپىسى دائىم تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا كۆرۈنۈپ، "ئاپپاق-ئاپپاق توشقانلار" ناخشىسى رادىئو-تېلېۋىزورلاردا دائىم ياڭراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ توي -تۆكۈنلىرىدە، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ۋە تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە بۇ ناخشىنى ئېيتىش ھەم ئۇسۇل ئويناش نورمال ئەھۋالغا ئايلانغان ئىدى.

مۇرات ئەخمەدىنىڭ نامى ئەينى ۋاقىتتا ياشلىق ئانسامبلى بىلەن ھەم ئەشۇ ئۆزى ئورۇندىغان بىر قاتار ناخشىلىرى بىلە زىچ باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى تار ئۇيغۇر دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. بەلكى، مۇرات ئەخمەدى ھازىرمۇ ئەشۇ 20 -30 يىللارنىڭ ئالدىدىكى شۆھرىتى بىلەن ياشاۋاتقان بولسا، كېرەك؟! مۇرات ئەخمەدى دېسە كىشلەر ئۇنىڭ ھازىرقى ناخشىلىرى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ياشلىق مەزگىلىدە ئېيتقان " ئاپپاق-ئاپپاق توشقانلار"، " بىرىنچى مۇھەببەت" ۋە باشقا بىر قاتار ناخشىلىرىنى ئەسلىرىگە كەلتۈرىدۇ. قىسقىسى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نوپۇسى ئاز مىللەت ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇردىن چىققان ئىككى مۇرات ئۇ يەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنى تونۇتتى. كېيىنكى مۇرات بۇرۇنقى مۇراتتىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەنىكى، ئۇ موسكۋادەك رىقابەت شەھرىدە، رۇسلارنىڭ مانا مەن دېگەن چولپانلىرى رىقابەتلىشىپ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكلىرى ۋە تالانتلىقلىرى ئۇتتۇپ چىقىدىغان بىر جايدا رىقابەت مەيدانىغا چۈشۈپ، داڭ چىقاردى ۋە شۆھرەت قازاندى . !

ئەلۋەتتە، ھەر بىر ناخشىچىنىڭ دەۋر سۈرىدىغان، شان-شەرەپ قازىنىدىغان، سان-ساناقسىز ئىخلاسمەنلەرنى مەھلىيا قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن بويسۇندۇرىدىغان بىر مەزگىلى بولىدۇ شۇنىڭدەك يەنە يېڭى ئەۋلادلارغا ئورۇن بېرىپ، پەخىرلىك نامى ۋە ئاۋازى بىلەن ئۆز ھۆرمىتىنى ساقلاپ قالىدىغان ۋە ياكى ئۇنى يوقىتىپ، بارا-بارا ئىخلاسمەنلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلىدىغان مەزگىلمۇ بولىدۇ. ئەمما، مۇرات ناسىروف ئالدىنقىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز شۆھرىتىدىن مەھرۇم قالمىدى ھەم تېخىمۇ يېڭى ۋە زامانغا لايىق ئىجادىيەتلىرىنى مەيدانغا چىقىرىپ، ئىخلاسمەنلىرىنىڭ سانىنى ۋە دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتمەكتە ۋە كۆپەيتمەكتە.

دېمەك، مېنىڭ بايان قىلىدىغىنىم كونا مۇرات ئەمەس بەلكى يېڭى مۇرات، يەنى موسكۋا چولپانلىرى تىزىملىكىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىن ئورۇن ئالغان، مىليونلىغان ناخشا-خۇمار رۇس ئىخلاسمەنلىرى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بويسۇندۇرغان مۇرات ناسىروفتۇر!

## ئۇيغۇر روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇرات

ھەرقانداق بىر دەۋر سۈرۈپ داڭ چىقارغان شەخسنىڭ مۇئەييەن بىر ئۆسۈپ-يېتىلىش ھەم ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئېرىشىش مۇساپىسى بولىدۇ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بۇ شەخسنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار ۋە سەۋەبلەر بولىدۇ. مۇراتنىڭ نەتىجە قازىنىشىنىمۇ ئۆزىگە خاس بىر سەۋەبى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۇيغۇر مىللىي روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئاتا مىراس سەنئەت روھىدۇر.

مۇرات ناسىروف 1969-يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىدە سەنئەتكار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. خۇددى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ، نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدە مەلۇم بىر ئاساسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان سەۋەپ بولغىنىدەك مۇرات ناسىروفنىڭمۇ مۇنداق مەشھۇر سەنئەتكار بولۇپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىلىشى، كۆيۈنۈشى ۋە قوللىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، دەسلەپكى ناخشا- مۇزىكا تەربىيىسىنى دادىسىدىن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ئىسمائىلناسىروف ئەسلى كەسپىي سەنئەتكار ئىدى.

ئىسمائىلاكا قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، 1940-يىللاردىن باشلاپ قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى سەنئەت گۇرۇپپىلىرىدا ئىشلىگەن. 1945-يىلى 8-ئايدا مىللى ئارمىينىڭ پودپولكوۋنىكى سوپاخۇن باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا مۇزارت داۋىنى

ئارقىلىق جەنۇبقا چۈشۈپ، ئاقسۇنى قورشاۋغا ئالغاندا، ئىسمائىلاكا مىللىي ئارمىيە سېپىگە پىدائىي بولۇپ قوشۇلۇپ، ئاقسۇ ئەتراپىدىكى جەڭلەرگە قاتناشقان. 1945-يىلى 10-ئايدا مىللى ئارمىيە بۇيرۇق بويىچە شىمالغا چېكىنىپ چىققاندا، ئۇ سوپاخۇن پولكىدا سەنئەت كۇرۇجوكى قۇرغان. كېيىن، غۇلجىغا يۆتكىلىپ، شەرقىي ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ۋە مىللى ئارمىيە سەنئەت ئۆمىكىدە خىزمەت قىلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سەنئەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ناخشا-مۇزىكا ئىشلىرىمۇ تەرەققى قىلغان بولۇپ، بىر تۈركۈم ياش مۇزىكانتلار، ناخشىچىلار يېتىشىپ چىققان، روزا تەمبۇر قاتارلىق بىر قىسىم پېشقەدەم سەنئەتكارلارغا "خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىست" دېگەندەك شەرەپلىكناملار بېرىلگەن ئىدى. ئىسمائىلاكا شەرقىي ھۆكۈمەتنىڭ يارتىپ بەرگەن بۇ ئەۋزەللىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، قابىلىيىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى.

ئىسمائىل ئاكا 1949-يىلى 12-ئايلاردا شەرقىي ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مىللى ئارمىيە جۇڭگو ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5-كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندە، مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوۋ قوماندانلىقىدىكى 13-دىۋىزىيە تەركىبىدە جەنۇبقا چۈشۈپ، قەشقەرگە ئورۇنلىشىپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ چاغدا ئۇ 13-دىۋىزىيە سەنئەت ئۆمىكىدە ئاساسلىق ناخشىچى ۋە مۇزىكانتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇپ، مىللىي ئارمىيە 5-كورپۇس ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، 13-دىۋىزىيىمۇ قىسقارتىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ھەرەمباغ، جىك-شىخولاردىكى قاتتىق جەڭلەردە تاۋلانغان قەھرىمان ئوفىتسېرلار ۋە پېشقەدەم جەڭچىلەر ھەربىي سەپتىن بوشۇتۇلۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلغاندا ۋە ئەمگەك مەيدانلىرىغا ئەۋەتىلگەندە، ئىسمائىل ناسىر ئاكىمۇ ھەربىي سەپتىن بوشۇتۇلغان. ئۇ، 1958-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەتكەن ھەمدە ئالمۇتىغا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان. مۇرات مانا شۇ پېشقەدەم سەنئەتكارنىڭ تەربىيىلىشىدە ئالدى بىلەن ئىسكىرىپكا ۋە ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ، ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا دادىسى ئۆگەتكەن ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى بولۇپمۇ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مارشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنقىلابىي ناخشىلىرىنى ئائىلە سورۇنلىرى ۋە مەكتەپلەردە ئېيتىپ، ئۆز تالانتى بىلەن كىشلەرنى قايىل قىلغان. مۇراتنىڭ ئانىسى خاتىرە خانىممۇ ئوغلىنىڭ باللار باغچىسى، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ۋاقىتلىرىدىلا دادىسىدىن كۆپلىگەن ناخشىلارنى ئۆگىنىپ ئېيتقانلىقى ھەتتا ئۆزى سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرغانلىقىنى، دادىسىنىڭ بۇنىڭدىن ھاياجانلىنىپ، ئۇنى پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تەربىيىلىگەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتكەن ئىدى.

مۇرات باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئالمۇتىدا تۈگەتكەندىن كېيىن، 18 يېشىدا ئارمىيە سېپىگە چاقىرتىلىپ، تۈركمەنىستاندا خىزمەت ئۆتىگەن. ئۇنىڭ ئاكىسمۇ سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ مايور دەرىجىلىك ئوفىتسېرى بولۇپ، ئۇ ئىنىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان ئىكەن. مۇرات ھەربىيدىكى ۋاقتىدىمۇ سەنئەت كۇرۇژوكى تەشكىل قىلىپ، سەپداشلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن ئىدى. ھەربىي خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سەنئەت تالانتىغا قايىل بولغان موسكۋالىق رۇس سەپداشلىرى ئۇنى موسكۋاغا بېرىپ، ئوقۇشقا دەۋەت قىلغان. مۇرات تەۋەككۈل قىلىپ، ئۆيىگە قايتماستىن ئۇدۇل موسكۋاغا بېرىپ، ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن گنېسوپ نامىدىكى مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئۇنى 1996-يىلى پۈتتۈرگەن.

موسكۋادىكى ئوقۇش ھاياتى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسانغا چۈشمىگەن بولۇپ، ئاتا-ئانىسىنى ئىقتىسادىي مەنبە قىلىشنى نومۇس دەپ بىلگەن بۇ ئۇيغۇر يىگىتى بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئېغىر-يېنىك جىسمانىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇش راسخودىنى ئۆزى ھەل قىلغان. ئۇ، قىيىنچىلىققا باش ئەگمەي، تىرىشىپ ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تالانتى تېزدىنلا مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى شۇنىڭدەك ئۇستازلىرىنى قايىل قىلغان.

مۇرات ناسىروف 1991-يىلى يالتا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ياشلار فېستىۋالىغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە سازاۋەر بولغان ھەمدە پوپ ناخشا تۈرلىرى بويىچە بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەپ، ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. يالتىدا قولغا كەلگەن مەزكۇر زور نەتىجىدە مۇراتنىڭ سەنئەت ھاياتىغا ئىلھام بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ موسكۋا سەنئەتكارلىرى ئارىسىدا تونۇلۇشى ھەم ئۇلارنىڭ دىققەت قىلىشىغا يول ئاچقان. مۇرات بىر ياقتىن ئوقۇپ يەنە بىر ياقتىن ئۆزىنىڭ "يېڭى پورت" ناملىق ناخشا-مۇزىكا گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە كونسېرتلار ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان شۇنىڭدەك يەنە بەزى كىنو ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلەپ، ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئاتاقلىق چولپانلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىشىنىڭ ئاساسىنى ياراتقان ئىدى.

## موسكۋادا بىرگە يېگەن لەغمەن

1995 ـ يىلى، مېنىڭ موسكۋادىكى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياقلاپ، ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەندىن كېيىن يەنە شۇ ئورۇندا ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان كۈنلىرىم ئىدى. نامىنى ئۆزۈڭدىن بۇيان ئاڭلاپ، ئۇنىڭ "گۈل ئايىم" ناخشىنى موسكۋا تېلېۋىزىيىسىدە ئورۇندىغان قىياپىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن ئەشۇ كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە ئالمۇتادىكى مەلۇم بىر دوستۇم ئارقىلىق ئۇنىڭ موسكۋادىكى ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئالدىم ۋە ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم. مېنىڭ ئۇيغۇرچە ئەھۋال سورىغىنىمدىن ھەيرانلىق ۋە ھاياجانلىق ئىپادىلىرىنى بىلدۈرگەن مۇرات مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە رازى بولدى.

كۆرۈششكە پۈتۈشكەن مېترو ئېغىزىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتىم، تۇساتتىن "ئەسسالامەلەيكۇم ! "دېگەن ئۇيغۇرچە ئەھۋال سوراش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئالدىمدا ئېگىز بويلۇق، ئۇزۇن چاچلىق، گەۋدىلىك ئوتتۇرا ئاسىيا تىپىدىكى بىر يىگىت كۈلۈمسىرەپ پەيدا بولدى. مەن دەرھاللا ئۇنىڭ مۇرات ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم ۋە مەنمۇ جاۋابەن 'ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، سىز مۇراتمۇ؟ " دېدىم. " شۇنداق" دېدى ئۇ. بىز قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق، مەن مۇراتنىڭ ئۇيغۇرچە بىلگەنلىكىدىن خوش بولساممۇ، لېكىن بەزى سۆزلىرىمنى چۈشەنمەي قالمىسۇن دەپ رۇسچە سۆزلەشكە باشلىدىم، مۇرات كۈلۈپ تۇرۇپ، رۇس تىلىدا "مۇمكىن بولسا سىز ھەممە گەپلىرىڭىزنى ئۇيغۇرچە ئېيتسىڭىز، مەن ئۆزۈڭدىن بۇيان بۇ ئاۋازغا تەشنا ئىدىم، مېنىڭ ئۇيغۇرچەم ياخشى ئەمەس، لېكىن سىزدىن ئۆگىنىۋالاي "دېدى. شۇنداق قىلىپ، رۇسچە بىلەن ئۇيغۇرچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەشتۇق. بۇ چاغدا مەن مۇراتنى تونۇشسۇن دەپ ياتىقىمغا ۋەتەندىن ساياھەتكە ۋە ئوقۇشقا كەلگەن بىر قانچە ئۇيغۇر دوستلىرىمنى تەكلىپ قىلغان ئىدىم. مەن مۇراتنى ئۆيگە باشلاپ كىرگىچە ئۇلار لەغمەنگە تەييارلىق قىلىپ قويۇپتۇ. سورۇنىمىز قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدى.

مۇرات ئۆزىنىڭ ئۆزۈڭدىن بۇيان موسكۋادا ياشاپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ باقمىغانلىقىنى، مۇنداق ئۇيغۇرچە تۈس ئالغان قاينام تاشقىنلىق مەنزىرىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. بولۇپمۇ، ئارىمىزدىكى لەغمەنگە ئۇستا دوستىمىزنىڭ ئىنچىكە تارتقان چۆپلىرى، كېلىشتۈرۈپ قورىغان قورۇمىسى مۇراتقا بەكلا يېقىپ كەتتى، ئەيىبكە بۇيرىماسلىقنى تەلەپ قىلغان مۇرات ئۆزىنىڭ بۈگۈن لەغمەندىن كۆپرەك يەپ قويىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن لەغمەنگە ئامراق ئىكەنلىكىنى، بىراق لاتىش مىللىتىدىن بولغان ئايالىنىڭ لەغمەن ئېتەلمەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئانىسى ئېتىپ بەرگەن ئەشۇ لەغمەنلەرنى دائىم سېغىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپ ھەممىمىزنى

كۆلدۈرۈۋەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇيغۇر لەغمەنسىز ياشىيالمىسا كېرەك، مەن مۇنداق ئۇيغۇر ھاياتىدىن بۇرۇنلا ئايرىلىپ، باشقا بىر مىللەتلەرنىڭ جەمىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن بىر قانچە ئۇنلىغان ئۇيغۇرنىڭ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ لەغمىنىنى سېغىنىدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى باشقا مىللەت بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بولسا ئەشۇ باشقا مىللەتتىن بولغان ئاياللىرىغا ئالدى بىلەن لەغمەن ئېتىشنى ئۆگىنىش تەلەپى قويىدىغانلىقىنى، لەغمەن ئېتەلمىسە، ھېچ بولمىغاندا تەييار چۆپ سېلىپ، لەغمەن يېگەنىدەك ھېسسىياتقا كېلىدىغانلىقلىرىنى، باشقا مىللەتكە تەگكەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بولسا ئەرلىرىنى لەغمەنگە ئامراق قىلىۋەتكەنلىكلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم.

ھېس قىلىشىمچە دۇنياغا تېرىقتەك چېچىلىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارىسىغا چۆكۈپ كەتكەن ھەمدە باشقا مىللىي مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆككى نەرسىسنى يەنى بىرى ئۆز ئانا تىلىدىكى مىللىي كىملىكنى ئىسپاتلايدىغان "مەن ئۇيغۇر" دېگەن ئەقەللىي جۈملە بىلەن ئۆز مىللىي تاماقلىرىنىڭ بىرى بولغان لەغمەننى ئۇنتۇپ قالمىغان. مەن بۇنىڭغا بولىسىمۇ، شۈكرى دېدىم، ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇمىغىن مىللەتتە يەنىلا ئۈمىد بار! ئىنسان ئۆچۈن ئەڭ يامىنى ئۆزىنى ئۇنتۇش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇشتۇر! مىللىي كىملىك بىلەن مىللىي روھ زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. بىر مىللەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك چارىسى ئالدى بىلەن ئۇ مىللەتنىڭ تىلىنى ئۇنتۇلدۇرۇش، ئۇنىڭغا ئۇلاپ، مىللىي روھىنى، ئاخىرىدا بولسا مىللىي كىملىك تۇيغۇسىنى يوقىتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر بىر مىللەت مىللىي تىلى، مىللىي روھى ۋە مىللىي كىملىك تۇيغۇسىنى مۇستەھكەم ساقلاپ قالالىسا، ھامان ئۆز كېلەچىكىنى تاپىدۇ.

مۇرات بىرگە سەنئەت پائالىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ دائىم قازاق سپونسورىنىڭ (ئىقتىسادىي كاپالەتچىسى)تەلىپى بويىچە ئۆزىنى قازاقىستانلىق دەپ يۈرۈشكە ھەتتا بەزى يەرلەردە قازاق دېيىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئۇ چاغدا مۇرات تېخى كەڭ تونۇلمىغان بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللايدىغان كىشىلەرگە مۇھتاج ئىدى. ئۇ، مەڭ تەسلىكتە ئەشۇ قازاق سپونسورنى تاپقان ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە؛ ئۇ ئاخشاملىرى موسكۋانىڭ كەچلىك كۇلۇبلىرىدا ناخشا ئېيتىپ، تۇرمۇش كىرىمىنى ھەل قىلىدىكەن ۋە ئۆزىنىڭ ناخشىلىرىغا سۈرەت كىرگۈزۈش ئارقىلىق تېلېۋىزىيە ئەركانلىرى ئارقىلىق كەڭ تونۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىكەن .

زور مىقداردا ئىقتىسادىي مەبلەغنىڭ بولماسلىقى ئۇنىڭ تالانتىنىڭ كەڭ تۈردە نامايەن قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا ئىكەن، "ئەگەردە ئۇيغۇرلاردىن ئۆز مەدەنىيىتى ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىدىغان بىرەر باي چىقىپ قالغان بولسا، سىزنىڭ تونۇلىشىڭىزغا پايدىسى تېگىپ قالار ئىدى" دېدىم مەن مۇراتقا. ئۇ، "ئىنشا ئاللا " دەپ جاۋاب قايتۇردى ئۇيغۇرچە قىلىپ. بىز ھەممىمىز ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلىرىمىزنى بىلدۈردۇق. مەن مىسكىن مىللەتلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ئەشۇنداق بىر-بىرىگە قۇرۇق تىلەك تىلەش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويۇمغا كەلتۈرۈپ خىجىللىق ھېس قىلدىم. ئامال قانچە؟ ئەينى ۋاقىتتا موسكۋادا قازاقىستاننىڭ " ئا- ستۇدىيە" ناملىق بىر گۇرۇپپىسى خېلى نام چىقىرىپ قالغان ئىدى. مۇراتتەك ئاۋازى يوق قازاق ناخشىچىسى باتىرخان پات-پاتلا تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا رۇسىيىنىڭ ئاتاقلىق چولپانلىرى قاتارىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گرۇزىيىلىك، بېلارۇسىيىلىك ۋە ئۇكرائىنىيىلىك بىر قانچە ناخشىچىلارمۇ تېزدىن شۆھرەت قازىنىپ كەتتى. خەلق ئىچىدە بولۇۋاتقان سۆز-چۆچەكلەردە بۇ چولپانلارنىڭ رۇسىيە سەھنىسىدە تونۇلىشىدا ئۆز جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئاتاقلىق بايلىرىنىڭ مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن ئىدى. ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان بىچارە مۇراتقا كىممۇ يار-يۆلەك بولسۇن؟ ئۆز كۈچىگە تايانماي نە چارە؟ چۈنكى، ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئۇنىڭ مىللىي جۇمھۇرىيىتى يوق -دە؟ مۇرات شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرنىڭ تەلەيسىزلىكىدىن بەكمۇ ئېچىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ئەمما، ئۇ چولپانلار تېزدىنلا غايىپ بولدى، كىشىلەر ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئۇنتۇپ بولدى.

پاراڭلىرىمىز جەريانىدا مۇراتقا مەن ئانا ۋەتەندىكى ئۇيغۇر سەنئىتى جۈملىدىن مىللىي ناخشا-مۇزىكا ۋە ياشلاردىكى يېڭىچە يۈزلىنىش، ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ زامانىۋى ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىغا بولغان تەسىرى ۋە باشقا ئەھۋاللار ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم. بىراق، مۇرات ۋەتەندىكى بۇ يېڭىچە تەرەققىياتتىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى، ئەمما دادىسى ئېيتىپ بەرگەن كونا ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى ۋە بىر قىسىم ئۆزبېكچە، تۈركچە ناخشىلارنى ئېيتىشنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كۆپرەك غەربچە بولۇپمۇ، ئىنگلىزچە ناخشىلارغا ئىشتىياق باغلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مۇرات ھەقىقەتەن ئىنگلىزچە ناخشىلارنىمۇ ياخشى ئېيتاتتى. ئۇ، 90-يىللارنىڭ بېشىدا ئالمۇتىدا ئۆتكۈزۈلگەن "ئاسىيا تاۋۇشى" ناخشا فېستىۋالىدىمۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ ئىنگلىزچە ناخشا ئېيتقان ئىدى! .

مۇرات بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىمىدە مەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يۈزەكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان

ئىدىم. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا " گۈل ئايىم" ناخشىسىدىن باشقا ئۇيغۇرچە ناخشىلارنىمۇ موسكۋا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىش تەكلىپىنى بەرسەم، ئۇ " ئۇيغۇرچە ناخشا بىلەن داڭ چىقارغىلى بولمايدۇ، مەن ”گۈل ئايىم“ ناخشىسىدىن باشقا ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتمايمەن. مۇشۇ بىرسى يېتىدۇ“ دېگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىن مەن، ئۇنىڭ خۇددى باشقا نۇرغۇنلىغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدا مەۋجۇت ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىگە ئېرەنسىز ۋە ياكى بەربىر دەپ قاراشتەك ئورتاق ھېسسىياتنى، قىسقىسى بارلىق دېگۈدەك رۇس ئەمەس مىللەتلەردە مەۋجۇت رۇس مەدەنىيىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈش، پەقەت رۇس مەدەنىيىتى ئارقىلىقلا دۇنياغا تونۇلۇشقا بولىدۇ دەيدىغان خائىشلارنىڭ ئېغىرلىقىنى سېزىۋالغان ئىدىم. ئەلۋەتتە، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقى بولماستىن، ئەشۇ دەۋرنىڭ خاتالىقى ھەم دەۋرنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان سوغىسى ئىدى. بەلكى بۇ كوممۇنىزم قالپىقى ئاستىدىكى ئۇلۇغ رۇس مىللەتچىلىك ئىدىيىسى يوشۇرۇنغان يەتمىش يىللىق تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئە ئىدى. مەن مۇراتنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۇيغۇر روھىيىتىگە تولۇق قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلدىم ۋە ئىشەندىم. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ سۆزىنىڭ يەنىلا مەنتىقىسى بار ئىدى.

نوپۇس ۋە سىياسىي جەھەتتە مۇتلەق ئاجىز ئورۇندا قالغان بىر مىللەتنىڭ پەقەت ئەشۇ ھەر جەھەتتىن ھاكىم مىللەتنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىپ چىقىش ۋە ئۆزىنى تىكلەش ھەم قۇتۇلدۇرۇش يولىنى تاللىشى مەجبۇرىيەتتۇر خالاس! مۇرات دەل شۇنداق قىلدى! مەن تاكى 1996-يىلىغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىر قانچە قېتىم كۆرۈشتۈم ۋە تېلېفونلىشىپ تۇردۇم. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئارزۇلىرى ۋە تىرىشچانلىقلىرى 1997-يىلىدىن كېيىن بىردىنلا ئەمەلگە ئاشتى. ئۇنىڭ نامى ھەقىقەتەن بىردىنلا پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىغا كەڭ تونۇلدى. ئۇ، ”تامبوۋغا بارماقچى بولغان بالا“ ناملىق ناخشىسىنى ئېيتىپ، داڭ چىقاردى. ئۇنىڭ بۇ ناخشىسى رۇسىيە جۇملىدىن پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىدىكى ياشلارنىڭ ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ۋە ئاڭلايدىغان ناخشىسىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تېلېۋىزىيە قاناللىرى تەرىپىدىن ھەر كۈندىكىدەك نەچچە قېتىملاپ كۆرسىتىلىپ، ئۇنىڭ ئوبرازى ۋە ناخشىلىرى كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىراتلار قالدۇردى. مۇرات ناسىروف ئارقىدىنلا ئاتاقلىق رۇس ناخشىچىسى ئاپىنا بىلەن بىرگە ”ئايدىڭ كېچە“ ناملىق ناخشىسىنى ۋە " مەن دېمەك سەندۇر“ ناملىق ناخشىسىنى ئېيتىپ، ناخشا ھەۋەسكارلىرىنى يەنە بىر قېتىم زىل-زىلىگە سالدى. ئۇنىڭ بۇ ناخشىسى

مەخسۇس كۆرۈنۈشلەر بىلەن كىرىشتۈرۈلۈپ، تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا كۆرسىتىلدى. ھەتتا، ئۇنىڭ ئاتاقلىق رۇس ناخشا چولپىنى، گۈزەل رۇس قىزى ئاپىنا بىلەن بولغان رومانتىك مۇھەببەت ھېكايىسى كىشىلەر ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئايلاندى. ئەپسۇسكى، بۇنداق ئىش بولمىغان ئىدى.

مۇرات ناسىروف ھەققىدە رۇسىيىدىكى جۇملىدىن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدىكى تېلېۋىزىيە، رادىئو كومپانىيىلىرى مەخسۇس پروگراممىلارنى ئىشلەپ تارقاتتى. گېزىت، ئىنتېرنېت سەھىپىلىرى ۋە ژۇرناللار بولسا تۈرلۈك ماقالىلارنى ۋە باھالارنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىنتېرنەت تورلىرىدىمۇ مۇرات ناسىروف ئۈچۈن مەخسۇس سەھىپىلەر ئېچىلدى.

مۇرات ناسىروف خۇددى بۇگۈنكى كۈندىكى رۇسىيە ناخشا چولپىنى ۋىتاس كەبى چولپانغا ئايلىنىپ، ھەممە كىشى ئۇنىڭ نامىنى بىلىپ كەتتى، تېلېۋىزور ئېكرانىدا رۇسقا ئوخشمايدىغان، ۋە ياكى كاۋكازلىققا ئوخشىمايدىغان، ئوتتۇرا ئاسىيا تىپىدىكى ياش يىگىتنىڭ مۇڭلۇق ۋە سىرلىق ئاۋاز بىلەن چاققان ھەرىكەتلىرى بىرلەشكەن كۆرۈنۈشلىرى پەيدا بولغاندا، كىشىلەر بۇ كىم ؟ دېگەن سوئالنى قويماي تۇرالمايتتى. ئۇيغۇر دېگەن مىللەت ئىسمىنى ئاڭلىغاندا كىتابخۇمار رۇسلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى كىتاب ئىشكاپلىرىدىكى كىتابلىرى ئارىسىدىن ۋە ياكى كۇتۇپخانىلاردىن بۇ مىللەتكە ئائىت كىتابلارنى ئىزدەپ ئوقۇپ بېقىش ئىستىكى قوزغالماي تۇرالمايدىغانلىقى ئىشەنچىم كامىل. بەلكى، ئۇيغۇرلارنى ياخشى بىلىدىغان ئەشۇ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالىملار، خەنزۇشۇناسلار، رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەت بېرىدىغان سىياسەتچىلەر مەزكۇر ئۇيغۇر چولپاننى تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا كۆرگەندە، دەرھال تارىختا رۇسىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىمپېرىيىلىرى تەرىپىدىن دائىم قۇربان قىلىنغان، دىپلوماتىك ئويۇنلار قەرتى قىلىپ ئوينالغان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي مەدەنىيەت ياراتقان، رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن پىرژىۋالسكىي، پېتروۋ، گرۇم گرجمايلو ۋە باشقا ئونلىغان كىشىلەر زىيارەت قىلىپ، خەرىتىسىنى سىزغان ئەشۇ تۇپراقنىڭ ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ئەسلىرىگە كەلتۈرۈشۈپ، ئازراق بولسىمۇ خىجىللىق ھېس قىلىشقاندۇ؟

بىر مەزگىل رۇسىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدا ”مۇرات ناسىروف !“ دېگەن ئىسىم تولىمۇ ياڭراق ۋە يېقىملىق ھالدا ھەممىلا يەردە ئاڭلىنىشتەك تارىخىي سەھىپە ئېچىلدى. قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋە باشقا جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئۇيغۇرلار بۇ ئىسىم بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈنسايىن خاراپلىشىۋاتقان سىياسىي، ئىجتىمائىي ئورنىغا ئازراق بولسىمۇ روھى ئوزۇق بەرگەندەك ھېس قىلىشتى،

ئۇلار باشقا ھاكىم مىللەت كىشىلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىدە مۇرات ناسىروف ھەققىدە سۆز بولسا، دادىللىق بىلەن " ئۇ ئۇيغۇر ! مۇرات ناسىروف ئۇيغۇر ! " دەپ ئېيتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى خوش قىلىشاتتى.

ھەقىقەتەن، بۇ مەزگىللەردە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە مۇرات ناسىروفتەك كەڭ تونۇلغان ۋە زور شۆھرەت قازانغان ياش ناخشا چولپانلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرى دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئاز سانلىق مىللەت دەپ ئاتىچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى مۇرات مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئۆزبېكلەر، قازاقلار، قىرغىزلار، تۈركمەنلەر ۋە باشقىلارنىڭ چولپانلىرى يېتەلمىگەن ئارزۇلارغا يەتتى. ئۇ، ئالمۇتا ياكى تاشكەنت ئەمەس بەلكى، موسكۋا سەھنىسىنى ئاساس قىلىپ پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىغا كەڭ تونۇلۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىدى ھەم بۇ پۇرسەتنى ئۆز تالانتى بىلەن ياراتتى. چۈنكى، موسكۋا سەھنىسىدە تونۇلالمىغان، ئۇ يەردىكى چولپانلار قاتارىغا كىرەلمىگەن كىشى پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەم دوستلۇقىغا تونۇلالمايدۇ، پەقەت ئۆز دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالىدۇ. خالاس! خۇددى، ئۆزبېكىستاننىڭ ئاتاقلىق چولپىنى يۇلتۇز ئوسمانوۋا ئۆز جۇمھۇرىيىتىدە پادىشاھ كەبى شۆھرەتكە ئېرىشكىنى بىلەن ئۇنىڭ موسكۋا سەھنىسىگە چىقالىشى قىيىن بولغىنىدەك بىر ئىش ! ئەلۋەتتە، ئۆزبېكىستاننى زىل-زىلىگە سالغان، ئۆزبېكىستان ناخشىچىلىقىنىڭ شاھى دەپ تەرىپلىنىۋاتقان يۇلتۇزخان ئوسمانوۋانىڭمۇ ئۇرايىماخۇن ئىسمىلىك قەشقەرلىك ئۇيغۇر كىشىنىڭ قىزى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزبېكىستانلىق ئۇيغۇرلار گۇۋاھلىق بەرمەكتە. ئۆزبېكىستاندا ئۆزىنى ئۆزبەك دەپ ئاتىۋالغان مۇنداق مەشھۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىلا ساھەدە كۆپلەپ بارلىقى سىر ئەمەس.

## مۇرات كومپوزىتور ۋە شائىر

مۇرات ناسىروف ئۆزىگە شان شەۋكەت ئېلىپ كەلگەن مەزكۇر ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىشلىگەن، سۆز تەكىستىنى ئۆزى يازغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق كۆپ تەرەپلىملىك تالانتى بىلەن رۇسىيە ناخشا-مۇزىكا ساھەسىدىكى ئەربابلارنى قايىل قىلدى. مۇرات ناسىروف ھازىرغىچە "مېنىڭ تارىخىم"، " ئويغاتقىن مېنى"، " كىمدۇ بىرى ئەپۇ قىلىدۇ"، " بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن بولمىغان "، "

قالدىم يالغۇز“ قاتارلىق بەش كىد پلاستىنكىسىمۇ ئىشلەپ چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭ پلاستىنكىلىرى كەڭ بازار تاپتى.

موسكۋادىكى ئاتاقلىق ئىنتېرنەت گېزىت لىرىدىن بىرى ”لىرىكس. رۇ“دا “ مۇرات ناسىروف دۇنيادىكى ئەڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇر“ دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ماقالىدە مۇرات ناسىروفنىڭ مۇخبىرغا بەرگەن سۆھبىتى ئېلان قىلىنغان. ماقالىنىڭ ئاپتورى رۇسىيە مۇزىكا ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇرات ناسىروفقا بەرگەن باھاسى ئۈستىدە توختىلىپ، ”ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، كىشىگە يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ. مۇزىكىلىرى لىرىك ۋە يۇمشاق بولۇپ، كۆچلۈك كەسپىي سەۋىيە ئىپادىلەنگەن“ دەپ يازغان ئىدى.

مۇرات ناسىروف مەخسۇس كومپوزىتورلۇق ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ رۇس ناخشىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى جۇملىدىن ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان مۇزىكىلىرىنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن ھەم تەتقىق قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز ناخشىلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئۆزى ئىشلەش بىلەن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن سۆزىنى ۋە مۇزىكىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرالىغان. قانداقتۇر، باشقىلار ئىجاد قىلىپ بەرگەن ئاھاڭ بىلەن باشقىلار يېزىپ بەرگەن تېكىستقا ناخشا ئېيتىشتىن ساقلانغان. ئەلۋەتتە، مۇنداق كۆپ قىرلىق تالانتلىق چولپانلار رۇسلار ئىچىدە ۋە دۇنيا يۈزىدە كەم ئۇچرايدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ رۇسىيە ناخشا پادىشاھى ئاللا پۇگاچېۋا، فىللىپ كىركروپ قاتارلىق كۆپلىگەن چولپانلارغا مۇزىكا ۋە سۆز تېكىستى يېزىپ بېرىشكىمۇ باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى خاتىرە خانىمنىڭ ئېيتىشىچە ئاللا پۇگاچېۋا ۋە باشقا چولپانلار مۇراتنى قەۋەت ياخشى كۆرىدىكەن. يېقىنقى ۋاقىتلاردا رۇس ناخشىچىلىقىدا شەكىللەنگەن مىللىيچە پۇراقنى ئارىلاشتۇرۇش ئېقىمىدىن پايدىلانغان مۇرات بەزىدە ئەشۇ ئاتاقلىق رۇس چولپانلارغا مۇزىكا ئىشلەپ بەرگەندە ئازراق ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە پۇراقنى كىرگۈزۈشكە ھەتتا ئۇلارغا ئۇيغۇر ئاھاڭلىرى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشكە ئۈلگۈرگەن. بەزى ئاتاقلىق رۇس چولپانلىرى مۇراتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇيغۇرچە لەغمەن ۋە مانتا يەپ كېتىدىغان بولغان. مۇراتنىڭ ئۆيىنىڭ تاملىرىغا تۇرلۇك ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئېسىلغان بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەن كىشى خۇددى بىر مۇزېيغا كىرگەندەك بولۇپ قالىدىكەن.

مۇرات ناسىروف ئۆزىنىڭ بەش ئالبومىدىكى ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ئۆزى يازغان، مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىشلىگەن. ئۇ، باشقىلارنىڭ يېزىپ بەرگەن مۇزىكىسى بىلەن سۆزىگە ناخشا ئېيتىشنى ياقتۇرمايدۇ.

# مىللىي روھقا چوڭ قەدەم بىلەن قايتىش

ئاتا-ئانىدىن، ئەجدادتىن قالغان ئەسلى قان بىلەن مىللىي تۇيغۇ ۋە مىللىي روھ زىچ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ كۈلنى كۆككە سورۇغان قەھرىمان مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىسى، بىر قولىدا راۋاب، بىر قولىدا مىلتىقنى كۆتىرىپ، ئاقسۇ جەڭ مەيدانلىرىدا قان كېچىپ جەڭ قىلغان، جەڭ تىنجىغاندا بولسا، مىللىي ئارمىيە جەڭچى-ئوفىتسىرلىرىگە روھ بېغىشلايدىغان، ئۇلارنى ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا ئۈندەيدىغان ناخشىلارنى ئېيتىپ، مىللىي ئىنقىلابقا ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان ئىسمائىلاكىنىڭ مىللىي روھىي دۇنياسى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرى بەش بالىسىنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغان مۇراتنىڭ تومۇرلىرىدا ھامان خۇددى ئىلى دولقۇنلىرى كەبى مەۋج ئۇرۇشقا نېسىپ بولدى.

مۇرات بارغانسىرى رۇس ناخشىچىسى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ناخشىچىسى بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. مانا بۇ مەرھۇم ئىسمائىلاكىنىڭ ئارزۇسى ئىدى، دېمىسىمۇ، ئۇ ماناس دەرياسىدا مىلتىقى بىلەن راۋابىنى مەھكەم تۇتۇپ، تۆت يىل ياتقان كۈنلىرىنى ئەسلىگىنىدە خۇددى باشقا سەپداشلىرىغا ئوخشاشلا ئازابلىناتتى، ئۆكىنەتتى، " دائىم ھەي –ئېست ئەشۇ چاغلار !" دەيتتى. مۇرات موسكۋاغا ماڭغاندا، ئىسمائىل ئاكا " قېنى بار، يىگىت بولغاندىكىن ئۆز يولۇڭنى تاپ ! لېكىن ئۇيغۇرلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنۇتما ! مۇمكىن بولسا ئەشۇ كۆك-كۆزلەرنى ياڭراق ناخشىلىرىڭ بىلەن بويسۇندۇر " دەپ جېكىلىگەن ئىكەن. بۇ سۆزلەرنى ئىسمائىلاكا ھايات ۋاقتىدا زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغاندا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

مۇرات ئاتا ئارزۇسىنى ئاقلىدى! ئانا سۈتىنى ئاقلىدى ! ئۇنىڭ شۆھرەت قازانغۇۋاتقان پەيتلىرىدە دادىسى ئىسمائىلاكا بۇ ئالەمدىن خوشلاشتى، بۇ يوقىتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق ئازاب بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ئۇنىڭ ناخشا-مۇزىكا ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بۇرۇلۇشىنى پەيدا قىلدى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلاپ، ئالمۇتىغا يېتىپ كەلگەن مۇرات دادىسىنىڭ نەزىرىنى بەردى، ئۇنى ھەيرانلىق ھەس قىلدۇرغان بىر نۇقتا شۇكى، نەزىردە ئۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ناھايىتى زور ساندىكى ئۇيغۇرلارنى كۆردى، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۆيىگە پېتىگە كېلىۋاتقان، تۇشمۇ-تۇشتىن ھال سوراۋاتقان ئۇيغۇرنى كۆردى. بۇ، يۈرىكى ئازابقا چۆمگەن مۇراتقا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتىكى، ئۇ ئۇيغۇر بولۇشنىڭ نەقەدەر شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلۇق دېمەكلىك ئىنسانپەرۋەرلىك، ئۆزارا مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەت شۇنداقلا ئىتتىپاقلىق

ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ، ھەتتا ئۆزىنى ئۆزۈن يىللار موسكۋادا ياشاپ، ئۇيغۇرلۇقنى يوقىتىپ قويغاندەك، دادىسىدىن مىراس قىلغان ئۇيغۇر روھىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، ئۆزىگە بەك ئېچىندى. ئۇ، دادىسىنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭغا ئاتاپ ئوقۇلغان قۇرئان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، دادىسىنىڭمۇ دائىم نامىزىنى تاشلىمايدىغانلىقى ۋە شۇنداق چىرايلىق خەتمە-قۇرئان قىلدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. كىچىك ۋاقىتلىرىدا دادىسىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازدا قىلغان قۇرئان-تىلاۋەتلىرى مۇراتقا بەك كۈچلۈك تەسىر قىلغان بولۇپ، ئۇ دادىسىدىن ئازراق قۇرئان سۈرىلىرىنىمۇ ئۆگىنىۋالغان ئىدى.

مۇرات بىر ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. دادىسىدىن ئۆگەنگەن سۈرىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇيدىغان بولدى، ئۇ ئۆيلىدىكى مۇشۇنداق قىلغاندا، دادىسىنىڭ روھىنى تېخىمۇ خوش قىلالايدۇ، ئۇيغۇر ئۈچۈن پەقەت ئۇيغۇر بولۇشلا يەتمەيدۇ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلۇق مىللىي روھ بىلەن مۇقەددەس بىر ئېتىقاد بولۇشى كېرەك! مانا بۇ ئىككى نەرسە ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى! مۇراتنىڭ دادىسى ئىسمائىل ئاكا ئەلۋەتتە، ناخشىچى بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە 30 پارە قۇرئاننى تولۇق يادلىغان كىشى بولغاچقا، ئالمۇتىدىكى دىنىي پائالىيەتلەردە كۆپىنچە ھالدا شۇ كىشى خەتمى قۇرئان قىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

مۇرات دادىسىنىڭ روھىنى خوش قىلىشنىڭ يەنە بىرى ئۇيغۇرلۇققا قايتىش ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر ناخشىچىسى سۈپىتىدە تونۇلۇش ۋە ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى رۇسىيە ھەم دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

ئۇ، دادىسىغا بېغىشلاپ، ئۇيغۇرچە ناخشا ئىجاد قىلىشقا كىرىشتى. بۇ جەھەتتە ئالمۇتا ۋە يەركەنتتىكى ئۇيغۇر مۇزىكانتلار بىلەن ھەمكارلىق ئورناتتى، ئۇيغۇر يېزىلىرىغا بېرىپ، ئۇيغۇر ھاياتىنى ۋە ئاھاڭلىرىنى ئۆگەندى. بۇ جەرياندا ئۇ، يەركەنتتىكى "يەركەت بۇلبۇللىرى" ناملىق گۇرۇپپىنىڭ چالغۇچىسى پولات مۇرات ئۈچۈن كۆپ پىداكارلىق كۆرسەتتى، ئۇ مۇراتقا ئۇيغۇر ئاھاڭلىرىنى ۋە خەلق ناخشىلىرىنى توپلاشقا ياردەملەشتى. ئاخىرى، مۇرات ناسىروف 2004-يىلى دادىسىغا بېغىشلاپ "قالدىم يالغۇز" ناملىق ئۆزىنىڭ تۇنجى ئۇيغۇرچە ناخشا ئالبومىنى تەييارلاپ موسكۋا شەھرىدە نەشر قىلىپ تارقاتتى. بۇ رۇسىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇرچە ئۈن پلاستىنكىسى بولۇپ، مەزكۇر پلاستىنكا موسكۋا ۋە رۇسىيە بازارلىرىدا تارقالدى. مانا ئەمدى، رۇسلار ئۇيغۇرچە ناخشا پىلاستىنكىسى سېتىۋېلىپ ئاڭلايدىغان مەنزىرە شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە پىلاستىنكىسى تارقىتىلغۋاتقان

كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن تېلېفونلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. يىراق ئوكيان قىرغىقىدىن كەلگەن ئاۋازىمنى ئاڭلىغان مۇرات ماڭا دادىسىغا بېغىشلاپ ئۇيغۇرچە ناخشا ئىجاد قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

مۇرات ناسىروف ماڭا ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ، ئۇيغۇرچە ناخشا ئالبۇمى چىقارغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ، بۇنىڭغا دادىسىنىڭ ۋاپاتىنىڭ مۇھىم سەۋەپ بولغانلىقىنى شۇنىڭ بىلە بىر ۋاقىتتا قانداقتۇر بىر روھى كۈچ ئۇنى ئۆز مىللىتىگە قايتىشقا، ئۇنى تېخىمۇ سۆيۈشكە ئۈندەۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتتى. مەن مۇراتنى ئۇيغۇرلۇققا قايتۇرغان ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى كۈچەيتكەن ئەشۇ مىللىي روھ ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم .

بۇنىڭدىن 10 يىللار ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى ئېتىراپ قىلىسمۇ، ئەمما تېخى ئۇيغۇرلۇققا تولۇق قايتمىغان مۇرات بۆگۈنكى كۈندە ھەممىلا يەردە “ مەن ئۇيغۇر !“ دەيدىغان، مەيلى چەت’ ئەللەردە بولسۇن ۋە ياكى رۇسىيە ھەم باشقا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ سەھنىلىرىدە بولسۇن چوقۇم ئۇيغۇرچە بىر ـ ئىككى ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتماي قالمايدىغان شۇنىڭدەك ئەشۇ ئۇيغۇرنى ئاڭلاپ باقمىغان تاماشىبىنلارغا “ مەن ئۇيغۇر “ دەپ ئۆزىنى ۋە ئۇيغۇرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمىسە كۆڭلى ئۇنىمايدىغان مۇراتقا ئايلانغان ئىدى. رۇسىيە گېزىتلىرىنىڭ مۇرات ھەققىدە ئېلان قىلغان ھەممە ماقالىلىرىدا، ئۇنىڭ ”مەن ئۇيغۇر“، ”دادام ئىسمائىلسوپى قەشقەردىن“ دەپ تونۇشتۇرىدىغان جۈملىلەر ئورۇن ئالغان. مۇرات بىر ئىنتېرنەت گېزىتىنىڭ مۇخبىرىگە مۇنداق دەپ بىلدۈرگەن.

”مەن ئۇيغۇر، دادام رەھمەتلىك ئىسمائىلسوپى ناسىروف قەشقەردە تۇغۇلغان، ئانان خاتىرە غۇلجىدا تۇغۇلغان، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇرلۇقىمدىن پەخىرلىنىمەن، مەن موسكۋا ۋە ئالمۇتىلاردا ياشايمەن، باشقا ئەنئەنىلەرنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۆز ئەنئەنەمنى سۆيۈش بىلەن ياشايمەن.“ مانا بۇ مۇراتنىڭ يۈرىكىدىن چىققان سۆزلەردۇر□

مۇرات ناسىروف يېقىنقى ۋاقىتلاردا موسكۋادىكى مەركىزىي تېلېۋىزىيە قانالىرىدىكى چولپانلارنى تونۇشتۇرۇش سەھىپىسىدە دائىم كۆرۈنۈپ تۇرغان. ئۇ، ئۆزى بىلەن تۈرلۈك ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى بىرگە ئېلىپ چىقىپ، تېلېۋىزىيە كۆرگۈچىلەرگە ئۇيغۇر مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى، ئۇيغۇر سەنئىتىنى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى تونۇشتۇرغان، بىر قېتىملىق چولپانلار پروگراممىسىدا ئانىسى بىلەن بىرگە ئۇيغۇرچە لەغمەن، مانتا قاتارلىق مىللىي تاماقلارنى ئېتىشنى كۆرسەتكەن. مۇراتنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭ لاتىش مىللىتىدىن بولغان

ئايالى ئۇنىڭ ئەڭ سەممىي ۋە ئەڭ يېقىن قوللىغۇچىسى بولۇپ، ئۇ ئايالىغا ئۇيغۇرچە ئۆگەتكەندىن سىرت يەنە ئۇيغۇرچە ناخشىلارنىمۇ ئۆگەتكەن. ئۇلار دائىم سەھنىلەردە ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى جۆر بولۇپ ئېيتىدىكەن. مۇرات ھەتتا ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە تاماقلارنىمۇ تەييارلاشنى ئۆگىتىپ قويغان.

## مۇراتتىن تۇغۇلغان ئويلار

مۇرات ناسىروف خۇددى ئۇ ئۆزى موسكۋا مۇخبىرىغا ئېيتقاندەك "دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر ئۇيغۇردۇر !". ئۇنى ھېچ بولمىغاندا مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدىكى 300 مىليون ئەتراپىدىكى خەلق بىلىدۇ، ئۇنىڭ نامى يەنە ياۋروپا مەملىكەتلىرى، ئامېرىكا ۋە ئۇيغۇر دىيارىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تونۇلغان.

شۇنىڭغا ھەيرانلىق ھېس قىلىمەنكى، بەزىدە ئۇيغۇر مىللىتى ھەقىقەتەن تالانتلىق خەلقمۇ دېگەن سوئالنى قويغۇم كېلىدۇ. ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكىلىرى بويىچە ئەينى ۋاقىتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە نوپۇس جەھەتتە 60 – ئورۇنلاردا تۇرغان، ئانا ۋەتىنىدىكى ئۆز قېرىنداشلىرىدىن كەم دېگەندە 30-40 ھەسسە ئاز ھېسابلىنىدىغان شۇنىڭدەك قازاقىستان،ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستانلاردىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىدىغان ئۇيغۇرلاردىن نېمە سەۋەب بىلەن شۇنچە تالانتلىق ئادەملەر كۆپلەپ يېتىشىپ چىقالىدى؟ بۈگۈنكى كۈندە قازاقىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇرلاردىن مۇرات ناسىروفتىن باشقا يەنە دىلناز ئەخمەدىيېۋادەك ئاتاقلىق ئارتىستلار، "دەرۋىشلەر"كەبى مەشھۇر گۇرۇپپىلار مەيدانغا كەلگەندىن سىرت يەنە زاكىر توختىيېۋ، ھېيتاخۇنوپ، ئابدۇللايېۋ قاتارلىق نەچچە ئونلىغان چامباشچىلىق، تاكۋاندۇ ھەم بوكىس تۈرلىرى بويىچە دۇنيا چېمپىيونلىرى، ياۋروپا چېمپىيونلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە كەڭ تونۇلدى.

ئۇيغۇرلاردىن چىققان ماخمۇت ئومەروپ 50-يىللاردىلا ئىككى قېتىم ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، قارىغا ئېتىش بويىچە بىر قېتىم چېمپىيون يەنە بىر قېتىم يېڭى رېكورت ياراتقۇچى بولغان. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ئەڭ ماھىر قارىغا ئاتقۇچىسى ھېسابلانغان ئىدى. ماخمۇت ئومەروپ پەقەت ئولىمپىك چېمپىيونى بولۇپلا قالماستىن بەلكى، لېنىنگراتتىكى ھەربىي مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، تۇنجى ئۇيغۇر مېدىتسىنا پەنلىرى دوكتۇرلىرىدىن ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ 30 نەچچە يېشىدىلا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار بوكس ماھىرى ئابدۇراخماننىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتناشقانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ماھىرى ماخمۇت ئومەروپ بۇنىڭدىن يىرىم ئەسىر ئىلگىرى ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپلا قالماستىن بەلكى، ئولىمپىك چېمپىيونلىق شۆھرىتىگە سازاۋەر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئولىمپىك تارىخىنىڭ تۇنجى بېتىنى يازغان ئىدى. ئۇيغۇرلار بۇ نامنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، جۇڭگونىڭ قارىغا ئېتىش ماھىرى شۈ خەيفېڭ 1984-يىلى جۇڭگو ئۈچۈن تۇنجى ئولىمپىك ئالتۇن مېدالىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن جۇڭگو ئولىمپىك تارىخىدىكى تۇنجى شەخسكە ئايلانغان ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇر ئوغلى ماخمۇت ئومەروپ شۈ خەيفېڭدىن 30 يىللار ئىلگىرى بۇ قەدەمنى باستى.

ماخمۇت ئومەروپ دۆلەت تەۋەلىكىدىن ئېيتقاندا مەيلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقلىق بولسۇن، ئۇنىڭ قازانغان غەلىبىسى ئۆزى تەۋە بولغان دۆلەتكە مەنسۇپ بولسۇن، لېكىن مىللىي كىملىك جەھەتتىن ئۇ ئالدى بىلەن بەرىبىر ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپتۇر، شۇڭا ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر تەنتەربىيە تارىخىدا ئالتۇن خەت بىلەن پۈتۈلىدۇ خالاس!

شۇنىڭغا ئوخشاش قازاقىستانلىق ئۇيغۇر يىگىتى سەھەردىن يۈسۈپوۋ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى دۇنيا كىنو پايتەختى ھوللىۋودتا ئۆتكۈزۈلگەن مىللىيچە ناخشا-مۇزىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، كونا قەشقەر راۋابى بىلەن ئۇيغۇرچە ناخشا-مۇزىكا ئورۇنلاپ، بىرىنچى ئورۇنغا سازاۋەر بولغان ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ نەتىجىسى قازاقىستان دۆلىتىنىڭ بولسىمۇ، ئەمما سەھەردىن يۈسۈپوۋ ئالتۇن مېدالنى قازاق مۇزىكىسىنى، قازاق دومبۇراسى بىلەن ئورۇنلاپ ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى، قەشقەر راۋابى بىلەن ئورۇنلاپ ئالدى. ئۇ، ئېتنىك كىملىك جەھەتتىن يەنىلا ئۇيغۇرغا مەنسۇپ بولىدۇ. قىسقىسى ماخمۇت ئومەروپ، مۇرات ناسىروف، قۇددۇس غوجامياروپ، ئەزىز دۇگاشېۋ، سەھەردىن يۈسۈپوۋ ۋە دىلناز ئەخمەدىيېۋا قاتارلىقلار شۇنىڭدەك بۇ يەردە ئىسمى ئاتالمىغان ئەشۇ قازاقىستانلىق، ئۆزبېكىستانلىق نەچچە ئونلىغان، نەچچە يۈزلىگەن مەشھۇر ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئوخشاشلا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر . ئاتوم-يادرو ئالىمى ئىسكەندەر رەخىموپ ، ئوپتىكا ئالىمى دېمىر ساتتاروپ، ئالەم تېخنىكىسى ئالىمى تېلمان كەرىمبايېۋ ۋە پىلولوگىيە پەنلىرى ئالىمى مۇرات ھەمرايېۋ قاتارلىق نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر ئالىملىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىلا ئەمەس ، بەلكى خەلقارا ئىلىم ساھەسىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان ئىلىم ئەربابلىرىدۇر. مانا بۇ ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئانا ۋەتىنىدىكى

ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىغا ئوخشاش، بۇ سەنئەتكارلار ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى سەنئەتكارلارغا ئوخشاش ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ، ئۇيغۇر تالانتىنىڭ، ئۇيغۇر قابىلىيىتىنىڭ گۇۋاچىلىرى خالاس!

تەخمىن قىلىشىچە ھازىر مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدۇستلۇقى، جۇڭگو، ياۋروپا ئەللىرى ، ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرى) تۈركىيە، سەئۇدى ۋە باشقىلار(، ياپونىيە ھەمدە شىمالىي ئامېرىكا قاتارلىق مەملىكەتلەردە ئىلمىي تەتقىقات قىلغان ھەم قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئالىملىرى جۈملىدىن دوكتۇرلىرىنىڭ سانى 1000 دىن ئاشىدۇ. بىراق ، بۇلارنىڭ تەخمىنەن 80%دىن ئارتۇقراقى چەتەللەردە دېيىشكە بولىدۇ.

يېقىندىن بۇيان ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر يىگىت ـقىزلىرى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان نەتىجىلەر، ئۇلاردىكى ئىرادە ۋە جاسارەت ھەقىقەتەن ئۇيغۇرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى، ئەسلى روھى كىملىكىنى نامايەن قىلماقتا. مەن بۇلارنى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۈچەيتىلىۋاتقان روھى ئاجىزلىققا قارشى جەڭ ئېلان قىلىش دەپ چۈشىنىمەن. ئۇيغۇرلاردا قوزغالغان دۇنيا جىنىس رېكورتى يارىتىش قىزغىنلىقى كىشىنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. پەلەك شاھى ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنئىتى بويسۇندۇرۇش روھىدىن تۇغۇلغان روھ يەنە ئابلا مەجۇن، ئەسقەر شۈنىڭدەك كىچىك ئادىلجان ۋە سەمەت ئىمىن كەبى باتۇرلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئادىل ھوشۇر، ئابلا مەجۇن ۋە سەمەت ئىمىن ھەم باشقىلار جۇڭگودىكى بىر مىليارد 300 مىليون ئادەمنىڭ ئىچىدىكى يىگانە باتۇرلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، دۇنيادىكى بەش مىليارد ئادەمنىڭ يىگانە باتۇرلىرى ئىدى. بۇنداق باتۇرلۇق تەكلىماكانغىلا بەخش ئېتىلگەن بولۇپ، قېنى كىملەر ھازىرغىچە ئۇلار بىلەن كۈچ سىنىشالىدى؟ قېنى دۇنيا سىياسىي خەرىتىسىگە ئۆز ئورنىنى يازغان ئەزىمەتلەر؟

”بوكس شاھى“ دەپ نام ئالغان ئابدۇشۈكۈرمۇ بىر مەزگىل دۇنيا سەھنىسىدە بولمىسىمۇ، ئەمما دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ئادەملەر ئارىسىدا يەنى جۇڭگودا“شاھلىق „ ئالتۇن كەمىرىنى باغلىدى ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ مۇشتى، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرنىڭ مۇشتى ئەمەسمۇ؟ تەكلىماكان مەلىكىسى گۈلزۆھرە ئۇيغۇرنىڭ تەكلىماكانىنى ئۇيغۇر ئۆزى بويسۇندۇرۇش ئىرادىسىنى نامايەن قىلدى. گۈلزۆھرە روھى ئەمەلىيەتتە تارىخىمىزدىكى قەھرىمان خانىم ـقىزلىرىمىزنىڭ يەنى ئامانىساخانىنىڭ، نۇزۇگۇمنىڭ، مايىمخانىنىڭ ۋە ھەرەمباغ جەڭ مەيدانلىرىدىكى رىزۋانگۈللەرنىڭ روھىنىڭ يېڭى ئىپادىسى بولۇپ، بۇ ئىككى روھنىڭ ئاخىرقى مۇددىئاسى بىر ئىدى. گۈلزۆھرە روھى ئۇرۇمچى ۋە ئىچكىرى جۇڭگو شەھەرلىرىنىڭ قاۋاقخانىلىرىدا، مېھمانخانىلىرىدا يېرىم يالىڭاچ بەللىرىنى تولغاپ، ئۇسۇل ئويناپ،

خېرىدار كۆتۈش قىسمىتىگە دۇچار بولغان ئەشۇ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ روھىيىتىگە ئېلان قىلىنغان جەڭ بولۇپ، ئەسلىدە ئەشۇ قىزلارنىڭ قىنىدىمۇ ۋە روھىيەت قاتلىمىدىمۇ تەكلىماكاننى بويسۇندۇرالايدىغان گۈلزۆھرە روھى يوشۇرۇنغان ئىدى. ئەپسۇسكى، ئاچچىق رېئاللىق، ئۆز روھىيىتىنى قۇربان قىلىشتەك روھىي ئاجىزلىق ۋە روھىي ئەسىرلىك مىكروپلىرى ئۇيغۇر قىزلىرىنىلا ئەمەس بەلكى ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىمۇ كىسەللىككە دۇچار قىلماقتا. گۈلزۆھرەنىڭ كۆرىشى، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئەركەكلىرىنى ئۆز ئاياللىرىغا، ئۆز ھەدە-سىڭىللىرىغا ھەم ئۆز ۋىجدانىغا سادىق بولۇشقا چاقىرىپ چالغان ئاخىرقى سىگنال بولسا كېرەك.

ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنىڭ بايراقدارى سۈپىتىدە ھەر زامان تۇرداخۇننى، پاشا ئىشانى ۋە باشقا يۈزلىگەن نامايەندىلىرىمىزنى ھۆرمەتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا دائىملا ياش ناخشىچى ئەركىن ئابدۇللانى مۇرات ناسىروفقا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكىرى جۇڭگو شەھەرلىرىدىكى مۇسابىقىلەردە غالىپ كېلىپ، مىليونلىغان ئىخلاسمەنلەرنى مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزىگە مەھلىيا قىلىشى مېنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇنىڭ "دۆڭ كۆۋرۈك ھەققىدىكى پاراڭلار" ۋە باشقا ناخشىلىرى ئارقىلىق ئۆز كەسپداشلىرىنىڭ دولاننى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئەتە -ئۆگۈن بولسا، "سادىر پالۋان"، " ئايشەمگۈل"، "ئاللا خالىدەم"قاتارلىقلارغىمۇ ئىگە چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە سادىر پالۋان ۋە ياكى خالىدەم دەپ ئىسىم قويۇۋېلىشىدىن مۇداپىئە كۆرمەكچى بولغان پىداكارلىقى مېنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈردى.

قىسقىسى، ئۇيغۇرغا مىڭلىغان سادىر پالۋانلار، مىڭلىغان مۇرات ناسىروف ۋە ئەركىن ئابدۇللالار كېرەك. سادىر ناخشىسى ئىلى ۋادىسىدىلا ئەمەس بەلكى، پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدا، پۈتۈن جۇڭگودا، پۈتۈن دۇنيادا ياڭرىشى كېرەك ئىدى، ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇيغۇر ئۆز ئىسمى-جىسمىغا لايىق بولالايدۇ خالاس، ئۇنداق بولمايدىكەن تالانتلىق ياش ئارتىست ۋە يازغۇچى راخمانجان يازغان، ئەركىن ئابدۇللا ئېيتقاندەك "دۆڭ كۆۋرۈكتىن كېلىدىغان ھەققى ئۇيغۇر ھەدى" بىلەن روھلىنالمايمىز. بەلكى، دۆڭ كۆۋرۈككە كەلگەن كىشىلەرنى خۇددى قەدىمى ئاسارە-ئەتىقىلەرنى ۋە ياكى ئىپتىدائىي بىر قوۋمنى زىيارەت قىلغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىمىز خالاس. دۆڭ كۆۋرۈكتىن ئەسلى كېلىشكە تېگىشلىك ھەد، كاۋاب-سېرىق ئاشلارنىڭ ھەدى، دۆڭ كۆۋرۈكتىن كېلىدىغان ئاۋاز، سولغۇن چىرايلىرىنى ئۇپا-ئەڭلىك بىلەن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ۋە قولىرى سازلىرىنىڭ پەدىلىرىدە بولسىمۇ، ئەمما خىياللىرى باشقا يەردىكى ئەشۇ كۆزلىرىدىن ئەنسىرەش بىلەن چۈشكۈنلۈك سىزىلىپ تۇرغان ناتىۋان سازچىلارنىڭ ناخشا سادالىرى ئەمەس بەلكى، سادىرنىڭ ئارغىمىقى

ئاستىدىن چىققان توپا-چاڭ ھىدى بىلەن ئۇنىڭ ياتىراق ۋە مەرت ناخشا سادالىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس....

مۇرات ناسىروفنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا ئۆز مىللىتىگە قايتىپ كېلىشى، ئۇنىڭ رۇسىيە چولپىنىدىن ئۇيغۇر چولپىنى بولۇشى ئەۋزەل كۆرگەنلىكى، مېنى ئويغا سالدى ۋە قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا ئۈندىدى. مېنىڭچە ئۆز ئۆتمۈشى ۋە مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەنمىگەن بىر مىللەتنىڭ قاراڭغۇلۇقتا، روھىي ۋە ماددىي خارلىقتا قېلىشى تەبىئىي، ئۆز روھىنى ساقلىمىغان ۋە ئۆزىنى قۇتقۇلدۇرمىغان مىللەت بەئەينى ھاسىسىنى يوقىتىپ قويۇپ قاياققا قەدەم بېسىشىنى بىلمەي، گاڭگىراپ قالغان ھەتتا باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىن ئايرىلغان ئەما كىشىگە ئوخشايدۇ.

مۇراتنىڭ قايتىپ كېلىشى، ئەسلى تومۇردىكى قاننىڭ ۋە قەلبىدىكى روھنىڭ غەلىبىسى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى تاللىشى ئىدى. مۇرات ئۆز خەلقىنى قانچە سۆيسە، ئۆز خەلقى مۇراتنى شۇنچە سۆيدى. ئۆتكەن يىلى ئالمۇتادىكى قازاقىستان ئۇيغۇر بايلىرى كۇلۇبى تەشكىللىگەن "ئىلھام مۇكاپاتى"بېرىش مۇراسىمىدا باھالىغۇچىلار بىردەك ھالدا ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا سەنئەت ۋە ناخشا-مۇزىكا ساھەسى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك "ئىلھام مۇكاپاتى" بەردى.

مۇرات، قەشقەر، پەيزىۋات ۋە مارالبېشىدىكى يەر تەۋرەشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، موسكۋادىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەردە مەخسۇس خەيرىساخاۋەتلىك ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، ۋاپات بولغان ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىغا ماتەم بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇق بۇرچىنى ئادا قىلدى.

## ئانا ۋەتەن، ئانا تىل ۋە ئانا مەدەنىيەت روھى

رۇسىيە ناخشا چولپىنى، رۇسىيە ۋە ئۇيغۇر سەنئەت تارىخىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئالغان ئۇيغۇر يىگىتى مۇرات ناسىروف ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇلىرىنىڭ بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تۇپراقلىرىنى كۆرۈش، دادىسى تۇغۇلغان ئەزىزانە قەشقەرنىڭ تۇمەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى بىر يۇتۇم ئىچىش، بۈيۈك ئالىم ماخمۇد قەشقىرىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، شۇ يەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ زاتلىرىغا ئاتاپ دۇئا قىلىش، ئەگەر مۇمكىن بولسا، "قالدىم يالغۇز" ناخشىسىنى ئۇرۇمچى، قەشقەر ۋە غۇلجا سەھنىلىرىدە ئېيتىش ئىكەنلىكىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەرگىنىدە ئۇيغۇرنىڭ

مۇساپىرلىق تارىخىنى ۋە ئۇيغۇرنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇساپىر بولغانلىقىنى ئەسلىگىم كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئانا ۋەتەنلىرىدىن ئايرىلىپ، تاشقى دۇنيادا ماكانلىشىپ قېلىش تارىخى خېلى ئۇزۇن. ئەڭ قەدىمقى ۋاقىتلارنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت يېقىنقى ئۈچ ئەسىردىن سۆز باشلىغىنىمىزدا تاكى ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ چەت مەملىكەتلەرگە كۆچۈش دولقۇنىنى ئالتە قېتىمغا ئومۇملاشتۇرۇش مۇمكىن.

تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلار 1759ـ1760ـ يىللىرىدا جاۋ خۇي باشچىلىقىدىكى مەنچىڭ قوشۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ فېئوداللىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش جەريانىدا قەشقەرىيىگە باستۇرۇپ كىرگەندە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىلىرى مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، قوشنا پەرغانە ۋادىسى، يەتتە سۇ ۋە باشقا جايلارغا قېچىپ بېرىپ ماكانلاشقان ئىدى. ئەنە شۇ يىللاردىن تارتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مەملىكەتلەرگە بولۇپمۇ، قوشنا تۇپراقلارغا كۆچۈپ كېتىپ ماكانلىشىپ قېلىشى ھېچ توختىمىدى. ئىككىنچى قېتىملىق دولقۇن 19ـ ئەسىرنىڭ دەسلىۋىدىكى جاھانگىر غوجىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغانغا توغرا كەلگەن بولۇپ، 1825ـ1830ـ يىللىرىدا زور ساندىكى قەشقەرىيە ئاھالىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتتى. ئۈچىنچى قېتىملىق دولقۇن 19ـ ئەسىرنىڭ 70ـ80ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. مەلۇمكى، 1864ـ1865ـ يىللىرىدا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مەنچىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭلار پارتلىدى. ئىلگىرى كېيىن كۆچار قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولۇپ، ئىلگىرى كېيىن ئۇلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. ئەمما، 1865ـ يىلىدىن ئېتىبارەن تەگرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ياقۇپ بەگنىڭ باشلامچىلىقىدىكى يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىردى. زو زوڭتاڭ 1877ـ1878ـ يىللىرى قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرغاندا، يەنە بىر قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنى قوزغالدى. بۇ ھەقتە ئەينى ۋاقىتتا قەشقەرىيىگە كەلگەن چار پادىشاھ ئەلچىسى گېنېرال كروپاتكىن ۋە باشقىلار ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ. 1881ـ يىلى "جۇڭگو-رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى" ئىمزالىنىپ، رۇسىيە 10 يىل بېسىۋالغان ئىلى مەنچىڭ سۇلالىسىغا قايتۇرۇلغاندا، ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلاردىن 50 مىڭ ، تۇڭگانلاردىن 5 مىڭ ئەتراپىدا كىشى مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆز ئۆي-ماكانلىرىنى تاشلاپ، كوللىكتىپ ھالدا يەتتە سۇغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى. بۇ ھەقتە ئىلى خەلقى ئارىسىدا ئاتاقلىق "كۆچ-كۆچ " ناخشىسىمۇ پەيدا بولغان بولۇپ، خەلق ئۇنى تېخى ئۇنتۇلۇپ كەتكىنى يوق.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 4- قېتىملىق كۆچۈشى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولۇپ، بۇ چاغدىكى كۆچۈشنىڭ خاراكتېرىدا ئازراق پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ مەزگىلدە ياڭ زېڭشىڭ قاتارلىق مىلىتارىستلار ئۇيغۇر يەرلىرىنى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن قوشنا ئەللەردىن كۆپ ئارقىدا قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ نادان قالدۇرۇپ باشقۇرۇش سىياستى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلار باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا ھەر جەھەتتىن قالاق قالدۇرۇلغان ئىدى. بۇ چاغدا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى بولۇپمۇ قەشقەر تەۋەسىدىن ھەر يىلى ياز ئايلىرىدا قوشنا پەرغانە ۋادىسىغا ۋە يەتتە سۇغا بېرىپ، تۈرلۈك مەدىكارچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە تىجارەت قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاشتى. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدەملىرى يىراق ياۋروپا شەھەرلىرى ھەتتا موسكۋا، سانكتپېتىربۇرگقىچە يېتىپ بېرىپ، مەلۇم ساندىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى شۇ جايلاردىكى زاۋود، كارخانا قاتارلىق جايلاردا قارا خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار رۇسىيە تۇپراقلىرىدا ماكانلىشىپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇ ياقلاردا قېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىنقىلابلارغا قاتنىشىشى، شۇنىڭدەك يەنە ئابدۇللا رۇزباقىيېۋ تەشكىللىگەن ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا قايتىپ بارسا، مىللىتارىستلارنىڭ ئۇزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرىشى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۆز تۇپراقلىرىدا دۇچ كېلىۋاتقان قالاق ۋە مۇستەبىت تۈزۈمنى كۆرۈشنى خالىمىغانلىقى ھەم يەرلىكلەر بىلەن ئۆيلى-ئوچاقلىق بولۇش ھەم باشقىلاردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ بەشىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش دولقۇنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50-60-يىللىرىدا قوزغالغان بولۇپ، جۇڭگو رەسمى مەلۇماتلىرىدا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكى سۆزلەنسمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ك گ ب ئورگىنىنىڭ بىر قىرغىز پولكوۋنىكى ك گ ب ھۆججەتلىرىگە تايىنىپ تۈزۈپ، 1955-يۇلدىن 1963-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تەخمىنەن بىر مىليوندىن ئەتراپىدا ئادەمنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى يازىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇتلەق كۆپ سانىنى ئۇيغۇرلار ئىگىلەيدىكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ 6-قېتىملىق چەت مەملىكەتلەردە ماكانلىشىشى دولقۇنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلىنىپ، 90-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا

يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۇ قېتىمقى دولقۇن ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ پەرقلىق بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇرۇنقىدەك ئوتتۇرا، جەنۇبىي ۋە غەربىي ئاسىياغا كۆچۈشتەك ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى مەملىكەتلەرگە، شىمالىي ئامېرىكىغا كېلىپ يەرلىشىشكە باشلىدى. ھازىر ياۋروپانىڭ ھەر قانداق بىر يېرىگە بارسىڭىز ئۇيغۇرنىڭ دۇتار ئاۋازىدىن چىقىۋاتقان ئاچچىق ۋە مەغرۇر ئاۋازلىرىنى ئاڭلىيالايسىز، ھېچقاچان ئۇيغۇرنىڭ ئايىغى تەگمىگەن بۇ زېمىنلەردىكى كىشىلەر تەكلىماكاندىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان بۇ قارا كۆزلۈك ئىنسانلار تۈپىغا ھېسداشلىق ئارىلاشقان مېھرىبانلىقلىرىنى ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر كىشىلىك ئۆز نىيىتى ئۆزلىرى تاپالايدىغان ئىقتىدارىنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارغا پۇرسەتلەر يارىتىپ بەردى.

ئەلۋەتتە، بۇ يېڭى دولقۇننى تەشكىل قىلغۇچىلارنىڭ تەركىبى تۈرلۈك بولۇپ، بۇ دولقۇن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇملىدىن تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن تونۇشلۇق بولمىغان غەرب دۇنياسى بىلەن ئۇيغۇر خەلقنى باغلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ تونۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ دولقۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان تەكلىماكانغا قاپسىلىپ قالغان ئاۋازىنى يىراق شىمالىي مۇز ئوكيادىن تارتىپ، ئاتلانتىك ئوكيان، تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكيان بويلىرىغىچە يەتكۈزۈشتە ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئۆچمىگۈدەك بەتلىرىنى ياراتتى ۋە ياراتماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق كۆچۈش دولقۇنلىرىدا ئىلگىرىكى ئۈچ قېتىملىق دولقۇننىڭ ۋەكىللىرى ھېسابلانغان سانسىزلىغان ئۇيغۇرلار ئۆزى بارغان يەرلەردىكى ئاساسلىق خەلقلەرگە سىڭىپ تۈگىدى. ئەمما، ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پەرغانە ۋادىسىنىڭ نۇرغۇن شەھەر ۋە يېزا قىشلاقلىرىغا بارسىڭىز، ئۆزىنى ئۆزبېك دەپ ئاتاپ، ئاللىقاچان مىللىي كىملىكىنى ئۆزگەرتكەن كۆپلىگەن ئەشۇ دولقۇننىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىن ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى سۆھبەتلەر جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى پەخىرلىنىش بىلەن يادلىغانلىقىنى ئۇچرىتىسىز. ئەمما، كېيىنكى كۆچۈش دولقۇنلىرىنى تەشكىل قىلغۇچىلار بولسا، ئۆز مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قالدى ۋە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن تىرىشماقتا.

ئەلۋەتتە، غەرب مەملىكەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇرچە ئۆگىتىش، ئۇيغۇرچە كىيىندۈرۈش، مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئاڭدىن تەربىيە بېرىشكە ئەھمىيەت بەرمەكتە. بۇ يەردە مەزكۇر

تېما ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىشنى مۇددىئا قىلمايمەن. ئومۇمەن، دېمەكچى بولغىنىم، بايانىمىزدىكى باش قەھرىمان مۇرات ئەشۇ كېيىنكى ئۇيغۇر مۇساپىرلار دولقۇنىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش سانسىزلىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ۋە ياكى بوۋىلىرى تېخى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ۋەتەنىدىن كۆچۈپ چىققان بولغاچقا، ئۇلار قويۇق، ئۇيغۇر مىللىي پۇرىقى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىشكە، ئاتا-ئانىسى ۋە ياكى بوۋىلىرىنىڭ كىچىكىدىن سىڭدۈرگەن ئۇيغۇرلۇق تۇيغۇسى بىلەن ئوزۇقلىنىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى.

كۆچلۈك رۇس سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى 19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى كۆچۈپ چىققان يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىمۇ يوق قىلالمىغان بولۇپ، قازاقىستان تەۋەسىدىكى ئۆزلىرىنى "يەرلىك "لەر دەپ ئاتايدىغان بۇ گۇرۇپپىمۇ ئوخشاشلا ھېچ قاچان ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىدىن تانمىغان ئىدى. سوۋېتلەر يىمىرىلگەندىن كېيىن بولسا، ئۇلاردىكى ئانا ۋەتەن تۇيغۇسى ۋە چۈشەنچىلىرى ئۆزگىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى " سوۋېت ئۇيغۇرلىرى" دەپ پەخىرلىنىدىغان تۇيغۇسىنىڭ ئورنىغا " ئۇيغۇر"لۇق روھىنى دەسسەتتى. ئۇلاردا ئۆزلىرىنى ئانا ۋەتەنىنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلاش، ئانا ۋەتەنىنى سۆيۈش، ئانا تىلنى سۆيۈش چۈشەنچىلىرى كۈچىيىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئۇلاردىكى بۇرۇنقىدەك ئۆزلىرىنى 50-60-يىللاردا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىك، ۋە ئېسىل قىسمى يەنى" سوۋېت ئۇيغۇرلىرى" دەپ قارايدىغان سۇنىيلىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يوق بولۇشى بىلەن يوقالدى. 90-يىللاردا كۈچىيىشكە باشلىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە باشقىلارنىڭ مىللىي كىملىك ھەم مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتى تەبئىي ھالدا، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. نەتىجىدە، دۇنيا يۈزىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ۋە ياشىغان يەرلىرى پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ" ھەممىسىنىڭ تەقدىرى بىر، ھەممىسى بىر ئۇيغۇر، " دەيدىغان چۈشەنچىلەر ئومۇملىششقا قاراپ يۈزلەندى.

دېمەكچى بولغىنىم، دۇنيانىڭ نەرىگە بارسىڭىز، ئۇيغۇرنىڭ ئۆز كىملىكى ئۈچۈن ئورتاق كۈرۈشىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىدىيىلىرىنىڭ بارغانسېرى ئورتاقلىشىۋاتقانلىقىنى شۇنىڭدەك بىر گەۋدىگە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇيغۇرلاردىكى ئانا ۋەتەن، ئانا تىل، ئانا مەدەنىيەت ئىدىيىلىرى چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخىي ۋەتىنىگە بولغان سۆيگۈسى ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن يىغلاش ھەم بەدەل تۆلەش خائىشىنى پەيدا قىلدى.

مۇرات ناسىروف ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئەزىمەتلەر ئەنە شۇ ئۇيغۇرلاردىكى روھنىڭ ھامىسى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پەيدا بولغان ئۇيغۇرلاردىكى جىنسى رېكورتى يارىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ‘‘يېڭىلىق يارىتىش‘‘، ‘‘ئالەمشۇمۇل نەتىجە يارىتىش‘‘ھەرىكىتى ئۇيغۇرلاردىكى شەخسىي كىملىك سۆيگۈسى ئەمەس بەلكى ،ئورتاق مىللىي سۆيگۈنىڭ بەدەللىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادىل ھوشۇر باشلىغان بۇ ھەر ساھەلەردە كۆرۈلۈۋاتقان يېڭىلىقنى دادىللىق بىلەن ‘‘ ئۇيغۇرلاردىكى بىر يېڭى دولقۇن‘‘ دەپ ئېيتساق خاتالاشمايمىز. بۇ ئەمەلىيەتتە، 20- ئەسىرنىڭ 30- ۋە 40- يىللىرىدا قوزغالغان كەڭ كۆلەملىك ئۆزىنى ئازاد قىلىش، روھى قۇللۇق ۋە زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، ئىسمى-جىسمىغا لايىق سىياسىي مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش دولقۇنىنىڭ يېڭىچە ۋە ئۆزگىچە ۋارىيانتى خالاس!

## خاتىمە

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ20- ئەسىردە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى بىلەن ئۇچرىغان ئېغىر مۇسىبەتلىرىنى ھېچ ئۇنتۇيالمىغان ھالدا 21- ئەسىرگە قەدەم قويدى. 20- ئەسىردە سانسىزلىغان قۇربانلىرى بەدىلىگە ئاخىرقى غايىلىرىگە يېتەلمەي قالغان ئۇيغۇرلار 21- ئەسىردە ئۆز غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالامدۇ يوق بۇ ئالدى بىلەن ھەر بىر ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ھېسابلىغان ئىنسانىنىڭ روھىي دۇنياسىغا باغلىق، ئۆز ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇش بىلەن كېلەچەكدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئادەملەر بىلەن توشقان ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ ئوخشاشلا تېخىمۇ ئېغىر بەختسىزلىكلەرگە گىرىپتار بولۇشى مۇقەررەر (خۇدا ساقلىسۇن !)

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مۇساپىلىرىدىن قارىغاندا، ھەر بىر ئەسىردە ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلغان تەھدىدلەر ھەر خىل شەكىلدە بولغانكى، 21- ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى تېخىمۇ ئېغىر تالالاش ، رىقابەت ۋە كىرىزىس خاراكتېرلىق ھەيۋىگە توغرا كەلدى. ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ زېمىندا بىر قانچە مىڭ يىللاردىن بۇيان سىياسىي، مەدەنىيەت ، ئىقتىساد ۋە نوپۇس جەھەتتە يۇقىرى سالماقنى ھەمىدە باشلامچىلىق سالاھىيەتنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلار 21- ئەسىردە بۇ سالاھىيىتىنى ساقلاپ قالالامدۇ يوق؟

20 - ئەسىردە ئۆز ئىستىقبالىنى قولغا كەلتۈرگەن نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر 21- ئەسىردىن تېخىمۇ زور ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە. ئۇلار 21- ئەسىردە ئۆز زېمىنىدىن ۋە ئۆز رايونىدىن ھالقىپ، دۇنياۋى تەسىر كۈچكە ئىگە بولۇش سەۋىيىسىگە يېتىشكە

تىرىشىپ، 21-ئەسىرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەسىرى بولىدىغانلىقىنى جاكارلىماقتا. ئەمما، ئۇيغۇر مىللىي ئەخلاق چۈشەنچىلىرىگە كىرىزىس ئېلىپ كەلگەن 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغۇسىدىلا 20-ئەسىرنىڭ دەھشەتلىك ۋاباسى ھېسابلىنىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك بىلەن ئەيدىز كېسىلى ھەتتا ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان ئەڭ چەت يېزىلارغىچە يېتىپ كەلدى. ئەزەلدىنلا ئىسلام دىنىي ئەخلاقى ۋە مىللىي ئەخلاق قاراشلىرىغا باي بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ لۇغىتىدە بۇگۈنكى كۈندە "ئاق تاماكا" بىلەن "ئەيدىز" دائىم قوللىنىلىدىغان سۆز سۈپىتىدە يەر ئالدى. ئامېرىكا ئالىمى جۇستىن رۇدېلسون ئەپەندىنىڭ تەبىرى بويىچە ئالغاندا، "ئەيدىز بۈگۈنكى كۈندە ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت سۈپىتىدە يوقۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى ئەگەر ئۆزىنى ساقلاپ قالماقچى بولسا، ئەيدىز بىلەن زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى پۈتۈن ۋۇجۇد بىلەن كۆرەش قىلىشى كېرەك"

21-ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن دەسلەپكى ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيادا ئورتاق ئەدەبىي تىللىق رولىنى ئوينىغان ئۇيغۇر-تۈركىي تىلى، ئەرەبلەرنىڭ، پارىسلارنىڭ، قىتانلارنىڭ، موڭغۇللارنىڭ ھەمدە مانجۇلارنىڭ ھۆجۇملىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، تەككەمۇللاشقان ھەم زامانىۋى پەن-تېخنىكا تىلى ۋە سىياسەت تىلى بولۇپ، 20-ئەسىردە قايتا قەد كۆتەرگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار خىمىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زامانىۋى پەنلەر ھەم مېدىتسىنا ھەتتا كومپيۇتېر –ئۈچۈر تېخنولوگىيىسىدىن ئىبارەت يېڭى ۋە نازۇك تېخنىكىلىق پەنلەرنىمۇ ئۆز تىلىدا ئۆگىنىش ھەم ئوقۇتۇش، تەتقىق قىلىش شۇنىڭدەك ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى 2000 نەچچە مىللەتنىڭ ئىچىدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ يۈز مىللەتنىڭ قاتارىغا كىرىش بىلەن جۇڭگودا ئاز سانلىق مىللەت دەپ قارالسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئاساسىي مىللەت، كۆپ سانلىق مىللەت شۇنىڭدەك دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدە يەنىلا كۆپ سانلىق مىللەت ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلى 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىلا تارىختا كۆرۈلمىگەن رىقابەت ۋە شاللىنىۋېتىلىش تەھدىتىگە دۇچ كەلدى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىلى-يېزىقىنى بىلىش مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارىلىپ، مەركىزىي ياۋرو –ئاسىيا ئىنسانلىرى بۇ تىلنى بىلگەنلىكىدىن پەخىرلەنگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزلىرى ئېتىبارسىز قالدۇرماقتا ۋە ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشتىن نومۇس قىلىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىللىرىنى قەدىرلىمەسلىكىنى ھېس قىلغان سىياسەتچى ئەربابلار ئاشكارا ھالدا " ئۇيغۇر تىلىدا پەن-تېخنىكا ئۆگىنىشكە

بولمايدىغانلىقىنى، بازار ئىگىلىكىگە تېخىمۇ ماسلاشقىنى بولمايدىغانلىقىنى" تەكتلىمەكتە، سىياسەت ۋە جەمىيەت خاراكتېرلىق شەكىللىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ رولىنى چۈشۈرۈش دولقۇنى، ماخمۇت قەشقىرىنىڭ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋە ئەلىشىر ناۋايىنىڭ شۇنىڭدەك 1944-يىلدىن 1949-يىلغىچە ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرى دائىرىسىدە سىستېمىلىق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىلىرىنى بەش يىل باشقۇرۇش بىلەن ھەممىگە قابىل ۋە لايىق تىل ئىكەنلىكى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلانغان ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شۇنىڭدەك بۇ تىلنى قوغداش ئۈچۈن جانلىرىنى قۇربان قىلغان يۈز مىڭلىغان قۇربانلارنىڭ تىلىغا تەھدىد يەتمەكتە.

تىلدىن ئىبارەت مىللەتنىڭ قەلب ئەڭگۈشتىرىدىن ئايرىلىپ قالغان مىللەتنىڭ ئىستىقبالىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، خالىسىڭىز، رۇسلاردىن، ياپونلاردىن، فرانسۇزلاردىن ۋە خەنزۇلاردىن ئۆز تىلىڭىزنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا تىلنى ئىشلىتىشنى، ئۆز تىلىڭىزنى ئۇنتۇشنى خالامسىز دەپ سوراپ بېقىڭ، ئۇلار بەلكى بۇ سوئالىڭىزغا چىرايلىق گەپ بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇشتى بىلەن جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، باشقا بىر تىلنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن ئۆز تىلنى ئۆزىنىڭ مائارىپىغا ۋە كۈندىلىك پائالىيەتلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدۇرۇشنىڭ پەرقى بار.

21-ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇيغۇرلار يەنە ئىنتايىن كۈچلۈك بازار رىقابىتى، مەدەنىيەت رىقابىتى ھەم مىللىي ئاڭ ۋە غۇرۇر رىقابەتلىرىگە دۇچ كەلدى. ئۇيغۇرلارغا بۇ رىقابەتلەردە غالىپ چىقىشتىن باشقا چىقىش يولى يوق، ئەگەر ئۇتتۇرسا، ئاقىۋەتنى ھەر قانداق شەكىلدە تەسۋىرلەش مۇمكىن. لېكىن، خۇشاللىنارلىق بىر نۇقتا شۇكى، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۆزلىرىنى ھېچ كىمدىن كەم سانىماسلىق روھى مىللىي پىشكەسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى باشقا خەلقلەردىن ئارتۇق تۆرىدىغان يېقىندىن بۇيانقى نەتىجىلىرى ئارقىلىق دادىللىق بىلەن " 21-ئەسىر بىزنىڭ ئەسىرىمىز بولىدۇ" دەپ ئېيتىشقا ھەقلىق.

ئۇيغۇر دىيارى جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىم ۋە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. ئۇيغۇر دىيارى 21-ئەسىردە يېڭى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكەلى بولۇش رولىنى ئۆتەيدۇ. جۇڭگونىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقان ئېنېرگىيە ئېھتىياجى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى شۇنىڭدەك خەلقئارا ھەربىي-سىياسىي ئىستراتېگىيىسى ئۇيغۇر دىيارى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، نۆۋەتتە، قازاقىستان بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى نېفىت توشۇش تۇرۇبىسى ئىشقا كىرىشتى. بۇ يول جۇڭگونىڭ نېفىتكە بولغان ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشتىكى ناھايىتى مۇھىم ۋاستە.

2011-يىلدىن ئېتىبارەن گاز ئاقتۇرىلىدىغان رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى تەبىئىي گاز تۇرۇبىسىمۇ ئۇيغۇر دىيارىدىن ئۆتىدۇ.

تۆمۈر يول قاتنىشى جەھەتتىنمۇ، قەشقەر-قىرغىزىستان-ئۆزبېكىستان تۆمۈر يولى تۇتاشتۇرۇلسا، ئۇ چاغدا جۇڭگونىڭ بىۋاستە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق غەربىي ئاسىياغا ھەمدە كاۋكازىيە رايونى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئەگەردە پاكىستانغا تۇتىشىدىغان تۆمۈر يول مەيدانغا كەلسە، جۇڭگو ئۇيغۇر دىيارى ئارقىلىق پاكىستاننىڭ كاراچى پورتىغا ئاندىن كېيىن ھىندى ئوكيانغا چىقىپ، ھىندى ئوكيان بويىدىكى نېفت مەھسۇلاتلىرىنى بۇ يول ئارقىلىق قىسقا ۋاقىت ھەم قىسقا مۇساپە بىلەن جۇڭگوغا توشۇپ كېلەلەيدۇ شۇنىڭدەك تاۋار ئالماشتۇرۇشتا ۋە سودىدا يەنە يېڭى مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىدۇ. قىسقىسى ، ئۇيغۇر دىيارى جۇڭگونىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي ئاسىيا جۇملىدىن ياۋروپا بىلەن بولغان تۇرلۇك ئىقتىسادىي ئالاقىلىرىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇپلا قالماستىن بەلكى، كەلگۈسىدە جۇڭگونىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىيىلىك مۇناسىۋەتلىرىدىكى مۇھىم ۋاستىلىق رولىغا ئېرىشىدۇ. شۇڭا، جۇڭگو ئىستراتېگىيىچىلىرى " شىنجاڭ گۆھەر زېمىن" دەپ بىكارغا ئېيتمىغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن تاشقى دۇنيا ئارىسىدىكى شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بەلۋاغقا جايلاشقانلىقىدەك ئەۋزەللىكىنى ۋە رولىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەۋزەللىكلىرى ۋە رولىرىدىن قانداق پايدىلىنىش يوللىرىنى تېپىپ چىقالىسا، بۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بەخت ئېلىپ كېلەلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئارزۇلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن بەدەل تۆلەش كېرەك، ئادىل ھوشۇر سەنئىتى بوغۇزىغا تارتىلغان تۆت يۈز مېتىر ئېگىزلىكتە مېڭىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە تەييار ئىدى. چۈنكى، ئۇمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش ئادەم بولغاچقا، ئەشۇ ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ھېچنېمىسى قالماس ئىدى. ئابلا مەجنۇنمۇ خۇددى شۇنداق!

گۈل زۆھرە بەلكى تەكلاماكاندىن يۈگۈرەپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئوخشاشلا ئادىل ھوشۇردىن قېلىشمايدىغان خەتەرگە تەۋەككۈلچىلىك قىلدى . ئۇلار ئەنە شۇنداق بەدەل تۆلەش روھى بىلەن ئۆزىنىلا ئەمەس بەلكى مىللىتىنى تونۇتتى، بۇ مىللەتنىڭ دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر ئۆزلىرىنى ئىلغار ۋە بۈيۈك ھېسابلىغان ئىنسانلار تويپىدىن قېلىشمايدىغان، ھەممىگە قادىر ۋە لايىق بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى! مانا بۇ ئۇيغۇرغا كېرەك روھ! شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن ئۆز باتۇرلىرى، ئۆز ئالىملىرى، سەنئەتكارلىرى، قىسقىسى ئۆز مىللىتى ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلغان

ئادەملىرىنى قەدىرلەشكە ۋە سۆيۈشكە شۇنىڭدەك ئۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىر خەلقتۇر.

ئۇيغۇر ئۆچۈن ئۇيغۇرسىز قالغان، يۇرت ئۆچۈن يۇرتسىز قالغان، ئانا تىلى ئۆچۈن تىلسىز قالغان، پاك روھى ئۆچۈن جانسىز قالغانلارنىڭ مۇرات-مەخسەتلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، چۈنكى تارىخ ئەڭ ئادىل سوتچىدۇر! چۈنكى تارىخ ھېچ قاچان كۆز يېشىغا ئىشەنمىگەن ھەم ئىشەنمەيدۇكى، بۇ خۇددى ئادىل ھوشۇرنىڭ پەلەكنى بويسۇندۇرۇش روھى تارىخ ياراتقاندەك بىر ئىش، ئىشىنىمەنكى، ياش تالانتلىرىمىز ئەركىن بىلەن راخمانجانلار خىتاپ قىلغاندەك دۆڭ كۆۋرۈكتىن كېلىدىغان ئۇيغۇر ھىدى ئەبەدىيلىك بولغۇسى ! ھەم بۇ ھىد خۇددى تارىختا سۇلتان سۇتۇقتەك، باتۇر تەڭرىقۇتتەك، مويۇنچۇردەك قەھرىمان ئەجدادلىرىمىز دۇنياغا ياپغاندەك يەنە دۇنياغا يېيىلغۇسى!!

ئۇيغۇر ناخشىلىرىدىن شۇنداق پۇراقلار كەلسۇنكى، ئۇنىڭدا ئاجىزلارنىڭ يىغىسى بىلەن بىچارىلەرچە ئىڭرىشى ئەمەس، بەلكى مەردانە نەرىلەر، جاسارەت ۋە ئۈمىدۋارلىقلار مەۋجى ئۇرسۇن، سەنئەت بىلەن بىرگە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ھامان سەنئەت بىلەن ئۆزىنى تونۇيدۇ ۋە سەنئەت بىلەن ئۆزىنى تەربىيلەيدۇ. ئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ۋە يوقاتماسلىق ئاساستا باشقا مىللەتلەرنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىپ ، ئۇنى ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا سىڭدۈرۈش كېرەككى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ مۇزىكىلىرىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالماسلىق كېرەك. قوبۇل قىلىپ پايدىلىنىش بىلەن كۆچۈرىۋېلىشنىڭ ئارىسىدا زور پەرقلەر مەۋجۇت. ناخشا-مۇزىكىدىكى تەرەققىياتمۇ بىر مىللەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە راۋاجلىنىش يۆلۈنىشىنى كۆرستىپ بېرىدىغان بەلگىلەرنىڭ بىرىدۇر

ئىشىنىمەنكى، مۇراتنىڭ ئىلى ۋە تۆمەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىش ئارزۇلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، يالغۇز مۇراتنىڭلا ئەمەس بەلكى، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئون مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان ، مىليونلىغان مۇراتلارنىڭ مۇرات-مەقسەتلىرى چوقۇم رىئاللىققا ئايلىنىدۇ.

□

**مەنبە: ئاسمان تورخاتىرىسى**

# 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىدىئولوگىيىلىك كۈرەشلەر

(مۇستاپا چوقايىنىڭ تۈركىستان مۇختارىيىتىدىن-نۇرسۇلتان نازارباييىفقىچە)

نەبىجان تۇرسۇن (تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

## مۇقەددىمە

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بىخ ئۇرۇپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غۇنچە چىقارغان ئورتاق تۈرك دۆلەتچىلىك غايىسى سابىق چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىدىل-ئۇرال بويلىرىدىن تارتىپ، تاكى ئۇيغۇر دىيارىغىچە بولغان بىپايان ياۋرو-ئاسىيا تۇپراقلىرىدىكى ئىلغار، مەرىپەتپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەرلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالدى.تۈركچىلىك، يەنى، ئورتاق تۈرك مىللىي كىملىكى چۈشەنچىسى ئەسلىدىن بىر يۇقىرى ئاڭ-سەۋىيە ۋە چۈشەنچە تەلەپ قىلىدىغان ئىدىئولوگىيە بولغانلىقى ئۈچۈن ، تۈركىي مىللىي كىملىك تويىغا مەنسۇپ بولغان ئولتۇراق ۋە كۆچمەن ھاياتتىكى بارلىق ئاۋام خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنى بىردىنلا قوبۇل قىلىشى ھەم مەزكۇر مىللىي ئىدىئولوگىيە ئۈچۈن ئورتاق قۇربان بېرىش يولىنى تاللىشى ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسىيىدە پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ، ئەركىن پىكىر قىلىش شارائىتى تۇغۇلۇپ، دېموكراتىك ئىسلاھات ئىدىيىلىرى مەيدانغا چىققاندا، تۈركچىلىك ئىدىيىسىنى كەڭ يېيىش ۋە مەزكۇر ئىدىيىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان مۇستەقىل

دۆلەتچىلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش پۇرستى تۇغۇلدى. قىرىمدىن تارتىپ، تاكى ئىدىل-ئۇرال بويلىرىغىچە، كاۋكازىيىدىن تارتىپ، كاسپىي بويى ۋە قازاق دالاسى ھەم تۈركىستان تۇپراقلىرىغىچە بولغان كەڭ جۇغراپىيىلىك بوشلۇقتا مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى قوزغىلىپ، مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ ئىدىيولوگىيىلىك ئاساسى قانتىنى تۈركچىلىك ئىگىلىدى. مەزكۇر ئىدىيە ئوسمانلى تۈركلىرى، ئۇكرائىنىيىدىكى قىرىم تاتارلىرى، كاۋكازىيىدىكى ئەزەرى، قۇمۇق، بالقار ۋە قاراچايلار، ئىدىل-ئۇرالدىكى تاتار ۋە باشقۇرت ھەم غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، قاراقالپاق قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا تېز يېيىلىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي ۋە سىياسىي ئىدىيىلىرى تەركىبىدىن ئورۇن ئالدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياۋرو-ئاسىيادىكى بىر قانچە ئىمپېرىيىلەر تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، تارىخ سەھىپىسىدىن چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ خارابىلىرى ئورنىدا يېڭى جۇمھۇرىيەتچىلىك ئىدىيىلىرى جۇش ئۇردى. شەرقىي ئاسىيادا ئالدى بىلەن مانجۇلارنىڭ چىڭ ئىمپېرىيىسى غۇلاپ، سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو مىللىي دۆلەت ئىدىيىسىنى ئاساسىي نەزەرىيە قىلغان جۇڭخۇئا مىنگو ھاكىمىيىتى تىكلەندى. ئارقىدىن رۇسىيىدە پادىشاھلىق تۈزۈمى ئاغدۇرۇلۇپ، چار رۇسىيىنىڭ خارابىسىنى ئاستا-ئاستا كوممۇنىستلار ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى نامى ئاستىدىكى بىر ھاكىممۇتلەق دۆلەت مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلە ئوخشاش ۋاقىتتا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسىم تۇپراقلىرىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قەد كۆتەردى.

ياۋرو-ئاسىيادىكى مەزكۇر ئۈچ ئىمپېرىيىنىڭ يوقىلىشى نەتىجىسىدە مەزكۇر ئىمپېرىيىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش، ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىق يولى ئېچىلغان بولۇپ، رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدىكى ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر قىسىم ياۋروپا مەملىكەتلىرى تولۇق مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسىم مىللەتلەر بەربىر سوۋېت ئىتتىپاقى دېگەن نام ئاستىدىكى يېڭى قىزىل ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى. بىراق، ئۇلار چار رۇسىيە دەۋرىدىكىدىن پەرقلىق ھالدا ئۆز مىللىي ئىتتىپاقداش ۋە ياكى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، ئىككىنچى قەدەمدە تولۇق مۇستەقىللىققە ئېرىشىشنىڭ قانۇنىي ئاساسىغا بولسىمۇ ئىگە بولدى.

چىك ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەيران بولۇشى ئوخشاش ئۇنىڭ ئىگەللىۋالغان تۈپراقلىرىدىكى ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل ۋە جەنۇب تەرەپتىكى بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ قۇتۇلۇش ۋە ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت قۇرۇش پۇرسىتى ئاتا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ پۇرسەتتىن پەقەت موڭغۇللارنىڭ شىمالىي تەرەپتىكى قىسمىلا بەھرىمەن بولالىدى. تىبەتلەر بولسا، مۇستەقىل ھاكىمىيەت كەبى ئۆزىنى ئىدارە قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ تەلىيى كاج كەلگىنى ئۇيغۇرلار بولۇپ، پەقەت قۇمۇل تاغلىرىدا تۆمۈر خەلىپىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى ئۆزىگە كېلىۋاتقان پۇرسەتتىن مەھرۇم بولدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ نۇرغۇن تۇپراقلىرى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئارىلىششلىرى تۈپەيلىدىن قولدىن كەتتى شۇنىڭدەك ئەڭ ئاخىرىدا ھازىرقى ئاناتولۇ ۋە ئىستانبۇل ئەتراپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىيە تۇپرىقىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلدى.لېكىن، چىك ئىمپېرىيىسى يىقىلىپ، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم خارابىسىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دىيارىدا ياڭ زېڭشىن باشلىق مىللەتارىستلار ۋە مىللەتچىلەرنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىشى، چار رۇسىيە ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ خارابىسىدا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋەت رۇسىيىسىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىشى ئاسانغا چۈشمىدى. بۇ جەريانلار تولىمۇ مۇرەككەپ باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، بۇ ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان ئىنسانلىنىڭ ئۆلۈمى، خانىۋەيران بولۇشى بەدىلىگە ئەمەلگە ئاشتى. مېنىڭ تۆۋەندە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغىنىم، يېقى سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ سابىق چار رۇسيە ئىمپېرىيىسىنىڭ خارابىسى-ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز ھاكىمىيتى تىكلەش يولىدىكى كۈرەشلىرى شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئورتاق تۈركچىلىك ئىدېئولوگىيىسى ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇش كۈرىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلانغان تۈركىستان مۇختارىيىتى ھەققىدە بايان قىلىش ۋە قىسمەن يەكۈنلەرنى چىقىرىشتىن ئىبارەت.

## 1.چار رۇسىينىڭ يىمىرىلىشىدىن تۇغۇلغان پۇرسەتلەر

1917-يىلى، فېۋرالدا چار پادىشاھ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، كېرېنسكىي رەھبەرلىكىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى. ئۆزلىرىنى دېموكراتىك ھاكىمىيەت دەپ ئاتاپ رۇسىيىنى قاشقاقلىق ۋە كرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن رۇسىيە ئانارخىست دېموكراتلىرى تېخى غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي

تۇرۇپلا، پۈرسەتپەرەس بولشېۋىكلار ( كوممۇنىستلار) تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. 1916- يىلى، چار رۇسىيىنىڭ تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ تاشكەنت ۋە فەرغانە ۋادىسىدىكى ئەنجان قاتارلىق شەھەرلەرنى زىيارەت قىلىپ، ھەتتا مەسچىتلەرگە كىرىپ، يەرلىك مۇسۇلمان جامائەتلىرىگە ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى، دېموكراتىك ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان ھەمدە چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايونغا قاراتقان قاتتىق ۋە كەمسىتىش سىياستىنى ئۆزگەرتىشكە كۈچ چىقىرىش ۋەدىلىرىنى بەرگەن كېرىنسكىي پۈتۈن رۇسىيىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەندە بۇ ۋەدىلىرىدە ھەققىدە جىم تۇرىۋالغان بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بەرىبىر ئاغدۇرۇلۇشتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

بۇ ۋاقىتتا رۇسىيىنىڭ چەت مىللىي رايونلىرىدا بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەت تەركىبىدە قېلىش ۋە ياكى ئاپتونومىيىگە ئىگە بولۇش، ياكى بولمىسا دۆلەت ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى تاللاش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلدى[1]. فېۋرال ئىنقىلابىدىن سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، 1917- يىلى، ئۆكتەبىردە لېنىن رەھبەرلىكىدىكى بولشېۋىكلار سانكتپېتېربۇرگدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، رۇسىيە، جۇملىدىن ئىنسانىيەت تارىخى يېڭى بىر باسقۇچقا ، يەنى، دۇنيا ئىككى ئىدېئولوگىيىلىك لاگېرغا بۆلۈنۈپ، ئۇزۇن يىللار بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىش شۇنىڭدەك بىر دۆلەتتىكى بىر مىللەت، بىر خەلق ئىككى ئىدېئولوگىيىلىك ئېقىم ئۆچۈن بىر-بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئىچكى ئۇرۇش ئىچىدە خانىۋەيران بولۇشتەك ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي جاھالەتلىك يىللىرىنى باشتىن كەچۈردى.

ئەلۋەتتە، رۇسىيىدىكى ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى پەقەت تۈركىي خەلقلەرنىڭلا ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈنلا تۈرتكە بولغان ئەمەس، بەلكى مەركۇز پۈرسەتتىن سابىق چار رۇسىيىنىڭ مۇستەملىكىسىدە بولغان بارلىق خەلقلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پايدىلىنىشقا تىرىشقان ئىدى.

رۇسىيە كوممۇنىستلىرى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇزۇن مەزگىل چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان رۇس ئەمەس خەلقلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە " مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى" نى ئېتىراپ قىلىپ، "مىللەتلەرنىڭ خالىسا ئايرىم دۆلەت قۇرۇش "شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بولشېۋىكلار 1917- يىلى، نويابىردا ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپلا، رۇسىيىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرى ھەققىدە خىتابنامە

ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا مىللەتلەرنىڭ تەڭ باراۋەرلىكى، ئىگىلىك ھوقۇقى بارلىقى، ئۇلارنىڭ تاكى رۇسىيەدىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرغىچە بولغان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش ھوقۇقلىرى ئېتىراپ قىلىنىدىغانلىقى جاكارلانغان. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ مۇنداق ئىدىيىنى جاكارلىشىدىكى مەقسەت رۇسىيىنىڭ بارلىق رۇس ئەمەس مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان جايلىرىدىكى ئاھالىلارنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە تارتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئاساسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئىدى[2].

بۇ تەشەببۇسلار كاۋكازىيە، ئىدىل-ئۇرال ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى خەلقلەرگە زور ئىلھام بولغان بولۇپ، چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ۋەيران بولغان ھەمدە رۇسلارنىڭ سىياسىي قاتلىمىدا ئىدېئولوگىيىلىك بۆلۈنۈش كۈچەيگەن پۇرسەتتىن پايدىلانغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرى رۇسىيەدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇش پۇرسىتى پىشىپ يېتىلدى دەپ ھېسابلاپ، كۈرەش سېپىغا ئاتلاندى.

نەتىجىدە، ئىلگىرى-كېيىن كاۋكازىيە، ئۇكرائىنىيە، بېلارۇسىيە ۋە باشقا رايونلاردا ئايرىم بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. ھەتتا، رۇسىيىنىڭ يىراق شەرقلىرىدە رۇسلار ئۆزلىرى قۇرغان ئايرىم جۇمھۇرىيەتلەر باش كۆتۈردى.مەزكۇر پۇرسەتتىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىرى لاتۋىيە، لىتۋا، ئەستونىيە، فىنلاندىيە بولۇپ، ئۇلار تولۇق مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئۆز مۇستەقىللىقىنى قوغداپ قالالىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇكرائىنىيە باشقا رايونلاردىكى يېڭى ھاكىمىيەتلەر قايتىدىن سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆز مۇستەقىللىقلىرىنى ساقلاپ قالالمىدى.

بۇ ۋاقىتتىكى مەركىزىي ئاسىيا ۋەزىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، 1917-يىلى، فېۋرالدا چار پادىشاھ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، چار پادىشاھنىڭ تۈركىستان ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىندى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. مەزكۇر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى پۈتۈنلەي رۇسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپا مىللەتلىرى ئىگىلىگەن بولۇپ، تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بۇنىڭ تەركىبىدىن ئورۇن ئالمىدى. شۇ يىلى، لېنىن رەھبەرلىكىدىكى بولشېۋىكلارنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن تەڭ تاشكەنتتىكى كوممۇنىستلارمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇردى.

بولشېۋىكلار ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، مۇسۇلمان ئاۋام پۇقرالىرى ۋە بىر قىسىم زىيالىيلىرى ئارىسىدا كوممۇنىستىك ئىدىيىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، مەلۇم

ساندا ئاۋام ۋە كەمبەغەل تەبىقىغە مەنسۇپ كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلار ئارىسىدىن تۈنجى كوممۇنىستلارنى يېتىشتۈردى. مەزكۇر يەرلىك كوممۇنىستلار بولسا، ئۆستىلىق بىلەن كەشپ قىلىنغان "مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى" دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىپ، ئۇلار ئۆچۈن ئايرىم ياچېيكىلار تەسىس قىلىنىپ، ئۇلارنى باشقۇرىدىغانغا يەرلىك "مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى" دىن سېكرېتارلار بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇ نۇقتىنى تەكىتلەش زۆرۈركى، چار رۇسىيىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە كوممۇنىستلارنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن دەسلەپكى چاغلىرىدا تۈركىي-مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ ئازادلىقىنى ۋە مۇستەقىل دۆلەتچىلىكىنى تەمىن ئېتىشىنى مەقسەت قىلىدىغان تۈرلۈك پارتىيە-گۇرۇھلار، ئاممىۋى ۋە سىياسىي جەمىيەتلەر ھەمدە ئىشچىلار ۋە دېھقانلار ئۇيۇشمىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مىللىي مۇستەقىللىق ۋە گۈللىنىش ئىدىيىسىگە مەنسۇپ، رۇسىيىدە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان قازاق مىللەتپەرۋەر زىيالىيلىرىدىن ئاخمەت بايتۇرسۇنوف، ئالىخان بۆيكەخانوف ۋە مىرجاقىپ دۇلاتوف قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى "ئالاش-ئوردا" پارتىيىسى ھەم ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئالاش ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى، بۇخارانى بازا قىلغان ۋە تۈركىيىدە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان ئابدۇ ۋاھىد بۇرھانوف، فىترەت، ئوسمان خوجايىپ قاتارلىق ئۆزبېك-تاجىك ياشلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدىكى "ياش بۇخارالىقلار" تەشكىلاتى، خىۋە خانلىقىنى بازا قىلغان "ياش خىۋەلىكلەر" پارتىيىسى مەيدانغا كەلدى. بۇ گۇرۇپپىلار مىللەتپەرۋەرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلاردا تۈركىيە ھەتتا غەربكە تەلپۈنەتتى[3].

بۇلاردىن باشقا يەنە تۈركىستان جەدىدلىرىنىڭ تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە قۇرۇپ، تۈركىستاننىڭ كۆپ جايلىرىغا كېڭەيتكەن، مۇنەۋۋەر قارى باشچىلىقىدىكى تۈركىستاندا خۇددى، تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان ۋە پاكى مىسىردىكىگە ئوخشاش بىر ھاكىمىيەتنى قۇرۇشنى ئۇمىد قىلىدىغان "شورا-ئى ئىسلامىيە" پارتىيىسى، جەدىدلەرگە قارشى، قەدەمىيچىلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان، تۈركىستاندا تولۇق شەرىئەت سوتى بولغان ھەمدە رۇسىيە تەۋەسىدىكى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، سېرالى لاپىن يېتەكچىلىكىدىكى كۆچلەرنىڭ "شورائىي ئۆلىما" پارتىيىسى قاتارلىق پارتىيە ۋە تەشكىلاتلار مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى[4].

بۇ ۋاقىتتا يەنە تۈركىستاننىڭ بىر قىسمى ھېسابلانغان يەتتە سۇ ۋادىسىدىكى

ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك ۋە تۇڭگانلارمۇ تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشقان بولۇپ، 1917-يىلىنىڭ ئاپرىل ئېيىدا ئۇيغۇرلارنىڭ " تارانچى كومىتېتى" تەسىس قىلىندى[5]. بۇ تەشكىلاتنى دەسلەپتە سودىگەر ئابدۇساتوروف ئىسىملىك كىشى باشقۇرغان بولسا، ئۇزۇن ئۆتمەي دىنىي ئۆلۇما مەرۇپ مەس ‘ئۇدى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىنى زىممىسىگە ئالدى[6] ۋە تۇڭگانلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى شىلازا مايپۇ ئىسىملىك كىشىنىڭ باشچىلىقىدا بىر قىسىم تۇڭگانلارنى قوبۇل قىلىپ، تەشكىلات نامىنى " تارانچى-تۇڭگان كومىتېتى " دەپ ئۆزگەرتتى[7] .

تارانچىلار ، يەنى ئىلى ئۇيغۇرلىرى مەزكۇر كومىتېت تەركىبىدىكى ئاساسىي كۈچ بولۇپ، بۇ تەشكىلات ئالمۇتا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەممىدە ئالمۇتىدىن تارتىپ تاكى يەركەنتكىچە بولغان كەڭ ئۇيغۇر يېزا-قىشلاقلىرىدا تېزدىن يىلتىز تارتتى، ئەمما يەركەنتتىكى تارانچى -تۇڭگان كومىتېتى ئەڭ كۈچلۈك پائالىيەت ئاساسى ياراتقان بولۇپ، بۇ تارماقنى ئاتاقلىق ئۇيغۇر زىيالىيسى ھۆسەيىن يۇنۇسوف باشقۇرغان[8]. لېنىن رۇسىيىسى بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشقان بۇ زات، كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ غۇلجىغا قېچىپ كەتكىچە بولغان ئارىلىقتا تارانچى-تۇڭگان كومىتېتىنىڭ يەتتە سۇ ئوبلاستلىق بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ تونۇلغان ئىدى. ئۇيغۇر جەدىدچىلىك ئېقىمىغا مەنسۇپ، مەرۇپ مەسئۇدى بىلەن ھۆسەيىن يۇنۇسوف 1918-يىلى سوۋېت ھاكىمىيىتى يەتتە سۇدا ئورنىتىلغاندا، ئۇيغۇرلارنى بۇ ھاكىمىيەتكە بويسۇنماسلىققا چاقىرغان. مەسئۇدىچىلار يېزىلارغا بېرىپ، خەلقنى سوۋېتلەرگە قارشى قورallıq كۆرەش ئېلىپ بېرىش كېرەك دەپ تەشۋىقاتلار ئېلىپ بارغان[9]. ئەينى دەۋردە تارانچى-تۇڭگان كومىتېتىنىڭ كاتىپى بولغان، كېيىنكى مەشھۇر سوۋېت ئۇيغۇر رەھبىرى ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ قارىشى بويىچە ئالغاندا، تارانچى كومىتېتىنىڭ غايىسى ئۇيغۇر خەلقىنى 1864-يىلىدىكى ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىلى سۇلتانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان. بىراق، تارانچى كومىتېتىنىڭ سوۋېتلەرگە قارشى تەشەببۇسى نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتى جايلاشقان ئالمۇتا قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسىدىن كېيىن، قىزىل ئارمىيە 1918-يىلى، ماي ئېيىدا ئۇيغۇر مەھەللىرىگە ھۇجۇم قوزغاپ، مەخسۇس ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، 15-20 مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈشتەك " ئاتۇ پاجىئەسى" كېلىپ چىققان ئىدى. ھۆسەيىن يۇنۇسوفنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئۇ غۇلجىغا قاچقاندىن كېيىن داۋاملىق تۈردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقارتىش ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى

بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇ، ئىلى مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان بولۇپ، 1934-يىلى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىنغاندا، خوجا نىياز ھاجىم قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان شۇنىڭدەك شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تاشكەنتكە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش ھەققىدە تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن سۆزلىشىشكە ئەۋەتىلىپ، تاشكەنت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشلىقى بىلەن مەخسۇس ئوقۇغۇچى ئېلىپ كېلىش مەسىلىسىدە سۆھبەتلەشكەن [10]. بەلكى، 1934-1937-يىللىرىكى شېڭنىڭ ئۈچ قارار ئوقۇغۇچىنى تاشكەنتكە ئەۋەتىشكە ئائىت ئالاقە ئىشلىرىنى رۇس تىلىغا پىششىق بىلگەن بۇ زات بېجىرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، ستالىنچىلار، ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ كونا رەقىبى ھۈسەيىن يۇنۇسوفنى شېڭ شىسەينىڭ قولى بىلەن يوقاتقان بولۇپ، 1937-يىلى، خوجا نىياز ھاجىم قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە زىيالىيلار بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپە ئۆتەپ، تاشكەنتكە ئەۋەتىلگەندە، ئۇيغۇر ئالىمى بۇرھان قاسىموف بىلەن كۆپ سۆھبەتلەردە بولغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى چىققانلىقىدىن پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىكەن[11]. بىراق، بۇ چاغدا ئۇ تېخى ستالىنچىلارنىڭ 1937-يىلىغا كەلگەندە خوجا نىياز ھاجىم ۋە ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىغا بەرگەن ۋەدىلىرىنى بىكار قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ قولى بىلەن ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ستالىنچىلارنىڭ ئالدىشى بىلەن قورال تاشلاپ، شېڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ، باشلىقلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ئەربابلارنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

ھۈسەيىن يۇنۇسوف ۋە مەرۇپ مەسئۇدى باشچىلىقىدىكى تارانچى-تۇڭگان كومىتېتى ئالمۇتىنى مەركەز قىلغان " ئومۇمىي مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى" نىڭ تارمىقى بولغان بولۇپ، "ئومۇمىي مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى" دەپ ئاتالغان ئالمۇتىدا تەسىس قىلىنغان بۇ تەشكىلاتنى تاتارلاردىن زەينىدىن ھاجى تازىدىنوف باشقۇرغان[12] ، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مۇددىئاسى يەتتە سۇدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قوۋملارنى مەركىزىي رۇسىيە، يەنى ئىدىل-ئۇرال بويلىرىدىكى تاتارلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ۋە ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىدى. ئۇلار، ئالمۇتىدا ئومۇمىي مۇسۇلمانلار نامايىشلىرىنى تەشكىللىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىلاكاتلىرى مەركىزىي رۇسىيەدىكى تاتار بۇرجازىيىسىنىڭ مىللىي مەدەنىي ئاپتونومىيىسى توغرىسىدىكى

شوئارلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى.[13]

يەتتە سۇدىكى قازاق، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆزبېكلەر تەشكىللىگەن "شورائىي ئىسلامىيە" تەشكىلاتىنىڭ تەسىرىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ئۆزئارا ئالاقە ۋە ھەمكارلىق بار ئىدى. مەزكۇر تەشكىلات فەرغانە ۋادىسىدىكى شورائىي ئىسلامىيىنىڭ تارمىقى بولۇپ، مەۋقە جەھەتتىن بىردەك ئىدى. بۇ ۋاقىتتا يەنە يەتتە سۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ۋە ئازادلىق مەسىلىرىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، بەزىلەر شورائىي ئىسلامىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قوللىسا، يەنە بەزىلەر تارانچى-تۇڭگان كومىتېتىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قوللىدى. لېكىن، پۈتۈن رۇسىيە مىقياسىدا داۋاملىشىۋاتقان ھەمدە ئومۇمىي ئېقىمغا ئايلانغان ئىشچىلار، ئەسكەرلەر ۋە دېھقانلار بىر تەشكىلاتقا ئۇيۇشۇش يۆزلىنىشىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بىر قىسىم يېڭىچە مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن ھەمدە تاتار ۋە رۇس ئىشچىلار ھەم زىيالىيلار قوشۇنى بىلەن مەلۇم رەۋىشتە ئۇچراشقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئىشچىلىرىمۇ رۇسىيىنىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش ئىشچىلار ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، ئىشچى ۋە ئەمگەكچى ئۇيغۇرلار كۈچى ئارقىلىق ھوقۇقلارنى كاپالەتكە ئىگە قىلماقچى بولدى.

نەتىجىدە، 1917-يىلى، 5-مايدا ئالمۇتا شەھرىدە بارى شاغابۇدىنوفنىڭ رەئىسلىكى، ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ سېكرېتارلىقىدا " مۇسۇلمان ئىشچىلىرىنىڭ بىرلەشمە ئىتتىپاقى" ناملىق بىر تەشكىلات قۇرۇلۇپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئادەم سانى 600 گە يەتتى[14].

بۇ تەشكىلاتقا تارانچى-تۇڭگان كومىتېتىغا قاتناشقان ۋە كېيىن ئۇنىڭدىن ئايرىلغان بىر قىسىم زىيالىيلار ئاكتىپ رول ئوينىغان بولۇپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، سوپى زارۋاتوف، تېيىپ ھاجى سابىتوف، يۇسۇپ ئەخمەتوف، مۇسا روزىيېۋ، ھەمرا فەرىدىنوف ۋە باشقىلار رەھبىرى خاراكتېرلىق شەخسلەر ئىدى. شۇ ۋاقىتتا يەنە يەركەنتتە غاپپاروف قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە 400 نەپەر، ئۇيغۇر، رۇس ۋە قازاقتىن تەركىب تاپقان ئىشچىلار ئىتتىپاقىنى قۇرۇلغان.بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى 1918-يىلدىن كېيىن يەتتە سۇ رايونىدىكى دەسلەپكى "مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى"غا ئايلانغان بولۇپ، 1918-يىلىنىڭ بېشىدا يەتتە سۇ رايونىدا مۇسۇلمانلارنىڭ 72 ئەزادىن تەركىب تاپقان تۇنجى كوممۇنىستىك پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلغاندا، مەزكۇر ياچېيكىنىڭ 44 نەپەر ئەزاسى ئۇيغۇر، 9 نەپىرى قازاق، 18 نەپىرى تاتاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ[15]، ئۇيغۇرلار يەتتە سۇدىكى

دەسلەپكى ۋە ئەڭ كۆپ سانلىق كوممۇنىستلاردىن بولغان ئىدى.

سوۋېت ھاكىمىيتى يەتتە سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق غەربىي تۈركىستاننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئىشچىلار ئىتتىپاقلىرىدىن باشقا تەشكىلاتلار ۋە پارتىيىلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ( بولشېۋىكلاردىن باشقا) "ئەكسىيەتچىل"، "پان-ئىسلامىست ۋە پان-تۈركىست " قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىرى جازالاندى، كوممۇنىستلار بىلەن ھەمكارلاشقانلىرى بولسا، ئەڭ ئاخىرىدا 1937-1938-يىلىدىكى چوڭ تازىلاشتا باشقا كوممۇنىست رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە يوقىتىلدى.

1917-يىلىنىڭ بېشىدىن تاكى 1918-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەركىزىي ئاسىيادا يۇقىرقى تەشكىلاتلار پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغاندىن سىرت يەنە، 1917-يىل، 3-ئايدا تاشكەنتتە "مۇسۇلمان ئەمگەكچىلىرى ئىتتىپاقى" دەپ ئاتالغان بىر تەشكىلات قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈركىستان خەلق كومىسسارلىرى كېڭىشى قۇرۇلغان بولۇپ، رۇس شوۋىنىستىك ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ مەركىزى كېڭىشىگە يەرلىك خەلقتىن بىرمۇ ئەزا قوبۇل قىلىنمىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، تاشكەنتتە تۈركىستان ئۆلكىسى مۇسۇلمانلىرىنىڭ 3-قېتىملىق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، تۈركىستانغا مۇختارىيەت تەلەپ قىلىش پىكرلىرى مەيدانغا چىقىشقەن بولسىمۇ، بىراق، كوممۇنىستلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. خەلق كومىسسارلار كېڭىشى تۈركىستاننىڭ رۇسىيىدىن ئايرىلىشىغا ۋە ياكى تولۇق ئاپتونومىيە ئېلىشىغا ئەشەددىي قارشى چىققان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە يەرلىك تۈركىي خەلقلەر بىلەن چار رۇسىيە دەۋرىدىن ئېتىبارەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان رۇسلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. تۈركىستان ھاكىمىيتىنى ئىگىلىۋالغان تاشكەنتتىكى رۇس كوممۇنىستلىرى گەرچە ئۆزلىرىنى پۈتۈن رايوننى ئىدارە قىلىدىغان ھۆكۈمەت دەپ جاكارلىسىمۇ، بىراق ئۇلاردا مىللەتچىلىك خاھىشلىرى كۈچلۈك بولغاچقا لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سانكتپېتېربۇرگ ۋە موسكۋانى مەركەز قىلغان رۇسىيە بولشېۋىك داھىيلىرىنىڭ مىللەتلەر تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش شوئارلىرىغا ئۈمىد باغلىغان يەرلىك خەلقلەرنى ھەمكارلىشىش ۋە ياكى ھاكىمىيەتكە قاتناشتۇرۇشتىن نېرى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغاچقا يالغۇز قالدى ھەمدە تاشكەنتتىن باشقا جايلارنى ئىدارە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. مىللەتچىلىك شۇ دەرىجىگە بارغانكى، رۇس كوممۇنىستلىرى تاشكەنتتە تەسىس قىلغان تۈركىستان سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسىنىڭ ھەممىسى رۇسلار بولۇپ، 14 كىشىلىك

بۇ ھۆكۈمەت ھېيتىگە بىرمۇ يەرلىك مىللەت كىشىسى كىرگۈزۈلمىگەن[16].

تۈركىستان مىللەتپەرۋەرلىرى بىلەن رۇس كوممۇنىستلىرى ئارىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسى تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك كۈرەش ئاخىرىدا مۇستاپا چوقاي باشلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ قوقاننى بازا قىلىپ، <<تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى>>نى قۇرۇپ، ئۆزلىرىنى تۈركىستان رايونىنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى دەپ جاكارلاش بىلەن تاشكەنتتىكى رۇس كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلمىدى. بىراق، مۇستاپا چوقاي ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن يەنىلا لېنىن ۋە ستالىن رەھبەرلىكىدىكى بولشېۋىكلارنى تاشكەنتتىكى كوممۇنىستلاردىن پەرقلىق دەپ ھېسابلاپ، تۈركىستان مۇختارىيىتىنى ۋاقىتىنچە تولۇق مۇستەقىللىق ئېلىشتىن ئىلگىرى رۇسىيە سوتسىيالىستىك فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىدىكى ئاپتونوم ھۆكۈمەت دەپ ئېلان قىلغان شۇنىڭدەك سانكتپېتېربۇرگنىڭ ئۆزلىرىنى تونۇشىنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، موسكۋا بىلەن تاشكەنتنىڭ نىيىتى ھەم ماھىيىتىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كېچىكىپ چۈشەنگەن ئىدى. لېكىن، مۇستاپا چوقاي تۈركچىلىكنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ئىسمائىل گاسپىرالىنىڭ غايىسىنى مەدەنىي يول بىلەن ئەمەس، سىياسىي يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلگەن تۇنجى تۈركىستان كۈرەشچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرىنچى قېتىم بارلىق تۈركىي قوۋملارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن مىللىي ھاكىمىيەت بەرپا قىلىشنىڭ سىناق-تەجرىبىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ ئىدىل-ئۇرالدىن تاكى قۇمۇلغىچە بولغان جۇغراپىيىلىك بوشلۇقنى بىر ئېتنىك-سىياسىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان تۈرك مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ گايىۋى ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقنى ئىسپاتلاپ قالماستىن بەلكى، تۈركىستاننىڭ ھاما رۇس ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىللىق يولىغا ماڭىدىغانلىقى ۋە ئاخىرىدا مۇستەقىل دۆلەتچىلىكلەرنىڭ قەد كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىدى ۋە ئىشەنچىسىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يوقاتمىدى.

مۇستاپا چوقاي سىناق قىلغان تۇنجى ئورتاق زامانىۋى تۈركىستان ھۆكۈمىتى گەرچە پەقەت 60 نەچچە كۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان بولسىمۇ، بىراق 74 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 60 نەچچە كۈنلۈك مەزكۇر بوۋاق ھۆكۈمەتنىڭ مەنىۋى خارابىسى ئۈستىدە مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. بەلكى، مۇستاپا چوقاي باشلىق مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان تۈركىستان كۈرەشچىلىرىنىڭ روھى بۈنىڭدىن خۇش بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئۇلارنىڭ روھلىرى مەزكۇر غايە ئۈستىدە ئورتاق تۈركىستان

ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا ئايرىمچىلىق، مەنمەنلىك ۋە مەھەللىۋى نىزا ئۇرۇغلىرى چېچىلىپ، بىر-بىرىدىن بارغانسېرى يىراقلىشقانلىقتىن ھازىرقى رېئاللىقتىكى تۈركىستاننى كۆرگەندە قانچىلىك قورۇنۇۋاتقانلىقىنى بىر ئاللاھ بىلىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىغىچە مۇستاپا چوقاي باشچىلىقىدىكى تۈركىستان يەنى قوقان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىل-ئۇرال ، كاۋكازىيە ۋە قازاق دالالىرىدا ئىلگىرى-كېيىن بىر قاتار تۈركچىلىك، مىللىي ئازادلىق ئىدىيىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان تاتار-باشقۇرت مىللىي ھۆكۈمىتى، ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتى، ئالاش ئوردا مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى، خارەزىم خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق ھاكىمىيەتلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئاخىرىدا كۈنسايىن قۇدرەت تاپقان سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ھەربىي-سىياسىي ھۇجۇملىرى ئاستىدا ۋەيران بولۇپ ۋە ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ تەركىبى قىسمىغا قېتىلىپ كەتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدا، يەنى ئۇيغۇر دىيارىدا بولسا، تاكى 1931-يىلىغىچە جاھالەت ھوكۈم سۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقى يات زېكشىنىڭ " تۆۋە ئىستىغبار ھۇجرىسى"دا ئولتۇرۇپ ئويلاپ تاپقان "دۆتلەشتۈرۈش" ، " بىر-بىرىگە سېلىش"، ۋە "قوشنا ئەللەردىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىنى مەسچىتلەر ئارقىلىق توسۇش" قاتارلىق بىر يۈرۈش ھىيلە-نەيرەڭلىرىدىن مەست بولۇپ، دۇنيادىن بىخەۋەر ، بىخارامان ئۇيقىدا يېتىشقا مەجبۇر بولغان، سىرتقى دۇنيادىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەر تېپىپ، مىللىتىنىڭ قاششاقلىقىدىن ۋۇجۇدى ئۆرتەنگەن ئاز ساندىكى مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ "ئويغان ئۇيغۇر!"دېگەن خىتابلىرىنى ئاڭلىمىغان ئىدى.

ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا بالدۇر ئويغانغان ئۇيغۇرلاردىن بىرى م. بۇغرانىڭ شۇ دەۋر ھەققىدىكى تەسۋىرى بويىچە ئالغاندا، خەلقنىڭ ئويغىنىشى ۋە گۈللىنىشى خالىمايدىغان ھۆكۈمەت ۋە يۇرتنىڭ نوپۇزلۇق مەنپەئەتپەرەستلىرى مىللەتنى ئويغىتىشقا ئىنتىلگەن كىشىلەرنى ، زىيالىيلارنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرغانلىقتىن ئۇلارنىڭ خەلقنى ئويغىتىشقا ئائىت پىكىرلىرىنى ئېغىزدىن چىقىرىشى ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئىدى، يۇرتنىڭ نوپۇزلۇق ئاخۇنلىرى باي ۋە بەگلىرى يات زېكشىنىڭ سىياسىتىدىن بەك رازى بولۇشتى. چىن ھۆكۈمرانلىرىدىن بۇ چاققىچە ھېچقانداق بىر كەچۈرۈلمەيدىغان كۆرمىگەن بۇ كىشىلەر ئۇنى سەممىي بىر ئىسلام ھىمايىچىسى ۋە ئىنساپلىق ھۆكۈمدار دەپ قارىدى[17].

بۇغرا ئېيتقاندەك ئەنە شۇ نادانلىق تۈپەيلىدىن، تۈركىستان مۇختارىيىتى دۇنياغا كەلگەندە، بىر قانچە مىليون ئۇيغۇر خەلقى ئۆز قوشنىسى پەرغانىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن بىخەۋەر نادانلىق، ئۇيقا ئىچىدە ياتقان بولۇپ، ياڭ زېڭشىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر قانچە مىڭ كىشىلىك ئەپيۇنكەش ئەسكەرلىرى بىلەن بىر قانچە مىليون ئۇيغۇرنى كولدۇرلىتىپ خاتىرجەم ئىدارە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. قەشقەرىينىڭ ناھىيىلىرىدە پەقەت بىر خەنزۇ ھاكىم ئۆزىنىڭ بىر قانچە ئون نەپەر ئەسكىرى بىلەن بىر قانچە يۈز مىڭ ئادەمنى باشقۇردى. قىسقىسى، ياڭ جياڭجۈن ئۇيغۇرلارنى ئەسكەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ھىيلە بىلەن سېھرلەپ تاشلىغاندەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىدى.

لېكىن، ھەر قانداق قاراڭغۇ كېچە ھامان ئاخىرلىشىدۇ، ھەر قانداق شېرىن ئۇيقا ھامان تۈگەيدۇ، ھەر قانچە ئۇيقۇچان ئىنسان ھامان بىر كۈنى ئۇخلىيالماس بولىدۇ، شۇنداق ئىكەن، 1931-يىلى، 2-ئايدا قومۇل تاغلىرىدا ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئۇيقۇچان ئىنسانلارنى ئويغىتىۋەتتى، تاڭغا تەلمۈرۈپ ئۇخلىماي ياتقانلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزىۋەتتى، ھەر قاچان سەگەك ۋە ھەرىكەت ئىچىدە يۈرگەن ئوغلانلارنى ئەركىنلىك كۈرەش مەيدانىنىڭ بىرىنچى سېپىغا ئاتلاندۇردى.

نەتىجىدە، ئىدىل-ئۇرال، كاۋكازىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆچۈرۈلگىنىگە ئون نەچچە يىللار بولغان يالقۇن قايتىدىن تارىم-جۇڭغارىيە-قومۇل ۋادىلىرىدا لاۋۇلداپ، مۇستاپا چوقاي تەسىس قىلغان ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى نۇسخىسى- <<شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى >>دۇنياغا كەلدى. قەشقەردە قۇرۇلغان بۇ جۇمھۇرىيەت پارىژدا سىياسىي ھىجرەتتە ياشاۋاتقان قازاق پەرزەنتى مۇستاپا چوقاينىڭ ئۇمىد شاملىرى ئۆچەي دەپ قېلىپ، خىرەلىشىۋاتقان قەلبىنى يورۇتقان شۇنىڭدەك ئۆزى تاللىۋالغان غايىنىڭ ھامان بىر كۈنى رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرگەن ئىدى.

## 2.ئورتاق تۈركىستان ئارزۇسىنىڭ تۈنجى رېئالى

ئەسلىدە رۇسىيە دۇماسىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن تەيىنلەنگەن ئەزاسلىق سالاھىتى بىلەن رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، مەلۇم دەرىجىدە سىياسىي كۈرەش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان قانۇنشۇناس مۇستاپا چوقاي ھەم ئۇنىڭ مەسلەكداشلىرى تاشكەنتتىكى كوممۇنىستلارنىڭ زوراۋانلىقىغا

قەتئىي بويسۇنماي، 1917-يىلى، 9-12-دەكابىر كۈنلىرى، "شورائى ئىسلامىيە" تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوقان شەھرىدە 4-قېتىملىق تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. بۇ قۇرۇلتايغا ھەر قايسى جايلاردىن 200 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشقان بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ ئاۋاز بېرىشى بىلەن تۈركىستان مۇختارىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى تاشكەنتنى مەركەز قىلغان تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ھازىرقى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان ۋە قازاقىستاننىڭ بىر قىسمى كىرگەن بولۇپ، ئەمما، 1865-يىلى تۈركىستان گېنېرال گۇبېرناتورلۇقى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن تاكى 1918-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىستان ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىدىن باشقا يەنە بۇخارا رايونىنى ئىدارە قىلىدىغان بۇخارا ئەمىرلىكى، خارەزم رايونىنى ئىدارە قىلىدىغان خىۋە خانلىقى مەۋجۇت بولۇپ، قالغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئوبلاست تەسىس قىلىنغان. يۇقىرىقى ئىككى خانلىق رۇسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان بولۇپ، چار رۇسىيىنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدىكى ھاكىمىيەتلەر ئىدى. رۇسىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى خانلىقنىڭ تاشقى ئالاقىلىرىنىلا كونترول قىلغان بولۇپ، ئىچكى ئىشلىرىغا، ئىدارە شەكىللىرىگە ئارىلاشمايتتى[18].

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەخەسسىسى غاپپاروفنىڭ مەلۇماتىچە، 1913-يىلىدىكى رۇسىيىنىڭ سانلىق مەلۇماتى بويىچە ئالغاندا، بۇخارا ئەمىرلىكى ۋە خىۋە خانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان پۈتۈن تۈركىستان ئاھالىسى 9.5 مىليون بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈركلەر 88.4%نى، تاجىكلار 6.9%نى، رۇسلار 3،7%نى تەشكىل قىلغان[19]. يەنە بىر يەرلىك مۇتەخەسسىس شەمشىدىنوفنىڭ مەزكۇر نىسبەتنى مىللەتلەر بويىچە ئايرىشى بويىچە ئالغاندا، بۇ ۋاقىتلاردىكى ئاھالىنىڭ 39.2% نى ئۆزبېكلەر، 19.5%نى قازاقلار، 13.5%نى قىرغىزلار، 9.1%نى تاجىكلار، 4.9%نى تۈركمەنلەر، 1.3% نى قاراقالپاقلار، 1%نى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغان[20]. بۇنداق بولغاندىمۇ، تۈركىي خەلقلەر 80% ئەتراپىدا بولۇپ چىقىدۇ.

ئومۇمەن، تاكى 1921-1924-يىللىرى ئارىسىدا تۈركىستاندا ( ئوتتۇرا ئاسىيادا) ئېتنىك ۋە سىياسىي جۇغراپىيىلىك چېگرىلار ئايرىلىشتىن ئىلگىرى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى ئايرىم مىللەت ئىدىيىلىرى ۋە كىملىكلىرى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن ئىدى. ھەتتا 1897-يىلىدىكى چار رۇسىيىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈشىچە،

پۈتۈن تۈركىستاندىكى ئاساسلىق ئېتنىك تەركىپلەر سارتلا، ئۆزبېكلەر ، قىپچاقلار، قەشقەرلىكلەر، تارانچىلار، قارا قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار دېگەندەكلەردىن ئىبارەت بولۇپ[21]، سارتلار تەركىبىگە ئۆزبېكلەر ، تاجىكلار، ئۇيغۇرلار كىرگەن. ئۆزبېكلەر پەقەت كۆچمەن ھاياتتىكى قەبىلىلەر بولۇپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى ھازىر ئۆزبېكلەر دەپ ئاتىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆزبېكلەرگە تەركىبىگە كىرمىگەن ئىدى. ئۇيغۇر دىيارىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن ئۇيغۇرلار بولسا، قەشقەرلىق ۋە ياكى تارانچى دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇرلار بولسا، غەربلىكلەر تەرىپىدىن "تۈرك"، رۇسلار تەرىپىدىن "قەشقەر سارتلىرى" ۋە ياكى "شەرقىي تۈركىستانلىقلار" دەپ ئاتالغان. خەنسۇلار بولسا، ئۇلارنى "چەنتوۋ " ياكى " چەنخۇئى" دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بولسا، ئۆزلىرىنى ياشىغان شەھەرلىرى بىلەن " قەشقەرلىق" ، "خوتەنلىك" ھەمدە يەنە " مۇسۇلمان" ۋە ياكى " تۈرك" دەپلا ئاتىغانلىقى مەلۇم. گەرچە ئۇيغۇر ئاتالغۇسى خەلق ئىچىدە، بولۇپمۇ زىيالىيلار قاتلىمى تەركىبىدە بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىلمىغانىدى. ھەتتا 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردىكى شۋېتلار چىقارغان ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تىللىرى << قەشقەر تۈركچىسى>> دەپ ئاتالغان ئىدى. بۇ ئەھۋال ئۆزبېكلەر ئارىسىدىمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆزبېكلەرنى "ئەنجانلىق"، ئۆزبېكلەر ئۇيغۇرلارنى "قەشقەرلىق" دەپ ئاتىغان. ھەتتا قىرغىز بىلەن قازاقنىڭ چەگرىسىمۇ ئېنىق ئەمەس بولۇپ، 1924-يىلىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەركىبى ئايرىلدى .قىسقىسى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر بىر-بىرىدىن ئايرىپ چىقىلدى.

مۇستاپا چوقاي تۈركىستان مۇختارىيىتىنى قۇرغان ۋاقىتلاردا ئايرىم مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرى بار دېيىلگەندىمۇ، ئۇنچە كۈچلۈك ۋە ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ۋەكىللىك قىلالمايتتى. تۈرك خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئەنە شۇ باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن چار رۇسىيە ھوكۇكمىتىمۇ " تۈركىستان گۇبېرنىيىسى" ۋە تۈركىستان ئۆلكىسى"، سوۋېت رۇسىيىسى بولسا 1919-يىلىدىن 1924-يىلىغىچە " تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى" نامى ئاستىدا مەمۇرىي -سىياسىي باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇپ، بۇ زېمىننىڭ تۈركلەرنىڭ زېمىنى تۈركىستان ئىكەنلىكىنى ئەتىراپ قىلدى. مۇستاپا چوقاي قاتارلىق تۈركىستان مىللەتپەرۋەرلىرى بىرلىكتە تەسىس قىلغان تۈركىستان مۇختارىيىتى ھۆكۈمىتى مانا شۇنداق ئېتنىك تەۋەلىك جەھەتتىن تۈركىي خەلقلەر 88% ئىگىلىگەن پۈتۈن تۈركىستاننىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، بۇ زېمىندىكى خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى

مەقسەت قىلغان تۈنجى ئۇرۇنۇش ئىدى.

مەزكۇر ھۆكۈمەت قوقاندا قۇرۇلۇپ، شۇ يەرنى بازا قىلغانلىقى ئۈچۈن قوقان ھۆكۈمىتى دەپمۇ ئاتالدى. لېكىن، تۈركىستان مۇختارىيىتى دەپ ئاتىلىش ئادەتكە ئايلانغان ئىدى. 1917-يىلى، 9-12-دېكابىر كۈنلىرىدىكى قۇرۇلتاي نەتىجىسىدە قۇرۇلغان تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە قانۇن ھاكىمىيەت ئورگىنى "ۋاقىتلىق خەلق كېڭىشى" سايلاپ چىقىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا 54 ئادەم ئەزا بولدى، ھۆكۈمەت تەركىبى 12 ئەزادىن تەركىپ تاپتى. تۈركىستانلىقلار تاشكەنتتىكى رۇس مىللەتچى كوممۇنىستلىرىغا قارىغاندا، دېموكراتىك بىر ئۇسۇل ھەم چارە قوللانغان بولۇپ، 54 كىشىلىك خەلق كېڭىشىنىڭ 36 نەپەر ئەزاسى يەرلىك مىللەتلەردىن ، 18 نەپىرى رۇسلاردىن تەركىپ تاپتى[22].

تۈركىستان مۇختارىيىتى 1918-يىلى، 20-مارتتا رەسمىي پارلامېنت تەسىس قىلىش ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنى خەلق يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق سايلاش، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى مۇسۇلمانلاردىن، ئۈچتىن بىر قىسمىنى باشقا مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەردىن تەيىنلەش قارار قىلىنغان[23]. تۈركىستان مۇختارىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە دەسلەپتە، رۇسىيە دۆلەت دۇماسىنىڭ سابىق ئەزاسى، ئىنجېنېر، قازاقلاردىن كېلىپ چىققان مۇھەممەدجان تىنىشپايېۋ ، مۇئاۋىنلىكىگە تاتارلاردىن قانۇنشۇناس ئىسلام شاگىئاخمەتوۋ سايلانغان.

مۇستاپا چوقاي ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىسىرلىقىغا، ماگدى چانىشېۋ (تاتار) ھەربىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، ئۆزبېكلەردىن ئەبەيدۇللا خوجا جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىغا، ئاگرونوم ھىدايەتبەك يۇرغۇللى ئاغا[24] يەر ۋە سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىقىغا، ئابىدجان ماخمۇد ئىشلەپچىقىرىش مىنىستىرلىقىغا، قازاقلاردىن قانۇنشۇناس ئابدۇراخمان بەل ئۇرازاي ئىچكى ئىشلار مۇئاسىن مىنىستىرلىقىغا، يەھۇدىيلاردىن سولومون گېرسىفېلد مالىيە مىنىستىرلىقىغا، ئۆزبېكلەردىن كىچىك ئېرگەش قوراللىق كۈچلەرنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن[25]. بۇلاردىن باشقا يەنە، ئابىدجان ماخمۇد قوقان شەھەر ئىچكى ئىشلار ئورنىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، مىر ئادىل مەرغىلان ۋە فەرغانە ۋىلايىتى كېڭىشىنىڭ رەئىسلىكىگە، ناسىرخان نامەنگان ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى رۇسىيە، تۈركىيەدە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى

كۆرگەن[26]. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رۇسىيىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ مەخسۇس قانۇنشۇناسلىق فاكۇلتېتلىرىنى تاماملىغانلار ھەم رۇسىيە دۇماسىنىڭ ئەزاسى بولغانلار بار بولۇپ، ھۆكۈمەت رەئىسى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى تۆمۈر يول ياساش ئىنجېنېرى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلق ئىچىدە زور ئابروي قازانغان ھەمدە قازاق دالاسىغا ۋاكالىتەن رۇسىيە دۇماسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان ئەرباب ئىدى[27]. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي قوقان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پىكىر ئىختىلاپى كېلىپ چىققان بولۇپ، ھۆكۈمەت رەئىسى مۇھەممەدجان تىنىشپايېۋ تەرەپدارلىرى بىلەن مۇستاپا چوقاي تەرەپدارلىرى ئارىسىدا تۈركىستان مۇختارىيىتىنىڭ يۈتۈنلەي رۇسىيىدىن ئايرىلىش ۋە ياكى ۋاقىتىنچە رۇسىيە تەركىبىدىكى مۇختارىيەت سۈپىتىدە قېلىش شۇنىڭدەك تاشكەنتتىكى كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىش ياكى قىلماسلىق مەسىلىلىرىدە پىكىر ئىختىلاپى كېلىپ چىققان.

ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىمۇ بىراز مۇرەككەپ بولۇپ، تۈركىستاننىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى بەلگىلەشتە رۇسىيە ، تۈركىيە ۋە گېرمانىيە -ياۋروپا تەرەپدارلىقىنى تۇتىدىغان تۆرلۈك كۆز قاراشلار مەۋجۇت ئىدى.بۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە جەدىدچىلەر ۋە قەدىمچىلەرنىڭ پىكىر ئىختىلاپىمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بولشېۋىكلار ۋە تاشكەنت ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەن رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ مىللەتچىلىككە قارشى مەيدانى ئورتاقلىقتا ئىگە ئىدى. ئەمما، بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ زىددىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، مۇستاپا چوقاي ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچىيىشىگە سەلبىي تەسىر يەتكۈزگەنلىكىنى تەنقىد قىلغان[28].

مۇھەممەدجان تىنىشپايېۋ قاتارلىقلار بولسا، مۇستاپا چوقاي قاتارلىقلارنىڭ تاشكەنتتىكى رۇس كوممۇنىست ھاكىمىيىتىگە قاتتىق مۇئامىلە قىلىشىغا نارازى بولغان، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ بەزى قارارلىرىنىڭ تاشكەنتتىكى رۇس بولشېۋىكلىرى بىلەن ئارىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ دەپ قاراپ، 1918-يىلى، يانۋارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ھۆكۈمەت رەئىسلىكىدىن ئىستىپا بەردى [29]. مۇھەممەدجان تىنىشبايېۋ ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن كېڭەشنىڭ سايلىشى بىلەن مۇستاپا چوقاي ھۆكۈمەت رەئىسى بولۇپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى. مۇستاپا چوقاي ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قوقاندىكى تۈركىستان ئىشچى-دېھقانلار قۇرۇلتىيى تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سانكتپېتېربۇرگدىكى سوۋېت مەركىزىي

ھۆكـۈمىتىگە تېلېگرامما يوللىدى. قۇرۇلتايـنىـڭ مەركەزگە يوللىغـان باياناتـىـدا مەركەزدىـن تاشـقـىرىقى چەتئەلـلـىـك ھەربىي كۈچلەرنىـڭ يـاردىمى بىـلەن ھـاكىمىيەتنى تارتىۋېلـىـپ، ئـۆزىنى ھۆكـۈمەت ئـېلان قىلغـان سـوۋېت خەلـق كومىسسارلىرىنى تارقىتىۋېتىش تەلەپ قىلىنغان.

بىراق، ئەينى ۋاقىتتىكى سـوۋېت ھۆكۈمىتىنىـڭ مىللەتـلەر ئىشـلىرىغا مەسئۇل رەھبىرى يوسىف سـتالىن ئۇلارغـا جـاۋاب بېرىـپ،" يەرلىـك كېڭەشـلەر ئـۆز ئىچكـى ئىشلىرىدا مۇختارىيەتكە ئىگە، ئەگەر تۈركىستاندىكى دېھقان ۋە ئىشـچىلار قورالـلىـق كـۈچكە ئـىـگە بولسـائىلار، چەتئەللـىـك دەپ بىلـگەن تاشـقـىرىقى سـوۋېت خەلـق كومىسسـارلىرىنى تـارقىتىڭلار" [30] دەپ قورالسـىز تۈركىسـتانلىقلارنى قورالـلانغـان مـۇنتىزىم كـۈچكە ئـىـگە تاشـقـىرىقى بولشـېۋىكلارغا قارشـى ئـۇرۇش قىلىشـقا چاقىرغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ ستالىننىڭ تاكتىكىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ھېچقاچان تاشقىرىقى بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى خالىمايتتى.

مۇستاپا چوقاي تەرەپدارلىرى بىر تەرەپتىن لېنىن قاتارلىقلارنىڭ مىللەتلەرنىـڭ ئـۆز تەقـدىرىنى ئـۆزلىرى بەلگىـلەش چاقىرىقلىرىغـا ئىشەنسـە، يەنە بىر تەرەپتىن رۇسىيە كوممۇنىسـتلىرىنىڭ قۇدرەتلىـك ھەربىي كـۈچى ۋە ئۇلارنىـڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان كادىرلار قوشۇنى جەھەتـتىن تېخى پىشـىپ يېتىلمىگەن، ھەربىي-ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئاجىز ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى نەزەرگە ئېلىپ، ۋاقىتنىچە رۇسىيە دېموكراتىـك فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى تەركىبىدە تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى. ئـۇ ئۆزىنىـڭ بـۇ پىكرىنىـڭ كېلىـپ چىقىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ، " تولۇق مۇستەقىل دۆلەت قـۇرۇش ئاسـان ئەمەس، چـۈنكى، بۇنىـڭ ئۈچۈن كادىرلار يوق ۋە تەجرىبە يوق، ئەڭ مۇھىمى كەلگۈسى مۇختارىيەتنى قوغدايدىغان ئارمىيە يوق. رۇسىيە گەرچە ئاجىزلاشقاندەك بولسـىمۇ، لېكىن بىزدىن ناھايىتى كۈچلۈك . بىـز رۇسـىيە بىـلەن تىـنچ ۋە دوستانە ئۆتۈشـىمىز لازىـم. بـۇنى جۇغراپىيىمىز بەلگىلىمەكتە. مەن سوۋېتلەرنىڭ سياسـىتىنى قوبـۇل قىلمـايمەن، ئەممـا بولشـېۋىكلارنىڭ ۋەيـران قىلىـش كۈچىنىـڭ بارلىقىغـا ئىشـىنىمەن" [31]دېگەن.

بىراق، قوقان ھۆكۈمىتى تۈركىسـتاننىڭ تەقـدىرى ۋە تاشقى سىياسىي يۆنىلىشى، سوۋېت كوممۇنىستلار ھۆكۈمىتىگە قانداق مۇئامىلە تۇتۇش مەسىلىسىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن سىياسىي يۆنىلىشكە ئىگە بولالمىدى. بۇنـداق ئەھـۋال ئاسـتىدا "شـورائىي ئۇلۇما" ناملىق جەدىدچىلەرگە قارشـى، قويـۇق دىنىـي پىكـرگە ئـىـگە تەشـكىلات تۈركىسـتان مۇختارىيەت ھۆكـۈمىتى تەركـىبىگە كىرىشـنى رەت قىلىـپ، تۈركىسـتان

ھۆكۈمىتىنىڭ ئامىمۋى جەھەتتىن ئاجىزلىشىشىدىكى ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بىراق، تۈركىستان مۇختارىيىتى تۈركىستاندىكى كەڭ خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، 1917-يىلى، 13-دەكابىر كۈنى تاشكەنتتە تۈركىستان مۇختارىيىتىنى قوللاش نامايىشى بولغاندا، كوممۇنىستىك ھۆكۈمەتنىڭ ئوقققا تۇتۇپ، باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان. چوقاي بۇ كۈننى ماتەم كۈنى قىلىپ بېكىتكەن[32].

ھەر تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى نەزەرگە ئالغان مۇستاپا چوقاي باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت 1918-يىلى، مارت ئېيىدا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق پارلامېنت تەسىس قىلىش ۋە پارلامېنت تەركىبىگە يەرلىك مۇسۇلمان خەلقلەر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىنىمۇ كىرگۈزۈپ، تۈركىستاندا تۇنجى پارلامېنت ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى پىلانلىدى. بىراق، تۈركىستان مۇختارىيىتىنىڭ تاشكەنتتىكى كومىسسارلار سوۋېتىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۆز ئالدىغا پۈتۈن تۈركىستاننى بىرلىككە كەلتۈرگەن بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشقا ئىنتىلىشى رۇسىيە بولشېۋىكلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. تاشكەنتتىكى كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى مۇستاپا چوقاينى تۈركىستان مۇختارىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە بويسۇنۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنىڭغا ئالىي مەرتىۋە بېرىدىغانلىق ھەققىدە يۇمشاق ۋە قاتتىق چارىلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى رەت قىلدى.

## 3. تۈركىستان مۇختارىيىتى ۋە ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى

مۇستاپا چوقاي قاتارلىقلار تەسىس قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قوقان شەھىرىنى مەركەز قىلغان تۈركىستان مۇختارىيىتىنىڭ دۆلەتچىلىك تۈزۈلمىسى، ئىدېئولوگىيىسى ۋە شەكلى ھەتتا ئۆمرى 1933-يىلى، 12-نويابىردا سابىت داموللام باشچىلىقىدا قەشقەردە قۇرۇلغان <<شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى>> بىلەن ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاشلىققا ئىگە. قەشقەردە قۇرۇلغان بۇ ھۆكۈمەت ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي ۋەزىيەت ھەققىدە سەفدىن ئەزىز ئۆزىنىڭ << ئۆمۈر داستانى>> ناملىق كىتابىدا ۋە ئابدۇقادىر ھاجىد ئۆز ئەسلىمىسىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇماتلارنى قالدۇرغان.بۇ ھەقتە يەنە مەرھۇم يازغۇچى ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرنىڭ << ئويغانغان زېمىن>> ناملىق تارىخىي رومانىدىمۇ ئۇچۇرلار مەۋجۇت.

بولۇپمۇ، بۇ ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى ئاساسلىق ئېتنوس تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرىگە تەڭ تەقسىم قىلىنىشى،

ئايرىمچىلىق قىلىشتىن خالى بولۇشى ھەم تۈركىي قېرىنداشلىق ۋە مەدەنىيەت ھەم سىياسىي كىملىك ئورتاقلىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان دۆلەت خىتابنامىلىرى ئەمەلىيەتتە مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيادا 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۈچلۈك ھالدا مەۋجۇت بولغان ئىدېئولوگىيىلىك ئېقىمنى ئەكس ئەتتۈردى.

گەرچە، قەشقەرىيىدىكى ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاھالە نىسبىتىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلسىمۇ، ئەمما قەشقەرنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر ئاھالىسى ئۆز ھاكىمىيىتىنى بۇ جايدىكى ئاز سانلىق ھەتتا كۆچمەن ھېسابلانغان تۈركىي خەلقلەردىن ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىقلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭمۇ ئىگىلىشىنى قارشى ئالدى. قەشقەردىكى <<شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى >>نىڭ پرېزىدېنتى خوجا نىياز ھاجىم ( ئۇيغۇر)، باش مىنىستىرى سابىت داموللام ( ئۇيغۇر)، مۇئاۋىن باش مىنىستىرى جانىبېك (قىرغىز) بولۇپ، 16 مىنىستىرلىك تەسىس قىلىنىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆت نەپەر ئۆزبېك، ئىككى نەپەر قىرغىز بولغاندىن تاشقىرى، قالغان ئورۇنلارنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلار ئىگىلىگەن. ئەمما، مۇئاۋىن مىنىستىر ۋە باشقا ئىدارە -ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئوخشاشلا ئۆزبېكلەر كۆپ بولغان. جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇشقا يەنە بىر قانچە نەپەر تۈركلەرمۇ ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، ئۇلار جۇمھۇرىيەتنىڭ دۆلەت بايرىقى، ئاساسىي قانۇنى ۋە دۆلەت گېمنى ۋە باشقا دۆلەتچىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بېكىتىش ھەمدە بەزى دىپلوماتىيىلىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان ئىدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ يەنە ئۆلكىنىڭ شىمالىدىكى قازاقلار بىلەن، بولۇپمۇ ئالتايدىكى شەرىپقان تۆرە بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا ئىنتىلگەنلىكى ھەققىدىمۇ ئۇچۇرلار مەۋجۇت. مۇستاپا چوقاي قاتارلىقلار بۇ چاغدا ياۋروپادا تۇرۇپ، ئۇيغۇر ئېلىدىكى ۋەقەلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان ھەمدە ئۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، << ياش تۈركىستان>> جۇرنىلىدا ماقالە ۋە ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلغان ھەتتا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا مەخسۇس ئۇيغۇر ئېلىدىكى مەسلىلەر ھەققىدە دوكلات بەرگەن ئىدى.

مۇستاپا چوقاي تۈنجى بولۇپ، مەيدانغا چىقارغان بارلىق تۈركىي ئېتنوسلارنىڭ تۈركىستاننى ئورتاق باشقۇرۇش مودېلى يەنە 1944-يىلىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق <<شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى >>ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم مەركىزىي ئاسىيادا نامايەن بولدى. مۇستاپا چوقاي ۋاپات بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن قۇرۇلغان بۇ ھاكىمىيەت مەركىزىي ئاسىيانىڭ يېقىنقى زامان سىياسىي تارىخىدا، بولۇپمۇ تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ھاكىمىيەت ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىش

تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىدى.1944-يىلى ئۇيغۇر دىيارىدا جۇڭگو گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ئەۋجى ئېلىپ، 1944-يىلى 12-نويابىرگە كەلگەندە غۇلجا قوزغىلاڭچىلىرى <<شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى>>نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قۇرۇلغان مەركىزىي جۇمھۇرىيەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەت توقۇنۇشى، بولۇپمۇ موسكۋانىڭ ئاسىيا-تىنچ ئوكيان ھەمدە مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەقسەتلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ باشتىن ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە شۇ ئۆز نۆۋىتى بويىچە ئۇنىڭ جۇڭگو سىياسىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى ۋە قۇربان قىلىنىۋېتىلدى. مۇستاپا چوقاينىڭ تۈركىستان مۇختارىيىتى ۋە 1933-1934-يىللىدىكى <<شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى>>نى بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق ھالدا يوقاتقان موسكۋا بۇ قېتىم ئەنە شۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ ئەشەددىي رەقىپ ئىدىئولوگىيە ھېسابلانغان تۈركىستان ئىدىيىسى ۋە ئىسلامىي چاقىرىقلارنى چەتكە قاقماي، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن پايدىلاندى.

1944 -يىلى، 12-نويابىردا غۇلجىدا قۇرۇلغان <<شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى>>نىڭ دۆلەتچىلىك شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى يەنە تۈركىستان مۇختارىيىتى ۋە ياكى 1933-يىلىدىكى قەشقەردە قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتنىڭ تەكرارى شەكلىدە مەيدانغا چىقتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆلكىدىكى نوپۇسى ئەڭ ئاز خەلقلەرنىڭ بىرى ھېسابلانغان ئۆزبېكلەردىن ئەلىخان تۆرە ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭ ئىككى مۇئاۋىنىنىڭ بىرى ئۇيغۇر ھاكىمبەك خوجا، بىرى قازاق ئوبۇلخەيىر تۆرە بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا 16 نەپەر ھۆكۈمەت ئەزاسى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق تۈركىي خەلقلەردىن ھەمدە يەنە تۈركىيلەرگە مەنسۇپ بولمىغان رۇس، موڭغۇل ۋە تۇڭگانلاردىن تەركىپ تاپتى.

ھەر قايسى مىنىستىرلار ۋە ۋىلايەت ھەم ناھىيە باشلىقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبەك، تاتار ۋە قىرغىزلاردىن تەركىپ تاپتى.

1946-يىلىدىن كېيىن ئىنقىلابنىڭ باش رەھبەرلىك ھوقۇقى ئەخمەتجان قاسىمى (ئۇيغۇر)نىڭ قولىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق ھاكىمىيەتنىڭ يۇقىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك قاتلاملىرى يەنىلا بۇرۇنقىدەك، ئۇيغۇر ، قازاق، ئۆزبېك، تاتار ، قىرغىزنى

ئاساس قىلدى. ئەلۋەتتە، يەنە بۇ يەردىكى ئاز ساندىكى رۇسلارمۇ باشتىن ئاخىرى مۇھىم يۈقىرى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ۋەزىپىلەردە بولدى. شىبە، موڭغۇل خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئوخشاشلا ئۆز يەرلىك ھاكىمىيەت ئورنىنى باشقۇردى.

"شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى"نىڭ 9 ماددىلىق خىتابنامىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھۆججەتلىرىدە بارلىق خەلقلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ھەم تەشەببۇس قىلغان ئىدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ خىتابنامىسىدە ھەممە مىللەتلەر ۋە دىنلارنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن بولۇپ، ھەتتا جۇمھۇرىيەتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا مەركىزىي سىياسىي خىتابنامىغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ جازالىنىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن ئىدى.

ئىلىدىكى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەنە شۇنداق بىرلىك-ئىتتىپاقلىقنى ئاساس قىلغان، ئايرىمچىلىقتىن خالى بولغان سىياسىتى نەتىجىسىدە ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنى يادرو قىلىپ، پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىنى ئازاد قىلىش ھەمدە بۇ زېمىندا ئومۇمىي يۈزلۈك تولۇق ئەركىن ،ئازاد ۋە دېموكراتىك ھاكىمىيەت بەرپا قىلىش ئىدىيىسى ۋە نىشانى بويىچە كۈرەشكە ئاتلاندى. ئەگەردە مەركىزىي يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ توغرا سىياسىتى ۋە پروگراممىسى بولمىغان بولسا، ئۇ شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيادىكى قۇدرەتلىك مەملىكەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلانغان جۇڭخۇئا مىنگو (جۇمھۇرىيىتىنىڭ) مۇنتىزىم دۆلەت ئارمىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمىغان بولار ئىدى. ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىكى بارلىق تۈركىي مىللەتلەر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى بۇ يېڭى جۇمھۇرىيەتنىڭ پۇقراسى ھېسابلاپ، ئۆز ھۆكۈمىتىنى ۋە ئىنقىلابىنى قوغدىدى.

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى<<شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى >> ئۇيغۇرلارنى يادرو قىلغان بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك رەھبەرلىكىدىكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىن كېيىن قۇرۇلغان، ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنياۋى دېموكراتىك ئۆلچەملەر، مىللىي ئويغىنىش ۋە گۈللىنىش قاتارلىقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈشكە تىرىشقان ھەم شۇنىڭ دەسلەپكى نەتىجىلىرىنى قولغان كەلتۈرەلىگەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۇنجى مۇستەقىل دۆلەتلىكچىلىكى ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ 30-40-يىللىرىدا ئىككى جۇمھۇرىيەت مەۋجۇت بولغان يىللاردا دۇنيا يۈزىدە پەقەت غەربتە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ، شەرقتە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدىن ئىبارەت ئىككىلا مۇستەقىل تۈركىي دۆلەتلىرى

مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىككى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ چىن سىياسىتى ۋە غەرب سىياسىي ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتلىرىنىڭ قۇربانى قىلىۋېتىلدى.

غۇلجىدا قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى، يەنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كەيىن <<ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى >> دەپ بېكىتىلگەن بۇ ھاكىمىيەت 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن تاكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىپ، دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپى ئورنىتىلىپ، يادرو قورالللىرى رىقابىتى باشلانغان دەۋرلەرگە توغرا كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ئەنە شۇنداق دۇنياۋى مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغان ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت دۇنياۋى قۇدرەتلىك مەملىكەتنىڭ مەنپەئەت دايىرىسى رامكىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاخىرلىششى مۇقەررەر ئىدى. بىراق، بۇ جۇمھۇرىيەت تۈركىيىدىن باشقا تۈرك دۇنياسىدا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتچىلىك، دۆلەتچىلىك ئاڭلىرى ئاساسەن يوق قىلىنىپ، ئۆزبەك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئايرىم مىللىي ئاڭلىرى سۇنئىي يوسۇندا ئورتاق سوۋېت دۆلىتى ۋە سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى رامكىسى ئاستىدا كۆچلەندۈرۈشكە قاراپ يۈزلەنگەندە دۇنياغا كېلىپ، سوۋېت چېگرىسىز ئىچىدىكى تۈركىي خەلقلەرگە مۇستەقىللىق ھەم ئورتاق جۇمھۇرىيەت ئىدىيىسىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى.

ئەلۋەتتە، 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر دىيارىدا مەيدانغا كەلگەن ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ چار رۇسىيە كونتروللۇقىدىكى تۈركىستان ئۆلكىسى تەۋەسىدە قۇرۇلغان تۈركىستان مۇختارىيىتىدىن پەرقلىق تەرىپى شۇكى، ئۇنىڭ مۇنتىزىم ۋە قۇدرەتلىك زامانىۋى ئارمىيىسى بولدى. بولۇپمۇ، ئىلى ھۆكۈمىتى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ بەش يىللىق مۇساپىنى باشتىن كەچۈردى ھەمدە ئۇنىڭ قۇدرەتلىك مىللىي ئارمىيىسى، يېتەرلىك ھەربىي-سىياسىي، مەمۇرىي كادىرلار قوشۇنىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي-سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي-مائارىپ ۋە باشقا تۈرلۈك دۆلەت پروگراممىلىرىنى تېز ئارىدا ئىشقا ئاشۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 5 يىللىق مەركىزى ھۆكۈمەت ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مىللەتچى چىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردىن يۇقىرى ئىقتىسادىي سەۋىيە، يۇقىرى تۇرمۇش شارائىتى، يۇقىرى مەدەنىي-مائارىپ سىستېمىسى ۋە باشقىلارنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىلى ھۆكۈمىتى بەش خىل تىلدا 5 خىل جۇرنال ۋە 11 خىل گېزىت نەشر قىلدى. كۆپ خىل تىلدا مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىپ، كۆپ خىلدا

دەرسلىك كىتابلىرىنى باستى. ئۇيغۇر تىلى ھۆكۈمەت تىلى سۈتىدە رەسمىي 5 يىل خىزمەت قىلدى.

ئۇنىڭ تۈركىستان مۇختارىيىتىدىن پەرقلىق تەرىپى ئۇ بەش يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھەمدە ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، كۆپلىگەن ھەربىي-سىياسىي ۋە مەمۇرىي كادىرلار قوشۇنىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. ئەمما، تۈركىستان مۇختارىيىتى بولسا خۇددى مۇستاپا چوقاي ئېيتقاندەك ئىزچىل ئۆزىنىڭ يېتەرلىك كادىرلار قوشۇنىغا ئىگە بولالمىغان ئىدى. ئوخشاشلىق تەرىپى شۇكى، تۈركىستان مۇختارىيىتى ۋە بىرىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئورتاق قىسمەتكە دۇچ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۆمرىمۇ ئوخشاشلا قىسقا بولدى، ھەربىي ۋە سىياسىي ھەم مەمۇرىي كادىرلار قوشۇنى يېتەرلىك بولمىدى شۇنىڭدەك ئوخشاشلا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ھۇجۇملىرى ۋە ئارىلىششلىرى جەريانىدا يوق قىلىندى. گەرچە، سوۋېت ھۆكۈمىتى قىزىل ئارمىيە ئەۋەتىپ، ئىككىنچى <<شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى>>نى بىۋاستە يوقاتمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى يېڭىچە ئۇسۇل، يەنى تىنچلىق بىلەن يوق قىلدى. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى قانداق مۇھىم بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئاخىرلىششىدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى شۇنچە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ، ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت باشتىن ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئۆز سىياسىي يۆنىلىشىنى بەلگىلەشتە كرېملىنىڭ ئاۋاز كۈچىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. قەشقەردە ۋە غۇلجىدا قۇرۇلغان مەركىزى ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ تەقدىرلىرى مەركىزىي ئاسىيادىكى بارلىق تۈركچىلىك ئىدىيىلىرىگە ئىگە بولغان ھاكىمىيەت شەكىللىرىنىڭ موسكۋا تەرىپىدىن قەتئىي رەت قىلىنىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى.

1945 ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،تۈركچىلىك، ئورتاق تۈرك مەدەنىيەت كىملىك ئىدىيىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىنلا ئەمەس، بەلكى گومىنداڭ سىياسىيونلىرى تەرىپىدىنمۇ قەرت سۈپىتىدە ئوينالدى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ دىپلوماتىك ۋە ستراتېگىيىلىك مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى ۋە كۆرەشلىرى جەريانىدا تۈركچىلىكنى ئاساس قىلغان ئىدىيىلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا كۆز يۇمىدى ھەتتا يول قويىدى. كېرەك بولمىغاندا بۇ خىل ئىدىيىلەرنىڭ كېڭىيىشىگە چەك قويىدى. مىللەتچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىگە

زەربە بېرىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىياتتىكى مەسئۇد سەبرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا ئالىپتېكىن قاتارلىق ئەرباپلارنىڭ تۈركچىلىك ئىدىيىلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىشىغا پۇرسەت بەردى. <<ئۈچ ئەپەندى>>نىڭ 1946ـ1948ـ يىللىرى ئارىسىدا ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۈركچىلىك ۋە ياكى <<پانتۈركىزم>> ئىدىيىلىرىنى گېزىت، ژۇرنال، دەرنەك، كۇتۇپخانا ۋە باشقا ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، تەشۋىق قىلىش ھەم چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرىگە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى شوئارلار تەڭ ئارىلاشقانلىقى بىلەن موسكۋا بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە بېسىم كۆرسەتتى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا پەقەت ئۈرۈمچىدىلا تۈركچىلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئىمكانىيەتلىرى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارقا تام خوشنىسى ھېسابلىنىدىغان بۇ زېمىندا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەڭ ئۈچ كۆرگەن تۈركچىلىك ئىدىيىلىرىنىڭ گۈللىنىشى ھەمدە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئوخشاش غەرب قۇدرەتلىك دۆلەتلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى خالىمايتتى. بۇ موسكۋا تەرىپىدىن قەتئىي قوبۇل قىلىنمايدىغان ھادىسە ئىدى . جۇڭخۇئا مىنگو ھۆكۈمىتى بۇ مەزگىللەردە موسكۋاغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مانا مۇشۇ ئىككى نۇقتىنى قەرت قىلىپ ئويناشقا ئىنتىلگەن ئىدى.

شۇ سەۋەبتىن موسكۋا ئەينى ۋاقىتتا "پانتۈركىزم ئەنقەرەدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى" دەپ خۇلاسە چىقارغان ئىدى[33] . "پانتۈركىزم " دەل جاڭ كەشى باشلىق جۇڭخۇئا مىنگو ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ موسكۋاغا سىياسىي بېسىم كۆرستىشتە ئوينىغان قەرتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى خالاس. سوۋېت ئىتتىپاق ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىغا زەربە بېرىش ھەمدە باشتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈپ، كېيىن ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرىنى چەكلىگەن شېڭ شىسەيدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن شۇنىڭدەك كېيىن يەنە يالتا يىغىنىدا قولغا كەلتۈرگەن مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن "شەرقىي تۈركىستان" نامى ئاستىدىكى ئورتاق دۆلەتچىلىك، ئىسلامىي غازات ۋە تۈركچىلىك پىكىرلىرىنىڭ قوزغىتىشىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغان ئىدى. بۇ مەقسەتلەر كاپالەتكە ئىگە قىلىنغاندىن كېيىن بولسا، سىياسىي تاكتىكىلىرىنى قەدەم-قەدەم ئۆزگەرتتى.

## 4. قەتئىي تىز پۈكمەي ئۆلۈش-تۈركىستان مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ تاللىۋالغان يولى

تاشكەنتتىكى رۇس بولشېۋىكلىرى مۇستاپا چوقايدىن ئۆزلىرىنى تۈركىستاننىڭ قانۇنىي ھۆكۈمىتى دەپ تونۇش، قوقان ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قوللاردىكى قورال-ياراقلارنى يىغىشتۇرۇپ تاپشۇرۇش، مۇستاپا چوقاينىڭ دەرھال تەسلىم بولۇشى ھەققىدە قوقان ھۆكۈمىتىگە ئولتۇماتوم تاپشۇردى. بىراق، چوقاي بۇ ئولتۇماتۇمنى قەتئىي رەت قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا تاشكەنتتىكى قىزىل ئارمىيە قوقان شەھىرى بوسۇغىسىغا يېتىپ كېلىپ، شەھەرنى قاتمۇ-قات قورشاۋغا ئالغاندىن كېيىن، ئاخىرقى قېتىم تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى بىكار قىلىشقا، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. مۇستاپا چوقاي، ھېچقانداق مۇنتىزىم قوراللىق كۈچكە ئىگە بولمىغانلىقىغا قارىماي، ئىلغار قوراللار ۋە توپ زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان ئاتلىق ۋە پىيادە قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ھەيۋىسى ئالدىدا ئوخشاشلا تىز پۈكمىدى. ئۇ، تەسلىم بولۇش ۋە رۇس بولشېۋىكلىرىنىڭ تۈركىستانلىقلار ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن بىر مىللىي خىيانەت دەپ بىلدى[34].

لېنىن ۋە ستالىن قاتارلىق سوۋېت بولشېۋىكلىرىنىڭ دەسلەپكى ئازادلىق ۋەدىلىرىگە ئۈمىد باغلىغان تۈركىستان مۇختارىيەتچىلىرى قوقان شەھىرىدە يۈكسەك ئارزۇ-ئارمانلىرى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىۋاتقان پەيتتە، لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت رۇسىيىسى ھۆكۈمىتى تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولۇپ، مەخپىي تۈردە تاشكەنتتىكى بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىگە ھەربىي كۈچلىرىنى ئەۋەتىپ، تۈركىستان مۇختارىيىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. موسكۋا 11 پويىزدا زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان قىزىل ئارمىيە قوشۇنىنى تاشكەنتكە ئەۋەتتى[35]. موسكۋادىن كەلگەن مەركىزىي زور قوشۇن تاشكەنتتىكى قىزىل ئارمىيە قوشۇنى ۋە ئەرمەنلەرنىڭ يەرلىك قوراللىق گۇرۇپپىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، 1918-يىلى، 9-يانۋار كۈنى گېنېرال ئوسىپوۋنىڭ قوماندانلىقىدا قوقانغا ھۇجۇم باشلىدى. 29-يانۋار كۈنى قوقان ۋەيران قىلىندى، ئەينى ۋاقىتتىكى قوقان ئاھالىسى 150 مىڭ بولۇپ، پەقەت 60 مىڭ ئادەم ئېشىپ قېلىپ، قالغانلىرى ئۆلدى ۋە ياكى قېچىپ كەتتى، ھەتتا 4-7-فېۋرال كۈنلىرىدىكى جەڭلەردىلا 15 مىڭ ئادەم

ئۆلتۈرۈلدى[36]. قىزىل ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرگەن ئەرمەنلەر شەھەردە چوڭ قەتلىئام ئەلىپ باردى[37].

قىزىل ئارمىيىنىڭ ھۇجۇملىرىدا قوقان شەھىرىدىكى كۆپلىگەن بىنالار، باسمىخانا، دوختۇرخانا، مەسچىت ۋە مەدرىسە قاتارلىقلار ۋەيران قىلىۋېتىلگەن . قوقان شەھىرىدىكى 11 مىڭ قورا-جاي، 37 مەسچىت،11 مەدرىسە ۋە بانكا، ماگازىن، سودا دۇكانلىرى ۋە بازارلار ھەم مەكتەپلەر كۆيۈپ كۇلگەن ئايلانغان[38]. شەھەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى خارابىغا ئايلانغان.

"ئۇلۇغ تۈركىستان" گېزىتىنىڭ 1918-يىلى، 2-ئاپرىلدىكى ساندا "ھازىر مىڭلىغان قوقانلىقلار كىيىم-كېچەكسىز، يېمەكسىز ۋە قانسىز ھالەتتە قالدى بۇنداق ئەھۋال ھەتتا ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ بولمايدۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ ئېنىق سانى مەلۇم ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ئادەملەر ئەسىرگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئەزالىرىمۇ بار"[39]دەپ يېزىلغان. قوقان ھۇجۇمىدا بولشېۋىكلار زەمبىرەكلەرنى ئىشقا سېلىپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئايروپىلانلارنى ئىشقا سالغان. نەتىجىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق تىنچ ئاھالە ئۆلگەن[40].

ئۈچ كۈنگە سوزۇلغان قاتتىق بومباردىمان، ھۇجۇم ۋە كوچا جەڭلىرىدىن كېيىن قىزىل ئارمىيە قوقان شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك قىرغىن ئېلىپ باردى. قوقان شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان قەتلىئام ۋە ۋەيران قىلىشنىڭ نەقەدەر دەھشەتلىك بولغانلىقىنىڭ ئىپادىلىرىنى ئەلىخان تۆرە ساغۇنىمۇ ئۆزىنىڭ ۋەقە يۈز بېرىپ بەش - ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن قوقانغا قىلغان سەپىرىدە كۆرگەن ۋە ھەس قىلغانلىقىنى خاتىرىلەش بىلەن مەزكۇر قىرغىنچىلىقنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى چىڭگىزخان ئىستىلاچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بارغان ۋەيران قىلىشىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ[41]. شۇ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، قوقاننىڭ ئاھالىسى بىراقلا ئازلاپ كەتكەن بولۇپ، قوقاننىڭ ئاھالىسى 1897-يىلى، 120 مىڭ بولغان بولسا، 1926-يىلى 69 مىڭغا چۈشۈپ قالغان.

قوقاننىڭ ۋەيران قىلىنىشىغا ئائىت ماتېرىياللاردا قوقاننىڭ زادى قاچان ئېلىنغانلىقىنىڭ كۈنى ئېنىق ئەمەس، بەزىدە رۇسلارنىڭ ھۇجۇمىنىڭ 6-فەۋرالدا باشلانغانلىقى يېزىلىدۇ. بەزىلەر 9-يانۋاردا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرىدە قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ئاخىرقى قېتىم قوقان شەھىرىگە 19-فېۋرال ھۇجۇم قىلغانلىقى، ئىرگەشكە تەسلىم بولۇش ئولتۇماتۇمى تاپشۇرۇلغاندا ئۇنىڭ رەت قىلغانلىقى ھەمدە 22-فەۋرال كۈنى ئۇلارنىڭ تەل-تۆكۈس

يوقىتىلغانلىقى يېزىلدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، رۇس قىزىل ئارمىيىسى قوقان ھۆكۈمىتىنى دەسلەپتە تارمار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىرگەش باشچىلىقىدىكى قالدۇق كۈچ ئاخىرغىچە قوقاننى قوغداپ، ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئىرگەش كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇزۇنغا سوزۇلغان قوراللىق قارشىلىق ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرغان .

قوقاننى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان مەزكۇر ئۇرۇش بولشېۋىكلارنىڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئېلىپ بارغان بىرقېتىملىق ئەڭ دەھشەتلىك، ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىق ھەربىي ھۇجۇمى بولۇپ، ئۇنىڭ دەھشەتتىن ھەتتا لېنىنمۇ ئەپسۇسلىنىشقا مەجبۇر بولغان ، گەرچە ئۇ ئاستىرتتىن تاشكەنت كوممۇنىستلىرىنى قوللاپ، تۈركىستان مۇختارىيىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ئاشكارىلىمىغان بولسىمۇ، بىراق ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشقا ئاشۇرۇلغان بۇ دەھشەتلەرگە كۆز يۇمۇشقا ئامالسىز قالغان. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە كوممۇنىستلار تېخى پۈتۈن رۇسىيەدە غەلىبە قازانمىغان ئەھۋال ئاستىدا كوممۇنىستلارنىڭ خەلق ئىچىدە مەلۇم ئابرويغا ئىگە بولۇشىنى خالايتتى خالاس. لېنىننىڭ 1918-يىلى، ئاپرېل ئېيىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە تۈركىستان كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى پ.ئا. كوبزوۋغا يازغان خېتىدە " تاشكەنت كوممۇنىستلىرى سوتسىيالىست-ئىنقىلابچىلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا دۆتلەرچە قىلىق قىلدى. جۇملىدىن ئۇلار ئۆزلىرى بىلمەيدىغان پۈتۈنلەي سوتسىيالىلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ئۇرۇش بىلەن بۇخارا ئېلىنىپ، نومۇسلۇق كولېسوف تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈلدى. ئەنجانلىق داشناقلار بىلەن، يەنى ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالچىلار بىلەن ئىتتىپاقداشلىق كېلىشىمۇ تۈزۈلۈپ، قوقاننى گۇمران قىلدى.." [42] دەپ يېزىش ئارقىلىق تۈركىستاندىكى رۇس بولشېۋىكلىرىنى تەنقىد قىلغان ئىدى.

مۇستاپا چوقاي باشلىق بىر قىسىم ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قېچىپ قۇتۇلدى. زور كوپ سانلىقى كوممۇنىستلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. گەرچە بولشېۋىكلار تۈركىستان مۇختارىيىتىنى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن تاكى 1930-يىللارغىچە بولغان ئون نەچچە يىللىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتى تۈركىستان خەلقىنىڭ قوراللىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى "باسمىچىلار" ھەرىكىتى دەپ ئاتاپ، بۇ ئومۇمىي خەلق قوراللىق ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن م.فرۇنزىنىڭ قوماندانلىقىدا 200 مىڭ ئەتراپىدا قىزىل ئارمىيە ئەسكىرىي كۈچىنى ئىشقا سالدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قىزىل ئارمىيە بۇخارا تەۋەلىكىدە

ئەنۋەر پاشا قوشۇنلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقلىرىغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئاتالمىش باسمىچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈچى تاكى 1930-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە قىزىل ئارمىيىنى پاراكەندە قىلدى. ئاخىرقى قوراللىق ئۆزبېك، قىرغىز ۋە باشقا خەلق پىداكارلىرى پامىر-تەڭرى تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇيغۇر دىيارىغا كېلىپ، 1931-1934-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا داۋاملاشقان مىللىي ئىستىقلالىيەت ئىنقىلابىغا ئىشتىراك قىلدى. قىرغىزلاردىن چىپاق قازى ۋە جانىبەك، ئۆزبېكلەردىن سېتىۋالدىجان ۋە يۈسۈپجان قۇر بېشى قاتارلىقلار ھەمدە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەسكەر ۋە كوماندىرلىرى شۇنىڭدەك شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ئىشتىراك قىلغان بىر قىسىم مەمۇرىي ۋە مەدەنىي-مائارىپ ھەم باشقا ساھەدىكى ئۆزبېكلەر ئەنە شۇ تۈركىستان مۇختارىيىتىنى كۆرگەن ۋە سوۋېت رۇسىيىسىنى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنى ھېسابلىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار قەشقەردە قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتنى ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى ھاياتلىق ۋە قۇتۇلۇش يولى دەپ ھېسابلىغان ئىدى. ستالىننىڭ <<شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى>>نى يوقىتىشى ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ تۈركىستان مۇختارىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇق تەسىرىنى تازىلاشتىن ئىبارەت ئىدى خالاس! سوۋېت رۇسىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا <<تۈركىستان>> ئاتالغۇسى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى دۈشمەن ئاتالغۇ كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا << ئوتتۇرا ئاسىيا>> ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ، بۇ زېمىننى ئاران تىنجىتقان چاغدا، قوشنا ئۇيغۇر دىيارىدا، (يەنى شىنجاڭدا) مەزكۇر ئاتالغۇ بىلەن يېڭىدىن تۈركچىلىك ۋە ئىسلامىي ئىدىيە بىلەن قوراللانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ستالىننىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىنى قوبۇل قىلغان بىر ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟

## خاتىمە

تۈركىستان مۇختارىيىتى تارىخ سەھىپىسىگە كىرىپ كېتىش بىلەن تاللىغان يولىدىن يانماي، 13 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ياۋروپا تۇپراقلىرىدا يەنىلا شۇ غايىسى يولىدا سىياسىي تەشۋىقات كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرغان مۇستاپا چوقاي باشلىق تۈركىستان كۆرەشچىلىرى 1917-يىلىدىكى ئۆزلىرىنىڭ 64 كۈنلۈك ئۆمرى قىسقا ھۆكۈمىتىنى سېغىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى ساددىلارچە مۇختارىيەت يولىنى تاللىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆرەش مۇساپىسى ۋە ئاخىرقى غايىسى

ھەققىدە مۇنداق خۇلاسە چىقارغان؛

" تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى يىقىلدى ، بۇنىڭ بىلەن تەڭ مۇختارىيەت پىكرى يىقىلدى، يوقالدى. بۈگۈن يالغۇز ئىستىقلال، مۇستەقىل تۈركىستان پىكرى ھاكىمدۇر"[43].

مۇستاپا چوقاي باشلىق ئورتاق تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ كۈرەشلىرى گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ دۇنياۋى ئۇرۇشقا تۇغرا كەلدى. ئۇلار گىتلېرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كونا دۈشمىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ۋەيران قىلىۋاتقان مەنزىرىسىدىن قانچىلىك ھوزۇرلانغانلىقى نامەلۇم. بىراق، ئورتاق تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت سوۋېت ئىتتىپاقى ئەشەددىي ئۆچ كۆرىدىغان بىر ئىدىيىنىڭ مەۋجۇتلۇقى گىتلېرنى تېخىمۇ بەكرەك ھوزۇرلاندۇرغانلىقى مەلۇم. 1941-1945-يىللىرى گىتلېر گېرمانىيىسى بۇ ئىدىيىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆزۈل-كېسىل گۇمران قىلماقچى بولۇپ، بىر قانچە يۈز مىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىق ، كاۋكازىيىلىك ،ئىدىل-ئۇراللىق تۈركىي قېنىغا مەنسۇپ ئەركەكلەردىن قوشۇن تەشكىللىگەن، مۇستاپا چوقاي، ۋەلى قەيۇمخان قاتارلىق ئەرباپلار گىتلېرنىڭ ياردىمى ئاستىدىكى كەلگۈسى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى كۆرىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىغان بولسىمۇ، ئەمما مۇستاپا چوقاي ھەر قانداق ئىرقچى ھۆكۈمەتتىن ھېچقاچان ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى ئالدىن ھەس قىلغان بولسىمۇ، بىراق تاكى ھازىرغىچە ئېنىق بولمىغان سىرلىق ئۆلۈم تۈپەيلىدىن بۇ دۇنيادىكى كۈرەشلىرىدىن ئايرىلغان ئىدى.

مۇستاپا چوقاي، ۋەلى قەيۇمخان قاتارلىقلار گىتلەر گەرمانىيىسىنىڭ پىلانىغا ماسلىشىپ ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلىرى بويىچە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ،<< تۈركىستان مىللىي كومىتېتى>> تەسىس قىلىپ، ئەسىرگە چۈشكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلاردىن، يەنى ئۆزبەكلەر، قازاقلار، قىرغىزلار، ئۇيغۇرلار، تاجىكلار، قارا قالپاقلار ۋە باشقىلاردىن تۈركىستان قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقتى. بىراق، چوقاي رەسمىي پىلانلار باشلانماي تۇرۇپ،1941-يىلى 12-ئاينىڭ 27-كۈنى بەرلىندا غەيرى سەۋەب بىلەن ئۆلدى. ھازىرىق قازاق تارىخچىلىرى ئۇنىڭ گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ ئىرقچىلىقىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن 3-ئىمپېرىيە تەرىپىدىن سۇيىقەست قىلىنغان دەپ قاراشماقتا. بۇ ھەقتە قازاقىستان مەخسۇس كىنو فىلىممۇ ئىشلىدى.

مۇستاپا چوقاي قاتارلىق تۈركىستان ئەزىمەتلىرى بۇنىڭدىن 90 نەچچە يىل

ئىلگىرى بىر-بىرىنى ئېتنىك جەھەتتىن ھېچ ئايرىماي، ئورتاق بىر دۆلەت ئۈچۈن كۈرەش مەيدانىغا چىقىپ، ئۆزلىرىدىن كۈچلۈك رەقىپلىرىگە تىز پۈكمەي، ئۇلارنىڭ توپ-زەمبىرەكلىرى ئاستىدىكى تەسلىم بولۇش ئۇلتۇماتوملىرىنى رەت قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئۆلۈم ۋە خانىۋەيرانچىلىق يولىنى تاللىۋالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق غايىسى ئورتاق تۈرك بايرىقى ئاستىدا ئەمەس، ئايرىم -ئايرىم مىللىي بايراقلار ئاستىدا ئەمەلگە ئاشقان بۇ كۈنلەردە "مەن پالانچى، سەن پوكۇنچى، سېنىڭدىن مەن ئۇلۇغ، سەن كىم، مەن كىم؟ مەھمۇت قەشقىرى بىزنىڭ، ناۋايى بىزنىڭ، بىز ماناسنىڭ ئەۋلادى، بىز ئەمىر تىمۇرنىڭ ئەۋلادى، ئاباي بوۋىمىز ئەڭ ئۇلۇغ، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىز نوچى" دېگەندەك تار ۋە مەھەللىۋى مىللەتچىلىكلەر ئەۋجى ئالدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى مەزكۇر رېئاللىقى بۇ خەلقلەرنىڭ تېخى ئەشۇ 90 يىل ئىلگىرى تۈركىستان مۇختارىيىتىنى قۇرغان ئەجدادلىرىچىلىك ئىلغارلىقتا، ئالىي چۈشەنچىگە ۋە ئاڭ-تەپەككۈرگە يېتەلمىگەنلىكى، بەلكى 21-ئەسىرگە خاس يېڭىلىقلاردىن بەھرىمەن بولسىمۇ، بىراق 80-90 يىللار ئىلگىرى مەنىۋى سەۋىيىسىدىن يىراقلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە قازاقلار مۇستاپا چوقاينى سېغىنماقتا ۋە ئۇنى ئۇلۇغلىماقتا. 21-ئەسىر قازاقلىرى مۇستاپا چوقاينى ئۇنىڭ غايىسى ۋە ئىدىيىسىگە خىلاپ ھالدا، ئۇنىڭ بۈگۈنكى مۇستەقىل قازاقىستاننى ئارزۇ قىلغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلغان قازاق مىللەتچىسى سۈپىتىدە چۈشەندۈرمەكتە.

تۈركىستان مۇختارىيىتى ئەمەلىيەتتە تۈركچىلىك ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تۇنجى قېتىم سىياسىي مەۋقە بىلەن مەيدانغا چىقىپ، مەزكۇر ئىدىيە ئاستىدا بىر ھاكىمىيەت قۇرۇش تەجرىبە-سىنىقىدىن ئىبارەت. چوقاي ئېيتقاندەك ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلىدىغان كەڭ كادىر كۈچىنىڭ بولماسلىقى، بولۇپمۇ، ئۆزىنىڭ زامانىۋى ھەربىي قوشۇنىنىڭ بولماسلىقىدىن ئىبارەت بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىستان خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي-سىياسىي ئاڭ جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىقى، خەلقتە ئومۇمىي يۈزلۈك تۈركچىلىكنى ئاساس قىلغان مىللەتپەرۋەرلىك ئىدېئولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىپ بولۇنمىغانلىقى، ئەكسىچە مەھەللىۋى كىملىك ۋە زىددىيەتلەرنىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە موسكۋا ۋە تاشكەنتتىكى ھەربىي-سىياسىي كۈچى بار كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتى مەزكۇر ھاكىمىيەتنىڭ خەلق ئىچىدە كەڭ يىلتىز تارتىشى، ئۆز ئىدىيىلىرىنىڭ كەڭ

تەشۋىق قىلىپ، خەلقتە بۇ خىل مىللىي ئىدېئولوگىيىنىڭ ئومۇملىشىش ھەمدە دىنىي ئىدىيە ۋە كىملىك بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن مەركىزىي ھۆكۈمەتنى تېز يوقىتىش ئىستراتېگىيىسى بەلگىلىگەن ئىدى. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، تۈركىستان مۇختارىيىتىنىڭ يىمىرىلىشىدىكى يەنە بىر رېئال سەۋەب شۇكى، ھۆكۈمەت تەركىبىدە ھەر خىل يۆنىلىش ھەم ھەر خىل چەتنىڭ كۈچىگە تايىنىش تەرەپدارلىرى بار ئىدى. بۇ پىكىرلەر دائىم توقۇنۇشقان بولسا، يەنە جەدىدچىلەر ئېقىمى بىلەن ئەنئەنىچىلەر جۈملىدىن "شورائىي ئىسلامىيە" بىلەن "شورائىي ئۇلەما" پارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، ئىككىنچىسى ھۆكۈمەتنىڭ پائالىيەتلىرىگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى. مۇستاپا چوقايمۇ بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ زىددىيىتىنىڭ تۈركىستان مۇختارىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى سەلبىي ئامىل بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي ۋە ئىدېيولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى دائىم ئۇيغۇر دىيارىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. بۇ ھال 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا بەكرەك ئىپادىلەندى.

مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىي نەزەر تۈركىستان مۇختارىيىتى ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن تۇنجى قېتىملىق رەسمىي رەۋىشتىكى ئۇرۇنۇشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ باسقان ئىزى ۋە غايىسى گەرچە ئۇ تۇنجۇقتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، تاكى 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا "باسمىچىلىق" دەپ نام بېرىلگەن مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە، 30-40-يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابلىرىغا مىراس بولۇپ قالدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ غايىسى 40-يىللاردىكى دۇنياۋى ئۇرۇش ئېقىمىغىمۇ كىرىپ كەتكەن بولسا، 90-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىپ مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مىللىي ئىدىيەلەرنى تىكلىشىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، بۇگۈنكى بىر قىسىم قۇدرەتلىك بولۇشنى خالايدىغان تۈرك دۇنياسى رەھبەرلىرى ھەم ئەشۇ كونا ئىدىيىنى سىڭدۈرىدىغان ھەم ئۇنى چەتكە قاقمايدىغان بىر قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا زىيالىيلىرى ئورتاق تۈركىستاننىڭ ۋە ياكى ئورتاق تۈرك دۇنياسىنىڭ يېڭىچە ، زامانغا خاس مودېللىرىنى ئىزدىمەكتە. بۇ يولنى ئەڭ غەربتە مۇستافا كامال ئاتا تۈركتىن ، ئەڭ شەرقتە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، مەسئۇد سەبىرى ۋە ئەيسا ئالىپتېكىنغىچە، كاۋكازىيىدە ئەلچىبەيدىن ئوتتۇرا

ئاسىيادا ئىسلام كەرىموف ۋە نۇرسۇلتان نازارايىفقىچە بولغان رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نۆۋەت بىلەن بېسىپ باقتى ھەم ئۇرۇنۇپ باقتى. نازاربايىف گەرچە ئاشكارا ھالدا ئۆزىدىن 90 يىل ئىلگىرى بۇ سىناقنى قىلغان مىللەتدېشى مۇستافا چوقاينى بۆگۈنكى كۈندە ئاشكارا ۋە رەسمىي يوسۇندا مەدھىيىلەپ باقمىغان بولسىمۇ، بىراق چوقاينىڭ غايىسىنىڭ باشقا بىر خىل ، يېڭىچە ۋارىيانتى- " مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى"نى قۇرۇپ، ئورتاق پۇل چىقىرىش، ئورتاق چېگرا ، ئورتاق مۇداپىئە ۋە ئورتاق بازا ھەم بايلىقلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، 50 نەچچە مىليون نوپۇسلۇق قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى.

نۇرسۇلتان ئەبىش ئوغلى تېخى ھايات تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆچۈن ئورنىتىلغان ئەنقەرەدىكى چوڭ ھەيكەلنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىدا پرېزىدېنت ئابدۇللا گۈلنىڭ ئۇنىڭ " تۈرك دۇنياسى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى" نى مەدھىيىلىشى بىكار بولمىسا كېرەك ؟! ئاچچىق تارىخىي ئەسلىمىلەر ۋە مۇساپىلەر " بۆلۈنگەننى بۆرە يەيدۇ" دېگەن ئاتالار سۆزىنىڭ پەقەتلا بىرلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەسلىكى، بەلكى ئۇنىڭ بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىرىنىڭ ماقال-تەمسىلى ئىكەنلىكى، ئەپسۇسكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەزكۇر ئاتالار سۆزىگە دائىم خىلاپلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئەسكە سالىدۇ.مۇستاپا چوقاينىڭ ئىدىيىسى ۋە غايىسىنىڭ يىرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن زامان ۋە ماكانغا مۇۋاپىق يېڭىچە شەكىللەر بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقى ياكى ئېشىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ ئىدىيىسى بىلەن غايىسىنىڭ مەركىزىي ئاسىيانىڭ تارىخى تەرەققىيات قانۇنىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەمدۇ يوق ؟ بۇ تارىخى ۋە كېلەچەك مەسىلىسى !

ئىزاھاتلار :

[1] . ئو. ۋولوۋىيېۋ. كېڭەشلەرنىڭ رۇسىيە جۇمھۇرىيىتىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغىچە. رۇسمەپرىئە.رۇ.
[2] . ئو .ۋولوۋىئە يېۋ. شۇ ماقالە.
[3] . مىخائىل كالىشېۋسكىي . بولشېۋىكلارنىڭ خارەزىم تەجرىبىسى. فەرغانا.رۇ (رۇسچە)
[4] . باخىت سادىقوۋ. تۈركىستان جەدىدلىرى، 2-باپ. كونتىنېنت ژۇرنىلى.( قازاقىستان. رۇسچە)

[5] . ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ خاتىرىلىرى. تارانچى كومىتېتى. ئا. م. روزىباقىيېۋ. م. روزىباقىيېۋا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى. 1987. ئالمۇتا.87-بەت (ئۇيغۇرچە).
[6] . شۇ كىتاب.87-88-بەتلەر.
[7] .شۇ كىتاب.88-بەت
[8] .شۇ كىتاب. 88-بەت
[9] .شۇ كىتاب.87-بەت.
[10] . ئا. روزىباقىيېۋ، بۇرهان قاسىموف. ئالمۇتا. 1992-يىلى، 18-بەت
[11] . ئا.روزىباقىيېۋ، بۇرهان قاسىموف. ئالمۇتا. 1992-يىلى، 19-بەت
[12] . ئا.روزىباقىيېۋ، م.روزىباقىيېۋا، شۇ كىتاب. 88-بەت
[13] . شۇ كىتاب.84-بەت
[14] م.رۇزىيېۋ . قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى. ئالمۇتا، "قازاقىستان " نەشرىياتى.1976. 124-بەت. (رۇسچە)
[15] . م. رۇزىيېۋ . شۇ كىتاب. 129-بەت
[16] . مۇستاپا چوقاي ھەققىدە يېزىلغان ۋىكىپەدىئا ئېنسىكلوپېدىيىسىدىكى مەلۇماتتىن ئېلىندى.
[17] . مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا. شەرقىي تۈركىستان تارىخى.370-378-بەتلەر.
[18] . مىخائىل كالىشېۋسكىي . بولشېۋىكلارنىڭ خارەزىم تەجرىبىسى. فەرغانا.رۇ (رۇسچە)
[19] . ك.ئا. گافۇروف. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاندىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىنتېرناتسىئونالىلىق ئىتتىپاقلىق ئۇچۇن كۆرەشلىرى.1917-1924-يىللىرى. Moskwa.1972.21-22-betler.
[20] . R.T.Shamsutdinov. ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېتلەر ۋە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى،1917-2925 يىللىرى// تارىخ مەسىلىسى جۇرنىلى، 1986. 3
[21] .چاررۇسىيىنىڭ 1897-يىلدىكى نوپۇس مەلۇماتى.
[22] .ياش تۈركىستان مەجمۇئەسى. 1930-يىلى، دېكابىر، 13-سان، ئىستانبۇلدىكى يېڭى توپلام نەشرى.6-بەت.
Ahat Andicani. Cedidizmden Bagimsizliga Harichte. .Prof.Dr Mucadelesi. Istanbul.2003. 43-bet Türkistan

[23] .سالاۋات ئىسخاكوۋ. 1917-يىلىدىكى مەركىزىي ئاسىيادىكى رۇس ئىنقىلابى ۋە تۈركلەر. ترانسكاسپى مەجمۇئەسى.26-نويابىر.2000-يىلى.(رۇسچە)
[24] . بۇ كىشىنىڭ مىللىي كىملىكى بىراق ئەنىقسىز. ئەلىخان تۆرە ساغۇنى ئۇنى پولەك مۇسۇلمانلىرىدىن دەپ يازىدۇ. ئەلىخان تۆرە ساغۇنى .تۈركىستان قايغۇسى. توشكەنت.2003. شەرق نەشرىياتى. 54-بەت
[25] . شۇ ماقالە ۋە ياش تۈركىستان مەجمۇئەسى. 1930-يىلى، 13-سان.6-بەت
[26] . سالاۋات ئىسخاكوۋ. شۇ ماقالە ۋە دەۋلەت تىنىشپايەۋنىڭ "مۇھەممەدجان تىنىشبايەۋ. قازاق خەلقىنىڭ تۇنجى ئىنجىنېرى" ماۋزۇلۇق ماقالىسىغا قارالسۇن. www.tynyshpayev.kz
[27] . شۇ ماقالە.
[28] . باخىت سادىقوۋ. تۈركىستان جەدىدلىرى، 2-باپ. كونتىنېنت جۇرنىلى.( قازاقىستان. رۇسچە)
[29] . تارىخىي ئەسلىمىلەر. ياش تۈركىستان. 1930-يىلى، 13-سان. دېكابىر.

[30] .ياش تۈركىستان، 13-سان.
[31] . باخىت سادىقوۋ، مۇستاپا چوقاي. ئالماتا،2004-يىلى نەشرى، ۋىكىپەدىئادىكى مۇستاپا چوقاي ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشقا قارالسۇن. (رۇسچە)
[32] . سالاۋات ئىسخاكوۋ.. تۈركىستان قوقان ئاپتونومىيىسى (1917-1918). ۋۋۋ.فورۇم .تۇران.ئىنفو.
[33] .ئىسا يۇسۇپ ئالىتەكى، ئەسىر دوقۇ تۈركىستان ئىچىن. ئىستانبۇل. 1980.
[34] . ياش تۈركىستان. 13-سان.
[35] . تۇرار رىسقۇلوۋ. تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقى ۋە ئىنقىلابى. تاشكەنت.1925-يىلى. بۇ ئۇچۇر تۈركىستان مۇختارىيىتىگە ئائىت بىر قىسىم ماقالىلەردە ئەسلىتىلىدۇ.
[36] . رۇسىيىدىكى گراژدانلار ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى مىللىي مەسىلە. http://bril2002.narod.ru/gr_pat1.html
[37] . Ahat Andicani. Cedidizmden Bagimsizliga .Prof.Dr Mucadelesi. Istanbul.2003. 43-bet Harichte. Türkistan
[38] . سالاۋەت ئىسخاكوۋ، تۈركىستان قوقان ئاپتونومىيىسى (1917-1918).
[39] . ر. ئابدۇللايېۋ . زىددىيەتلىك تارىخىي خرونىكا. شەرق يۇلتۇزى. 1995-يىلى

11-12-سان.201-بەت (ئۆزبېكىستان)
[40] . سالاۋات ئىسخاكوۋ.. تۈركىستان قوقان ئاپتونومىيىسى (1917-1918).
ۋۋۋ.فورۇم .تۇران.ئىنفو.
[41] . ئەلخان تۆرە ساغۇنى .تۈركىستان قايغۇسى. توشكەنت. 2003. شەرق
نەشرياتى. 54-بەت
[42] . . رۇسىيەدىكى گراژدانلار ئۇرۇشى مەزگىلدىكى مىللىي مەسلە.
.http://bril2002.narod.ru/gr_pat1.html
ئى.ۋ. پوگورەلسكىي. خىۋە ئىنقىلابى ۋە خارەزىم خەلق سوۋېت
جۇمھۇرىيتى.1917-1924-يىللىرى . www.kungrad.com
[43] . ياش تۈركىستان. 13-سان.1930-يىلى، 8-بەت

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى

نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

ئىلاۋە:

مەن بۇ ماقالەمنى مەرھۇم قەدىرلىك ئانام نۇرنىسا ئابدۇرېھىمنىڭ ئەبەدىيلىك خاتىرىسى ئۈچۈن بېغىشلايمەن. مەن ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ مېھرىبان ئانام، ماڭا ئىنسانلىقنى، ئىنسانىيەتنى جۇملىدىن ئۆز قوۋنى سۆيۈشنى ئۆگىتىپ، ئەقىل-ئىدرىكىمنى ئاچقان بىرىنچى ئۇستازىم 5-ئاينىڭ 22-كۈنى، مەزكۇر ماقالەمنى يېزىۋاتقان، كېچە-كېچىلەپ، ماتېرىياللار دۆۋىسىدىن مەنبەلەر ۋە ئۈچۈرلار ئىزدەۋاتقان كۈنلىرىمدە بىز بىلەن ۋىدالاشتى. مەن بۇ خەۋەرنى يىراق ئوكيان قىرغىقىدىن ئاڭلىغىنىمدا زور ئىلھاملار بىلەن خەت بېسىۋاتقان بارماقلىرىم بىردىنلا ئىشتىن توختىدى ، كۆزلىرىم خىرەلەشتى، كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلدى، ئانامنىڭ مېھرىبان سىماسى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى، ھەر بىر ئىلھامبەخش سۆزلىرى قۇلۇقىم تۈۋىدە قايتىدىن جاراڭلىدى، مەن ئۆز-ئۆزۈمگە سوئاللار قويىدۇم ھەم جاۋاب تاپتىم، ئاخىرى كۆز ياشلىرىمنى سۈرتىۋېتىپ، يېزىۋاتقان مەزكۇر ماقالەمنى تاماملاپ، تېزراق ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ ھوزۇرىغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چاڭقىغان قەلبلىرىنى ئازراق بولسىمۇ سۇغۇراي دېگەن قارارغا كەلدىم.

مېھرىبان ئانامغا ! جۇملىدىن دۇنيادىكى بارلىق ئانىلارغا ئەڭ ئالىي ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن!

********************

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا تەۋە قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەرگە جايلاشقان . بۇلاردىن باشقا يەنە رۇسىيە فېدېراتسىيىسى،

تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستاندا ئانچە كۆپ بولمىغان ئۇيغۇر ئاھالىسى ياشايدۇ . ئۇيغۇرلار ئالدى بىلەن جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىكى قولايلىق شارائىت تۈپەيلىدىن قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن ئىبارەت ئۈچ جۇمھۇرىيەتكە ئەڭ كۆپ تارقالغان . بۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇسىيە، تۈركمەنىستان ، تاجىكىستان، ئۇكرائىنىيە ۋە باشقا جۇمھۇرىيەتلەردىمۇ ئاز ساندا ئۇيغۇرلار ياشايدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەت-مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەردە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلار بۇ جۇمھۇرىيەتلەردە ئاز سانلىق مىللەت ھېسابلانسىمۇ، بىراق سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي-مائارىپ، سەنئەت ۋە باشقا ھەر قايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن ئۆزلىرى ياشىغان جۇمھۇرىيەتلەرگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېقىنقى ئىككى ئەسىرلىك تارىخى قوقەنت خانلىقى، چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ھازىرقى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەردىن ئىبارە مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي داۋالغۇشلىرى ۋە تەرەققىيات جەريانلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتى مانا شۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسىتى بىلەن زىچ باغلانغان ئىدى.

ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياشىغان دۆلەتلىرى ۋە تۈزۈملىرى ئايرىم بولسىمۇ، بىراق ئورتاق ئۇيغۇر مەدەنىيەت گەۋدىسىگە مەنسۇپتۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئاھالىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن باشلىغان ئۆز ئالدىغا مىللىي كىملىك تىكلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش سىياستىنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر مىللىي كىملىك ۋە مىللىي روھنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، مۇرەككەپ سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. مەزكۇر ماقالىدە ئۇلارنىڭ بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت-مائارىپ تەرەققىيات مۇساپىلىرى، شۇنىڭدەك قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ھەققىدە قىسقىچە ئومۇمىي بايان بېرىش ئاساسىي نۇقتا قىلىنىدۇ.

### 1 .ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى

ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ رەسمىي ئىستاتىستىكىلىرى بويىچە ئالغاندا، بۈگۈنكى كۈنلەردە قازاقىستان ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ئەڭ كۆپ دۆلەتتۇر. قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ 2012-يىلىدىكى ئىستاتىستىكىسى بويىچە ،بۇ جۇمھۇرىيەتتىكى ئۇيغۇرلار 237532 نەپەر[1].

ئۇنىڭدىن كېيىن قالسا، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، 2012-يىلىدىكى قىرغىزىستاننىڭ دۆلەتلىك ئىستاتىستىكىسى بويىچە ئالغاندا، ئۇيغۇرلار 50 مىڭ نەپەر[2].

ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 2000-يىلىدىكى ھۆكۈمەت سانلىق مەلۇماتىدا 19526نەپەر دەپ كۆرسىتىلگەن، بىراق ھازىرغىچە يېڭى سانلىق مەلۇمات ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى بۇ جۇمھۇرىيەتتە 60مىڭ ئۇيغۇر ياشايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلغان[3] . ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ مەزكۇر ئۇچۇرلاردىن بىر قانچە ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكى ھەققىدە تۈرلۈك غەيرى-رەسمىي پەرەزلەر مەۋجۇت.

تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەڭ ئاز بولۇپ، بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات يوق1890- .يىلى، 270 ئائىلە، يەنى 1307 نەپەر ئۇيغۇر يەتتەسۇدىن تۈركمەنىستاندىكى مۇرغاب دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن. ئۇلارنىڭ سانى 1990-يىلى 1392 نەپەر، 2010-يىلى، 2000 نەپەر دەپ ئېلان قىلىنغان. 1928-1929-يىللىرى، تۈركمەنىستاننىڭ بايرام - ئالى رايونىدا ئىككى ئۇيغۇر كولخوزى قۇرۇلغان ئىدى [4]. ئەمما ، تاجىكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى نوپۇس ئەھۋالى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. بۇ جۇمھۇرىيەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ ئاز جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاجىكىستاننىڭ 1926-يىلىدىن تاكى 2009- يىلىغىچە بولغان مىللەتلەرنىڭ نوپۇس ئىستاتىستىكىسى تەركىبىگە ئۇيغۇرلار كىرگۈزۈلمىگەن.

رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلىرى يوق. مەزكۇر دۆلەتتىكى ئۇيغۇرلار تارقاق ھالەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى موسكۋا ۋە سانكتپېتېربۇرگ شەھەرلىرىگە مەركەزلەشكەن. رۇسىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ 2010-يىلىدىكى نوپۇسى 3690 نەپەر دەپ كۆرسىتىلگەن[5].

لېكىن، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇر رىياللىقى ئارىسىدا مەيلى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئىشەنچ قىلماسلىق ، ئۇيغۇرلارنىڭ

نوپۇسىنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆپ ئىكەنلىكى ھەققىدە تۈرلۈك قاراشلار ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان مەلۇماتلىرى مەۋجۇت.

ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار جۇغراپىيىلىك ۋە تىل-دىئالېكت ئالاھىدىلىك بويىچە ئىككى ئاساسىي گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى پەرغانە گۇرۇپپىسى، يەنە بىرى يەتتەسۇ گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت [6].

ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ پەرغانە گۇرۇپپىسى ئاساسلىقى ئەسلىدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار رايونىدىن كۆچۈپ چىقىپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇگۈنكى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاننىڭ شەھەر ھەم دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئورۇنلاشقانلار بولۇپ، بۇ گۇرۇپپا تاكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەرلىك ئاھالىلار تەرىپىدىن "قەشقەرلىكلەر" دەپ ئاتالغان ئىدى.

پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتەسۇ رايونى قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى پائالىيەت قىلغان رايونلاردۇر. بۇ رايونلار بىلەن تارىم ۋە ئىلى ۋادىسىنىڭ زىچ تارىخىي باغلىنىشى مەۋجۇت. ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زاماندا بۇ ۋادىلارغا كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرى 1759-يىلىدىن كېيىن باشلانغان مانجۇر-چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي ھۇجۇملىرى ۋە قىرغىنچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. 19-ئەسىردىكى ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە تېخىمۇ كۆپ ساندىكى قەشقەرىيە ئاھالىسى تۈركۈملەپ، پەرغانە ۋادىسىغا كۆچكەن ئىدى. قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، 19-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا پەرغانە ۋادىسىغا 300 مىڭدىن ئارتۇق قەشقەرلىكلەر ماكانلاشقان[7]. شۇ دەۋرلەردىكى پەرغانە ۋادىسىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ۋە نوپۇسى ھەققىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن گ.ئىسھاقوف، ئا.م. رېشېتوۋ ، ئا. ن. سېدلوۋسكايا، س. س گۇباييۋا ، ئى.ۋ. زاخارووۋا، غ.سادۋاقاسوف ۋە باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

س. س. گۇباييۋا چوقان ۋەلىخانوفنىڭ مەلۇماتلىرى ئاساسىدا 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەرغانە ۋادىسىدا 300 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان[8].

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئالىمى، ئاكادېمىك غوجاخمەت سادۋاقاسوف، پەرغانە ۋادىسىدا چوقان ۋەلىخانوف قەيت قىلغان 9 مىڭ نوپۇس دولانلىقلارنى قوشۇپ، 324 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىغان دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى[9].

ئى. ۋ. زاخورووۋانىڭ قارىشىچە، 1860-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قوقەنت

خانلىقى تەۋەسىدە 200-250 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشىغان[10].

پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار يەرلىك ئۆزبېكلەرگە سىڭىپ كېتىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ئىككى خەلقنىڭ ئەسلىدىن بىر-بىرى بىلەن ئېتنىك پەرقى بولماسلىقى، تىل، دىن، سەنئەت ئۆرپ-ئادەت، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە باشقا كۆپ تەرەپلەردىكى ئوخشاشلىقلار قەشقەرىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇ خەلققە سىڭىشىپ، ھازىرقى زامان ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبكە ئايلاندى.

يەتتەسۇ گۇرۇپپىسى، ئاساسلىقى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئىلى ۋادىسىدىكى ئەسلىدىن بار بولغان ۋە 1881-يىلى رۇسىيە بىلەن چىڭ ئىمپېرىيىسى « ئىلى شەرتنامىسى»نى ئىمزالاپ چېگرا ئايرىغاندىن كېيىن قورغاس دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئىلى تەۋەسىدىن رۇسىيە تەۋەسىگە كۆچكەن 45مىڭ تارانچى[11] ، يەنى ئىلى ئۇيغۇرلىرى شۇنىڭدەك 1955-1962-يىللىرى ئارىسىدا ئىلى ۋە باشقا شىمالىي رايونلاردىن كۆچكەنلەردۇر.

بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار تىل جەھەتتىن ئالغاندا ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىئالېكتىغا مەنسۇپ بولۇپ ، پەقەت ئايرىم شىۋىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە خالاس. پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ، يەنى بۇرۇنقى قەشقەرلىكلەر قەشقەر شىۋىسىنى ئاساس قىلغان. يەتتە سۇ رايونىدىكىلەر بولسا ئىلى شىۋىسىنى ئاساس قىلغان ئىدى. بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار تاكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا »قەشقەرلىق» ۋە «تارانچى» دېگەن ئىككى خىل نام بىلەن بىر-بىرىنى پەرقلەندۈرگەن ھەم يەرلىك ئاھالىلار ۋە چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شۇنداق ئاتالغان ئىدى-1921 .يىلىدىكى تاشكەنت قۇرۇلتىيى نەتىجىسىدە « ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» بۇ خىل ئاتاشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر نامى قەدەممۇ-قەدەم پەرغانە ۋە يەتتەسۇ گۇرۇپپىسىنىڭ ئورتاق مىللىي نامى بولدى. قەشقەرلىق ۋە تارانچى ئاتالغۇسى پەقەت بىر مىللەتنىڭ ئىككى جۇغراپىيىلىك رايونغا جايلاشقان قىسىملىرىنىڭ ئايرىم ناملىرى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئېتنىك نام ئەمەس ئىدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە تۈرلۈك ئۇچۇرلار مەۋجۇت. ئۇيغۇر رەھبىرى ئابدۇللا روزىباقىيېف 1923-يىلى، پۈتۈن turkئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ 600 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىگە ئائىت سانلىق مەلۇماتنى turk كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە

رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىغا مەلۇم قىلغان[12]. ئەنە شۇ يىللاردا ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن بۇرھان قاسىموف پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مىليون ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشايدىغانلىقىنى يازغان. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى پەرغانە ۋادىسىغا تارقالغان ئىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېف كېيىنرەك پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى 500-700 مىڭ ئەتراپىدا دەپ يازغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت ئىدى. بىراق، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتى بۇنىڭدىن زور دەرىجىدە تۆۋەن بولۇپ، 1924-يىلى، ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پەرغانە ۋادىسىدىكى زور ساندىكى قەشقەرلىق ئۇيغۇرلار ئۆزبېك سۈپىتىدە تىزىمغا ئېلىنغان. رۇسىيە ئالىمى سېرگېي ئاباشىننىڭ قاراشلىرىغا تايانغاندا، پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇ زور ساندىكى «قەشقەرلىقلەر» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1924-يىلى باشلىغان ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇش سىياسىتى نەتىجىسىدە ئۆزبېك ئېتنىك تەركىبىگە قوشۇۋېتىلىپ، يېڭى ئۆزبېك مىللىتىنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئىدى. بىراق، 1926-يىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈشىدە، ئۇيغۇر مىللىتى » قەشقەرلىق»، «تارانچى» ۋە « ئۇيغۇر» دېگەن ئۈچ خىل نام بىلەن تىزىمغا ئېلىنغان .ئەمما، 1937-يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە پەقەت ئۇيغۇر ناملا ئىشلىتىلگەن[13]. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەت سانلىق مەلۇماتلىرىدا ئېنىق ئاز كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ تۈرلۈك سەۋەب-ئامىللىرى بار ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئازلاپ كېتىشىدە مىللىي سىياسەت ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەر ئارىسىدىكى ئېتنىك پەرقنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى ئاساسلىق سەۋەب بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1932-1933-يىللىرىدىكى ئاچارچىلىق، 1937-يىللىرىدىكى تازىلاش ۋە 1941-1945-يىللىرىدىكى سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىكى مۇھىم ئامىللاردۇر. مەسىلەن، قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ سانى 1947-يىلى، قازاقىستان كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى جۇمابايېۋ شاياخمەتوف قازاقىستاندا ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇش ھەققىدە موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا 27 مىڭ دەپ مەلۇم قىلىنغان بولۇپ، 1937-يىلىدىكىدىكى سانلىق مەلۇماتتىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەن. ئەلۋەتتە ،قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ سانىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب،1932-1933-يىللىرىدىكى ئاچارچىلىق مەزگىلىدە زور ساندىكى ئۇيغۇرلار يەتتەسۇدىن ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ، ۋەتىنىگە قايتمىغان ئىدى. ئەنە شۇ

تۇرلـۇك سـەۋەبلەر تۈپەيلـىدىن سـوۋېت ئىتتىپاقىنىـڭ 1950-يىللاردىكـى سـانلىق مەلۇماتىدا سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى پۈتۈن ئۇيغۇر ئاھالىسى ئـاران 100 مىڭ ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىـڭ قايتىـدىن تېـز كۆپىيىشـى 1954-1962-يىللىرىدىكى كۆچۈش نەتىجىسىدە ئىشقا ئاشـتى. ئۇيغۇرلارنـىڭ يەتـتە سـۇ گۇرۇپپىسـى تەركىبىگە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قەشقەر، ئاقسۇ، ئـۈرۈمچى، ئـاتۇش ۋە باشـقا جايلىرىـدىن كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ قوشۇلدى. تاشكەنت ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار تەركىبىگە ئىلى تەۋەسىدىن كەلگەن ئىلى ئۇيغۇرلىرىمۇ قوشۇلدى.

## 2.ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىك تەرەققىياتى

1954-1962- يىللىرىدىكى كەڭ كۆلەملىـك كۆچـۈش نەتىجىسـىدە ئوتتـۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بىراقلا ئاشتى شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، تىل-يېزىقى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، سەنئىتى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي كىملىكلىرى كۈچەيدى ھەم راۋاجلاندى.

1962-1954-يىللىرىدىكى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش نەتىجىسىدە ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى كـۆپلىگەن يەرلـىك ئۇيغـۇرلار ئۆزلىرىنىـڭ مىللىـي كىملىكىنـى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولۇپ، قىرغىزىستاننىڭ ئوش، جـالال ئابـاد، فرۇنـزې، قـاراقول ، توقماق قاتارلىق جايلىرىدىكى ئەسلىدىن بار بولغـان ئۇيغۇرلارنـىڭ بىـر قىسـمى بـۇ چاغدا مىللىي كىملىكىنـى ئـۆزبېككە ئۆزگەرتـىپ، ئۆزبېكلىشـىش باسـقۇچىنى باشـتىن كەچۈرۈپ، سانى ناھايىتى ئاز قالغان ئىدى. ئۆز ئېتنىك كىملىكىنى ساقلىغان ئۇيغۇرلار يېڭىدىن كۆچـۈپ كەلگەنـلەر بىـلەن قوشـۇلۇپ، قىرغىزىسـتان ئۇيغـۇرلىرى بىـردىنلا كۆپەيدى . ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرى بۇ چاغلاردا ئاساسـىي جەھەتـتىن ئۆزبېكلىشـىپ، ئۆز مىللىي كىملىكىنى پۈتـۈنلەي دېگـۈدەك يوقىتـىپ قويغـان بولـۇپ، ئەسـلىدىكى ئېتنىك كىملىكىنى يوقاتمىغانلار يېڭى كۆچۈپ كەلگەنلەر بىلەن قوشۇلۇش نەتىجىسـىدە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى رەسـمىي شـەكىلدە قايتىـدىن پەيـدا بولـدى ھەمـدە ئۇيغـۇر مەدەنىيىتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى.

قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار كولخوزلار، يېزا-قىشلاقلار ۋە شەھەرلەرگە توپلىشىپ، زىچ ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئـۆز مىللىـي كىملىكـى، مائـارىپى ۋە مىللىـي مەدەنىيىتىنـى ساقلىشى باشقا جۇمھۇرىيەتلەرگە قارىغانـدا زور دەرىجىـدە ياخشـى ئـىدى. 1950-

يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەقەت قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىلا سوۋېت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى بۇ ئۇيغۇرلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى »، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى « سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، ئۇلاردىن چىققان ئالىملار « سوۋېت ئۇيغۇر ئالىمى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈلگەن بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئورتاق «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان بىر گەۋدە يوقىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرگە پارچىلىنىپ ئايرىم تەرەققىيات يولىغا مېڭىشقا باشلىدى.

گەرچە، يەتتەسۇ ۋە پەرغانە رايونىدىكى مەركىزىي ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت جۇمھۇرىيەتكە تارقىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم دىئاسپورىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدە مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان پەرغانە گۇرۇپپىسى بۈگۈنكى كۈنلەردە پۈتۈنلەي دېگۈدەك يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىپ تۈگىدى ھەمدە بۇ رايوندىكى قالدۇق ئۇيغۇر گۇرۇپپىلىرى داۋاملىق تۈردە سىڭىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە. گەرچە ئەنجان قاتارلىق رايونلاردا ھازىرمۇ مەلۇم ساندا ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بار بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇتقان ، تىل ۋە ئېتنىك ئالاھىدىلىك جەھەتلەردىن ئۆزبېكلەردىن پەرقسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئەمما، ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ پەقەت 1955-يىلىدىن 1962-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر دىيارىدىن كۆچۈپ كەلگەن تەركىب ۋە قازاقىستاندىن بۇ جۇمھۇرىيەتكە خىزمەت يۈزىسىدىن بېرىپ يەرلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى تاشكەنت شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، ئۆز مىللىي كىملىكى ۋە مەدەنىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئەۋلادلارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن مەركىزىي جۇمھۇرىيەتتىكى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى قەدەممۇ-قەدەم ئاجىزلاش شۇنىڭدەك داۋاملىق ئۆزبېكلىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتەسۇ گۇرۇپپىسى بولسا ئۆز مىللىي كىملىكى، مىللىي مەدەنىي-مائارىپى ، ئەدەبىيات-سەنئىتى، مۇزىكىلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئىزچىل تۈردە ياخشى ساقلاپ قالدى شۇنىڭدەك بۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى

ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى بىر پارچىسىلىق رولىنى ئوينىماقتا. بۇ گۇرۇپپىنىڭ يەرلىك قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق خەلقلەرگە سىڭىپ كېتىشى ئاساسەن دېگۈدەك كۆرۈلمىدى. بىراق، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۆنىلىشىنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى مۇھىم. ئەلۋەتتە، قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1954-1962-يىللىرى ئارىسىدا كۆچۈپ كەلگەنلىرى تەركىبىدە يەنە كۆپ ساندا ئەسلى قەشقەر ۋە ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىن كېلىپ چىققانلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەشۇ جايلاردىن ئالدىن بىلەن ئىلى ۋادىسىغا، كېيىن ئىلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتكەنلەر ئىدى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئۆزلىرىنى تارانچىلار، ۋە ياكى يەتتەسۇلۇقلاردىن پەرقلەندۈرۈش خاھىشىمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئەمما، ھازىر مۇنداق خاھىشلار ئاساسەن دېگۈدەك تۈگىگەن.

## 3.ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 20-ئەسىردىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى دۆلەت تۈزۈلمىسى بويىچە چار رۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەردىن ئىبارەت ئۈچ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بويىچە ئۈچ دەۋرگە ئايرىش مۇمكىن. بۇ ئۈچ دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى ، خۇسۇسىيەتلىرى ، تەرەققىيات يۆنىلىش ۋە مۇساپىسى مەۋجۇت.

## بىرىنچى دەۋر: چار رۇسىيە دەۋرى: (1878-1917-يىللىرى)

1878-يىلى، چار رۇسىيە پۈتۈن turk رايونىنى تولۇق ئىشغالىيەت ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى تاشكەنتنى مەركەز قىلغان turk گېنېرال گۇبېرناتورلۇقىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە ئىدارە قىلدى. تاكى -1917يىلى،پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلۇپ، ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە ھاكىمىيەتلەر بولشېۋىكلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈچىگە بولغان ئارىلىقتا چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ خام ئەشيا بازىرىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا كىچىك كۆلەمدىكى يېنىك سانائەت بازىلىرىنى قۇردى ھەمدە تۆمۈر يول ياساپ، ئىچكىرى رۇسىيە بىلەن تۇتاشتۇرۇشقا كىرىشتى. رۇسىيە سودا-سانائەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ turk خام ئەشياسىغا بولغان ئېھتىياجى ئۇلارنى تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەرگە زامانىۋى ياۋروپا مەدەنىيىتى، سانائەت ئەسلىھەلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە،

ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى مەكتەپلەرنى ئېچىپ، يەرلىك خەلق پەرزەنتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە تەربىيىلەشكە مەجبۇر قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى يەرلىك سودا گۇرۇھى ۋە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ رۇسىيىنىڭ پېتېربۇرگ، موسكۋا، ئورېنبۇرگ ۋە باشقا شەھەرلىرىگە بېرىپ سودا قىلىش ھەم مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى. چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە نىسبەتەن چوڭ مىللەتچىلىك ۋە كەمسىتىش سىياسىتى يۈرگۈزسىمۇ بىراق، يەرلىك خەلقلەر مەلۇم رەۋىشتە ئىلغارلىقلار ۋە تەرەققىياتلار بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. لېكىن، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە قارىتا ھېچقانداق ئومۇمىيۈزلۈك مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتلەردىن كۆللەندۈرۈش، خەلقنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، بۇ ساھە ئۈچۈن مەبلەغ سالمىدى. يەرلىك خەلقلەر پەقەت ئۆزلىرىدىن چىققان خەلقپەرۋەر، يېڭىلىقپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىغا تايىنىشقا مەجبۇر بولدى.

رۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ئايرىمچىلىق ۋە مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدە ساۋاتسىزلىق ناھايىتى ئېغىر بولدى. ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇرلارمۇ بار بولۇپ، مەيلى پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ۋە ياكى يەتتەسۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئومۇمىيۈزلۈك ئارقىدا قالغان ئىدى.ئۇيغۇرلاردىمۇ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى ئوخشاشلا يۇقىرى بولدى. زامانىۋى مەكتەپ ئېچىش، مەدەنىي ئاقارتىش ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. 1917 ـ يىلىدىكى فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىنلا ئوتتۇرا ئاسىيادا يەرلىك خەلقلەرنىڭ مىللىي ئويغىنىش، مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەرىكەتلىرى ئەۋجى ئالدى. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز جەمئىيەتلىرى ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىگە ئاتلاندى. بۇ جەھەتتە « تارانچى كومىتېتى» ئۆز ئالدىغا بىر قاتار پروگراممىلارنى قويغان ئىدى. سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى يەرلىك خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ۋە ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يەرلىك خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتىن كۆللىنىشىنى چاقىرىق قىلىپ، بىر قاتار چارە ـ تەدبىرلەرنى قوبۇل قىلدى. يەرلىك خەلقلەرنىڭ چار رۇسىيىگە قارشى تۇرۇشى ۋە ئاخىرىدا سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرەپتە تۇرۇشىدىكى ئامىللارنىڭ بىر ئالدىنقىسىنىڭ مىللىي كەمسىتىش سىياسىتى يۈرگۈزۈشى، كېيىنكىسىنىڭ مىللىي كەمسىتىشنى بىكار قىلىپ، مىللىي ،مەدەنىي ـ مائارىپ

جەھەتلەردىن گۈللىنىش ۋەدىلىرىنى بېرىشكە باغلىق ئىدى.

يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى 1883-يىلىدىن كېيىن رۇسىيە پۇقرالىرىغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما تاكى 1918-يىلىغىچە بولغان 40 يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇلاردا مەدەنىيەت جەھەتلەردىن كۆرۈنەرلىك گۈللىنىش مەنزىرىسى كۆرۈلمىگەن ئىدى، پەقەت ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى رۇس تىلىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ھەمدە زاۋۇت-فابرىكىلاردا ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە بولدى. يەنە بىر قىسمى بولسا، قازان، ئۇفا، ئورىنبۇرگ قاتارلىق جايلاردىكى تاتارلار بىلەن ئالاقە قىلىش ئارقىلىق يېڭىچە مائارىپ ۋە مەدەنىيەت بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە بولۇپ، ئۆزلىرىنى تەرەققى قىلدۇردى.

چار رۇسىيە دەۋرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە ئوخشاش ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ ھېچقانداق گۈللىنىش ئېلىپ كەلمىگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋى مەدەنىي-مائارىپىنىڭ رەسمىي شەكىللىنىش ۋە گۈللىنىشى سوتسيالىستىك ئىدېئولوگىيە ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىلا ئىشقا ئاشتى. يەتتەسۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ، ئومۇمەن ئۇيغۇر ئېلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىقى، ساۋاتسىزلىقنىڭ ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئابدۇللا روزىباقىيېف، بۇرھان قاسىموف قاتارلىقلارنىڭ ماقالىلىرىدە كۆپ تەكىتلەنگەن ئىدى. بۇرھان قاسىموف يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ، »خەلقىمىزنىڭ 100دىن بىرى بولمىسا، قالغانلىرى يېزىشنى بىلمەيدۇ. ساۋاتسىزلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇش چارىلىرى بىزدە تېخى كۆرۈلمىدى. كامچىللىك كۆپ،مىڭدىن بىرىنىمۇ يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئىنقىلابتا پۈتۈن رۇسىيىدىكى ئايماقلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئېزىلگىنى بىز.ئاۋال ھەم، ھازىرقى كۈندە ئەڭ تۆۋەن،نادان سانالغىنى بىز، ئېغىرلىقنى، خورلۇقنى ئەڭ كۆپ تارتقان بىز ئۇيغۇر خەلقى«[14] دەپ يازغان.

## ئىككىنچى دەۋر: سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرى: ( 1918-1991-يىللىرى)

ئۇيغۇرلارنىڭ 20-ئەسىردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ستالىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن باسقۇچ ۋە ستالىندىن كېيىنكى باسقۇچ ھەم سوۋېت- جۇڭگو رەقىبلىك باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىبارەت ئۈچ مەزگىلگە ئايرىش

مۇمكىن. ستالىن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يەنە 1937-1938-يىللىرىدىكى چوڭ تازىلاش ھەرىكىتى ۋە سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشىنى چېگرا قىلىپ، ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن .بىرىنچى باسقۇچ 1918-1941-يىللىرى بولۇپ، بۇ 20 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيەت-مائارىپ، سەنئەت ۋە باشقا ھەر ساھەلەر بويىچە مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۇيغۇر زامانىۋى مەدەنىيىتى، سەنئىتى، ئەدەبىياتى يوقلۇقتىن بار بولۇپ، شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈردى.

بىرىنچى باسقۇچتا يارىتىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەنزىرىسى 1937-1938-يىللىرى ستالىننىڭ تازىلاش ھەرىكىتى بىلەن بىتچىت قىلىنغان بولسا، 1941-يىلى، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىنىڭ پارتىلىشى بىلەن كېلىپ چىققان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بىلەن تامامەن تۈگەشتى.

20-ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا سوۋېت دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى 1945-يىلدىن تاكى ستالىن ئۆلۈپ خرۇشېۋ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەنگىچە بولغان باسقۇچتۇر. مەزكۇر باسقۇچتا ئۇيغۇر خەلقى بارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتىش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىگىلىكىنى قايتىدىن قۇرۇش ھەم كۈچەيتىشكە ئاتلاندى. ستالىن ھۆكۈمىتى 1943-يىلدىن كېيىن شەكىللەنگەن تىنچ ئوكيان-ئاسىيا رايونى ۋەزىيىتى، دۇنيا ۋەزىيىتى جۈملىدىن جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر ئېلى ۋەزىيىتىگە كۆرە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئېلى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىدىمۇ يېڭى ئىستراتېگىيە بەلگىلىگەن بولۇپ، بۇ دەل ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ 1944-1949-يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللاش ھەم ياردەم بېرىشتە ئىپادىلەندى. 1949-يىلدىن كېيىن بولسا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قوللاش ئارقىلىق غەرب دۆلەتلىرىگە قارشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى سوتسىيالىزم لاگېرىنى كۈچەيتتى. ئەنە شۇ بىر قاتار سەۋەب-ئامىللار تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1938-يىللىرى تاقىۋېتىلگەن ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ئېچىلىشقا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت-مائارىپ، سەنئەت ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرى ئەسلىگە كېلىش ھەم يېڭىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆچۈن تەرەققى قىلغان، گۈللەنگەن « سوۋېت ئۇيغۇرلىرى» نى مودېل قىلىپ كۆرسىتىش ۋە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ماھىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك ئىدى.

ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، نىكىتا خرۇشېۋنىڭ شەخسكە سېغىنىشقا قارشى تۇرۇش

ھەربكتى ۋە ستالىننىڭ خاتالىقلىرىنى تەنقىد قىلىپ، ستالىن دەۋرىدىكى گۇلاگلارنى بىكار قىلىپ، گۇلاگ تۇتقۇنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشلانغاندىن كېيىن سوۋېت ئۇيغۇر مەدەنىيەت-مائارىپىدا يېڭى تەرەققىيات يولى باشلاندى.

سوۋېت دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى سوۋېت-جۇڭگو رەقىبلىك باسقۇچى بولۇپ، بۇ 1961-يىللىرىدىن 1989-يىللىرىغىچە بولغان 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جەرياندا نىكىتا خرۇشېۋ، لېئونىد برېژنېۋ ۋە مىخايىل گورباچېۋتىن ئىبارە ئۈچ شەخس مۇقىم ۋە ئۇزۇن ۋاقىت ھۆكۈم سۈردى. برېژنېۋ بىلەن گورباچېۋ دەۋرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ.

## ئۈچىنچى دەۋر: مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرى

## (1991-يىلدىن تاكى ھازىرغىچە)

1991-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدە 15 مۇستەقىل دۆلەت مەيدانغا كەلدى شۇنىڭدەك سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى غەرب دۇنياسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىقىلىشى دۇنيانى ئۆزگەرتتى، جۈملىدىن مەركىزى دۆلەتنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقئارا ۋە رايون خاراكتېرلىق مۇناسىۋەتلەردە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر بۇ 20 يىل ئىچىدە قەدەممۇ-قەدەم ئۆز مىللىي ۋە دۆلەت كىملىكىنى تىكلەش يولىنى تۇتۇپ، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ئاساسلىق مىللەتلەر-قازاقلار، ئۆزبېكلەر، قىرغىزلار، تۈركمەنلەرنىڭ دۆلەتچىلىك، مىللەتچىلىك ئىدىيولوگىيىسىنى كۈچەيتىلدى. بۇ 20 نەچچە يىل ئىچىدە سابىق چار رۇسىيە، كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىلگىرى-كېيىن بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ياشىغان مەركىزىي خەلقلەر مۇستەقىل دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىنى كۈچەيتىش،ئۆزگىچە-ئۆزى خوجا بولۇش ۋە مىللىي ئېھتىياجلىقنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تۆرلۈك پروگراممىلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز دۆلەتلىرىدە كۆپ مىللەت ياشىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچلۈك مىللىي كىملىك ئىدىيىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش يولىدا « قىرغىزستان بىزنىڭ ئورتاق ئۆيىمىز» ، « قازاقىستان

بىزنىڭ ئورتاق ئۆيىمىز «دېگەندىن ئىبارەت « ئورتاق ۋەتەن» ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ھەم قېرىنداشلىقىنى تەكىتلىدى. گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئەسلىدىن ئورتاق مەدەنىيەت ۋە تارىخ كىملىكىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما تۈرك قېرىنداشلىقى ۋە تۈرك بىرلىكى شوئارىنى ئاشكارا ۋە رەسمىي رەۋىشتە يولغا قويۇلمىدى .ئەكسىچە يەنىلا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مودېلى بويىچە مىللىي سىياسەت قوللاندى.

مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى قازاقىستاننى مەركەز قىلىپ، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى، مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىمانىيىتىگە ئىگە بولدى، ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا ئىگە بولۇشىدەك ئەۋزەللىكى تۈپەيلىدىن قازاقىستان ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنى چەتكە قاقمىدى. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ زور كۆلەمدە مەبلەغ ئاجرىتىش سىياسىتىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ھۆكۈمەتنىڭ مەبلىغى ۋە باشقۇرۇشى بىلەن قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت، تەشۋىقات ، تەتقىقات، مائارىپ ئورۇنلىرىغا قارىتا مەبلەغنى قىسقارتىش ئارقىلىق، بۇ ئورۇنلارنىڭ گۈربىاچېۋ دەۋرىدىكىدەك ئالاھىدە سالاھىيىتىگە چەك قويدى، بەزىلىرىنى توختاتتى، بەزىلىرىنى بولسا قىسقارتتى. بازار ئىگىلىكى، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش تۈزۈملىرىنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئۆز مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەبلەغ سېلىشقا ۋە ئۆز كۈچىگە تايىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما، قازاقىستان ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىشىنى قوللاش پوزىتسىيىسىدە داۋاملىق چىڭ تۇردى. قىرغىزىستاندا بولسا، ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق قازاقىستانغا ئوخشاش سىستېمىلىق مىللىي مائارىپقا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتى بولمىدى. بۇ جايدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى پەقەت ئاممىۋى تۈس ئالدى. ئۆزبېكىستان بولسا، تامامەن باشقىچە بولۇپ، ئۇ يەردە ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ئۆزبېكلىشىشى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن مىللىي مائارىپتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوخشاشلا ئاممىۋى تۈس ئالغان بولۇپ، قازاقىستاندىكى ئوخشاشلا جۇمھۇرىيەت دەرىجىسىدىكى تىياتىرلارغا ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئورۇنلىرىغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن بولمىدى.

مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ مىللەتچىلىك بېسىمى، سىياسىي ئىدىيىۋى بېسىمىدىن قۇتۇلغان

بولۇپ، ئۇ ئىدىيە جەھەتتىن ئەركىن تەرەققى قىلىش، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى كۈچەيتىش ھەم تەرغىپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى سىياسىي رامكىدىن قۇتۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ئانا ۋەتىنىدىكى ئومۇمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىش ۋە يۇغۇرۇلۇش ئىستىقبالىنى كۆردى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى» دېگەن سىياسىي ئېتنىك چۈشەنچىسى يوقىلىپ، ئۆزلىرىنى روھى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئانا ۋەتىنىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تەقدىرداش ھېسابلاش خاھىشى كۈچەيدى .سوۋېت دەۋرىدە ئەسلىدىن بۇ زېمىندا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى« يەرلىك» ياكى » سوۋېتلىك» دەپ ، 1954-1962-يىللىرى كۆچۈپ كەلگەنلەرنى « كۆچمەنلەر» ، «ختايلىقلار» دەپ ئايرىشتەك قىسمەن مەھەللىۋازلىق ئىللەتلىرى زاۋاللىققا دۇچ كەلدى » .يەرلىك ئۇيغۇرلار» دىكى ئۆزلىرىنى « ئۇلۇغ سوۋېت خەلقى» دەپ ئۈستۈن كۆرىدىغان خاھىشلىرىگە خاتىمە بېرىلدى. ئومۇمەن، مۇستەقىللىق دەۋرىدە «سوۋېت ئۇيغۇرلىرى « ئايرىم جۇمھۇرىيەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بۇرۇنقىدەك ئورتاق « سوۋەتلىك» ئىدىيىسى ئەمەس، بەلكى ئانا ۋەتىنىدىكى يادرولۇق توپلۇق، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمى بىلەن ئۆزىنى باغلاش، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي ئىدىيىسى ئالمىشىپ، تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى.

مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى پىكىردىكى ئەركىنلىك، ئۇسۇلدىكى ئەركىنلىك بولۇپ، قازاقىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ دېموكراتىك تۈزۈملىرىدىن نەپ ئېلىپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى قانۇنىي تۈزۈملەرگە بويسۇنۇش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇش يولىغا كىردى .ئەلۋەتتە، قازاقىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۆنىلىشى مۇھىم بىر تېما. ئۇلارنىڭ يۆنىلىشى قانداق بولىدۇ؟ ھازىر قانداق يېڭى مەسىلەر شەكىللىنىشكە باشلىدى؟ دېگەن سوئاللار قويۇلۇشى تەبىئىي. ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈزلىنىشىدىكى ئاساسلىق نۇقتا مەركىزىي رايونلاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كەلگۈسىدە ئەشۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاساسلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت گەۋدىسى ئىچىگە سىڭىپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ سىڭىش ئورتاق تۈرك قېرىنداشلىقى نەزەرىيىسى ئاستىدا ئەمەلگە ئاشامدۇ؟ ياكى باشقىچە يولدىمۇ؟ ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرى بۇنداق رېئاللىقنىڭ مودېلىنى ئالللاچقان كۆرسەتكەن بولۇپ، قازاقىستان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەقدىرى

قانداق شەكىلدە بولۇشى مۇمكىن؟مانا بۇ ، مۇرەككەپ سوئاللاردۇر. ئەلۋەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كەڭ تارقالغان ئۇيغۇرلارنىڭ يادرولۇق قىسمى بولغان ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاساسىي گەۋدىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تارماقلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئەمما، نۇرسۇلتان نازارباييېف قازاقىستان تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىغا نىسبەتەن « قوش تىللىق» سىياسەت يۈرگۈزمىگەن بولۇپ، نازارباييېفنىڭ ئۇيغۇر باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مىللىي مائارىپىنى تولۇق رەۋىشتە راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساقلىنىپ ۋە قوغدىلىپ قېلىنىشى ئۈچۈن چىن يۈرىكىدىن ھەسسە قوشۇپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمى ۋە شەرەپلىك ئەزاسى بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداشنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىشى ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرى بولغان مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى ئىككى دەۋرگە قارىغاندا ئەركىن تەرەققى قىلىش يولىغا كىرگەن، ئانا ۋەتىنى بىلەن تەقدىرداشلىقى ئاشقان ،ئەمما كۆچلۈك ۋە مۇرەككەپ ئىستىقبال مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن دەۋردۇر.

## 4. 1920-1930- يىللاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى

مەزكۇر تېما ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىنىڭ 1918-1941- يىللىرىدىكى باسقۇچىغا مەنسۇپتۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قازاقىستاندا ئەڭ دەسلەپ 1918-يىلى، « سادايى تارانچى» گېزىتى نەشىر قىلىنىپ، بىر مەزگىل تارقىتىلدى. گېزىتنىڭ ئىگىلىرى ھۈسەيىنبەگ يۇنۇسوف قاتارلىقلار »تارانچى كومىتېتى»غا يېتەكچىلىك قىلىپ، مەدەنىي ئاقارتىش ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن بۇ گېزىت تارقىتىۋېتىلدى[15]. 1919-يىلى، ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلار « ئۇيغۇر جەمئىيىتى»نى قۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پروگراممىسى يەنىلا مەدەنىي ئاقارتىش بولغان ئىدى.

1919- يىلى ئالمۇتىدا تۇنجى قېتىم 4 سىنىپلىق ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى ئېچىلدى. بۇ مەكتەپ 1925-يىلىدىن كېيىن 9 يىللىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئايلىنىپ سوپى زارۋات نامى بېرىلىدۇ شۇنىڭدەك تۇنجى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا

مەكتىپى بولۇپ قالدۇ.

« ئۇيغۇر جەمئىيتى» يەتتەسۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەكتەپ ئېچىش، مائارىپنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى يەنە «كۆك كۆينەكلەر» دەپ ئاتالغان سەنئەت گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، تۇنجى ئۇيغۇر دراممىلىرىنى ئوينىدى. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە ئا. روزىباقىيېفنىڭ « مەنسەپپەرەسلەر» دراممىسى بار ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇيغۇر تىياتىر گۇرۇپپىسى يەنە نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ » نۇزۇگۇم» دراممىسىنى ۋە كېيىن « ئانارخان » دراممىلىرىنى ئوينىدى. يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا دراما تىياتىرى تېز سۈرەتتە تەرەققى قىلىش بىلەن دەسلەپكى ئۇيغۇر دراما رېجىسسورلىرى ۋە كەسپىي ئارتىستلىرى قوشۇنى يېتىشىپ چىقتى.

1923-يىلىغا كەلگەندە ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ باشچىلىقىدا « ئۇيغۇر بىلىك ھەيئىتى» قۇرۇلۇپ، بۇنىڭ تەركىبىگە نەزەرغوجا ئابۇسەمەتوف، بۇرھان قاسىموف، ئىسمايىل تاھىروف قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى كىردى[16]. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پروگراممىسى ئۇيغۇر تىل، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىم ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىدى. ئۇيغۇر رەھبەرلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىشى نەتىجىسىدە 1920-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە يەتتەسۇنىڭ ئۇيغۇرلار جايلاشقان بارلىق يېزىلىرىدا مەكتەپلەرنىڭ ئومۇملىشىپ بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

بۇرھان قاسىموف ۋە ئابدۇللا روزىباقىيېف قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تېز تەرەققى قىلدۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى ئىزچىل تەكىتلىگەن بولۇپ، گەرچە 1921- 1925-يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلار رايونىدا خېلى كۆپ ساندا مەكتەپلەر ئەچىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار يەنىلا بۇنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتىنىڭ داۋاملىق يۇقىرىلىقىنى تەكىتلىگەن ئىدى.

سوۋېت ئۇيغۇر رەھبىرى ئابدۇللا روزىباقىيېف ئۆزىنىڭ 1925-يىلى ئېلان قىلغان ماقالىسىدە مەكتەپ ۋە مائارىپ مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ۋە مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇ، گەرچە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي-مائارىپىدا كورۇنەرلىك ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن ۋە كۆپ ساندا ئۇيغۇر ياشلىرى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ بىراق، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەچىلغان مەكتەپلەرنىڭ يەنىلا ئازلىقىنى شىكايەت قىلىپ مۇنداق دەپ يازغان:

«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆرلۈك جۇمھۇرىيەتلەردە ياشايدىغان 500-700 مىڭ ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان مەكتەپلەرنىڭ سانى ئاران 20-25تىن ئاشمايدۇ.بۇنىڭ تولىسى يەتتەسۇدا.مەكتەپلەرنىڭ تەمىناتى ناچار» [17].

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىق ئۇيغۇر رەھبەرلىرى ئىزچىل تۈردە سوۋېت ھاكىمىيىتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي-مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىشىنى، ياشلارنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيىلەشنى، مەكتەپلەرنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلىپ، كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدى. ئەنە شۇنىڭ نەتىجىسىدە 1925-يىلى، يەتتەسۇ ئوبلاستى بويىچە ئۇيغۇر مۇئەللىملىرى كېڭىشى قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، رەسمىي كېڭەش تەسىس قىلىنغان ھەمدە شۇ يىلى يەتتەسۇدىكى 17 ئۇيغۇر مەكتىپى ھۆكۈمەتنىڭ ھېسابىغا ئۆتۈپ، بارلىق تەمىناتنى ھۆكۈمەت زىممىسىگە ئالغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپى بۇرۇن باشلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئارىسىدىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىلا كۆپ ساندىكى ياشلار، موسكۋا، لېنىنگراد، تاشكەنت، باكۇ، قازان، ئالمۇتا ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىلا ئۇيغۇرلاردىن كۆپ ساندا ياشلار ئالىي مەلۇماتلىق بولغان. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلارنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىشى نەتىجىسىدە 1921-يىلى قازاق ۋە ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە تەلىم ئالغان 30-40 يېقىن ئۇيغۇر ياش تاشكەنت ۋە موسكۋادىكى تۆرلۈك مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلگەن بولسا ، 1922-يىلى ، يەنە 80 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش موسكۋا ۋە تاشكەنتتىكى ئوقۇش ئورۇنلىرىغا يولغا سېلىنغان»[18].

1923-يىلدىكى سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياش موسكۋا، لېنىنگراد، تاشكەنت، باكۇ ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە»[19] ، بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى موسكۋادىكى شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان.

ئۇيغۇر مەكتەپلىرى 1924-1925-يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئايرىم جۇمھۇرىيەتلەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن تېز كۆپىيىشكە باشلىغان بولۇپ، 1925-1926-يىللىرىغا كەلگەندە پۈتۈن ئالمۇتا ئوبلاستىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ سانى 32 گە يېتىپ، ئۇنىڭدا 3490 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان.1928-1929-يىللىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ سانى 42گە يېتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىمۇ ئاشقان [20].

بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاممىۋى يوسۇندا ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش، مەدەنىيەت ئاقارتىش پائالىيەتلىرىمۇ كۈچەيگەن بولۇپ، تۈرلۈك ئىشتىن

سرتقى ئامىۋى سەنئەت، مەدەنىيەت گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىنغان ئىدى. ئالمۇتىدا سوپى زارۋات نامىدىكى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى ـ1920يىللاردىكى تۇنجى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى سۈپىتىدە كۆپلىگەن ياش ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلىدى.

ئەمما، ئۆزبېكىستاندىكى ۋەزىيەت باشقىچە بولۇپ، 1920ـيىللىرى ئارىسىدا ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولغان. ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزبېك مەكتەپلىرىگە بارغان ئىدى. بىراق، 1930ـيىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان، تاشكەنت ۋە باشقا جايلىرىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى مەكتەپلەر، تېخنىكوملار، سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرى ھەم گېزىتلەر ئىش ئېلىپ باردى . 1933ـيىلى قۇرۇلغان ئەنجاندىكى ئۇيغۇر دراما ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلى ئۆزۈن مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولۇپ، ئۆزبېكىستاندا 1934ـيىلى، تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلار ھەققىدە « جانانخان» ناملىق كىنو فىلمى ئىشلەنگەن ئىدى. ئەنجاندىكى ئۇيغۇر دراما ۋە ناخشا ـئۇسسۇل تىياتىرى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە خېلى داڭ چىقىرىپ ، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىك تىياتىر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەيسار ئىبرايىموف ( 1910ـ1986) غەنجان تاشمەتوف ( 1913ـ) ، جالال ئاسىموف (1907ـ1968) قاتارلىقلار دەسلەپكى داڭلىق ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئىدى. غەنجان تاشمەتوف ئۆزبېكىستان خەلق ئارتىسى نامىغا سازاۋەر بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل ئۆزبەكىستاننىڭ « مۇقىمى» تىياتىرى، ئەنجاندىكى ئۇيغۇر تىياتىرى ۋە 1966ـيىلدىن كېيىن ئۆزبېكىستان رادىئوسى تەركىبىدىكى ئۇيغۇر ناخشا ـئۇسسۇل ئانسامبىلىنى باشقۇردى [21].

ئەيسار ئىبرايىموف بولسا، ئۇزۇن مەزگىل ئۆزبەكىستاننىڭ يولداش ئاخۇنبابايەف تىياتىرىدا خىزمەت قىلىپ، 1930ـيىللاردىن ئېتىبارەن « لەيلە ـ مەجنۇن» دراممىسىدا مەجنۇننىڭ رولىنى ئويناشنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ رولنى 1100 قېتىم ئويناش بىلەن ئۆزبېكىستان دراما تارىخىغا يېزىلغان [22].

قازاقىستان ئۇيغۇر تىياتىرى 1934ـيىلى قۇرۇلغان بولۇپ، غولام جەللوف) (1901ـ1995، ئەخمەت شەمىيېۋ (1908ـ1983)، ئەسقەرجان ئەكبەروف ( 1910ـ1981)، مىرخەلىل زەيناۋىدىنوف ( 1911ـ1978)، ئەخمەتجان سوپىيېۋ ( 1916ـ2000)، مەخپىر باقىيېۋ ، ئايالاردىن خەلچەم ئېلىيېۋا ( 1911ـ1997)، رۇشەنگۈل ئېلاخۇنوۋا ( 1920ـ 2000)، سەلىمە ساتتاروۋا ( 1920ـ1985) ۋە باشقىلار دەسلەپكى ئۇيغۇر كەسپىي دراما ئارتىستلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەم

دراما ئارتىسلىق ھەم ناخشىچىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تالانتى بىلەن قازاقىستان خەلق ئارتىستلىرى نامىغا بۇرۇنلا ئېرىشكەن ئىدى.

تاشكەنت 1920ـ1938ـ يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەركىزىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ شەھەرگە مەركەزلەشكەن ئىدى. .تاشكەنتتە، 1921ـ يىلى، « كەمبەغەللەر ئاۋازى»، « ياش ئۇيغۇر » ژۇرنىلى چىققان» .كەمبەغەللەر ئاۋازى » كېيىن ئالمۇتىغا يۆتكەلگەن.

1927ـ يىلىدىن ئېتىبارەن پىشپەكتە «قۇتۇلۇش» گېزىتى چىقىرىلىپ 1928ـ يىلى دېكابىردا سەمەرقەنتكە يۆتكەلگەن، 1930ـ يىلىدىن كېيىن تاشكەنتكە يۆتكىلىپ، « كۆن چىقىش ھەقىقتى» گە ئۆزگەرتىلىپ ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىت سۈپىتىدە 1936ـ يىلى « شەرق ھەقىقتى»گە ئۆزگەرتىلىپ، كۆپ تىراژ بىلەن چىقىرىلغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا پەقەت بىر ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىلا 60 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر كولخوزى ئىش ئېلىپ بارغان . ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى پەرغانە ۋادىسىغا جايلاشقان ئىدى[23].

تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى 1927ـ يىلىدىن تارتىپ ، «ئىنقىلابچى شەرق» ناملىق ئەدەبىي، ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ژۇرنال چىقاردى. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ئابدۇلھەي مۇھەممەدى، بۇرھان قاسىموف ۋە باشقىلار قىلدى. مەزكۇر ژۇرنال تاكى 1933ـ يىلىغىچە نەشر قىلىندى. بۇ ۋاقىتتا يەنە قازاقىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى سۈپىتىدە « قىزىل تاڭ» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ، تاكى 1933ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى. ئالمۇتىدا « قىزىل تۇغ» گېزىتى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

بىراق، ئۆزبەكىستاندىكى « قۇتۇلۇش»،يەنى كېيىنكى« شەرق ھەقىقتى» گېزىتى بىلەن «ئىنقىلابچى شەرق» ژۇرنىلى ۋە « قىزىل تۇغ» گېزىتى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئەڭ ئاساسلىق مەتبۇئات بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە «قۇتۇلۇش»، كېيىنكى « شەرق ھەقىقتى» گېزىتى بىلەن »كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەزكۇر گېزىت ۋە ژۇرناللار ئۇيغۇر خەلقىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتى ھەم سىياسەت ـ تۈزۈملىرى ھەققىدە بىلىمگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن بەلكى چەتئەللەردىكى ئەھۋاللار، خەلقئارا ھەم ئىچكى خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلىدى شۇنىڭدەك يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ـ سىياسىي،ئىقتىسادىي، تىل ـ ئەمىلا ۋە باشقا تۈرلۈك مەسىلىلىرى

ھەققىدىمۇ ھەر خىل مەلۇماتلار، ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ تۇردى. بۇ گېزىت-جۇرناللار يەنە ئۇيغۇر ياش ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈنمۇ زېمىن ھازىرلىغان ئىدى.

تاشكەنتتىكى ئاز مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ۋە باشقا ئوقۇتۇش ئورۇنلىرىدا 1920-يىللىرىدىلا كۆپ ساندا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالدى بىلەن ئىشچىلار فاكۇلتېتىغا كىرىپ تەييارلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئالىي مەكتەپلەرگە رەسمىي ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ئىدى. دەسلەپكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالدى بىلەن تاشكەنتتە ئالغان ئىدى.

سابىق چار رۇسىيە turk ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولغان تاشكەنت 1918-1924-يىللىرى turkسوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى، 1930-يىلىدىن كېيىن ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بولغان . سوۋېت رۇسىيىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شەرق ۋە ئاسىيا ئەللىرىگە قاراتقان سىياسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تاشكەنتنى مۇھىم بازا قىلىپ بېكىتكەنلىكى ئۈچۈن تاشكەنتنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ، سەنئەت ۋە باشقا ساھەلىرىنى تېز سۈرەتتە راۋاجلاندۇرغان ئىدى .شۇڭا 1930-يىللىرىغا كەلگەندە تاشكەنت مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى ئەڭ تەرەققى قىلغان شەھەرگە ئايلانغان . شۇڭا تاشكەنتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مەدەنىيەت مەركىزىي ئايلىنىشى تەبىئىي ئىدى.

پۈتۈن turk ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ( 1918-1924) تەۋەسىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئاممىۋى -سىياسى تەشكىلاتى « ئالتىشەھەر-جۇڭغار مېھنەتكەشلىرىنىڭ ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» 1921-يىلى، 3-9-ئىيۇن كۈنلىرى تاشكەنتتە قۇرۇلتاي چاقىرغان بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق پروگراممىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىدى. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مەركىزى تاشكەنت شەھرىگە جايلاشقان بولۇپ، پۈتۈن turk تەۋەسىدە ئۇنىڭ تارماقلىرى بار ئىدى.

تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېت ئوتتۇرا ئاسىيا ياشلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيلەش مەركىزىگە ئايلانغان بولۇپ، 1934-1938-يىللىرى ئارىسىدا بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا پەقەت ئۇيغۇر دىيارىدىن ئۈچ تۈركۈمگە بۆلىنىپ كەلگەن 150 گە يېقىن ئۇيغۇر ياش ئالى مەلۇماتلىق بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ھەم باشقا ئالىي مەكتەپلەردىمۇ كۆپ ساندا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى يۇقىرى مائارىپ

تەربىيسى كۆرگەن ئىدى. تۇنجى ئۇيغۇر پروفېسسورلىرى بۇرھان قاسىموف (1901-1937) ، ئۆمەر قاسىمى(1938- ) ، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى(1901-1937) ۋە باشقىلار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى ھەم باشقا ئالىي مەكتەپلەردە دەرس بەرگەن ئىدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مول ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى ياراتقان بولۇپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى رومان « دولقۇنلار ئارىسىدا » مۆمىن ھەمرايېف تەرىپىدىن يېزىلىپ، 1930-يىللاردا تاشكەنتتە نەشىر قىلىنىدى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىدىكى تۇنجى پوۋېست « نۇزۇگۇم» نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف (1951-1998) (تەرىپىدىن يېزىلىپ 1921-يىلى ئالمۇتىدا نەشىر قىلىنىدى.نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف -1920يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە تارىشۇناسلىقىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئۇ بۇ يىللاردا ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مىللىي كىملىكى ۋە باشقا مەسىلىلىرى ھەققىدە كىتاب ۋە ماقالىلارنى دائىم ئېلان قىلىپ، بوشلۇقنى تولدۇرغان ئىدى.

1930-يىللاردا مۆمىن ھەمرايېف ( 1907-1956) ،نۇر ئىسرائىلوف، (1910-1937) تۇردى ھەسەن) ، (1909-1937 ئۆمەر مۇھەممىدى(1906-1931)، ھېزىم ئىسكەندوروف (1906-1970) ۋە باشقىلار ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، تاشكەنت شەھرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. 1930-يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا گۈللىنىش مەنزىرىسى پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ بىر قانچە پوۋېستلىرى ئارقمۇ-ئارقىدىن نەشىر قىلىندى. مەسىلەن، مۆمىن ھەمرايېفنىڭ « ئېغىر كۈنلەردە-1931 ) «يىلى)، نۇر ئىسرائىلوفنىڭ « كۈنلەر» (1934-يىلى)، « قىزىل تۇغ نىشانى-1935) «يىلى)، تۇردى ھەسەننىڭ « زۇلۇم ئوچىغى» (1934-يىلى) ناملىق پوۋېستلىرى ۋەكىل خاراكتېرلىقتۇر. 1920-يىللارنىڭ ئاخىرى 1930-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەنە شۇ ئىسمى ئاتالغان ئەدىبلەردىن باشقا يەنە ئۆمەر مۇھەممەدى، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى، ئا.خۇدايقۇلوف، م.ئادىلوف ( ئىلدىرىم) باشقىلار كۆپلىگەن ھىكايىلارنى يېزىپ ئېلان قىلدى. 1930-يىللار پروزىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تېمىسى ئۇيغۇر ئېلىدىكى مىللىي زۇلۇم ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى يورىتىش بولغان ئىدى. پروزادىن باشقا يەنە پۇقرىدا ئىسمى ئاتالغان ئەدىبلە ۋە ھېزىم

ئىسكەندوروف، ھېبىب زاكىرىي ۋە باشقىلار مەخسۇس شېرىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ داستانلىرى ۋە ئايرىم شەئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنىدى[24].

پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى ئەنە شۇ تاشكەنتتىكى «ئوقۇتقۇچى» نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى تەرىپىدىن تەييارلاندى. 1930ـ1938ـ يىللىرى ئارىسىدا تاشكەنتنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇرۇلۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر سىياستى مۇھىم ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولۇپ، موسكۋا شىڭ شىسەيگە ياردەم بېرىپ، ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى بېسىقتۇرۇپ، خوجا نىياز ھاجى قاتارلىقلارنى شىڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر دىيارىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى ئۆلكىگە ئايلاندۇرغان ئىدى .شىڭ شىسەي سوۋېتپەرەس سىياسەت يۈرگۈزدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئۆلكىدىكى تەسىرى كۈچەيدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىنى تىكلەش، ئۇيغۇر خەلقىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل روھ بىلەن تەربىيەلەش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ 1920ـ 1930ـ يىللىرى ئارىسىدا تەربىيىلىگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇيغۇر ئېلىگە ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر مەدەنىي-مائارىپىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇيغۇرلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئەۋزەللىكىنى نامايىش قىلغان ئىدى.

1920ـ1930ـ يىللاردا يەنە ئالمۇتىدا « كەمبەغەللەر ئاۋازى» ، « قىزىل تۇغ»ۋە « قىزىل تاڭ» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىپ 1938ـ يىل پۈتۈنلەي يوق قىلىندى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پېداگوگىكا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، يەنى ئاكادېمىك نامزاتى ، پروفېسسور مەرھۇم مۇرات ھەمراييېفنىڭ تەكشۈرۈشىچە، سابىق سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ـ1930يىللاردا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولغان، ساۋاتسىزلىق پۈتۈنلەي دېگۈدەك تۈگىتىلگەن ئىدى. 1930ـ يىللاردا ئۇيغۇر مەدەنىيەت-مائارىپىنىڭ گۈللىنىش پەللىسى يارىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما 1937ـ يىلىدىكى ستالىننىڭ «خەلق دۈشمەنلىرىنى تازىلاش» ھەرىكىتىدىن كېيىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مائارىپى زەربىگە ئۇچرىدى. ستالىننىڭ تازىلاش ھەرىكىتىدە بۇ ئەدىبلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۈرمىگە تاشلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەلق دۈشمەنلىرى ئاتالدى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزبېكلىشىش

دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ھەتتا ئۇيغۇر مەكتەپلىرىمۇ تاقىۋېتىلگەن ئىدى[25]. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ، بۇ جۇمھۇرىيەتتە ئۇيغۇر تىلىدا گېزىت چىقىرىلمىدى. ئەمما، 1943-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسى بيۇروسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللاش ۋە ياردەم بېرىش قارارىنى قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە، 1943-1949-يىللىرى ئارىسىدا تاشكەنتتە «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى چىقىرىلغان بولۇپ، بۇ ژۇرنال سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئېلىنى مۇددىئا قىلغان ئىدى. ئالمۇتىدا بولسا، «قازاق ئېلى» ژۇرنىلى چىقىرىلدى. 1949-يىلىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى يەنە شۇ جۇڭگو سىياسىتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بىر مەزگىل« شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى قارمىقىدا «شەرق ھەقىقىتى نەشرىياتى»نى قۇرۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈپ ، ئۇيغۇر تىلىدا بىر قانچە يۈز پارچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رومان - پوۋېستلىرى ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى شۇنىڭدەك دەرسلىك، قوللانما ۋە باشقا ئىلمىي ساھەگە مەنسۇپ كىتابلارنى نەشر قىلىپ، مەخسۇس ئۇيغۇر دىيارىغا ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ خىزمەتلەرگە 1937-يىلىدىكى تازىلاشتىن ۋە سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىدىن ئامان قالغان تۇرسۇن رەھىموف، ئەرشىدىن ھىدايەتوف، ئابدۇمېجىت روزىباقىيېف، ئايشەم شەمىيېۋا، قادىر ھەسەنوف قاتارلىق بىر قىسىم ئاتاقلىق سوۋېت ئۇيغۇر ئالىملىرى رەھبەرلىك قىلدى.

## 5.ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتى ۋە مەدەنىي-مائارىپى

1937-يىلىدىن كېيىن، بولۇپمۇ سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى تاشكەنتتىن ئالمۇتىغا يۆتكىلىپ، بۇ شەھەر ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىشقا يۈزلەندۈرۈلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ۋە ئۇيغۇر سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 1950-يىللاردىن كېيىن، 1938-يىللىرىدا پۈتۈنلەي خاراب قىلىنغان ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتى قايتىدىن تەرەققى قىلىش يولىغا كىردى.

سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىدىن كېيىن، قازاقىستان ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر مائارىپ ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1950-90-يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر تىلىدا «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى نەشر قىلىنىپ، قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن « ئۇيغۇر ئاۋازى»غا ئۆزگەرتىلدى. 1990-يىللاردا يەنە «

يېڭى هايات «، »يېڭى زامان» ، «پەرۋاز»، « ئارزۇ» قاتارلىق گېزىتلەر ۋە بىر قىسىم ژۇرناللار نەشر قىلىندى.

قازاقىستاندىكى ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۆز ئانا تىلىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ھەتتا ئالى مەكتەپ مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرىيات ئورۇنلىرى، مەسىلەن « قازاقىستان«، »يازغۇچى» « نائۇكا»، « مەكتەپ» ۋە باشقىلار ئۇزۇن مەزگىل ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، نۆۋەتتە، بۇ جۇمھۇرىيەتتىكى ئۇيغۇر مائارىپى، نەشرىياتچىلىقى، سەنئىتى ۋە باشقىلار ئۆز پائالىيىتىنى سىستېمىلىق تۈردە داۋاملاشتۇرماقتا. بولۇپمۇ، خۇسۇسىيلار ئاچقان « ناشىر» نەشرىياتى ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئاكتىپ پائالىيەت قىلماقتا. قازاقىستاندىكى بۇنداق ئۆز ئانا تىلىدا مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈش ئىمكانىيىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن بىر قانچە ئەۋلاد ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يازىدىغان يازغۇچى-شائىرلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئاساس بولغان ئىدى.

قازاقىستاندا 1950-2000-يىللىرى ئارىسىدا جامال بوساقوف ( 1918-1987)، خىزمەت ئابدۇللىن (1925-1986)، قادىر ھەسەنوف ( 1912-1976)، زىيا سەمەدى ( 1914-2000) ، ئىليا بەختىيا ( 1932-1987) ، دولقۇن ياسىن (1938-2005)، مەسىمجان زۇلپىقاروف (2012-1925 )، ساۋۇتجان مەمەتقۇلوف (1940-؟)، تۇرغان توختاموف ( 1940-؟) پاتىگۈل سابىتوۋا (1936-؟)، يۈسۈپبېك مۇخلىسوف (1920-2004)، خەلىل ھەمرايېف ( 1928-1993(، شايىم شاۋايېف (1938-؟)، رەھىمجان روزىيېف (1938-2013) ،ئابدۇكېرىم غەنىيېف ، ئابدۇمېجىت دۆلەتوف ، ئەخمەتجان ھاشىروف، پاتىگۈل مەقسەتوۋا ۋە باشقا يۈزلىگەن ئەدىبلەر ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمى ھەم يېڭى ئەۋلاد ئەدىبلەر ھازىرمۇ داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتا. زىيا سەمەدى ۋە خىزمەت ئابدۇللىن قاتارلىقلارنىڭ نامى ھازىرقى زامان ئومۇمىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىندى.

قىرغىزىستاندا بولسا، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى ئېچىش ئىمكانىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر سىنىپلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ بۆلۈمى خېلى ئۇزۇنغىچە ئىش ئېلىپ بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ جۇمھۇرىيەتتە سىستېمىلىق ئۇيغۇر مائارىپى مەۋجۇت ئەمەس بولسىمۇ، ئەمما ئاممىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى« ئىتتىپاق»

نامىدا گېزىت چىقارماقتا. بىر قىسىم ئۇيغۇر يازغۇچى شائىرلىرى قىرغىزىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىنى تەسىس قىلغان. ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئىسرائىل ئىبرايىموف ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىردىن-بىر رۇس تىلىدا رومانلارنى يېزىپ نەشر قىلىپ، رۇس يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن ئاتاقلىق يازغۇچىدۇر. ئۇ، قىرغىزىستان تەۋەسىدە چىڭگىز ئايتماتوفقا ئوخشاش رۇس تىلىدا رومانلارنى يازغان رۇس تىللىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە كۈچلۈك پەلسەپۋىلىك روھ سىڭدۈرۈلگەن ئىدى.

1990-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيلىرى ئاساسلىقى تاشكەنتكە توپلانغان بولۇپ، ئاتاقلىق ئەدەبىلەردىن ئوسمان مەمەتاخۇنوف (1925-1981 -؟)، روزى قادىرى (1925-2001)، ئىمىن ئوسمان، سېيىتجان سېتىشىپ ۋە باشقىلار كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىمىن ئوسمان بىلەن روزى قادىرنىڭ نامى ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. پېشقەدەم ئەدىب روزى قادىرى 1940-1950-يىللىرىدىلا ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە دۆلەتنىڭ رۇس تىلىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە زور ساندىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى رۇس تىلىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغان بولۇپ، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇر ياش ئەۋلادلىرىنىڭ رۇس تىلىنى قوللىنىش نىسبىتى داۋاملىق يۇقىرى بولغان ئىدى. بۇلار ئاساسلىقى شەھەرلەرگە جايلاشقان. ئەمما يەتتەسۇ ۋادىسىدىكى يېزا قىشلاقلاردا ئۇيغۇر تىلىدىكى مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، يەركەتتىن تارتىپ، ئالمۇتىغىچە بولغان جايلاردىكى 60 ئەتراپىدىكى تولۇق ۋە ئارىلاش ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۆز ئانا تىلىدا تەربىيە كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولماقتا. شۇ سەۋەبتىن ھازىرقى قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ چەتئەللەردىكى ئەڭ چوڭ مىللىي مائارىپ ۋە مىللىي مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلىشى پەقەت ئاممىۋى خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ئاز بولۇشى بۇ جەھەتتە قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان. يەرلىك خەلققە سىڭىش ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئېزچىل كۆپىيەلمىگەن .ئەمما، ئۇلارنىڭ 1920-يىللاردىكى ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، ئاز نوپۇسلۇق تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرىدىن ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبىرىي شەخسلەر، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەللەردە تۇرىدىغان يۇقىرى

دەرىجىلىك دىپلوماتلىرى ۋە ئالىملار يېتىشىپ چىققان ئىدى. مەسىلەن، دىپلومات ۋە مىنىستىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرغان مەرۇپ مەمەتوف ئىقتىساد پەنلىرى دوكتورلۇق ئىلمىي دەرىجىسىنى ئالغان بولسا ئۇنىڭ ئۈچ نەپەر قىزى ئوخشاشلا ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە تۈركمەنىستاندا تونۇلغان ئالىملاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن بىرى ساۋۇت موللاۋۇتوف ئەنە شۇ تۈركمەنىستان ئۇيغۇرلىرىدىن بولۇپ، ئۇ ئۆمۈر بويى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى.

1930 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇش ئېزچىل داۋاملاشقان بولۇپ، ئەلۋەتتە ئالىي مەلۇماتلىق ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيگەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر دىيارىدىن بىۋاستە كەلگەنلەرمۇ بولغان ئىدى. مەسىلەن، 1920 ـ يىللاردا موسكۋادىكى شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغانلاردىن 1932 ـ 1934 ـ يىللىدىكى كۇچار ۋە قەشقەردىكى قوزغىلاڭغا ئىشتىراك قىلغان ھەمدە تۆمۈر ئېلىگە مەسلىھەتچى بولغان نىزامىدىن ئەپەندى[26]، 1944 ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب رەھبەرلىرىدىن بىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بار ئىدى. سۋېردلوۋ ئالىي كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەنلەر ئارىسىدا 1935 ـ 1937 ـ يىللىرى قەشقەر قاتارلىق جايلاردا خىزمەت قىلغان قادىر ھاجى ۋە قازاقىستان دۆلەت رەھبەرلىرىدىن بىرى ئابدۇللا روزباقىيېف قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن تۇرپانلىق ياش تىلشۇناس قادىر ھوشۇروپنىڭ نامى ئەينى ۋاقىتتا ياخشى تونۇلغان بولۇپ، ئۇ 1937 ـ يىلى ئالمۇتىدا ئېچىلغان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئىملا مەسىلىلىرى مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ۋە ئەدەبىي تىل مەسىلىسى ھەققىدە لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇپ، تىلشۇناسلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى.

## 6 . ئاز مىللەتتىن چىققان مەشھۇر سىياسىي شەخسلەر

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاز نوپۇسلۇق ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا داڭلىق بولغان كۆپلىگەن ئۇيغۇر ۋەكىللىرى يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قىسىم ئۇيغۇر سىياسىي رەھبەرلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. قەشقەرلىق ئۇيغۇر باي

ئائىلىدە مەرغىلاندا تۇغۇلغان يولداش ئاخۇنبابايېف ( 1885ـ1943)  ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى رەھبىرى سۈپىتىدە 1925ـ1938 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، 1938ـ1943 ـ يىللىرى ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ئالىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىدى[27]، . ئەلۋەتتە يولداش ئاخۇنبابايېفنىڭ مىللىتىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە تۈرلۈك قاراشلار بار. ئۆزبېكلەر ئۇنىڭ ئۆزبېك ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ . لېكىن ئۇيغۇرلاردىن ئىكەنلىكمۇ كونا تېمىدۇر. رۇسىيىنىڭ ئاتاقلىق جۇرنالىستى فېدور راززاكوف ئۆزىنىڭ ئارخىپ ھۆججەتلىرى ئاساسىدا يازغان ئەسىرىدە يولداش ئاخۇنبابايېفنىڭ قەشقەرلىق ئۇيغۇر كۆچمەن ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر قىسىم ئۇچۇر مەنبەلىرىدىمۇ ئاخۇنبابايېفنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. يولداش ئاخۇنبابايېفنىڭ ئەسلى ئىسمى يولداش ئاخۇن بابا ئىدى.

يولداش ئاخۇنبابايېفنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە رەسمىي يوسۇندا مەخپىي تۇتۇلغان بولۇپ، خۇددى ۋلادىمىر ئىلىچ لېنىن ۋە باشقا كۆپلىگەن سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكى مەخپىي تۇتۇلغاندەك، سوۋېت ھۆكۈمىتى يولداش ئاخۇنبابايېفنى « ئۆزبېك خەلقىنىڭ شەرەپلىك ئوغلى» دەپ تەشۋىق قىلغان. ئەسلى كېلىپ چىقىش جەھەتتىن پەرغانىنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ھېسابلانمىغان قەشقەرىيىلىك ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ 1925 ـ يىلى، ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىشى موسكۋانىڭ سىياسىي ئويۇنىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ، موسكۋانىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەيرى رەسمىي مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتى شۇنىڭدەك موسكۋانىڭ بىۋاستە كونتروللۇقىدىكى turk سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىرىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى ، تۈركمەنىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى ۋە تاجىكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ھەم قاراقىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنى تەسىس قىلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بارلىق قەشقەرلىقلەر، قىپچاقلار، سارتلار دەپ ئاتالغان خەلقلەرنى ئۆزبېك ئېتنىك كىملىكى ئاستىغا مەركەزلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

يولداش ئاخۇنبىاي ئوغلى ئاخۇنبابايېۋ 1916-يىلى، مەرغىلاندىكى چار رۇسىيەگە قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقان. 1921-يىلى، بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ھەمدە قىزىل ئارمىيىگە قاتنىشىپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى مۇستەقىل ھەرىكەتلىرىنى باشتۇرۇش جەڭلىرىدە ئاكتىپلىق كۆرسىتىپ، مەرغىلاندىكى «قوشچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسى بولغان.

ئۇ 1925-يىلى، ئۆزبېكىستان كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1-قېتىملىق قۇرۇلۇش يىغىنىغا مەرغىلانى ۋەكىلى سۈپىتىدە قاتناشقاندا، ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي بيورو ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى ھەم ئۆزبېكىستاننىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى ھېسابلىنىدىغان ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە بېكىتىلگەن. شۇ يىلدىن ئېتىبارەن 1938-يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت ۋە پارتىيە رەھبەرلىك ئورنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىقىغا رۇس مىللىتىدىن ۋلادىمىر ئىۋانوۋىچ ئىۋانوف بېكىتىلگەن. ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە سابىق بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، ئۆزبېكلەردىن كېلىپ چىققان فەيزۇللا خوجايېۋ بېكىتىلگەن. مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىك ھوقۇقى يەنى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئەمەلىي ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى ھېسابلىنىدىغان مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە يولداش ئاخۇن بابا بەكىتىلگەن شۇنىڭدەك يولداش ئاخۇن بابايېۋنىڭ سىنىپى كېلىپ چىقىشى «يوقسۇل» دەپ بېكىتىلىپ، يوقسۇللارنىڭ ئۆزبېكىستاننى ئىدارە قىلىش سالاھىتى بارلىقى ئۈچۈن سىمۋول قىلىنغان. سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاز نوپۇسلۇق كۆچمەن ئۇيغۇر ئاھالىسىدىن كېلىپ چىققان ئۆزىگە سادىق بىر كىشىنى ئۇنىڭ مىللەت تەركىبىنى يوشۇرۇپ ۋە ياكى ئۆزگەرتىپ كۆپ سانلىق مىللەتنىڭ جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەيىنلىشى ئۇيغۇر دىيارىدا ئەسلى تاتارلاردىن كېلىپ چىققان بۇرھان شەھىدىنىڭ 1949-يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرغا ئايلىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇشى ئۈچۈن تەجرىبە بولغان ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ تەجرىبىنىمۇ ستالىن ئىستراتېگىيىچىلىرى جۇڭگو ئىستراتېگىيىچىلىرىگە ئۆگەتكەن ئىدى.

سابىق بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغان فەيزۇللا خوجايېف بولسا، تۈركچىلىك ئىدىيىسىگە ئىگە، ئەسلى ياش بۇخارالىقلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى بولۇپ، كومپارتىيىگە ئەزا بولمىغان ئەرباب ئىدى. ئۇنىڭ بۇخارا ۋە پۈتۈن ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىسىدە يۇقىرى ئابرويى بار بولۇپ، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭدىن يېڭى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتا فەيزۇللا خوجايېفنى چەتكە قېقىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. موسكۋا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنى تەسىس قىلىشتا ئەڭ يۇقىرى پارتىيە ۋە ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى كوممۇنىست رۇس ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسى بولغان ئۇيغۇرغا تۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئۆزبېكىستانىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەركىبىدە مۇستەھكەم تۇرۇشىنى، قارشىلىق كۆرسەتكۈچى ۋە مىللەتچىلىك ئېقىمىغا مەنسۇپ كۈچلەرگە ئۇنۇملۇك زەربە بېرىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى.

يولداش ئاخۇنبابايېف نامدا ھوقۇقى بار، ئەمەلىيەتتە يوق شەخس بولۇپ، باشتىن ئاخىرى سىمۋوللۇق سۈپىتىدە تەشۋىقات ۋاستىسىگە ئايلانغان. بارلىق ئەمەلىي ھوقۇق كومپارتىيىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئىۋانوۋنىڭ قولىدا ئىدى. يولداش ئاخۇن بابانىڭ ھاكىمىيەتتىكى ۋاقتى دەل 1931-1937-يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلار دىيارىدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئەۋجى ئالغان ، سوۋېت ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينى يۆلەپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقىدىكى « 17- ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت « ھالىغا كەلتۈرگەن ۋاقىتلار ئىدى. ستالىن ھۆكۈمىتى ئۆزبېكىستاننى قوشنا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەن. كۆپلىگەن مەسلىھەتچىلەرگە مەسلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى گارىگىن ئاپرېسىيېۋ ۋە ئۇيغۇر سوۋېت پارتىيە خادىملىرى ، مەسىلەن مەشۇر روزىيېف )مەنسۇر ئەپەندى ( قادىر ھاجى ۋە باشقىلار بىۋاسىتە ئوزبېكىستاندىن ئېۋەتىلگەن ئىدى. ئاخۇنبابايېف رەھبەرلىكىدىكى ئۆزبېكىستان 1934-1937-يىللىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ۋەزىيەتتىن بىخەۋەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاخۇنبابايېف 1937-1938-يىللىرىدىكى ستالىننىڭ تازىلىشىدىن ساق قېلىپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئوزبېكىستان مىللىي رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ، مەسىلەن فەيزۇللا خوجايېف، ئەكمەل ئىكراموف ۋە باشقىلار ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاخۇنبابايېۋ 1943-يىلىغىچە ياشاپ ئۆز ئەجىلىدە ئۆلدى. يېقىنقى يىللاردا ئۆزبېكىستاندىكى ئاخۇنبابايېف نامى بېرىلگەن بەزى ئورۇنلارنىڭ ناملىرى بىكار قىلىنىپ، يېڭى ئىسىم قويۇلۇش، ئۇنىڭغا تەنقىدىي باھا بېرىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى.

قازاقىستانلىق ئىسمايىل يۈسۈپوف ( 1914ـ2005) ، 1962ـ1964ـ يىللىرى ئارىسىدا قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى سۈپىتىدە ئىككى يىل بۇ جۇمھۇرىيەتكە رەھبەرلىك قىلىدى [26]. ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا يولداش ئاخۇنبابايېفتىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم ئەڭ چوڭ بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنىڭ ئالىي رەھبىرلىك ، يەنى كومپارتىيىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان بىردىن-بىر ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇنىڭ قازاقىستانغا رەھبەرلىك قىلىشى 1964ـ يىلى، خرۇشېۋنىڭ يىقىلىشى بىلەن تەڭ ئاخىرلاشتى[28]. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى خرۇشېۋنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن لېئونىد برېژنېۋ تەرىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، تاتار ئارىلاش قازاق پەرزەنتى دىن مۇھەممەد قۇنايېفقا بېرىلگەن ئىدى.

ئىسمايىل يۈسۈپوفنىڭ جۇڭگو بىلەن، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن قوشنا قازاقىستان ئىتتىپاقداشلىق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى نىكىتا خرۇشېۋ بىلەن ماۋ زېدوڭ ئارىسىدىكى 1959ـ يىلى، ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتنىڭ جېدەل بىلەن ئاخىرلىشىپ، خرۇشېۋ ماۋغا ئاتوم بومبىسى تېخنىكىسىنى بېرىشنى رەت قىلىشى ۋە سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىنىڭ «شېرىن ئاي»دەۋرى ئاخىرلىشىپ، رەقىبلىك دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 1962ـ يىلى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋەتلىرى رەسمىي بۇزۇلۇش باسقۇچىغا كىرگەن بولۇپ، 60 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەت پۇقرالىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە قېچىپ ئۆتۈش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ مەزگىلدە يەنە 1944ـ1949ـ يىللاردىكى مىللىي ئىنقىلابقا قاتناشقان ۋە 1950ـ 1959ـيىللىرى ئارىسىدا ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا يۇقىرى رەھبىرىي خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن بىر قىسىم ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەت زىيالىيلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتتى. نىكىتا خرۇشېۋ مانا مۇشۇنداق پەيتتە ئۇيغۇرلاردىن ئىسمائىل يۈسۈپوفقا قازاقىستانغا رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە ئىشىنىدىغانلىقى ھەتتا مانا مۇشۇنداق كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلىرىنىڭمۇ ئاز سانلىق مىللەتكە بېرىلىدىغانلىقىنى كۆز-كۆز قىلغان ئىدى. ھەقىقەتەن، بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا كومپارتىيىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىق ۋەزىپىسى تېخى ئۇيغۇرلارغا نېسىپ بولمىغان ئىدى. ئەمما، ئىسمائىل يۈسۈپوفنىڭ ئىككى يىل قازاقىستانغا رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىشى قازاقلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان بولۇپ،

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قازاقىستان زېمىنلىرىنى ئۆزبېكىستانغا بېرىۋەتكەنلىكى ئەيىبلەندى .ئىسمائىل يۈسۈپوف 90 ياشقا كىرگەندە بۇ ئەيىبلەشنى ئىنكار قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن سىياسەت ۋە قارارنىڭ موسكۋادىن چىقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، « مېنىڭ قازاقىستان خەلقى ئارىسىدىكى ۋىجدانىم پاكىز» دەپ جاكارلىغان ئىدى[29]. ئىسمائىل يۈسۈپوف ھوقۇقتىن ئېلىپ تاشلىنىدىن كېيىن، ۋەزىپىلىرىنى تۈۋەنلەپ كەتكەن ۋە 1966-يىلىدىن كېيىن تاكى پېنسىيىگە چىققىچە قازاقىستان ئۈزۈمزارلىق ئىگىلىكلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئاتاقلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئابدۇكېرىم غەنىيېف ئىسمايىل يۈسۈپوف ھەققىدە مەخسۇس ھۆججەتلىك پوۋېست يېزىپ نەشر قىلدۇرغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا ، مەزكۇر ئەرباب ئۇزۇن يىللار خىلۋەت ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، يەنە 13يىل ياشىغان ئىسمائىل يۈسۈپوفنىڭ ئالىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەن مەزگىللەردە ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلانغانلىقى شۇنىڭدەك ئۇ ۋاپات بولغاندا يەنىلا شۇ ئۇيغۇرلار جەم بولۇپ، ئۇنى دەپنە قىلغانلىقىغا ئائىت ئۈچۈرلار قازاقىستانلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا.

ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىن كېلىپ چىققان ئابدۇللا روزىباقىيېف ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى قېتىم يۇقىرى رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئۆتىگەن شەخس بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل turkئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ۋە كېيىنكى قازاقىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ۋە قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى قاتارىدا يۇقىرى ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئۇ ھەتتا موسكۋادا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى بويىچە يۇقىرى رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئاتقۇردى. ئابدۇللا روزىباقىيېف 1937-يىلى، ستالىن ن ك ۋ د سى تەرىپىدىن « مىللەتچىلىك»، « خەلق دۈشمىنى» دېگەندەك ئەيىبلەشلەر قولغا ئېلىنىپ ، 1938-يىلى ئېتىپ تاشلاندى. ئەلۋەتتە، ئابدۇللا روزىباقىيېف سوۋېت كوممۇنىست ئۇيغۇر رەھبىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۆمۈر بويى ئۇيغۇر مىللىتى ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئازادلىق غايىلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بۇ ئىش ئۈچۈن كۆرەشكەن ئىدى.

قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئوسمان ئەلىيېف 1936-1937-يىللىرى قازاقىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ مىللەتلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ خىزمەت قىلغان ، ئۇ 1937-يىلى، ستالىننىڭ تازىلىشىغا دۇچ كېلىپ ئېتىپ تاشلاندى.

ياقۇپ روزىن (1905-1978) 1927-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي پارتىيە مەكتىپى كروپسكايا نامىدىكى كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن

ئۆزبېكىستانغا ئەۋەتىلىپ، 1929ـ1931ـ يىللىرى ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىدى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى بولدى. 1931ـ1937ـ يىللىرى ئارىسىدا موسكۋادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا رەھبەرلىك خىزمىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي ژۇرنىلى ھېسابلىنىدىغان « سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى. ئۇ 1938ـ1953ـ يىللىرى سىبىرىيىدىكى گۇلاگدا 15 يىل يۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن موسكۋا شەھىرى يېنىدىكى بىر كولخوزنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىدى[30].

قازاقىستانلىق ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا نىيازوف ( 1908ـ1971) 1935 ـ يىلى لېنىنگراد ھەربىي پارتىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزبېكىستانغا ئەۋەتىلىپ، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىدا رەھبىرى ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى ۋە ـ1943 يىلى، ئۆزبېكىستان دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، 1950ـ يىلى، ئۆزبېكىستان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولدى.

تۈركمەنىستانلىق ئۇيغۇر مەرۇپ مەمەتوف (1901ـ؟) 1940ـ1951ـ يىللىرى ئارىسىدا ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، 1937ـ1940ـ يىللىرى ئارىسىدا ئۆزبېكىستان ئالىي مائارىپ كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكى ۋە 1951ـ1955ـ يىللىرى ئۆزبېكىستان رادىئو ـ تېلېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇردى.

قازاقىستاندا يەنە ئابدۇللا ئىزباقىيېفنىڭ نامىمۇ مەشھۇر بولۇپ، ئۇ 1955ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇزۇن مەزگىل قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى.

خېلەم خۇدابەردىيېف (1918ـ2004) ـ1960ـ1980 يىللىرى ئارىسىدا ئۆزبېكىستان رادىئو ـ تېلېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى رەتلەش ۋە لېنتىغا ئېلىش ئىشلىرىغا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغان ئىدى. خېلەم خۇدابەردىيېف ـ1947 يىلى، ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئوسمان يۈسۈپوف تەرىپىدىن ئىلىغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، « ئىلاخۇن» ئىسمىنى قوللىنىپ، ئەخمەتجان قاسىمى ئىشخانىسى ۋە گېنېرال ئىسھاقبەگ مۇنونوف شتابىدا مايور ئۇنۋانى بىلەن تاكى ـ1949 يىلىغىچە مەسلىھەتچى بولغان ئىدى. 1950ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇرۇمچىگە

مەسلىھەتچىلىكىكە ئەۋەتىلىپ، نەشرىيات ساھەسىدە ئىشلىگەن ئىدى.

قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى دەۋردە، تېخى يېقىنغىچە بولغان ئارىلىقتا كەرىم مەسىموف ئۆزۈن مەزگىل قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى ئاقتۇرغان بولۇپ، ئۆتكەن يىلى ئۇ قازاقىستان پرېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە يۆتكەلدى. بىراق، ئۇنىڭ مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى قازاقىستان تارىخىدا ئەڭ كۆپ تالاش-تارتىش قوزغىغان مەسىلە بولۇپ، ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇنى رەسمىي شەكىلدە قازاق دەپ تونۇشتۇردى.

قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىدىن ئەخمەتجان شاردىنوف يېقىنقى يىللاردا قازاقىستان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى. ئاتاقلىق سەنئەتكار مۇرات ئەخمەدى قازاقىستان پارلامېنتىنىڭ يۇقىرى پالاتاسىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا.

دەسلەپكى سوۋېت ئۇيغۇر رەھبىرىي شەخسلىرىنىڭ كۆپىنچىسى 1937-1938-يىللىرى ستالىننىڭ تازىلاش ھەرىكىتىدە ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ياكى تۈرمىلەرگە تاشلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىسمائىل تاھىروف، ياقۇپ روزىن ، ئەلىيېۋ، ئىسىيېۋ ۋە باشقىلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. بەزى ئېنىقسىز ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، 1937-1938-يىللىرى ئارىسىدا ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە 3800 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر زىيالىيسى «ئۇيغۇر مىللىي ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزاسى دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە جازالانغان[31] .بىر ئالمۇتا ۋىلايىتى تەۋەسىدىلا 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر رەھبىرىي كادىر ۋە زىيالىي تازىلاشقا ئۇچرىغان. قازاقىستاندا 1997-يىلى نەشر قىلىنغان 1937-1938-يىللىرىدا ئېتىپ تاشلانغان كىشىلەرگە ئائىت « ماتەم كىتابى»غا 1668ئادەمنىڭ ئىسمى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 97 ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى خاتىرىگە ئېلىنغان. ئەلۋەتتە، بۇ پەقەت ئېنىقلاپ چىقىلىپ ئىسىملىرى تۇرغۇزۇلغانلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تىزىملىكلەر داۋاملىق كۆپەيگەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئاپەت پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا كەلگەن ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەممە مىللەت تازىلاش ۋە تەقىبلەش ئوبيېكتى بولغان ئىدى.

شۇ قېتىملىق تازىلاشتا ھەتتا 1921-يىلى، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك رەقىبلىرىدىن بىرى، يەتتەسۇدىكى كوممۇنىستلارغا قارشى ئاقلار ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى گېنېرال لېيتېنانت ئالېكساندىر دۇتوۋنى سۇيىدۇڭدە مەخپىي ئۆلتۈرۈپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىپ، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ بىخەتەرلىك كومىسسارى دېرژىنىسكىي تەرىپىدىن ئالتۇن سائەت بىلەن تەقدىرلەنگەن قىزىل ئارمىيە رازۋېتكا

خادىمى ( ۋە ياكى جاسۇسى) ماخمۇت خوجامىيـاروفمۇ 1938-يىلـى، ئۆلـۈمگە ھۆكـۈم قىلىنغان. ئۇنىڭ ئالدىدا بولسا، ماخمۇت خوجامىراروفنىڭ پۈتـۈن ئائىلىسـى ئاتامـان دۇتوۋنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆز ئۆيىدە ئۆلتـۈرۈپ، قىسـاس ئېلىشـقا ئۈچرىغـان ئىدى.

شۇ قېتىملىق تازىلاشتا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ يەتتەسۇ رايونىدا مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان ئۇيغۇر كوممۇنىست رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. قىزىق يېرى شۇكى، سوۋېت ھۆكـۈمىتى ئـۆزى ئۈچـۈن جـان پىـدالىق بىلەن ئىشلىگەن مەزكۇر ئۇيغۇرلارغا « خەلـق دۈشـمىنى» جىنائىيىتـىدىن باشـقا يەنە «مىللەتچىلىك » جىنايىتىنىمۇ ئارتقان ئىـدى .ئەلـۋەتتە 1937-1938-يىللاردىكـى تازىلاش ھەرىكىتىدە پەقەت ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ يۇقىرى رەھبەرلىك ئورگانلىرىدىكى رەھبىري شەخسلەر، قىزىل ئارمىيە گېنېراللىرى، ئـالىملار، زىيالىيلار، ئارتىستلارنى ئۆز ئىچىـگە ئالغـان ھەر سـاھەگە، ھەر مىللەتـكە مەنسـۇپ كىشىلەر جازالاش ئوبېكتى بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ تازىلاشنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى قىسـىمدا ئۆزبېكىسـتان، قازاقىسـتان، قىرغىزىسـتان، تۈركمەنىسـتان، تاجىكىسـتان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئالىي پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك جازالاندى. ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاجىك ، تۈركمەن، ئەزەربەيجان، تاتـار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بىلىملىك ئەربابلىرى، مىللەتپەرۋەرلىرى يـوق قىلىنـدى. بۇنىـڭ ئۈچۈن ئۆزبېكلەرنىـڭ فەيـزۇللا خوجـايېۋ، ئەكـمەل ئىكرامـوف، ئابـدۇللا قـادىرى، قازاقلارنىڭ تۇرار رىسقۇلوف، ئالىخان بۆكېيخانوف، سەكەن سـەيفۇللىن، قىرغىزلارنىـڭ يۈسۈپ ئابدۇراخمانوف ، ئۇيغۇرلارنـىڭ ئابـدۇللا روزىبـاقىيېۋ، ئىسـمايىل تـاھىروف، بۇرھان قاسىموف، تۇڭگانلارنىڭ ماگازى ماسانچى ۋە باشقا يۈزلىگەن كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. قىسقىسى ستالىن پۈتۈن سـوۋېت مەركىزىـي ھـاكىمىيىتى ۋە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پارتىيە-ھۆكـۈمەت ئورگانلىرىـدىكى ئەڭ ئـابرويلۇق ئەربابلارنى تازىلاش ئوبېكتى قىلغان ئىـدى. بـۇ قېتىملىـق تازىلاشـتا 1917-1924-يىللىرى ئارىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىل-ئۇرال بويلىرىدا ئايرىم مىللىي دۆلەت قۇرۇش ۋە تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىرلەشمە ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش تەشەببۇسىدا بولغان ھەمدە مىللىي ھەرىكەتـلەرگە يېتەكچىلىـك قىلىـپ، كېيىن سـوۋېت ھۆكـۈمىتى بىـلەن بىرلىشـىپ، ئىتتىپاداش جۇمھۇرىيەت تۈزۈلمىلىرىنى قوبۇل قىلغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ داھىيلىرىمـۇ بىراقلا جازالاندى. ئالاش ئوردا ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىسـتىرى ئالىخـان بۆكېيخـانوف، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى فەيزۇللا خوجايېۋ، turkئاپتونون جۇمھۇرىيىتى

مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېت رەئىسى تۇرار رىسقۇلوف، تاتارلاردىن مىرسەيىد سۇلتان غالىيېۋ ۋە باشقىلارنى مىسسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

1937-1938-يىللىرى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا جۇمھۇرىيەت سالاھىيىتىگە ئىگە ئاساسىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىمۇ خاراپ بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولۇپ، ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلار ئاز سانلىق مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ئۇچرىغان زەربىسى باشقىلارغا نىسبەتەن ئېغىرراق بولدى.ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خاراب بولۇش دەرىجىسى بەكلا كۆرۈنەرلىك بولدى، چۈنكى سوۋېت ھۆكۈمىتى باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مىللىي مەكتەپلىرىنى توختىتىش، مىللىي نەشرىيات ئورۇنلىرىنى تاقاش سىياسىتى قوللانمىغان ئىدى.

## 7.سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلار

1937-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ستالىننىڭ تازىلاش ھەرىكىتى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن زور ئاپەت بولدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ 20 يىللار ئىچىدە ياراتقان نەتىجىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قايتىدىن جانلىنىشقا باشلاپ، 1950-1960-يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلاردىن يەنە پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تونۇلغان مۇزىكانتلار، دىرىژورلار، كىنو ئارتىستلىرى، ناخشا چولپانلىرى، تەنتەربىيە چېمپىيونلىرى ۋە ئالىملار يېتىشىپ چىقتى.

ئاتاقلىق دىرىژور ۋە كومپوزىتورى ئەزىز دۇگاشىپ ( 1917-؟) ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ، 1959-يىللىرىدىلا موسكۋادىكى دۇنياغا داڭلىق چوڭ تىياتىر « بولشوي تىياتىر »نىڭ دىرىژورى بولۇپ، كۆپلىگەن كلاسسىك ۋە زامانىۋى ئوپېرالارغا ھەم سىمفونىيىلەرگە دىرىژورلۇق قىلدى. ئۇ، 30 دىن ئارتۇق ئوپېرانىڭ ئوركېستىرىغا دىرىژورلۇق قىلدى .كېيىنكى ۋاقىتلاردا موسكۋا كونسېرۋاتورىيىسىدە پروفېسسور بولۇپ ئىشلىدى.[32]

قۇددۇس غوجامياروف ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدىكى ياش مۇزىكانتلار ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ، سىمفونىيە يېزىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ، مىخايىل گورباچېۋنىڭ ئىمزا قويۇشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئارتىسى نامىغا سازاۋەر بولغان. قۇددۇس غوجامياروف قازاقىستاندىكى دۆلەت مۇزىكا ئىنستىتۇتىنى قۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئۇزۇن مەزگىل ئۇنى ئۆزى باشقۇرۇپ،

كۆپلىگەن ھەر مىللەت مۇزىكانتلىرىنى تەربىيلىگەن بولۇپ، 1955-1959-يىللىرى قازاقىستان كومپوزىتورلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسلىك ، 1957-1966-يىللىرى قازاقىستان دۆلەت كونسىرۋاتورىيىسىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇردى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە »رىزۋانگۈل»(1950-يىلى)، « نۇزۇگۇم»( 1956-يىلى)، «سادىر پالۋان» (1958-يىلى)ۋە باشقا سىمفونىيە ۋە ئوپېرالار مەنسۇپتۇر[33].

بولۇپمۇ، ئاتا-ئانىسى -1950يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر ئېلىدىن ئالمۇتىغا كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن 1969-يىلى ئالمۇتىدا دۇنياغا كەلگەن مۇرات ناسىروف مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدىكى ئەڭ داڭلىق ناخشىچىلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ نامى كەڭ تونۇلدى. مۇرات ئىسمائىل ئوغلى ناسىروف ( 1969-2007) ئالمۇتىدا تۇغۇلغان بولۇپ، 1991-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە يالتادا ئۆتكۈزۈلگەن ياش تالانتلارنىڭ ناخشا مۇسابىقىسىدە بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كەڭ تونۇلۇش يولى ئېچىلغان. مۇرات ناسىروف موسكۋادىكى گىنېسىن مۇزىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1997-2004-يىللىرى ئارىسىدا پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا كەڭ تونۇلغان ناخشا چولپىنىغا ئايلانغان. بولۇپمۇ، -1997-2000يىلى ئارىسى ئۇنىڭ ئەڭ دەۋر سۈرگەن پەيتىدۇر. ئۇ، رۇسىيىنىڭ مەشھۇر چولپانلىرى ئاللا پۇگاچېۋا، فىلىپ كىركوروۋ، ئالىيونا ئاپىنا، ئولېگ گازمانوف ۋە باشقىلار بىلەن بىر قاتاردا مەشھۇر ئارتىستلاردىن سانالغان . ئەلۋەتتە، ھازىرغىچە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقى تەۋەسىدە مۇرات ناسىروف رۇس ئەمەس مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ تونۇلغان چولپان سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان ئىدى. مۇرات ناسىروف 2007-يىلى ، نامەلۇم سەۋەب بىلەن موسكۋادىكى ئۆيى يېنىدا قازا قىلدى. ئۇ بەش ناخشا ئالبومى نەشر قىلغان بولۇپ، ئاخىرقى پلاستىنكىسى « قالدىم يالغۇز» پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە ناخشىلار ئىدى. مۇرات ناسىروف بەلكى دۇنيادىكى ئۇيغۇر ناخشا چولپانلىرى ئارىسىدا بىر رايون ۋە بىر مىللەت دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ ئەڭ كەڭ تونۇلغان شەخس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزبېكىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ تونۇلغان ناخشا چولپىنى يۇلتۇز ئوسمانوۋانىڭ دادىسىنىڭ ئەسلى قەشقەردىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلاردىن ئىكەنلىكى مەلۇم. بىراق، ئۇ ئۆزىنى رەسمىي شەكىلدە « ئۆزبېك قىزى» دەپ ھېسابلايدۇ ھەم دادا تەرەپتىن ئۇيغۇر قېنى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىنو ئارتىستلىرىدىن ئايتۇرغان تېمىروۋا، ئابدۇرېشىت ئابدۇللايېف، مەقسۇت مەنسۇروف ، ۋېنېرا نىغمەتۇللىنا ۋە باشقىلارنىڭ نامى كەڭ تونۇشلۇقتۇر.

ناخشىچىلار دىلناز ئەخمەدىيېۋا، مۇرات ئەخمەدى ۋە باشقىلارنىڭ نامى شۇنىڭدەك «دەرۋىش » ئانسامبىلىنىڭ نامى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا ياخشى تونۇشلۇق.

كىنو ئارتىستلىرىدىن مەقسۇت مەنسۇروف ئۆزبېكىستان كىنو ستۇدىيىسىنىڭ داڭلىق ئارتىستلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ كۆپلىگەن فىلىملاردا رول ئالغان ھەمدە كۆپلىگەن چەتئەل كىنو ستۇدىيىلىرى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان. ئايتۇرغان تېمىروۋا ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئاياللار ئارىسىدا ئەڭ ياخشى تونۇلغان كىنو ئارتىستى بولۇپ، ئۇ چىڭگىز ئايتماتوف ئەسەرلىرىگە ئائىت فىلىملەردە باش رول ئالغاندىن سىرت يەنە قازاقىستان كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىدىكى قەھرىمان قازاق قىزى ئالىيا مولداگالىيېۋاغا ئائىت فىلىمدە باش رول ئوينىغان ئىدى.

40 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە باشقا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ خەلق ئارتىسى ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىسى ئۇنۋانلىرىغا سازاۋەر بولغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇددۇس غوجامىياروف، ئابدۇرېھىم ئەخمەدى، مۇرات ئەخمەدى، گۈلۈرە رازىيېۋا، خالىسقان قادىروۋا، رۇشەنگۈل ئىپلاخۇنوۋا، ئەزىز دۇگاشېف ، غەنىجان تاشمەتوف ۋە باشقىلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن قازاقىستان ئۇسسۇلچىلار جەمىيىتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۇيغۇر يىگىتى، ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكيان دۆلەتلىرىنىڭ ئۇسۇلچىلىرىنىڭ مۇسابىقىسىدا چېمپىيون بولغان كامال بەردىيېۋ ئاتقۇرماقتا.

قازاقىستاندا جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرى 80 يىلدىن بۇيان پائالىيەت قىلىۋاتقان بولۇپ، مەزكۇر تىياتىر كۆپلىگەن دراممىلارنى ئوينىدى. يېقىندا يازغۇچى ئەخمەتجان ھاشىروفنىڭ « ئىدىقۇت» تارىخى رومانى ئاساسىدا «ئىدىقۇت»درامىسىنى تەييارلاپ، سەھنىلەشتۈرۈپ، دۆلەت مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولدى .قازاقىستان ھۆكۈمىتى قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامانىدىكى ئۇيغۇر تارىخي شەخسلىرىگە ئائىت تارىخي دراممىلارنى ئىشلەپ، ئۇيغۇر تاماشىبىنلىرىغا كۆرستىشكە رۇخسەت قىلغان.

رەسساملىق سەنئىتى جەھەتتىمۇ ئۇيغۇرلار كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر رەسساملىرىنىڭ « ماك ئۆي» ناملىق ئۇيۇشمىسى ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇيغۇر رەسساملىرىدىن ئۆزبېكىستاندا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان لىكىم ئىبرايىموف، سانكتپېتېربۇرگدا ياشايدىغان ئازات مەمەدىنوف، قىرغىزىستاندا ياشايدىغان تەلەت مىر رەھموف بىلەن سابىق

باباجانوف، قازاقىستاندا ئىجاد قىلىۋاتقان ئەخمەت ئاخاتباقىيېف ۋە باشقىلارنىڭ نامى كەڭ تونۇشلۇقتۇر. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر بىناكارلىرى لايىھىلىگەن قۇرۇلۇش لايىھىلىرى دۆلەتلىك مۇھىم قۇرۇلۇش پىلانلىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، ئىشقا ئاشۇرۇلغان .

## 8 .ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى

ئىلىم-پەن ساھەسىدىمۇ ئۇيغۇر ئالىملىرى قوشۇنى يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30-40-يىللىرىدا ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى تارىخ، بىئولوگىيە ، ماتېماتىكا، فىزىكا، تىل-ئەدەبىيات، ئارخېئولوگىيە ۋە باشقا ساھەلەردىكى دوكتورلىرى يېتىشىپ چىققان ئىدى. تۇنجى ئۇيغۇر دوتسېنتى بۇرھان قاسىموف ، تۇنجى تارىخ پەنلىرى دوكتورى ئەرشىدىن ھىدايەتوف (1906-1951)، تۇنجى بىئولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئابدۇمېجىت روزىباقىيېف (1910-1998)، تۇنجى فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئايشەم شەمىيېۋا(1910-1978)، تۇنجى ئارخېئولوگىيە ئىلمى دوكتورى ئەخمەت كىبىروف (-1951)، مالىك كەبىروف (1996-1995) ۋە باشقىلار تۇنجى ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىدى. ئايشەم شەمىيېۋا ( 1912-1978) 1940-يىللاردا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ، 20-ئەسىردىكى تۇنجى ئۇيغۇر ئالىمەسى شۇنىڭدەك تۇنجى ئۇيغۇر ئايال تىلشۇناسى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ تۈزگەن ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىنمەكتە. ئەخمەت كىبىروف سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق تارىخشۇناسى ۋە ئارخېئولوگى ئا. ن. بېرنشتامنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، بېرنشتام بىلەن بىرگە تەڭرى تاغ رايونىدىكى، جۇملىدىن ئىسسىق كۆلى ئەتراپى ۋە باشقا جايلاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە قاتناشقان ئىدى.

تەخمىنەن پەرەزلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلاردىن ھازىرغىچە تەخمىنەن 500 دىن ئارتۇق پەن دوكتورى ۋە دوكتور نامزاتلىرى، پروفېسسور ھەم دوتسېنتلار يېتىشىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسمىلىرى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تونۇلغان ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملارغا ئايلانغان ئىدى. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خادىمى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ئىشلىرى بويىچە باشلامچى مۇتەخەسسىلىرىدىن بىرى، 1943-1949-يىللىرى ئارىسىدا ستالىننىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى قوللاش پروگراممىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بىۋاستە قاتناشقان ھەمدە تاشكەنتتە « شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىشقا مەسئۇل بولغان تۇرسۇن رەھىموفنىڭ ئوغلى پروفېسسور ئالېكساندىر (

ئىسكەندەر (رەھىموف، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يادرو فىزىكىسى ئىنستىتۇتىنىڭ يېتەكچى مۇتەخەسسىسى. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ھازىرقى رۇسىيەدىكى داڭلىق ئاتوم فىزىكىسى ئالىمىدۇر. ئالېكساندىر ( ئىسكەندەر ) رەھىموف ھازىر موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى يادرو فىزىكىسى ئىلمىي ـ تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ قارمىقىدىكى پلازما فىزىكىسى ۋە مىكرو ئېلېكترونلارنىڭ فىزىكىلىق ئاساسلىرىنى تەتقىق قىلىش لاباراتورىيىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە.ئۇ يەنە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاتوم فىزىكىسى ، پلازما فىزىكىسى ۋە مىكرو ئېلېكترون كافېدراسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئاتقۇرىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە 1 ئاكادېمىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5 پروفېسسور، 5 دوتسېنت ۋە 15دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ھەم خىزمەتچى ئىشلىمەكتە. مەزكۇر كافېدرادا 15 ئەتراپىدا ئاتوم فىزىكىسى ساھەسىدىكى دوكتور ئاسپىرانتلىرى تەربىيىلىنىدۇ [34].

پ.ئى.بارانوۋ نامىدىكى رۇسىيە مەركىزىي ئاۋىئاتسىيە موتورلىرى قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، تېخنىكا پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور ( 1935 ـ يىلى تۇغۇلغان) تېلمان كەرىمبايېف ئۆزۈن مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ھازىرقى رۇسىيىنىڭ ھاۋا ماتورلىرى ساھەسىنىڭ مەخسۇس ئالەم كېمىسى ۋە رېئاكتىپ ئايروپىلانلارنىڭ ماتورلىرىنى ياساش تەتقىقاتلىرىنى باشقۇرغان. ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيىنىڭ ئالەم تېخنىكىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. تېخنىكا پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور تېلمان كەرىمبايېف ھازىرمۇ ئۆز ساھەسىدە ئىشلىمەكتە ۋە ئۆز ساھەسى بويىچە 30دىن ئارتۇق دوكتور تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن[35]. ئۇ، رۇسىيىنىڭ ئاۋىئاتسىيە ماتورلىرى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى يېتەكچى ئالىملاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىنىسى كاملجان كەرىمبايېفمۇ تېخنىكا پەنلىرى دوكتورى بولۇپ، ئاكىسى بىلەن ئوخشاش كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە بۇ ساھەدىكى تونۇلغان ئالىملارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ كۆپ قېتىم ياۋروپا مەملىكەتلىرى ۋە جۇڭگوغا تەكلىپ قىلىنغان. فىزىكا پەنلىرى دوكتورى ، پروفېسسور دەمىر ساتتاروف، ئۇزۇن مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقى ( كېيىنكى رۇسىيە ) پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئوپتىكا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنى باشقۇرۇپ ، ئوپتىكا ساھەسىدە باشلامچى مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇ، ئوپتىكا ساھەسىدىكى يېتەكچى ئالىملاردىن ھېسابلىناتتى.

ئاكادېمىك يارمۇھەممەد مۇبارەكوف(1999ـ1944 ) ، پروفېسسور ئابلەخەت خوجايېف، پروفېسسور ئابدۇرېشىت ئېلىيېف ،پروفېسسور ئابدۇلەزىز ھاشىموف، پروفېسسور مۇرات ھەمرايېف (1983ـ1936) ۋە باشقىلار ئۆزبېكىستان پەنلەر

ئاكادېمىيىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملىرى ئىدى.

ئاكادېمىك ئەزىز نارىنبايېۋ (1925-يىلى تۇغۇلغان) ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە ياخشى تونۇلغان پەلسەپەشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ پەلسەپە دەرسىنى سابىق قىرغىزىستان رەھبەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن رەھبىرى شەخسلەر ۋە ئالىملار ئاڭلىغان.

ماتېماتىكا پروفېسسورى ناتالىيا تۇرسۇن رەھموف قىزى موسكۋادا مەخسۇس پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى ياشلارنى تەربىيلەش مەكتىپى ئاچقان بولۇپ، رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋلادىمىر پۇتىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ تۆھپىسىنى يۇقىرى باھالىغان .ئۇ خەلقئارالىق ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزاسى،2003-يىللىق خەلقئارا ئۇچۇر مۇكاپاتىنىڭ ئېرىشكۈچىسى، رۇسىيە ۋە موسكۋا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكاپاتلىرىنىڭ ساھىبىدۇر .ناتالىيا تۇرسۇن قىزى موسكۋا 1501 -نومۇرلۇق پەن-تېنىكا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، مەزكۇر مەكتەپتە مەخسۇس ياش پەن-تېخنىكا تالانتلىرى تەربىيلىنىدۇ.

ئالمۇتىلىق ئۇيغۇر يىگىتى شۆھرەت مۇتەللىپوف 1994-يىلى، موسكۋادا گېنېتىكا ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغاندىن كېيىن، 1998-يىللىرىغا قەدەر موسكۋادىكى تىمرىيازېف نامىدىكى يەزا-ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە باشقا گېنېتىكا تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىلمىي تەتقىقات قىلغان بولۇپ، كېيىن ئامېرىكىغا كېلىپ، ھازىر ئامېرىكىنىڭ ئورىگىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلىمەكتە ۋە غول ھوجەيرە تەتقىقاتىغا ئورنىغا رەھبەرلىك قىلىپ، غول ھوجەيرە تەتقىقاتى ساھەسىدە دۇنياۋى يېڭى بۆسۈشلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ سىڭلىسى مايسەم مۇتەللىپوۋامۇ شۇ ساھەدە دوكتورلۇق ئالغان ۋە ئىككىسى موسكۋادا بىرگە ئىشلىگەن، مايسەم مۇتەللىپوۋا ھازىر ئامېرىكىدىكى ئەڭ داڭلىق ماساچۇستىس تېخنىكا ئىنستىتۇتىدا پروفېسسور بولۇپ ئىشلىمەكتە.

قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇرەخىم ئايتباييۇ قازاقىستاندا ماتېماتىكا ساھەسىدە كاندىدات دوكتورلۇق ئالغاندىن كېيىن، ئامېرىكىدا داۋاملىق بىلىم ئاشۇرۇپ، ھازىر يېڭى مېكسىكا شتاتىدىكى يېڭى مېكسىكا تېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا پروفېسسورى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

پروفېسسور مۇرات ھەمراييېف فىلولوگىيە ساھەسى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا تونۇلغان ياش ئالىمغا ئايلانغان ئىدى .قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى غوجاخمەت سادۋاقاسوف(1929-1991 ) ، مېدىتسىنا پەنلىرى دوكتورى،

پروفېسسور ساھىپجامال قاربايېۋا، ئىقتىساد پەنلىرى دوكتورى ، پوفېسسور ئاۋۇتوف ۋە باشقىلار قازاقىستانغا كەڭ تونۇلغان ئالىملاردۇر. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ۋە ھازىرمۇ ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقان ئالىملارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىش ھاجەتسىز.

## 9 . داڭلىق ھەربىي شەخسلەر

ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي خادىملار ۋە دۆلەت دەرىجىلىك قەھرىمانلارمۇ يېتىشىپ چىققان بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئۇيغۇرلاردىن مەسۇم ياقۇپوف (1914-1974 )،داداش باباجانوف (1922-1985)، سۇلھى لۇتفۇللىن (1923-1986) قاتارلىق ئۈچ كىشىگە سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى، مۇردىن تىيىپوفقا (1918-1999) قازاقىستان خەلق قەھرىمانى نامى بېرىلگەن. ئۇزۇن مەزگىل پولشا پارتىزانلىرى بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ تۆھپە ياراتقان ئۇيغۇر جەڭچىسى قاھار شەرىپوفقا پولشانىڭ ئەڭ ئالىي قەھرىمانلىق « ئالتۇن كرېست» ئوردېنى بېرىلىپ، پولشا قەھرىمانى قاتارىدا سانالغان.

ئۇيغۇرلاردىن سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئاقلارغا قارشى ئىچكى ئۇرۇشىدا گىراجدانلار ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى قاتارىدا سانالغان ماخمۇت خوجامىياروفنىڭ نامى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيىنىڭ ھەربىي-سىياسى تارىخىغا يەزىلغان. ماخمۇت خوجامىياروف بولشېۋىكلارنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىشى جەريانىدا بولشېۋىكلارغا قارشى كۈچلەرنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ، سۇيدۇڭ شەھرىنى بازا قىلغان گېنېرال لېيتنانت ئالېكساندىر دۇتوۋنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن ئالىي مۇكاپاتقا سازاۋەر بولغان. ھازىرقى زامان رۇسىيە تارىخچىلىرى ماخمۇت خوجامىيارونى رۇسىيىنىڭ 20-ئەسىر تارىخىدىكى بىر قىتىملىق ئەڭ پاجىئەلىك مەخپىي ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىنى ئورۇندىغۇچى شەخس سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ شۇنىڭدەك ئاتامان دۇتوۋنى كوممۇنىستلارغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قەھرىمان رەھبەرلىرىدىن بىرى قاتارىدا باھا بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قارىلايدۇ.

2- جاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارمۇ باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش ئۇرۇش پاجىئەسىگە يولۇققان بولۇپ، 17ياشتىن يۇقىرى 50 ياشتىن تۆۋەن

ئەركەكلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئالدىنقى سەپلەرگە ئەۋەتىلگەن ۋە ئارقا سەپلەردىكى ئىشلارغا سېلىنغان. ھەتتا زور ساندىكى ئۇيغۇر قىزلىرىمۇ سوۋېت ئارمىيسى تەركىبدە ئۇرۇشقا قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تاكى بېرلىننى ئىشغال قىلىشقىچە بولغان 4 يىللىق ئۇرۇش مۇساپىسىنىڭ ھەممىسگە قاتناشقان.

ئۇرۇش دەۋرىدە كۆپلىگەن ئۇيغۇر جەڭچىلىرى برېست، موسكۋا، لېنىنگراد،ستالىنگراد ، كىيېۋ ۋە باشقا جەڭ مەيدانلىرىدا ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن سىرت يەنە ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانلىرى ھەتتا مانجۇرىيەدىكى ياپونىيە ئارمىيسىگە قارشى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بولغان.

ھازىرغىچە زادى قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ 2-جاھان ئۇرۇشىغا قاتناشانلىقى ھەققدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى ئارىسىدا، 200 مىڭ، 100 مىڭ، 30 مىڭ دىگەندەك تۈرلۈك ئۇچۇرلار مەۋجۇت ، بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا غەيرى رەسمي مەلۇماتلاردىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، ئۆزبەكىستاننىڭ پەرغانە ۋادىسىدىن بارغانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆزبېك كىملىكى بىلەن ئاتىلىپ قالغانلىقى، بۇلارنى قوشقاندا ھەققەتەن ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ كۆپ بولۇشى تەبىئىي. سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېرلا يېتىشىپ چىققان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى دىۋىزىيە سىياسىي كومىسسارى، پولك ۋە باتالىيون ، روتا كوماندىرىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1979-1981-يىللىرى ئارىسىدا مەخسۇس ئۇيغۇرلاردىن « مۇسۇلمان باتالىيونى» قۇرغان بولۇپ، موسكۋا مەزكۇر باتالىيوننى ئالاھىدە قىسىم سۈپىتىدە مەشىقتىن ئۆتكۈزۈپ قاتتىق چېنىقتۇرغاندىن كېيىن ، ئافغانىستانغا ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ باتالىيون سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستاندىكى ھەربىي پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا زور تۆھپە قوشقان بولۇپ، مۇتلەق مەخپىيەتلىك ئىچىدە تەييارلانغان مەزكۇر « مۇسۇلمان باتالىيونى»غا ئائىت سىرلار نۆۋەتتە بىر-بىرلەپ ئېلان قىلىنماقتا.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان گېنېرال مايور، پولكوۋنىك، پودپولكوۋنىك ۋە مايور دەرىجىلىك يۇقىرى سالاھيەتلىك كوماندىرلارنىڭ سانىمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلماقتا .ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە مۇھىم ساھەلىرى ئۈچۈن ئىشلىگەن ئىدى. قازاقىستاندا رۇس تىلىدا نەشىر قىلىنغان « 20-ئەسىردىكى مەشھۇر ئۇيغۇرلار»

ماۋزۇلۇق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى، رۇسىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ قوراللىق كۈچلىرى ۋە دۆلەت مۇداپىئە ، دۆلەت بىخەتەرلىك ۋە ئىچكى ئىشلار قىسىملىرىنىڭ 30 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر پولكوۋنىكى بولغان. ئەلۋەتتە، بۇلار پەقەت مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەنلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، يەنە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ بۇ كىتابتىن ئورۇن ئالماي قېلىشى تەبىئىي.

مەسىلەن، بۇلارنىڭ ئارىسىدا رۇسىيە قوراللىق كۈچلىرىنىڭ گېنېرالى، چىلەكتە تۇرغۇلغان راۋىل تۇرسۇنوفنىڭ (1936ـ2005) نامى مەشھۇر بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئالىي دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ۋە ئۇزۇن مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ۋە بىخەتەرلىك ساھەسىدە خىزمەت قىلىپ، گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولغان ئىدى.

كىتابقا كىرگۈزۈلمەي قالغانلاردىن غالجات يېزىسىدا تۇغۇلغان نۇرەخمەت راخمانخۇنوف، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كېيىنكى رۇسىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرى بولۇپ، ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمان خەلقلىرى ئارىسىدا تۇنجى قېتىم شىمالىي قۇتۇپنى كېسىپ ئۆتكەن ئۇچقۇچى ئىدى. ئۇ، شىمالىي مۇز ئوكيانىنى تۆت قېتىم كېسىپ ئۆتكەن ۋە 15 سائەت رازۋېتكا ئايروپىلانىنى قوندۇرماي ھەيدەپ سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيىسى تارىخىدا رېكورت ياراتقان. ئۇ جەمئىي 14750 سائەت شىمالىي قۇتۇپ رايونىدا ئۇچۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى-رۇسىيە ھاۋا ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى شۇنىڭدەك پەن-تېخنىكا ساھەسىنى كۆپ مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. نۇرەخمەت راخماخۇنوف ياقۇتىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە لېنىنگرادتا (سانكتپېتېربۇرگدا) خىزمەت قىلغان.

بۇلاردىن باشقا يەنە كەتمەن يېزىسدا تۇغۇلغان ئەخمەت دارايېۋ دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماگادانىدىكى ھەربىي ئاۋىئاتسىيە ئورنىنىڭ ئايروپىلانلارنىڭ ئۇچۇپ-چۈشۈشى ۋە يول خەرىتىلىرىنى بەلگىلەش ئىشلىرى بويىچە باشلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قارا دېڭىز پىلوتىنىڭ ئاۋىئاماتكىسىدا پولكوۋنىك ئۇنۋانىدا ھۇجۇمچى ئايروپىلانلار ئەترىتىنىڭ كوماندىرى بولغان .نۇراخمەت راخمانخۇنوف ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالى ۋە دوستى ھاۋا ئارمىيە پولكوۋنىكى ئەخمەت دارايېفنىڭ ئەھۋالىنى مەن بىلەن بولغان ئۇچرىشىشتا تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن ھەم سۆھبەت خاتىرىسى قالدۇرۇۋالغان ئىدىم.

ئۆزبېكىستانلىق ئۇيغۇرلاردىن ۋىلىيام سادىقوف سوۋېت ئىتتىپاقى دېڭىز

ئارمىيىسىنىڭ يادرولۇق سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ 3-دەرىجىلىك كاپىتانى سۈپىتىدە يادرولۇق سۇ ئاستى پاراخوتىغا قوماندانلىق قىلىپ، پېنسىيىگە چىققان . ئۇ ھازىر موسكۋادا ياشايدۇ ۋە شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يادرولۇق سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ كوماندىرى بولۇش يىگانە ئىشتۇر.

ئاتاقلىق دىپلوماتىيە خادىمى روبېرت تۇردىيېۋ سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە كېيىنكى رۇسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەلچىلىك ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرغان دىپلومات بولۇپ، ئۇ كۆپ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كوسىگىن بىلەن ئوتتۇرا شەرق مەملىكەتلىرى رەھبەرلىرى ئارىسىدا تەرجىمانلىق قىلغان ۋە بۇ دۆلەتلەردە ۋەكىل بولۇپ تۇرغان ئىدى. ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇنىستا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بولۇپ ئىشلىگەن شۇنىڭدەك يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى لېئونىد برېژنېۋ بىلەن پەلەستىن رەھبىرى ياسىر ئارافات ئارىسىدىكى ئالاقىلاردا ھەم سۆھبەتلەردە رول ئوينىغان ۋە تەرجىمانلىق قىلغان ئىدى[36].

## 10 . تەنھەرىكەت ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر

تەنھەرىكەت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ساھەدۇر. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن تەنھەرىكەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرى، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى، ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا ھەم دۇنيا چېمپىيونلىرى بولغانلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرى دۆلەتلىك كوماندىلارنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى سۈپىتىدە ھەر خىل مۇسابىقىلەرغا قاتناشقان . مەسىلەن، ماخمۇت ئۆمەروف 1950-يىللاردا پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە قارىغا ئېتىش چېمپىيونى بولغان ھەمدە 1956-يىلى، مېلبورندا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئولىمپىك مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ ئەڭ يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلەپ رېكورد ياراتقان ، 1960-يىلى رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولغان.

ماخمۇت ئۆمەروف 1956-يىلدىن 1961-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قارىغا ئېتىش بويىچە ئالتە قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى چېمپىيونى، ياۋروپا چېمپىيونى، دۇنيا چېمپىيونى بولغان. ئۇ، 1955- 1961-يىللىرى ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارىغا ئېتىش ساھەسى بويىچە چېمپىيونلۇق سالاھىيىتىنى ساقلىغان بولۇپ، پەقەت ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا چېمپىيونلۇق شەرىپى باشقىلارغا مەنسۇپ بولغان ئىدى. سوۋېت

ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى، ماخمۇت ئۆمەروف سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىغا قاتناشقان بولۇپ، قارىغا ئېتىش ماھىرلىقى بىلەن داڭ چىقارغان، ئۇ لېنىنگراد ھەربىي مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولۇپ، شۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دوتسېنتى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئىدى. ئالمۇتا شەھىرىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ماخمۇت ئۆمەروف ئۇستا سازەندە بولۇپ، دۇتار چېلىپ، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشقىمۇ ماھىر بولغان ئىدى.[37].

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى دۇنيا چېمپىيونى ۋە تۇنجى مېدىتسىنا دوكتورى ھەم پروفېسسورلىرىدىن بىرى ماخمۇت ئۆمەروف 1961-يىلى، 37 يېشىدا تۇيۇقسىز قوزغالغان يۈرەك تىقلىمىسى بىلەن لېنىنگراد ، يەنى ھازىرقى سانكتپېتەربۇرگ شەھىرىدە ھاياتتىن خوشلاشقان. ئۇنىڭ نامى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە رۇسىيىنىڭ ئولىمىك ۋە دۇنيا چېمپىيونلىرى ئۈچۈن ھازىرلانغان كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىدىن ئورۇن ئالغان.

ئابدۇرېشىت ئابدۇللايېۋ 1970-يىللاردا كۆپ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە ياۋروپانىڭ بوكس چېمپىيونى بولغان ھەمدە 1969-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئامېرىكىغا كېلىپ، «ئامېرىكا-سوۋېت ئىتتىپاقى» بوكس مۇسابىقىسىگە قاتناشقان. ئۇ، داڭلىق بوكس ماھىرى بولۇپلا قالماستىن بەلكى كۆپلىگەن ئۇرۇش فىلىملىرىدە باش رول ئوينىغان داڭلىق ئارتىست سۈپىتىدە تونۇلغان ئىدى. غۇلجىدا تۇغۇلغان تۇيغۇن ناسىروف 1990-يىلى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە چاڭغا بىلەن ئېگىزلىكتىن سەكرەش تۈرى بويىچە چېمپىيون بولغان. ئۇ قازاقىستاننىڭ مەزكۇر ساھەدىكى ئاتاقلىق ترېنېرى ھېسابلىنىدۇ. غۇلجىدا تۇغۇلغان يەنە بىر نەپەر قازاقىستانلىق ئۇيغۇر خەمىت بارايېف سوۋېت ئىتتىپاقى تەنتەربىيە ماھىرى نامىغا سازاۋەر بولغان بولۇپ، ئۇ ھازىر قازاقىستاننىڭ خەلقارا دەرىجىلىك بوكس مۇسابىقىسى رېپېرى سۈپىتىدە خەلقئارالىق مۇسابىقىلاردا رېپېرلىق قىلماقتا. ئۇ، ئىلگىرى-كېيىن قازاقىستانغا ۋەكىل بولۇپ، پولشا، جۇڭگو، ھىندىستان، تۈركىيە ۋە پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسابىقىلەرگە رېپېرلىق قىلغان.

سابىرجان روزىيېف قىلىچۋازلىق بويىچە ئىككى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى چېمپىيونى، ئۈچ قېتىم دۇنيا چېمپىيونى، ئۈچ قېتىم ياۋروپا چېمپىيونى بولغان. ئۇ 22-قېتىملىق دۇنيا ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، قىلىچۋازلىق بويىچە كۈمۈش مېدالىغا ئېرىشكەن. سابىرجان روزىيېف 1992-1995-يىللىرى ئارىسىدا ئۆزبېكىستان تەنتەربىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىق ۋە 1995-2003-يىللىرى ئۆزبېكىستان ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى. سابىرجان روزىيېفقا

ئۆزبېكىستان قورالىق كۈچلىرىنىڭ پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن.
قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن زاكىر توختىيېف كاراتە تۈرى بويىچە دۇنيا چېمپىيونى ، ھەمىد توختاخۇنوف ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا چامباشچىلىق مۇسابىقىسىدا دۇنيا چېمپىيونى، ۋېتنامدا ئۆتكۈزۈلگەن چامباشچىلىق-ساندا مۇسابىقىسىدە ئاسىيا چېمپىيونى بولدى. ئەخمەت جەلىلوف تايلاندچە مۇشتلىشىش ۋە ساندا بويىچە ئاسىيا چېمپىيونى ، كىكبوكىس بويىچە دۇنيا چېمپىيونى بولدى.

ئەركىن ئىمىنوف ئامېرىكىدا ئېغىرلىق كۆتۈرۈش بويىچە دۇنيا چېمپىيونلىق شەرىپىگە ئېرىشتى. بۇنىڭغا يەنە باشقا مىساللارنىمۇ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بىز بۇ يەردە يەنە باشقا ئۇنلىغان جۇمھۇرىيەت چېمپىيونلىرى ۋە باشقىلارنى بىر-بىرلەپ ساناپ كۆرسەتمىدۇق. ئۇيغۇر يىگىتى رۇسلان پالتىيېف رۇسىيىنىڭ ئاتاقلىق پۇتبولچىسى بولۇپ، ئۇ «موسكۋا» كاماندىسىنىڭ ئاساسلىق ماھىرى ئىدى. ھازىرقى رۇسىيىنىڭ داڭلىق پۇتبولچىسى، رۇسىيە ياشلار « زېنىت» كوماندىسىنىڭ 4-نومۇرلۇق مۇداپىئەچىسى جامالىدىن خوجانىيازوفنىڭ نامى پۈتۈن رۇسىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىنىڭ پۇتبول مەستانىلىرىغا ناھايىتى تونۇش. ئۇ رۇسىيىنىڭ ياشلار كوماندىسىغا قاتنىشىپ، ياۋروپا بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىدە ئىتالىيە كوماندىسىنى يېڭىپ چېمپىيون بولغان. ئۇ رۇسىيىنىڭ « زېنىت » كوماندىسى بىلەن ئۈچ يىللىق توختام تۈزگەن. جامالىدىن رۇسىيىدىكى ئەڭ ياش فۇتبول ماھىرى سۈپىتىدە داڭ چىقارغان.

تۈركمەنىستاننىڭ كونا ئۇيغۇر يۇرتى بايرام ئالىدە ئۇيغۇر ئائىلىسىدە 1996-يىلى دۇنياغا كەلگەن جامالىدىن خوجانىيازوف رۇسىيە جۇرنالىستى م.لاپىنىنىڭ « زېنىت» كوماندىسى ھەققىدە يازغان ماقالىسىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، جامالىدىن خوجانىيازوف رۇسىيە مۇخبىرىغا « مېنىڭ مىللىتىم ئۇيغۇر، ئانامنىڭ يېرىمى رۇس» دەپ چۈشەنچە بەرگەن[38]. مەزكۇر ماقالىدە جامالىدىن خوجانىيازوفقا ئەڭ ئىستىقباللىق پۇتبولچى دەپ باھا بېرىلگەن.

## خۇلاسە

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئۇيغۇر دىئاسپورىسى يېقىنقى بىر ئەسىر ئىچىدە چار رۇسىيىنىڭ مۇنارخىزىملىق ھاكىمىيەت سىستېمىسى، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىكتاتورلىق تۈزۈمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىل

ھاكىمىيەت تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل دۆلەت تۈزۈمىدە ياشاش قىسمىتىگە دۇچ كەلدى. بۇ بىر ئەسىر جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى ، مىللىي مەدەنىيىتى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى .ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر دىئاسپورىسى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئىغىر قىسمەتلىرىگە دۇچ كېلىپ، مىڭلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ھالاك بولدى. مىڭلىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ستالىننىڭ 1937-1938-يىللىرىدىكى تازىلىشىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر زامانىۋى مىللىي مەدەنىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پايدىسىغا ئېرىشىپ، گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە بولسىمۇ، بىراق ئوخشاشلا ستالىن تۈزۈمىنىڭ خاراپ قىلىشىغا دۇچ كەلدى. نىكىتا خرۇشېۋ ، لېئونىد برېژنېۋ ۋە مىخايىل گورباچېۋ دەۋرلىرىدىكى سوۋېت-جۇڭگو دۈشمەنلىك ۋە رىقابەت دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنى ئۆزىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ئىستراتېگىيىسىدىكى «قەرتە» سۈپىتىدە پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. ئۇيغۇرلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاز سانلىق مىللەت بولسىمۇ، بىراق موسكۋانىڭ تاشقى سىياسىتىدىكى « گېئوستراتېگىيىلىك» مىللەتكە ئايلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا ۋە رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. ستالىن ۋە كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرق ۋە جۇڭگو ئىستراتېگىيىسىدە تېگىشلىك رول ئوينىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئەنە شۇ سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن 1960-1980-يىللىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە 1986-يىلى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارمىقىدا مەخسۇس ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قۇرۇپ، 70 گە يېقىن ئۇيغۇر ئالىملىرىنى يىغىپ ئۇيغۇر تەتقىقاتىنى تەرەققى قىلدۇرغان ئىدى. قازاقىستان دۆلەتلىك رادىئو- تېلېۋىزىيىسى ئىدارىسى قارمىقىدا «ئالاتاۋ» پروگراممىسى تەسىس قىلىپ، ھەر كۈنى 1 سائەت ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە پروگراممىسى تارقىتىلدى. قازاقىستاندىكى ئاباي نامىدىكى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قارمىقىدا مەخسۇس ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كافېدراسى، قازاقىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدا جۇرنالىستىكا ساھەسى بويىچە ئۇيغۇر سىنىپلىرى، قازاقىستاندىكى ھەر قايسى نەشرىياتلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇيغۇر بۆلۈمى ئىش ئېلىپ باردى. ھەتتا قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي ئاخبارات جۇرنىلى رۇس، قازاق ۋە ئۇيغۇر ئۈچ تىلدا چىقىرىلدى. يۇقىرىقىدەك بۇنداق سالاھىيەتلەر باشقا

ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بېرىلمىگەن ئىدى.
سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1960-يىللاردا ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى تاشكەنتكە توپلاپ، ئۆزبېكىستان رادىئو-تېلېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل ئانسامبىلى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى رەتلەش ۋە لېنتىغا ئېلىشقا كىرىشكەن بولۇپ، تاشكەنت رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى پروگراممىلىرى كۈچەيتىلدى. تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر ئانسامبىلى تاكى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەنگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى. موسكۋا مانا بۇ بىر قاتار «غەمخورلۇقلىرى» ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قانداق ئېتىبار بېرىۋاتقانلىقىنى نامايىش قىلدى.
بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ «گېئوستراتېگىيىلىك» مىللەتلىك سالاھىيىتى ئەمەلدىن قېلىپ، ئادەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت ھالىتىگە قايتىپ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە بېرىلگەن بۇ ئىمتىيازلار قەدەممۇ-قەدەم ئەمەلدىن قالدى. نۆۋەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەنىۋى ۋە ماددى قوللىشى بىلەن ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىلىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشىنى دۆلەت مەبلىغى ۋە پروگراممىسى بىلەن قوللىماقتا. ھەر يىلى دۆلەت نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى نەشر قىلىپ، بىر قانچە ئون مىڭ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈشىنى قوللىماقتا. قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىگە نىسبەتتە ئۆز مىللىي تىلىدا دەرس ئۆتۈش، قازاقچە، رۇسچە تىللارنى مۇھىم دەرس سۈپىتىدە ئۆگىنىش سىياسىتى قوللانغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى پۈتۈن دەرسلەرنى ئۆز ئانا تىلىدا ئۆگىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى زوردۇر. ئەلۋەتتە، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىمۇ ئۆزۈن مەزگىل دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدا ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئىش ئېلىپ بېرىشىنى قوللىدى ۋە دۆلەت تېلېۋىزىيە ھەم رادىئو كومىتېتىدا ئۇيغۇرچە پروگراممىلارنىڭ بېرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بىراق، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىي سانىنىڭ ئاز بولۇشى ۋە تارقاقلىقى تۈپەيلىدىن مىللىي مەكتەپ مائارىپىنى بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى، ئەمما مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي كىملىكنىڭ ساقلىنىشى ھەم تەشەببۇس قىلىنىشى داۋاملىق

قوللاشقا ئېرىشىپ كېلىندى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان يەنە 20-ئەسىردىكى مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلىرىنىڭ ۋەتىنى بولدى. 1944-1946-يىللىرى ئارىسىدا« شەرقى turk جۇمھۇرىيىتى»نىڭ رەئىسى بولغان مەشھۇر تارىخىي شەخس ئەلىخان تۆرە، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى ئۇۋان پولىنوۋ، مالىيە مىنىستىرى ئەنۋەر مۇسابايېۋ، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى مەمەتجان يۇسۇپوۋ، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكلىرىدىن غاپپارخان تۆرە، رەسۇلوف ۋە باشقىلار تاشكەنتتە ياشىدى. ش ت ج ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىبى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبرايىمى، مىللىي ئارمىيە مۇئاۋىن باش قوماندانى ۋە كېيىنكى جۇڭگو ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال مايورى زۇنۇن تېيىپوف، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى ۋە جۇڭگو ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال مايورى مەرغۇپ ئىسھاقوۋ، خەلق قەھرىمانى غەنى باتۇر ۋە فاتىخ باتۇر، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى ۋە كېيىنكى ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازىرى زىيا سەمەدى، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ماژاروۋ، 5-كورپۇس قوماندانى فاتىي لېسكىن، موڭغۇل ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى ئېردە بۇلغۇنوف، ش ئۇ ئا ر ياشلار كومىتېتىنىڭ باشلىقى بولغان باتۇر ئەرشىدىنوف ۋە ھاشىر ۋاھىدى، شۇ ئۇ ئا ر مۇزېيىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى، مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ چۆچەكتىكى كادىرلىرىدىن بىرى، يازغۇچى يۇسۇپبېك مۇخلىسى، مىللىي ئارمىيە پولك كومادىرى ئايتوغان يۇنۇچى ۋە مىللىي ئارمىيە زەمبىرەكچىلەر قىسمىنىڭ كوماندىرى ئەسەت تېيىپوف قاتارلىق يۈزلىگەن يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىي-سىياسىي ئەربابلار ئالمۇتىدا ياشىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ 1946-يىلىدىن كېيىنكى باشلىقى، 1949-يىلى، سەيفىدىن ئەزىز بېيجىڭغا ماڭغاندا پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىخەتەرلىك ئىشلىرىنى باشقۇرغان پولكوۋنىك نەبىجان يۇسۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى ئالاھىدە مەخپىي ۋەكىلى ھاكىم جاپپار، غۇلجا گارنىزون كوماندىرى ۋە ئاقسۇغا چۈشكەن ئەترەتنىڭ شتاب باشلىقى ھۇسەيىن غازىيېۋ، مىللىي ئارمىيە پولك ۋە شتابى كوماندىرلىرىدىن خەمىت ئابباسوف، قىيۇم سابىر ھاجى، زاكىروۋ، خەمىت كەنجىبايېۋ ۋە ئابدۇرېيىم كەنجىيېۋ قاتارلىق يۈزلىگەن يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىي-سىياسىي كادىرلار بىشكەك شەھىرىدە ياشىدى.

سودا-ئىقتىساد جەھەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ئالاھىدە كۈچلۈك بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەتتىكى ئىقتىدارى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە ياخشى

تونۇشلۇق، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بىر قىسىم مەشھۇر سودا ـ سانائەتچىلەر يېتىشىپ چىققان بولۇپ، فوربېس ژۇرنىلىنىڭ تىزىملىكىگە كىرگەن مىلياردېر باي ئەلىبېك ئىبرايىموف بىلەن سودا ـ سانائەتچى ئالىمجان توختاخۇنوفنىڭ نامى رۇسىيە ۋە پۈتۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا كەڭ تونۇلغان. ئۇلار بىر قىسىم مەبلەغلىرىنى سەنئەت، پەن ـ تېخنىكا، تەنتەربىيە قاتارلىق ساھەلەرگىمۇ ئىشلىتىپ، مەزكۇر ساھەنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ئۈلۈش قوشقان ئىدى.

خۇلاسە شۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كېيىنكى مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىدا يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مۇۋەپپەقىيەتلەر مەيدانغا چىقتى، ئاز نوپۇسلۇق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن ئەنە شۇنداق قابىلىيەتلىك ئەربابلار مەيدانغا كەلدى. گەرچە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىۋاستە سوۋېت دۆلىتى ۋە كېيىنكى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى، ئىلىم ـ پەنى ، سەنئىتى ۋە باشقىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە تەۋە ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمىدى ھەم ھەر ۋاقىت ئەسكەرتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز خىزمەت ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۈلۈش ھەسسە قوشۇشقا تىرىشتى. دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل ـ ئىدرىكى، قابىلىيىتى، تالانتىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىدە ھەممە ئىقتىدارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتتى. بۇلار مىللەتنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرى ۋە قابىلىيىتى ھەم تالانتىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشتا ئىلھام بۇلاقلىرىنىڭ بىر تامچىسى بولۇپ قالغۇسى!. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزى ئۈچۈن پەيدا بولغان ھەر قانداق ئوغلانىنى قەدىرلەيدۇ، ئەسلەيدۇ ۋە سۆيىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە يازغىنىم مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىغىلا مەنسۇپتۇر ئەلۋەتتە.!

مېنىڭ بۇ يەردە بۇ بىر قاتار ئەھۋاللارنى يېزىشىم پەقەت تارىخچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، تارىخىي شەخسلەر ۋە قەھرىمانلارغا خەلق ئۆزى باھا بېرىدۇ!

ئەلۋەتتە، يۇقىرىدىكىلەر قىسقىچە ئومۇمىي باياندىن ئىبارەت بولۇپ، بىر پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تارىخى چوڭ ۋە مۇھىم ئىلمىي ئەمگەكتۇر .

ئىزاھاتلار

--------------------

[1] Агентство Республики Казахстан по статистике. Численность населения Республики Казахстан по отдельным этносам на 1 января 2012 года.

[2] Национальный статистический комитет Кыргызской Республики. Национальный состав населения (оценка 1 января 2012 года)

[3] Этнический атлас Узбекистана. Институт "Открытое Общество" – Фонд содействия – Узбекистан, 2002. Стр.217

[4] К 100 летию переселения уйгуров в Туркменистан.http://hamrajan.narod.ru/index.html

[5] رۇسىيە فېدەراتسىيىسىنىڭ 2010-يىللىق نوپۇس تەكشۈرۈش خۇلاسىسى.

[6] Садвакасов Гожахмет. Избранные труды / Алматы:2005.

[7] Валиханов Ч.Ч. Избранные произведения. Наука, 1986. Алматы.

[8] Губаева С.С. Уйгуры и дунгане Ферганской долины // Современное развитие этнических групп Средней Азии и Казахстана. Ч. 2. М.، 1992.س121.

[9] Садвакасов Гожахмет. Избранные труды / .، 2000.س55.

[10] Захарова И.В. Указ. Соч. С. 223-224.

[11] Румянцев П.П. Уезды Жетысу.Алматы2000.

[12]. ئا.روزىباقىيېۋ م.روزىباقىيېۋا. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى. ئالمۇتا، قازاقىستان. 1987-يىلى، 48-بەت

[13] . نەبىجان تۇرسۇن. پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقىلىپ كەتكەن خەلق-ئۇيغۇرلار. تۈركىيە ھاجى تەپپە ئۇنىۋېرسىتەتىنىڭ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى. 2013.-يىلى، ئەنقەرە.

[14] .بۇرھان قاسىموف . ئۇيغۇر خەلقلىرىدە مائارىپ ئىشلىرى » .كەمبەغەللەر ئاۋازى» ، 1922 ـ يىلى.17ـ ئاۋغۇست.
[15] مۇنىر ئەرزىن. يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇنجى گېزىتى. « ئەسىرلەر سىرى . « »مىر» ئالماتي، 2012 ـ يىلى، 244ـ245ـ بەتلەر.
[16] ئا.روزىباقىيېۋ م.روزىباقىيېۋا. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى .ئالمۇتا، قازاقىستان. 1987ـ يىلى 51ـ بەت
[17] ئابدۇللا روزىباقىيېف. گېزەك مۇئەللىملەرنىڭ. « كەمبەغەللەر ئاۋازى» ، 1925ـ يىلى، 18ـ ئىيۇل سانى. ئابدۇللا روزىباقىيېف ماقالىلىرى توپلىمى>> .خەلقىم ئۈچۈن كۆيدۇ يۈرەك1997 . << ـ يىلى، ئالمۇتا. جازۇشى نەشرىياتى 78ـ بەت
[18] . «بۇرھان قاسىموف . ئۇيغۇر خەلقلىرىدە مائارىپ ئىشلىرى. « كەمبەغەللەر ئاۋازى» ، 1922ـ يىلى.17ـ ئاۋغۇست
19] .ئابدۇمېجىت روزىباقىيېف. تەڭرىقۇل قۇتلۇق. « پەرۋاز» ، ئالمۇتا، 1991ـ يىلى، ـ 7بەت.
[20] .مەشۇر روزىيېف. قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى. « قازاقىستان» نەشرىياتى . ـ1976يىلى. ئالمۇتا. رۇسچە نەشرى .189ـ190ـ بەتلەر
[21]. 20 ـ ئەسىردىكى داڭلىق ئۇيغۇرلار. ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان ، تۈركمەنىستان. ئالماتي، 2005ـ يىلى،192ـ197ـ بەتلەر ( رۇسچە)
[22] . شۇ ئەسەر، 195ـ بەت
[23] . نەبىجان تۇرسۇن. پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقلىپ كەتكەن خەلق-ئۇيغۇرلار .تۈركىيە ھاجى تەپپە ئۈنىۋېرسىتەتىنىڭ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى. 2013.ـ يىلى، ئەنقەرە.
[24] . سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى. ئالمۇتا ،ناۋكا . 1986ـ يىلى،35ـ51ـ بەتلەر
[25] . خېلەم خۇدابەردىيېف. زامان ئىزغىرنلىرىدا شۇڭغۇپ ( خاتىرىلەر ). تاشكەنت.2003ـ يىلى، 99ـ106ـ بەتلەر
[26] . Бармин В.А. Советский Союз и Синьцзян 1918ـ1941 . .1998بارنائۇل.
Коррупция в Политбюро: Дело «красного узбека». Федор [27. Раззаков.».
سىياسىي بىيوروداكى چىرىكلىك: قىزىل ئۆزبېك دېلوسى) . 2009ـ يىلى، ئىنتېرنېت نۇسخىسى]

[28] . http://www.biografia.kz/partiynyie-deyateli/yusupov-ismail.html.

[29] ـ20 . ئەسىر نامايەندىلىرى . يولداش ئەزەمەتوف نەشرگە تەييارلىدى. رونىد . ئالماتا 2005.

[30] . Галия ШИМЫРБАЕВА، Исмаил Юсупов: Моя совесть перед народом Казахстана чиста "Казахстанская правда"، 21 апреля

[31] ـ20 . ئەسىردىكى داڭلىق ئۇيغۇرلار. ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان ، تۈركمەنىستان. ئالماتى، 2005-يىلى،2-17-بەتلەر ( رۇسچە)

[32] «يېڭى هايات»گېزىتى، 1997-يىلى،15-فېۋرال .ئالمۇتا.

[33] . 20 ـ ئەسىر نامايەندىلىرى . يولداش ئەزەمەتوف نەشرگە تەييارلىدى. رونىد . ئالماتا 2005.

[34] .ئاتوم فىزىكىسى ، پلازما فىزىكىسى ۋە مىكروئېلېكترون كافېدراسىنىڭ پروفېسسورلار تەركىبى ( http://www.affp.mics.msu.su/sost/. (رۇسچە).

[35] . 20-ئەسىر نامايەندىلىرى . يولداش ئەزەمەتوف نەشرگە تەييارلىدى. رونىد . ئالماتا 2005.

[36] . 20-ئەسىر نامايەندىلىرى . يولداش ئەزەمەتوف نەشرگە تەييارلىدى. رونىد . ئالماتا 2005.

[37] 20- ئەسىردىكى داڭلىق ئۇيغۇرلار. ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان ، تۈركمەنىستان. ئالماتى، 2005-يىلى، ( رۇسچە)

# سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى جېڭىدىكى 22 ئۇيغۇر قەھرىمان

نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

بۇنىڭدىن 71 يىل ئىلگىرى، يەنى 1941-يىلى، 22-ئىيۇن كۈنى تاڭ سەھەر 4 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنىڭ بىرى بولغان سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى پارتلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، 22 -ئىيۇن ئىنسانىيەت ئۇرۇش تارىخىغا قارا خەتلەر بىلەن يېزىلدى.

سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىنىڭ تۇنجى جەڭلىرىنىڭ بىرى برېست قورغىنىدا يۈزبەرگەن بولۇپ، بۇ 2-جاھان ئۇرۇش تارىخىدىكى جۈملىدىن سوۋېت-گېرمان ئۇرۇش تارىخىدىكى مۇھىم بىر قەھرىمانلىق سەھىپىسىدۇر. مانا بۇ ئۇرۇشتا قازاقىستاندىن بارغان 20 نەچچە نەپەر ئۇيغۇر يىگىتمۇ قاتنىشىپ، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ئىدى.

يېقىندا قازاقىستانلىق تارىخشۇناس ، پروفېسسور لەيلا ئەخمەتوۋا خانىم مەخسۇس قازاقىستان دۆلەت ئارخىپلىرىنى ۋە رۇسىيە ئارخىپلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆزۈن مەزگىللىك ئىزدىنىشلىرى نەتىجىسىدە تۇنجى قېتىم برېست قورغىنىنى قوغداش ئۈچۈن بولغان تۇنجى جەڭلەرگە 456 نەپەر قازاقىستانلىق ھەربىي خادىمنىڭ قاتناشقانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ تەپسىلىي تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى(1).

لەيلا ئەخموتوۋانىڭ <<برېست قورغىنى. برېستنىڭ قازاقىستانلىق قوغدىغۇچىلىرى>> ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە كۆرسىتىلگەن 456 نەپەر قازاقىستانلىق ھەربىي خادىمنىڭ تىزىملىكىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 20 دىن ئاشىدۇ. ماقالىدە كۆرستىلىشىچە، برېست قورغىنىنى قوغداش جېڭىگە قاتناشقان 456

نەپەر قازاقىستانلىقنىڭ 138 نەپىرى ئالمۇتا ۋىلايىتىدىن، 68 نەپىرى تالدى قورغان ۋىلايىتىدىن بولۇپ، قالغانلىرى باشقا ۋىلايەتلەردىن ئىدى. بۇ ھەربىي خادىملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى 1939-1940-يىلى ھەربىي سەپكە چاقىرتىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى تەۋە بولغان قوشۇن تەركىبىدە بىرېست شەھىرىگە ئەۋەتىلگەن ھەمدە ئۆيلىمىغان يەردىن ئەنە شۇ ئۇرۇشقا دۇچ كەلگەن.

2010-يىلى، رۇسىيەدە << بىرېست ئۇرۇشى>> ناملىق ئۈچ قىسىملىق بىر تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەندى . گەرچە، بۇ فىلىمدە بىرېست قورغىنىنى قوغداش جېڭىدە پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رۇسلار ۋە باشقىلار قىلىپ كۆرستىلگەن بولۇشىغا قارىماي، بۇنىڭدا يەنە بىر قانچە نەپەر ئوتتۇرا ئاسىيالىق تىپىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئوبرازىمۇ قىستۇرما شەكىلدە كىرگۈزۈلگەن.

## يەركەتتىن بىرېستقىچە

بىرېست ھازىر بېلارۇسىيە جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە بىر ئوبلاست بولۇپ، بىرېست شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئاھالىسى 310 مىڭدىن ئارتۇق. بىرېست شەھىرى بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىنىڭ چېگرا ئۆتكىلى، بۇ جاي بېلارۇسىيە، ئۇكرائىنىيە ۋە پولشادىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.(2)

بىرېست ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى چېگرا ئۆتكىلى بولغان بولسا، يەركەت شەھىرى ئۇنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا جايلاشقان چېگرا ئۆتكىلى ئىدى. مەزكۇر ئىككى قورغاننىڭ ئارىلىقى 4 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇشىغا قارىماي، ئەنە شۇ يەركەت سەھرىدىن ئالمۇتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ يېزىلارغا تارقالغان ئۇيغۇرلارنىڭ 20 نەچچە پەرزەنتى قانداق بولۇپ، يىراق بىرېست قورغىنىغا بېرىپ قالدى؟ بۇ 20 نەچچە ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ ئاتا-ئانىلىرى تېخى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى نەتىجىسىدە دۇنياغا كەلگەن ئىلى سۇلتانلىقىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنى 10 يىل بېسىپ ياتقان چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى 1881-يىلى مەنچىڭ سۇلالىسى بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ، ئىلى ۋادىسىنى چىڭ ئىمپېرىيىسىگە تەقدىم قىلغاندىن كېيىن 1882-1883-يىللىرى ئارىسىدا رۇسىيە تەۋەسىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئىدى.

ئەگەر، چار رۇسىيە بىلەن مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ مەزكۇر ئىش بىرلىكى بولمىغان

بولسا، بەلكى مەزكۇر ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئۆز تۇپراقلىرىدا تۇغۇلۇپ، ئۆز ئانا يۇرتىدا ئەركىن ئۆسكەن ھەمدە برېست قورغىنىنى قوغداپ، ئۇ يەرلەردە نېمىسلارنىڭ ئوقلىرىدا ئۆلۈش قىسمىتىگە دۇچ كەلمىگەن بولار ئىدى. چار رۇسىيە بىلەن مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزگەن ئىلى شەرتنامىسى نەتىجىسىدە ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىككىگە بۆلۈندى، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان يەركەت شەھىرى چار رۇسىيىنىڭ ۋە كېيىنكى سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى شەرقىي چېگرا ئۆتكەللىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

مەزكۇر ئۇيغۇر جەڭچىلىرى برېستىكى جەڭلەردە قانداق باتۇرلۇق كۆرسەتتى؟ قورال تاشلاپ ئەسىرگە چۈشكەن سوۋېت ئەسكەرلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ بولغانمىدى؟ بۇ جەڭچىلەر نېمىشكە باشقا رۇس، ئۇكرائىن، بېلارۇس جەڭچىلىرىگە ئوخشاش قورال تاشلاپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ئەسىرگە چۈشۈپ ھاياتىنى ساقلاپ قالماي، ئەكسىچە ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى قالغىچە جەڭ قىلدى؟

ئۇلار برېست قورغىنىنى خۇددى ئۆزلىرىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئىلى، چارىن ۋە ئۆسەك دەريا ۋادىلىرىدەك ئەزىز كۆردىمۇ يا؟ ياق!، مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس! ئۇلاردىكى بىرلا روھ ! يەنى دۈشمەنگە تەسلىم بولۇش، قول كۆتۈرۈپ، يۈزنى قىزارتىپ ،رەقىبى ئالدىدا شۈمشىيىپ تۇرۇش ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ۋە نومۇس، سادىر پالۋاننىڭ ئەۋلادىغا لايىق ئىش ئەمەس! دۈشمەنگە تەسلىم بولۇش پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يۇرتداشلىرى، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نومۇس ئىلىپ كېلىدۇ خالاس ! دېگەن روھ ئۇلارنى مەرتلىككە ئۈندىگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەنە شۇ 20 نەپچە ئۇيغۇر يىگىتنىڭ قېنى تۆكۈلگەن برېست شەھىرى 20-ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن مۇھىم خەلقئارالىق تۆمۈر يول ۋە تاش يول تۈگۈنى ھەمدە دەريا پورتىلىق رولىنى ئويناپ كەلگەن بولۇپ، برېست قورغىنى ئارقىلىق ئۇدۇل موسكۋاغا ۋە رۇسىيىنىڭ باشقا ئاساسلىق چوڭ شەھەرلىرىگە بارغىلى بولاتتى. ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان بۇ شەھەر 1812-يىلى ناپولېئون رۇسىيىگە ھۇجۇم قىلغاندا، رۇسلار بىلەن فرانسۇزلار ئارىسىدا تالىشىدىغان جەڭ مەيدانىغا ئايلانغان ھەمدە تاكى 1917-يىلىغىچە رۇسىيىنىڭ قولىدا بولغان، كېيىن رۇسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا ئۇكرائىنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قولىدا بولغان، ئارقىدىن پولشانىڭ قولىغا ئۆتكەن بولۇپ، 1939-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئۇرۇش قىلماسلىق شەرتنامىسى تۈزۈپ، گېرمانىيە قوشۇنلىرى پولشانى بېسىۋالغاندا ، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ پولشا

ئارمىيىسىنى يوقىتىشقا ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن گېرمانىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن بىرېست قورغىنى ئەسلى كېلىشىم بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن( 3).

ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ شەھەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ بولۇپ، 3-ئىمپېرىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا ئۆتكىلىگە ئايلانغان ئىدى. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1941-يىلى، 22-ئىيۇندا گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغاندا، بىرېست قورغىنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان مەزكۇر شەھەرنى ئىشغال قىلىش ئارقىلىق بۇ جايدىكى تۆمۈر يول لىنىيىلىرىنى بېلارۇسىيە ۋە ئۇكرائىنىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى جايلىرىغا يۈرۈش قىلىدىغان ئاساسىي ئۆتكەل قىلىش پىلانىنى بارلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغان دەسلەپكى كۈنلەردە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى پۈتۈن سەپلەر بويىچە تارمار بولۇپ، ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولالمىدى. پەقەت ئەنە شۇ بىرېست قورغىنىدا جان تىكىپ قارشىلىق كۆرستىش جەڭلىرى داۋام قىلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ گېرمانىيە ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرالايدىغان ھەتتا ئۇنى مەغلۇپ قىلالايدىغان كۈچى بارلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى. گەرچە بۇ ئۇرۇشلار موسكۋا، ستالىنگراد، لېنىنگراد ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئۇرۇشلارغا قارىغاندا كۆلىمى كىچىك ھەم قاتناشقان ئەسكىرى كۈچى ئاز بىر جەڭ بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ قىممەتلىك تەرىپى ئەينى ۋاقىتتا بۇ قورغاننى ساقلاۋاتقان قوشۇننىڭ ئاخىرغىچە جەڭ قىلىپ، دۈشمەن ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرۈش ئارقىلىق سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە ھەربىي روھىنى نامايەن قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ رۇسىيە ۋە بېلارۇسىيە ھۆكۈمەتلىرى بۇ ئۇرۇشنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويماقتا ھەم ئۇنىڭ بويسۇنماس روھىنى قايتىدىن گەۋدىلەندۈرمەكتە.

مانا مۇشۇ تۈنجى جەڭدە ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچكەن ئۇيغۇر باتۇرلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىقىنى نامايان قىلدى. بىراق، بۈگۈنكى بىرېست قورغىنىدا ياشاۋاتقان بېلارۇسلار، رۇسلار، ئۇكرائىنلار ۋە باشقىلار 71 يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئەشۇ شىددەتلىك جەڭلەردە بىراق قازاقىستاندا، يەنى ئىلى دەرياسى بويىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۇيغۇر ئەزىمەتلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزغانلىقىنى بىلمىسە كېرەك؟!

سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىنىڭ تۇنجى جەڭلىرىنىڭ بىرى ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيە بېسىۋالغان پولشا بىلەن سوۋېت بېلارۇسىيە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارىسىدىكى برېست قورغىنى ئۈچۈن بولغان ئۇرۇش بولۇپ، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى، جۈملىدىن 2-جاھان ئۇرۇشى تارىخىدىكى ئەڭ شىددەتلىك جەڭلەرنىڭ بىرى ھېسابلانغان مەزكۇر قىسقا ۋاقىتلىق مۇداپىئە ئۇرۇشىدا 20 نەچچە نەپەر ئۇيغۇر قەھرىمانىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن برېست مۇداپىئە جېڭىنىڭ قەھرىمانلىق سەھىپىسىنى يازغانلىقى باشقىلار ئۈچۈن تەسىرلىك بولمىسا كېرەك. بىراق، ئۇلارنىڭ نامى تاكى يېقىنغىچە تىزىملىكتىن چۈشۈپ قالغان، ھەتتا رۇسىيە ۋە بېلارۇسىيىلىكلەر برېست قورغىنىنى قوغداش جېڭىدە << ئۇيغۇر>> ناملىق بىر خەلقنىڭ يىگىتلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشمىغان بولۇشى مۇمكىن . بۇ 20 نەچچە قەھرىمان 70 نەچچە يىلدىن بۇيان نامسىز قالغان ئىدى.

## قىزىل ئارمىيىنى بىتچىت قىلغان <<چاقماق ھۇجۇمى>>

مەلۇمكى، 1941-يىلى، 22-ئىيۇن كۈنى گىتلېر گېرمانىيىسى شىمالدا بالتىق دېڭىزىدىن تارتىپ، جەنۇبتا قارا دېڭىزغىچە بولغان 1800 كىلومېتىر لىنىيە بويىچە شىمالىي، مەركىزى ۋە جەنۇب يۆنىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ فرونتقا بۆلۈنۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا << چاقماق تېزلىكدە>> ھۇجۇم قوزغىدى.

گېرمانىيە بۇ ھۇجۇم ئۈچۈن 181 دىۋىزىيىسىنى ئىشقا سالدى. بۇنىڭ ئىچىدە 19 تانكا دىۋىزىيىسى، 14 موتورلاشقان دىۋىزىيە ۋە 18 برىگادىمۇ بار ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغان گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئادەم سانى 5.5 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، 4300 تانكا ۋە برونىۋىك، 4980 ئايروپىلان ۋە 47200 ھەرخىل زەمبىرەك ھەم مىناميوت ئىشقا سېلىندى (4).

گېرمانىيە قوشۇنلىرى بەزى ئۇرۇش فرونتلىرىدا ئۇرۇشنىڭ 3-ھەپتىسىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا 300-600 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرەلىدى ۋە 200 دىن ئارتۇق يېقىلغۇ ئىسكىلاتى، قورال-ياراق ۋە ئوق دورا ئىسكىلاتىنى ئىگىلىدى.

ئۈچ ھەپتە ئىچىدە گېرمانىيە قوشۇنلىرى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 28 دىۋىزىيىسىنى تولۇق يوقاتتى ۋە بۇنىڭدىن باشقا يەنە 72 دىۋىزىيىنىڭ %50 ئەسكىرى ھەم قورال-ياراقلىرى زىيانغا ئۇچراتتى. دەسلەپكى جەڭلەردە قىزىل ئارمىيىدىن 850 مىڭ ئادەم ئۆلدى، 6 مىڭغا يېقىن تانكا، 6.500 دىن ئارتۇق

زەمبرەك ۋە 3 مىڭدىن ئارتۇق تانكىغا قارشى زەمبرەك ھەممە 12 مىڭ مىناميوت شۇنىڭدەك 3500 ئايروپىلان ۋەيران بولدى. ئەمما، ئۇچ ھەپتە جەريانىدا گىتلېر گېرمانىيىسى قوشۇنلىرىدىن ئاران 100 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ ، 1700 تانكىسى ۋە برونېۋىك ، 950 ئايروپىلاندىن ئايرىلدى [5].

گېرمانىيە ئارمىيىسى تۈنجى كۈنلەردىكى جەڭلەردىلا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ 1200 ئايروپىلانىنى يوقىتىپ، 66 ھەربىي ئايرودرومنى ۋەيران قىلدى ھەممە بىرىنچى كۈنلا سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىگە 50-60 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرەلىدى . سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى پۈتۈن سەپلەر بويىچە مەغلۇپ بولۇپ تۇشمۇ-تۇشتىن ئەسىرگە چۈشتى .

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مۇنداق خەتەرلىك پەيتتە دەرھال موسكۋا ۋە شەرقىي سىبىرىيە رايونلىرىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنى ئۇرال ، غەربىي سىبىرىيە، قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا يۆتكەشنى قارار قىلدى ھەممە تېزلىك بىلەن 70% زاۋۇت بەلگىلەنگەن جايلارغا يۆتكەپ بولۇندى. قىسقىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئارقا سېپىگە ئايلىنىپ، بۇ يەرگە ئورۇنلاشقان ھەربىي زاۋۇتلار تېز سۈرئەتتە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، ئالدىنقى سەپنى تەمىنلەشكە باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات بازىسى، بولۇپمۇ ئاشلىق، يېمەك-ئىچمەك، يىپلىغۇ ھەم خام ئەشيا بازىسىغا ئايلاندى. ئەنە شۇ تۈپراقلاردىكى ئۆزبېكلەر، قازاقلار، قىرغىزلار، تۈركمەنلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياللىرى-باللىرى، بوۋاي-مومايلىرى تاپقان-تۈگۈنىنى، پۈتۈن كۈچىنى ئالدىنقى سەپنى تەمىنلەشكە ئىشلەتتى.

ئەنە شۇ تۈنجى كۈندىكى جەڭلەردە پەقەت برېست قورغىنىنى مۇداپىئە قىلغان سوۋېت ھەربىي خادىملىرىلا ئۇنچە تېز مەغلۇپ بولماي ، جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسەتەلىدى. ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر جەڭچىلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ئۇيغۇر جەڭچىلىرى تەسلىم بولماي ئۆلگىچە ئېلىشتى.

تارىختىن مەلۇمكى، برېست سېپىلى دەسلەپكى قېتىم 1939-يىلىنىڭ 2-سېنتەبىر كۈنى گېرمانىيە فاشىست ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئۇنى پولشا ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىلىرى جان تىكىپ قوغدىغان ھەم شۇ ۋاقىتتا ئۇلار قەھرىمانلىقىنىڭ ئاجايىپ ئۈلگىسىنى نامايىش قىلغان ئىدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا گېرمانىيە سوۋېتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پولشا ئەسكەرلىرىنىڭ برېست سېپىلدىكى قارشىلىقىنى بېسىشقا كىرىشكەن ھەممە برېست سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە

بولغان ئىدى.

گېرمان فاشىستلىرىنىڭ بىرىستىن سىپىلغا قىلغان ھۇجۇمى 1941-يىلىنىڭ 22-ئىيۇن كۈنى تەكرارلاندى. بۇ قېتىمدا ئۇنى قوغداش قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ئىدى. 22-ئىيۇن كۈنى تاڭ سەھەردە گىتلېر قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز قاتتىق بومباردىمانغا ئۇچراپ، دەسلەپتىلا ئىنتايىن كۆپ ساندا ئەسكەرلەر ۋە تىنچ ئاھالە قۇربان بولدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇرۇش باشلانغاندا سىپىلدا 15 مىڭ سوۋېت جەڭچىسى ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى بولغان. دەسلەپكى جەڭلەردىلا كۆپلىگەن ئەسكەرلەر ۋە ھەربىي ئۇسكۇنىلەر ئۇجۇقتۇرۇلغان، پۈتۈن شەھەردە قىيامەت قايىم بولغاندەك مەنزىرە شەكىللەنگەن. ئەسكەرلەرنىڭ بەزىلىرى بولسا قورشاۋنى بۇزۇپ چىققان، كۆپ ساندا ئادەم ئەسىرگە چۈشكەن بولۇپ، سىپىلدا ئوتتۇرا ھېسابتا 3.5 مىنۇتتىن 4 مىنۇتقىچە جەڭچى قەلب ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان.

گەرمان ئارمىيىسى ئۇلارنى بومباردىمان ۋە تۈرلۈك شەكىلدىكى ئاتاكا ئاستىغا ئالغان بولۇپ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، ئوق-دورىلارنىڭ يېتىشمەسلىكى ۋە تىببىي ياردەم بولماسلىق قاتارلىق تۈرلۈك بىسىملار سوۋېت جەڭچىلىرىنى قەدەممۇ-قەدەم سەپتىن چىقىرىپ، تەسلىم بولغانلارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىشكە باشلىغان. پەقەت ئەڭ ئىرادىلىك جەڭچىلەرلا تەسلىم بولماي مەرتلىك بىلەن ئېلىشقان.

دۈشمەن كۈچى بولسا ئۇلاردىن ئون ھەسسە ئارتۇق بولغان. بىرىست قوغدىغۇچىلىرى تاكى ئاۋغۇست ئېيىغىچە ، بەزى مەلۇماتلار بويىچە نويابىر ئايلىرىغىچە قارشىلىق كۆرسەتكەن. 29- ۋە 30-ئىيۇن كۈنلىرى فاشىستلار ئايروپىلاندىن سىپىلغا 500 ۋە 1800 كىلوگىراملىق ئېغىر بومبىلارنى تاشلىغان.

سىپىلنى قوغداشقا قاتناشقان جەڭچىلەر ئىچىدە 30 دىن ئوشۇق مىللەت ۋەكىللىرى بار بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

## 70 يىل ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن ئىسىم-شەرىپلەر

پروفېسسور لەيلە ئەخمەتوۋانىڭ ماقالىسىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئالمۇتا ھەم تالدى-قورغان ۋىلايەتلىرىگە قاراشلىق يېزىلاردىن ئارمىيە سېپىگە چاقىرتىلغان 20 دىن ئوشۇق ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى كۆرسىتىلگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ مىللەت تەركىبى كۆرسىتىلمىگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ يۇرتى، ئىسمى ۋە باشقىلارغا ئاساسەن ئېنىقلاپ

چىقىلغان تىزىملىك تۈۋەندىكىچە(6):

1. ئىمىر دىليامووف. 1916 ـ يىلى. ئالمۇتا ۋىلايىتىنىڭ ئەمگەكچى قازاق ناھىيىسىنىڭ تەشكەنساز يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1939-يىلى، 19-فېۋرالدا ھەربىي سەپكە چاقىرىلغان. جەڭچى ، ئاتقۇچى. جەڭدە ئۆلگەن.
2. ئوبۇلقاسىم قادىرىبېكوف - 1916پ-تەۋغۇلگان. تالدى قورغان ۋىلايىتىنىڭ ئاقسۇ يېزىسلىق. 1939-يىلى، فېۋرالدا ھەربىي سەپكە چاقىرىلغان. جەڭچى، ئاتقۇچى، جەڭدە ئۆلگەن.
3. غوجىخان قادىروۋ . ئالمۇتا ۋىلايىتىلىق، 1939-يىلى، ئەسكەر بولغان، ئاتقۇچى، جەڭچە ئۆلگەن.
4. مىرسالى سادىقوف. 1917-يىلى، چېلەك رايونىنىڭ يىڭى تۇرمىجۇش يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1939-يىلى، ئەسكەر بولغان. جەڭچى، ئاتقۇچى، جەڭدە ئۆلگەن.
5. ئابلەھيىت سۇپىيېف 1912-يىلى. ئالمۇتا ۋىلايىتى، ئەمگەكچى قازاق ناھىيىسىنىڭ كۆكتۆبە يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1939-يىلى، 9-ئايدا ئەسكەر بولغان. جەڭچى ۋە بىرپىست جېڭدە ئۆلگەن.
6. ئابلابوۋ زاخرۇللا. 1912 ـ يىلى،. چېلەك ناھىيىسىنىڭ بايسېيىت يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1940-يىلى، ئەسكەر بولغان، جەڭچى، ئاتقۇچى، جەڭدە ئۆلگەن.
7. ھاجىمۇراتوف نۇردۋۆلېت . 1914-يىلى،. ئەمگەكچى قازاق ناھىيىسىدىن، پېداگوگىكا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، 1940-يىلى، 2-ئاقيدا ئەسكەر بولۇپ، جەڭدە ئۆلگەن، ئاتقۇچى.
8. روزاخۇن ئالايېف . 1910 ـ يىلى. چېلەك ناھىيىسىنىڭ قارايوتا يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1940-يىلى، 2-ئاينىڭ 4-كۈنى ھەربىي سەپكە چاقىرتىلغان ھەمدە جەڭدە ئۆلگەن، ئاتقۇچى. جەڭچى.
9. غېنىئاخۇن جەلىلوف. 1912 ـ يىلى، چېلەك ناھىيىسىنىڭ مالىباي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1940-يىلى، 4-فېۋرالدا ئەسكەر بولغان، جەڭچى، ئاتقۇچى، جەڭدە ئۆلگەن.
10. ھېزىم ئىمىنوف . 1912-يىلى، چېلەك ناھىيىسىنىڭ بايسېيىت يېزىسلىق. 1940-يىلى، 2-ئاينىڭ 4-كۈنى ئەسكەر بولغان، جەڭچى، ئاتقۇچى ، جەڭدە ئۆلگەن.

11. ئىمىناخۇن كامالوف. 1921 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئەمگەكچى قازاق ناھىيىسىنىڭ تۆكتۆبە يېزىسىدىن ، 1940ـ يىلى، ئەسكەر بولغان. جەڭدە ئۆزىنى تانكا بىلەن قوشۇپ پارتلاتقان.

12. ئابدۇ مۇساباييېف.1915 ـ يىلى تۇغۇلغان. چېلەك ناھىيىسىنىڭ قىزىل ـ جىگەدە يېزىسىلىق س. 4.2. 1940 ـ يىلى. 4ـ فېۋرالدا ئەسكەر بولغان. جەڭچى، ئاتقۇچى، جەڭدە ئۆلگەن.

13. نازىروف ماياد ئاخاتوۋىچ مەيدە ئەخەت ئوغلى نەزىروف. 1916ـ يىلى، چېلەك ناھىيىسىنىڭ قىزىقىيا يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1940ـ يىلى، ئەسكەر بولغان. 1941ـ يىلى، 30ـ ئىيۇن كۈنى يارىلىنىپ ئەسىرگە ئېلىنىپ، 1943ـ يىلى، ئۆلگەن. بۇ جەڭچىنىڭ مىللەت تەركىبى يېزىلمىغان بولۇپ، تۇغۇلغان يۇرتى ۋە ئىسمىغا قاراپ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى پەرەز قىلىندى.

14. نىيازوف مەخسۇت نىياز ئوغلى. ( 1914ـ1996). ئەمگەكچى قازاق ناھىيىسىنىڭ سادىر يېزىسىدىن، 1940ـ يىلى، ئەسكەر بولغان. برېست قورغىنىنى قوغداش جېڭىدە باشتىن ئاخىرى بولغان ھەمدە قورشاۋدىن قېچىپ چىقىپ، پۇتۇن ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقان. ئۇ برېست جېڭىدە ئىزۋوت كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر ئىدى. ئۇ، 1996ـ يىلى، ۋاپات بولغان.

15. ئەبەي توختاخۇنوف . 1911 ـ يىلى، چېلەك ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1940ـ يىلى، 4ـ فېۋرالدا ئەسكەر بولغان. جەڭچى، ئاتقۇچى، جەڭدە ئۆلگەن.

16. ساۋۇت ھوشۇروف . ئەمگەكچى قازاق ناھىيىسىنىڭ پېڭشەر يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1940ـ يىلى، ئەسكەر بولغان. برېست قورگۇندىكى جەڭلەرگە قاتنىشىپ قورشاۋدىن قېچىپ چىققان ھەمدە ھايات قالغان شۇنىڭدەك بارلىق جەڭلەرگە قاتناشقان. پولك ھەربىي كۇرسىنى تۈگەتكەن. يېقىنغىچە ھايات ياشىغان .

17. تۇرسۇن ھوشۇروف ـ 1917 ـ يىلى چېلەكتە تۇغۇلغان. 1940ـ يىلى، 2ـ ئايدا ئەسكەر بولغان ، جەڭچى، ئاتقۇچى، جەڭدە ئۆلگەن.

18. مجىت يۇسۇپوف ـ 1920 ـ يىلى چېلەكنىڭ بايسېيىت يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1940ـ يىلى،10ـ ئوكتەبىردە ئەسكەر بولغان. جەڭچى، جەڭدە ئۆلگەن.

19 . ئابدۇللا ئىسلاموف ئىسلام ئوغلى، 1919 ـ يىلى، پانفىلوف، يەنى يەركەت ناھىيىسىنىڭ قۇرغان يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1939ـ يىلى ئەسكەر بولغان. جەڭچى، ئاتقۇچىئى، جەڭدە ئۆلگەن.

20. ئەخمەت جەلىلوف ، 1919-يىلى تۇغۇلغان ، يەركەت شەھرىدە تۇغۇلغان. كومسومول، جەڭچى، ئاتقۇچى، جەڭدە ئۆلگەن.

21. ئابدۇخېلىل ياقۇپوف - 1918 -يىلى تۇغۇلغان ، تالدىقۇرغان ۋىلايىتىنىڭ پانفىلوف ( يەركەت) ناھىيىسىنىڭ بىرلىك يېزىسىدىن . 1939-يىلى، 2-ئاينىڭ 5-كۈنى ئەسكەر بولغان. جەڭچى، جەڭدە ئۆلگەن.

22. مۇھەممەد تۇردىيېف. 1921-يىلى، يەركەت ( پانفىلوف) شەھرىدە تۇغۇلغان. 1939-يىلى، 2-ئاينىڭ 6-كۈنى ئەسكەر بولغان. سېرژانت، كومپىنداد ئىزۋوتىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى، جەڭدە ئۆلگەن.

يۇقىرىقى ئىسىملاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر ناھىيىسىنىڭ تۈگمەن يېزىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلاردىن زلاۋدىنوف جالال ئىسىملىك جەڭچىمۇ بار. ئۇمۇ برېست قورغىنى ئۈچۈن بولغان جەڭدە ئۆلگەن.

برېست قورغىنى ئۈچۈن بولغان جەڭنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان << برېست قورغىنى>> ناملىق فىلىمدە ئەڭ خەتەرلىك پەيتتە بىر رۇس جەڭچىسىنىڭ دۈشمەن تانكىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، دۈشمەن ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەنلىكى ۋە ئاخىرى ئۆزىنىڭ قۇربان بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئەمما، لەيلە ئەخمەتوۋانىڭ تەكشۈرۈشلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئالماتا ۋىلايىتىنىڭ ئەمگەكچى-قازاق ناھىيىسىگە قاراشلىق كۆكتۆپە يېزىسىدا 1921-يىلى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ھەمدە 1940-يىلى، ھەربىي سەپكە چاقىرتىلغان ئۇيغۇر يىگىتى ئىمناخۇن كامالوف 1125-ئاتقۇچىلار پولكىنىڭ ئاتقۇچىسى ئىدى. ئۇ، 22-ئىيۇن كۈنىدىكى جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئېلىشقان . باشقا مىڭلىغان سوۋېت ئەسكەرلىرى تۇشمۇ-تۇشتىن قورال تاشلاپ ئەسىرگە چۈشۈۋاتقان بۇنداق شارائىتتا بۇ ئۇيغۇر يىگىتى قورال تاشلاش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە، دۈشمەن تانكىسىغا قارشى گراناتالارنى تاشلىغان ھەمدە ئاخىرىدا قولىدىكى گراناتالار بىلەن بىرگە تانكىغا ئېتىلىپ بېرىپ، تانكىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۆزى تانكا بىلەن تەڭ پارتلىغان ئىكەن.

باشقا 20 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر جەڭچىسىنىڭ يەنە قانداق باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەنلىكى نامەلۇم، بۇلار ھەققىدە ھېچ كىم ھېچ نېمە يازمىغان ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1934-1937-يىللىرى خوجا نىياز ھاجىمغا مەسلىھەتچى سۈپىتىدە مەنسۇر ئەپەندى دېگەن نام بىلەن ئەۋەتكەن، 1944-1946-يىللىرى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چۆچەكتىكى پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئابدۇللا رامازانوف ئىسمى بىلەن ئەۋەتكەن مەخسۇس

خادىمى، مەشۇر روزىيىپنىڭ 1970-يىللاردا نەشر قىلىنغان << قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى >> ماۋزۇلۇق كىتابىدا ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرنىڭ بىرىسـت ئۇرۇشـىغا قاتناشـقانلىقى قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مۇنـداق 20 نەچـچە ئۇيغـۇر جەڭچىسـىنىڭ مەزكـۇر جەڭلەردە بولغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق ئىدى(7).

## بىھۇدە تۆلەنگەن بەدەل ۋە قەھرىمانلىقلار

مەلـۇمكى،1941-يىلـى، 22-ئىيۇنـدىن تـاكى 1945-يىلـى، 8-مـايغىچە داۋاملاشقان سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى 27 مىليون سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ۋە پۇقراسـى ۋە 9 مىليوندىن ئارتۇق گېرمانىيە ئارمىيىسى ھەم ئۇنىڭ ياللانمـا ئىتتىپاقچىلىرىنىـڭ ھەربىي خادىملىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش بىلەن ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىدا ئەڭ ئېغىر پاجىئەلەرگە گىرىپتار بولدى(8).

گىتلېـر گېرمانىيىسـىنىڭ سـوۋېت ئىتتىپـاقىنى دۇنيـا سياسـىي خەرىتىسـىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان بۇ كەڭ كۆلەملىـك ھۇجۇملىرىغـا قارشـى سـتالىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى پۈتۈن ھەربىي كۈچى، ئىقتىسادىي ۋە ئادەم بايلىقىنى ئىشقا سېلىپ تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. بـۇ ئـۇرۇش گەرچە ئوتتـۇرا ئاسـىيادىن ، جۇغـلـدىن يـاۋرو-ئاسـىيانىڭ مەركـىزى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇرلار دىيارىدىن شۇنچە يىراقتا بولۇشىغا قارىماي، ئوتتۇرا ئاسـىيا خەلقلىرىمۇ ئۇرۇش قايىنىمىغا سۆرەپ كىرگۈزۈلۈپ، رۇس، ئۇكرائىن، بېلارۇس قاتـارلىقلار سلاۋىيانلار ۋە باشـقا خەلقـلەرگە ئوخشاشـلا مىليونلىغـان پەرزەنتلىرىنـى گېرمـانىيە ئارمىيىسىنىڭ رەھىمسىز ئوقلىرىغا يەم قىلىپ بېرىش قىسـمىتىگە دۇچ كەلـدى. ئوتتـۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە ئۆزبېكلەر، قازاقلار، تاجىكلار ئەڭ كۆپ ئۆلدى. ئەلـۋەتتە بـۇ سەپتە يەنە تۈركمەنلەر، قىرغىزلار ۋە ئۇيغۇرلارمۇ بار.

مەلۇمكى، سوۋېت -گېرمان ئۇرۇشى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسيالىقلاردىن ئەڭ كۆپ ئۇرۇشقا ئەۋەتىلگەنلەر ئۆزبېكستانلىق بولۇپ، 1 مىليون 433 مىڭدىن ئارتۇق ئـادەم ئالدىنقى سەپلەردىكى جەڭلەرگە ئەۋەتىلگەن. 450 مىڭ ئادەم، ئـۆلگەن 132مىـڭ ئادەم ئىز-دېرەكسىز يوقلىپ كەتكەن. 338 ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق قەھرىمانى بولغان. ئۆزبېكلەردىن تۇنجى بولۇپ، ئەنجانلىق قوچقار تۇردىيېۋ سـوۋېت ئىتتىپـاقى قەھرىمانى بولغان. ئەنجان ئوبلاستىن 97 مىڭ ئادەم ئۇرۇشقا بېرىپ، 40 مىڭ ئادەم ئۆلگەن (9).

قازاقىستانلىقلاردىن 1 مىليون 200 مىڭ ئادەم ئۇرۇشقا بېرىپ،410 مىڭ ئادەم ئۆلگەن(10) . قىرغىزىستاندىن 360 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، يېرىمى دېگۈدەك ئۆلگەن.(11)

4 يىللىق سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىنىڭ ھەر قايسى جەڭ مەيدانلىرىدا ياۋروپادىن 4000 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يەتتەسۇنىڭ ئىلى دەرياسى ۋە چارىن دەريالىرى ۋادىلىرىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت بۇيرۇقى بىلەن ھەربىي سەپكە ئەۋەتىلگەن خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئەرلىرىمۇ ھاياتىدىن ئايرىلدى. سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە يەنە ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندىن بارغان ئۇيغۇرلارمۇ كۆپ ئۆلگەن ھەم يارىدار بولغان بولسىمۇ، بىراق تاكى ھازىرغىچە ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندىن ئۇرۇش سېپىگە ئەۋەتىلگەن ئۇيغۇرلار كۆپىنچە ھاللاردا ئانچە تىلغا ئېلىنمايدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان ۋىلايىتى پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان بىر جاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ئىزچىل كۆچۈپ كېلىپ يەرلىشىپ، بۇ ۋىلايەت ئاھالىسىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان شۇڭىدەك قەدەم-قەدەم ئۆزبېكلىشىپ كەتكەن رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن مەركىزى ۋىلايەت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزبېك دەپ تىزىمغا ئالدۇرغان نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ تېگى-تەكتى ئۇيغۇر ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن مەركىزى ۋىلايەتتىن ئۇرۇشقا بارغان 97 مىڭ ئادەم ۋە ئۆلگەن 40 مىڭ ئادەمنىڭ زور كۆپچىلىكىمۇ ئۇيغۇر نەسلىدىن بولۇشنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

بۇلاردىن باشقا يەنە پەرغانە ۋادىسىنىڭ باشقا شەھەر ۋە يېزىلىرىدىن بارغان ئۆزبېكلەرنىڭمۇ خېلى كۆپچىلىكىنىڭ تېگى-تەكتىنىڭ ئەسلىدە قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىقىپ، قەدەممۇ-قەدەم ئۆزبېكلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلگەن ئەنە شۇ جايلىق ئۆزبېكلەرنىڭ خېلى كۆپچىلىكىنى ئەسلى ئۇيغۇرلار دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، نوپۇسى ۋە باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە بىز << پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقىلىپ كەتكەن خەلق-ئۇيغۇرلار>> ناملىق ماقالىمىزدە تەپسىلىي توختالغان بولغاچقا، بۇ يەردە بايان قىلمىدۇق.

4 يىلغا سوزۇلغان سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشى جەريانىدا قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى ھازىرچە تولۇق مەلۇم ئەمەس. بۇ ھەقتە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا تۈرلۈك ئۆلچەملەر بار. بەزىلەر 200 مىڭ ئۇيغۇر ئۇرۇشقا

قاتنىشىپ، يېرىمى ئۆلگەن دېيىشىدۇ، يەنە بەزىلىرى 100 مىڭ ئۇيغۇر قاتنىشىپ، يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلگەن دېيىشىدۇ. بۇ ھەقتە ھېچكىمنىڭ سانلىق مەلۇمات توپلىغىنى يوق. ئۆزبېكىستاندىن ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ۋە تەركىبى تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، ئادەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزبېكىستانلىق ۋە ياكى ئۆزبېك دېگەن رامكا ئىچىگە كىرگۈزىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇرلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىدا ئەڭ كۆپ ئادەم چىقىم بولغان مىللەتلەرنىڭ بىر ھېسابلىنىدۇ خالاس!

ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن 3 ئادەمگە سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى، 1 ئادەمگە كېيىن قازاقىستان خەلق قەھرىمانى دېگەن ئالىي نام بېرىلگەن. نۇرغۇن ئۇيغۇرلار <<قىزىل يۇلتۇز>>، <<قىزىل بايراق>> ۋە <<1- ۋە 2- دەرىجىلىك دەرىجىلىك ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى>> قاتارلىق ئالىي ئوردېنلار بىلەن تەقدىرلەنگەن. ئۇيغۇرلار موسكۋا، لېنىنگراد، ستالىنگراد ، كىيېۋ ئۇرۇش مەيدانلىرى ھەمدە ياۋروپادا بېرلىننى ئىشغال قىلىش جەڭ مەيدانلىرىدا بولغان. ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى موسكۋانى قوغداش جەڭ مەيدانىدا، لېنىنگراد ئۇرۇش مەيدانىدا، ستالىنگراد ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ھەم باشقا ھەر قايسى ئۇرۇش سەپلىرىدە ھەمدە ياۋروپا تۇپراقلىرىدا تۆكۈلدى.

ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ قەدەم ئىزلىرى، رۇسىيە، ئۇكرائىنىيە، بېلارۇسىيە، مولداۋىيە ۋە كاۋكازىيىنىڭ يېزا قىشلاقلىرى ۋە شەھەرلىرىدە قالدى.

ھازىرغىچە ئېتنىك تەركىبى ئېنىق بولغان قازاقىستانلىق ئۇيغۇرلاردىن مەسۇم ياقۇپوف، داداش باباجانوف، سۇلھى لۇتپۇللىن قاتارلىق ئۈچ كىشىگە ئەڭ ئالىي نام - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى دېگەن نامغا ئېرىشكەن. يەنە بىر نەپەر قەھرىمان مۆردۈن تىيىپوف ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى دېگەن نامغا سازاۋەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن قاندىقتۇر بىر سەۋەبلەر بىلەن بۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ، 1995-يىلى قازاقىستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازارباييېۋ ئۇنىڭغا قازاقىستان خەلق قەھرىمانى دېگەن ئالىي قەھرىمانلىق نامىنى بەرگەن. ئۆزبېكىستانلىق ئۆزبېك ئاتالغان قەھرىمانلارنىڭ ئارىسىدا يەنە قانچىسىنىڭ ئەسلى تېگى ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس.

4 يىللىق سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى جەريانىدا ئۇيغۇرلاردىن مەلۇم ساندا تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار يېتىشىپ، چىقىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئېزۋوت، روتا، باتالىيون ۋە پولكلىرىغا قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىلىرىنى

ئاتقۇردى. مەسىلەن، بۆلەرنىڭ ئارىسىدا تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكلىرى پودپولكوۋنىك ۋاخاب غوجامبەردىيېۋ، پولكنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كوماندىرى ۋە دىۋىزىيىنىڭ سىياسىي ئىشلار بويىچە مەسئۇللىرىدىن بىرى ئىستىپادىكى پولكوۋنىك ئابدۇللا ئىزباقىيېۋ ،مايور م. باراتوۋ، مايور ئىسھاقوۋ ، لېيتنانت ئاۋۇت ساتتاروۋ ، پولكنىڭ سىياسىي ئىشلار بويىچە كوماندىرلىرىلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان خېلەم خۇدابەردىيېۋ ۋە باشقىلار بار ئىدى. ئاياللاردىن سېرجانت رىزۋان قادىروۋا پۈتۈن ئۇرۇش سەپلىرىنى تاماملاپ ئاخىرى بېرلىننى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ باتۇرلۇق ئوردېنلىرى بىلەن مۇكاپاتلاندى(12).

باتالىيون كوماندىرى ھاشىم نەسىردىنوۋ، پودپولكوۋنىك ساۋۇت دانىياروۋ قاتارلىقلار سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ باتالىيون ۋە پولكلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ كۆپلىگەن جەڭلەردە غەلىبە قىلغانلىقى ئۈچۈن << قىزىل يۇلتۇز>> ۋە << قىزىل بايراق>> ئالىي ئوردېنلىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان.

قىرغىزىستانلىق ئۇيغۇرلاردىن قىرغىزىستاننىڭ ئوش ۋىلايىتىنىڭ ئۆزگەند رايونلىق ئۇيغۇر جەڭچىسى قاھار شەرىپوۋ پولشادىكى جەڭلەر داۋامىدا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، كېيىن ئەسىرلىكتىن قېچىپ پولشا پارتىزان ئەترىتىگە قاتنىشىپ، پولشادا پارتىزانلىق ئۇرۇشلاردا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن پولشا ھۆكۈمىتى ئۇنى ئەڭ ئالىي پارتىزانلىق قەھرىمانلىق ئوردېنى<< ئالتۇن پارتىزان كرېستى>> بىلەن تەقدىرلىدى(13).

ئۇيغۇرلار پارتىزانلىق ئۇرۇشلارغىمۇ قاتنىشىپ، پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ كوماندىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرغان ئىدى. مەسىلەن ،

شەمشىدىن نىزاموۋ مىنسك ـ موسكۋا لىنىيىسىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىدا ئالاھىدە پارتىزان دىۋىزىيونىنىڭ كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان بولۇپ، ئۇ گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سەپىنى ۋەيران قىلىش ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا <<قىزىل بايراق>> ئوردېنى بېرىلگەن. ئۇنىڭ قولىدا نۇرغۇن نېمىس ئارقا سەپ تەمىنات پويىزلىرى، ئاپتوموبىل ئەترەتلىرى ۋەيران بولدى.

ھاكىم ئەيسايېۋ بېلارۇسىيە ئورمانلىرىدىكى چوڭ پارتىزان ئەترىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ كوماندىرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ پارتىزانلار ئارىسىدا << قارا مىشا>> دېگەن لەقەم بىلەن داڭ چىقارغان ئىدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك پارتىزانلىق ئۇرۇشى جەريانىدا ئۇنىڭ قەھرىمانلىق نامى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ، رىۋايەتكە ئايلانغان ، ئاخىرىدا ئۇ يارىلىنىپ، پۈتى كېسىۋېتىلگەن ئىكەن (14).

سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئۇيغۇرلاردىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا داڭلىق ئالىملار ۋە يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقتى(15).

مەسىلەن، 1925-يىلى، قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل بويىدىكى قاراقول شەھىرىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ھازىرقى قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، پروفېسسور ئەزىز ئەيساجان ئوغلى نارىنبايېۋ 1941-1945-يىللىرىغىچە سوۋېت ئارمىيىسى تەركىبىدە كۆپلىگەن جەڭلەرگە قاتناشقان بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى زەمبىرەكچىلەر قوشۇنىدا ۋەزىپە ئۆتەپ، نۇرغۇنلىغان دۈشمەن ئىستىھكاملىرى ۋە تانكىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئوردېن ھەم مېداللار بىلەن تەقدىرلەنگەن ئىدى.

ئەزىز نارىنبايېۋ ئۇرۇشتىن كېيىن موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تىرىشىپ ئوقۇپ، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى تۇنجى پەلسەپە پەنلىرى دوكتورى ۋە پروفېسسور بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، كۆپلىگەن قىرغىز ئالىملىرى ، دۆلەت ئەربابلىرىنى تەربىيىلىگەن ئىدى. قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى پرېزىدېنتى ئەسقەر ئاقايېفمۇ ئەنە شۇ ئالىمدىن پەلسەپە دەرسى ئاڭلىغان ئىدى.

گېرمانىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇر يىگىتلىرى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ مانجۇرىيىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىنى يوقىتىش جەڭلىرىگە قاتنىشىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ياپونىيە ئىشغالىيىتىن قۇتۇلۇشىغا ھەسسە قوشتى. مانجۇرىيىدىكى ياپونىيە كانتون ئارمىيىسىنى يوقىتىش ئۇرۇشىدا ئۆلگەن 20 مىڭغا يېقىن سوۋېت جەڭچى-ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئارىسىدا قانچە ئۇيغۇر جەڭچىسىنىڭ بارلىقى نامەلۇم. ئەنە شۇ ئۇرۇشقا كېيىنكى ۋاقىتتا ئاتاقلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان مەشھۇر ئۇيغۇر يازغۇچىسى خىزمەت ئابدۇللىنمۇ ( 1925-1986)قاتناشقان ئىدى. ئۇ، خارbin ۋە باشقا جايلاردىكى جەڭلەرگە قاتناشقان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىلشۇناسى بولۇپ تونۇلغان، پروفېسسور تۇغلۇقجان تالىپوفمۇ ئەنە شۇ مانجۇرىيىدىكى جەڭلەرگە قاتنىشىپ مېدال بىلەن تەقدىرلەنگەن ئىدى.

تۇغلۇقجان تالىپوۋ ( 1925-2012) ھەربىي سەپتىن قايتىپ، داۋاملىق ئوقۇپ، ئاخىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇنجى فونېتىكا تەتقىقاتچىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، دوكتورلۇق ۋە پروفېسسرلۇق ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولغان. ئۇ ھاياتىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا ساھەسىگە بېغىشلىغان ئىدى.

قىسقىسى، ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئۇرۇش سېپىدىن ئەڭ يىراقتىكى ئانا تۇپراقلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆمرىدە ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاڭلاپ باقمىغان ياۋروپا

خەلقلىرىنىڭ فاشىزمنىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇشىغا ئۆزلىرىنىڭ بىر ئۈلۈش ھەسسىسىنى قوشتى.

ئۇيغۇر جەڭچىلىرىدىن ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى داداش باباجانوف ئۇكرائىنىيىدىكى كىيېفنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن مەزكۇر ئالى نامغا ئەرىشكەن. مەسۇم ياقۇپوفمۇ ئۇكرائىنىيىدىكى دنېپىر دەرياسى بويىدىكى جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى نامى بېرىلگەن ئىدى.

سۈلھى لۇتفۇللىن بولسا تانكىغا قارشى كىچىك تىپتىكى زەمبىرەكنىڭ ماھىرى بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى-كېيىنكى ئۇرۇشلاردا 18 گېرمان تانكىسى ۋە برونىۋىكنى پاچاقلاپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەڭ ئالىي نام - سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى نامى بېرىلگەن ئىدى.

ئاپتوماتچى باتۇر شەرىپوفنىڭ نامى مەشھۇر بولۇپ، ئۇ موسكۋا ئۇرۇشىدىن تارتىپ تاكى بېرلىنغىچە بولغان ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىگە قاتنىشىپ، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن 1945-يىلى، 9-ماي كۈنى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن غەلىبە پاراتىغا قاتنىشىشقا تاللىنىپ، پاراتتىن ئۆتكەن. مەزكۇر پاراتقا جەڭچى-ئوفىتسېرلار ئارىسىدىكى قەھرىمانلار، باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلەرلا تاللىنىشقا ئەرىشەلەيتتى.

قازاقىستانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى كۆپچىلىكى پانفىلوف دىۋىزىيىسى تەركىبىدە موسكۋا ئۇرۇش سېپىگە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، كۆپلىگەن ئۇيغۇر جەڭچىلىرى موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشى مەيدانى ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا قانچىلىغان ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ تانكىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۆزلىرىمۇ ھاياتىدىن ئايرىلغان قەھرىمانلىقلىرى بەلكى تارىختىن ئورۇن ئالالمىغان بولۇشى مۇمكىن. موسكۋانى قوغداپ قالغان پانفىلوف دىۋىزىيىسىنىڭ جەڭچىلىرىنىڭ خېلى كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئەنە شۇ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ھەر مىللەت پىدائىيلىرىنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن موسكۋا قوغدىلىپ قېلىنغان ئىدى. ئەگەردە بۇ جەڭدە موسكۋا قولدىن كەتكەن بولسا بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى 1991-يىلى ئەمەس، بەلكى 1941-يىلى تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلانغان بولار ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ستالىن موسكۋانى قوغداش يولىدىكى ئەڭ چوڭ باتۇرلۇق كۆرسەتكەن 28 ئادەمگە سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى نامىنى ھەمدە <<28 پانفىلوفچىلار>>دېگەن قەھرىمانلىق نامىنى بەرگەندىن تاشقىرى دىۋىزىيە كوماندىرى ، گېنېرال مايور پانفىلوفنىڭ نامىنى ئۇيغۇرلار قۇرغان يەركەت شەھرىگە

قويۇپ، ئەسلى كونا يەركەت نامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، 2-جاھان ئۇرۇشى، جۈملىدىن سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى مەسىلىسى قايتا ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماقتا . سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ چىققان بىر قىسىم مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر بۇ ئۇرۇشنى قايتا باھالاپ، بۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ماتەم كۈنى ۋە ياكى بېھۇدە قان تۆكۈش دەپ بىكىتكەن. بۇرۇن بۇ ئۇرۇش << ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى>> دەپ ئاتالغان بولسا، بەزى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر ھازىر بۇ نامنى تاشلىۋېتىپ، پەقەتلا 2-دۇنيا ئۇرۇشى، 1941-1945-يىللىدىكى ئۇرۇش، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاشقا كىرىشكەن.

ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى 9-ماي غالىبىيەت كۈننى << ئەسلەش ۋە ھۆرمەت>> كۈنى دەپ ئۆزگەرتىپ، ئۇنى غالىبىيەت كۈنى ئەمەس، بەلكى << خاتىرە ۋە ھۆرمەت كۈنى>> دەپ ئاتىغان.

لاتۋىيە، لىتۋا ۋە ئېستونىيە قاتارلىق بالتىق جۇمھۇرىيەتلىرى بولسا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بالتىق جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئازاد قىلغانلىقىغا ئائىت خاتىرە ھەيكەللىرىنى ئېلىپ تاشلىغان. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە قىزىل ئارمىيە بۇ جايلارنى ئازاد قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى بېسىۋالغۇچىلاردۇر.

مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گىتلېر فاشىزىمىدىن قوغداش جەڭلىرىگە ئاتلىنىپ، سانسىزلىغان ئوغۇل-قىزلىرىنى قۇربان قىلغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى چوڭ مىللەتلەر بۈگۈنكى كۈندە ئۆزلىرىنىڭ تەگىشلىك نەسىۋىسىنى ئالدى. ئۇيغۇرلارغا قەرىنداش بولغان تۈركىي خەلقلەر ، يەنى ئۆزبېكلەر، قازاقلار، قىرغىزلار، تۈركمەن، ئەزەربەيجانلار مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتكە ئېرىشتى. تاتارلار، باشقۇرتلار، چۇۋاشلار، ياقۇتلار، خاكاسلار، ئالتايلار، تۇۋالار، قاراچايلار، بالقارلار بۈگۈنكى رۇسىيە فېدېراتسىيىسى تەركىبىدىكى فېدېراتسىيە كېلىشىمىگە ئىمزا قويغان جۇمھۇرىيەتلىك ھوقۇقىغا سازاۋەر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يۇقىرى دەرىجىدە ئىدارە قىلىش سالاھىيەتلىرىگە ئېرىشتى.

سابىق سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە كېيىنكى رۇسىيە ھۆكۈمىتى تۈركىي مىللەتلەردىن باشقا يەنە ھەر قايسى مىللەتلەرگىمۇ ئالىي مۇختارىيەت-جۇمھۇرىيەت ھوقۇقلىرىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن موڭغۇل تىللىق بۇرىياتىيە جۇمھۇرىيىتى، قالماقىيە جۇمھۇرىيىتى، كاۋكازلىقلارنىڭ چېچېنىيە جۇمھۇرىيىتى، چېركەس جۇمھۇرىيىتى ، ئۇگور-فىن تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۇدمۇرتىيە

جۇمھۇرىيىتى ۋە باشقىلارنى ساناپ ئۆتۈش مۇمكىن .

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز مىللىي جۇمھۇرىيەتلىرىدە يېتەرلىك يۇقىرى سىياسىي ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، كەلگۈسى تەرەققىيات يولىغا يۈزلەنمەكتە.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئىچىدە سانىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي، ئۇرۇشتا كۆپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ۋە زور بەدەل تۆلىگەن ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ ئاخىرىدا ھېچ نېمىگە ئېرىشەلمىدى . موسكۋا گەرچە 1947-يىلى، قازاقىستاندا ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇشنى ئويلىشىپ، قازاقىستان كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى شاياخمەتوف ئالمۇتا ئەتراپى، چۆنجە، يەركەت قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇش ھەققىدە لايىھە تەييارلاپ، موسكۋاغا مەخسۇس تەكلىپ سۇنغان بولسىمۇ، بىراق موسكۋا بۇ تەكلىپنى ئەمەلىيلەشتۈرمىدى (16). موسكۋا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارغا نېمە ئۈچۈن ئاپتونومىيىلىك ھوقۇق بەرمىدى؟ بۇ ھەقتە تۈرلۈك چۈشەنچىلەر ۋە قاراشلار مەۋجۇت، ئاساسلىقى موسكۋانىڭ ئۇيغۇرلارنى كۆچمەن خەلق دەپ قارىغانلىقى بولسا كېرەك، ئەمما تۈپ مەسىلە ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەخپىي ئارخىپلىرىدىن جاۋاب ئىزدەش لازىم.

## ستالىننىڭ ئويۇن قەرتى بولغان ئۇيغۇر قەھرىمانلىقى

ئۇيغۇرلار سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى مەيدانىدا جەڭ قىلىۋاتقان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى تۆكۈپ، رۇسلار، ئۇكرائىنلار ۋە بېلارۇسلار ھەمدە شەرقىي ياۋروپالىقلارنىڭ تۇپراقلىرىنى گىتلېر ئارمىيىسىدىن تازىلاۋاتقان ئەشۇ يىللاردا ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تۇپراقلىرىدا ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان ئىدى. ئوخشاشلا ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچكەن ئۇيغۇر يىگىتلىرى خۇددى چاگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ گىتلەر ئارمىيىسىنى قوغلاپ، بېرلىن ‹غېچە باستۇرۇپ بارغىنىغا ئوخشاش ئۆزلىرىنى قۇدرەتلىك ئارمىيە دەپ ئاتاپ زامانىسىنىڭ ئەڭ ئىلغار قوراللىرى بىلەن قوراللانغان گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قارشى جەڭ قىلىپ، ياپونىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشلاردا تاۋلانغان دەپ تەرىپلەنگەن گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم يېڭى 2- ئارمىيىسىنى ماناس دەرياسى بويىغىچە قوغلاپ بارغان ئىدى.

ستالىنگراد ئۇرۇشىنىڭ غەلبىسىدىن كېيىن قايتىدىن ئۆز كۈچىگە ئىشەنگەن ستالىن ستالىنگراد ئۇرۇشى غەلبە قىلىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن يىراق ئۇيغۇر

دىياردا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى قوزغاپ، ئۆزىدىن يۈز ئۆرىگەن شىيېك شىسەيدىن ۋە غەرب بىلەن بىرلىشۋالغان جاڭ كەيشىدىن ھېساب ئېلىشنى قارار قىلغان ئىدى. موسكۋانىڭ يارد ىمىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن ئەلىخان تۆرە قاتارلىقلار رەھبەرلىكىدىكى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى كرېمىل ئەۋەتكەن گېنېراللار ۋە كونسۇللارنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ستالىننىڭ شاخمات تاختىسىدىكى پېچەكسىغا ئايلانغانلىقىنى سەزمەي قېلىشتى.

بۇ ئۆرۈشلاردا ستالىن ھۆكۈمىتى ئەنە شۇ سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە جەڭ قىلغان بەزى ئوفىتسېرلارنى مىللىي ئارمىيىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇرلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھازىرچە ئىسمى ئاشكارىلىرىدىن سوۋېت قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىدىن مىرزىگۇل ناسىروف، سىيدەخمەت ئۆمەروف، قوچقاروف ۋە باشقا نەچچە ئونلىغان يىگىتلەر بار ئىدى. چىلەكلىك مىرزىگۇل ناسىروف ۋە ئۆزبېكىستانلىق تېگى ئۇيغۇر قوچقاروف قاتارلىقلار غۇلجىنى ئازاد قىلىش ۋە ئاقسۇ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتى . سەيدەخمەت ئۆمەروف بولسا، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ھەربىي بۆلۈمىدە خىزمەت قىلدى. قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېرى خېلەم خۇدابەردىيېف بولسا، 1947-1949-يىللىرى ئارىسىدا غۇلجىدا مىللىي ئارمىيە باش شتابىدا ئىسساقبەك مۇنونوفقا مەسلىھەتچى، كېيىن ئەخمەتجان قاسىمغا مەسلىھەتچى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئىدى.

بىراق، ستالىن ھۆكۈمىتى 1945-يىلى، 5-ئايدا 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىي مەيدانىنى تولۇق ئۆزگەرتىپ، 9-ئايدا جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنى گومىنداڭ بىلەن سۆھبەت ئۈستىلىگە ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. ستالىن ھۆكۈمىتى مىللىي ئارمىيىنىڭ داۋاملىق جەڭ قىلىشىنى توسۇپ ئۇلارنىڭ خۇددى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى گىتلېر ئارمىيىسىنى بېرلىنغىچە قوغلاپ بارغىنىغا ئوخشاش مىللىي ئارمىيىنىڭمۇ گومىنداڭ ئارمىيىسىنى شىخشىخشاغىچە قوغلاپ بېرىشىگە يول قويمىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۈرۈمچى بوسۇغىسىغا يېتىپ كېلىۋاتقان قەدەملىرى بىردىنلا توختاپ قالدى. 8-ئايدا جاڭ كەيشىنى ئۆز ئالدىدا باش ئەگدۈرۈپ، يالتا كېلىشىمدە ئېرىشكەن مەنپەئەتلەرنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ستالىن ھۆكۈمىتى بىردىنلا پىلاننى ئۆزگەرتتى شۇنىڭدەك ئىلى ھۆكۈمىتىنى داۋاملىق قوللاپ ۋە ئىسكەنجىگە ئېلىپ، مىللىي ئارمىيىنى ماناس دەرياسى بويىدا 3 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جىم يېتىشقا مەجبۇر قىلدى.

نەتىجىدە، مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پىداكار ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلى نەتىجىسىدە دۇنياغا كەلگەن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ۋە ئۈچ فرونتنىڭ جەڭ غەلىبىسىنىڭ زاراتگاھلىقى قىزىلدى.

ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ قەھرىمانلىق روھى برېست، موسكۋا ، ستالىنگراد، لېنىنگراد، كىيىف ۋە بېرلىن جەڭ مەيدانلىرىدا قانداق جارى قىلدۇرۇلغان بولسا، ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقى ئوخشاشلا غۇلجا، جىڭ ، شىخو ۋە باشقا جەڭ مەيدانلىرىدا ئوخشاشلا نامايەن بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى داداش باباجانوف ئۆزى يالغۇز نەچچە ئونلىغان گېرمان ئەسكەرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىستىھكامىنى يوقىتىپ، چوڭ قوشۇننىڭ ئاتاكىسىغا يول ئاچقان بولسا، زىخرۇللام نادىروفمۇ جىڭنى ئازاد قىلىش جەڭ مەيدانىدا ئۆزى يالغۇز دۈشمەن پوتەيلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، جىڭنىڭ ئازاد قىلىنىش يولىنى ئاچقان ئىدى. ئىراق، بۇ ئىككى قەھرىمانلىقنىڭ پەرقى شۇكى، ئالدىنقىسى سوۋېت زېمىنىنى گېرمانىيە ئارمىيىسىدىن ئازاد قىلىش يولىدا كۆرسىتىلگەن بولسا، كېيىنكىسى ئۆز ۋەتىنىنى، ئۆز ئانا تۇپرىقىنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش يولىدا كۆرسىتىلگەن ئىدى. ئەمما، تەقدىرنىڭ ئاچچىق يېرى شۇكى، بۇ قەھرىمانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ستالىننىڭ شاخمات ئويۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ خۇلاسىسى كرېملىنىڭ بۇ بىپايان زېمىنلەردىكى مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن قۇربان قىلىندى خالاس! ئۆز ئانا تۇپرىقىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن دۈشمەن ئوقلىرىدا ئۆلمىگەن باتۇر زىخرۇللام ئاخىرىدا چۈشكۈنلىشىپ، ئەمگەكچىلەر مەيدانىنىڭ ئىككى مېتىرلىق زەيكەشلىكىدە ئارمان بىلەن ئۇ دۇنياغا كەتتى، ئۇنىڭ غۇلجا ۋە جىڭ جەڭ مەيدانىدىكى قەھرىمانلىقلىرى پەقەت ئاچچىق ئەسلىمە بولۇپلا قالدى خالاس!

گەرچە، برېست قورغىنىدا ئەشۇ ستالىننىڭ سوۋېت دۆلىتىنى جان تىكىپ قوغدىغان 20 نەچچە نەپەر، بەلكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇيغۇر جەڭچىلىرى سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشىنىڭ تۇنجى باتۇرلۇق داستانىنى يازغان بولسىمۇ، 4 يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا نەچچە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇرلار ئالدىنقى سەپلەرگە ئاتلىنىپ، قىممەتلىك جانلىرىنى پىدا قىلىپ، سوۋېت دۆلىتىنى، ستالىننى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي بيۇروسىنى قوغدىغان بولسىمۇ، ئىراق ئۇلارنىڭ ئانا تارىخى ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى ئەنە شۇ ستالىن ۋە كرېمىل تەرىپىدىن جۇغراپىيىۋى سىياسىي ئويۇنلاردىكى قەرتە سۈپىتىدە ئوينالدى، شاخمات تاختىسىدىكى پىچكىلار سۈپىتىدە قۇربان قىلىۋېتىلدى. بۇ رېئال تارىخ، ھەرگىزمۇ ئاددىي چىقىرىلغا خۇلاسە ئەمەس!

ئەنە شۇ ياۋروپا ۋە شەرقىي شىمال (مانجۇرىيە) جەڭ مەيدانلىرىدا ، برىپست قورغىنى، موسكۋا، لېنىنگراد، ستالىنگراد، كىيېۋ بوسۇغىلىرىدا ئۆزلىرىنى گېرمانىيە ۋە ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ تانكىلىرىغا، مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىغا، يامغۇردەك ياغدۇرۇۋاتقان ئوق توپچىلىرىغا تاشلاپ، ئەرلىك كۆرسەتكەن ئۇيغۇر جەڭچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تارىخى ئانا ۋەتىنىدىكى مىليونلىغان قېرىنداشلىرىنىڭ خۇددى ياۋروپا خەلقى، رۇسلار، ئۇكرائىنلار، بېلارۇسلار ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئازادلىققا ھەم ھۆرلۈككە تەشنا قەلبىنىڭ رەھىمسىزلەرچە دەپسەندە قىلىنغانلىقىدىن خەۋەرسىز كەتتى.

ئەشۇ برىپست قورغىنىدا سوۋېت -گېرمان ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى سائەتلىرى ۋە بىرىنچى كۈنلىرىدە رۇسلار، بېلارۇسلار، ئۇكرائىنلار ۋە باشقا خەلق پەرزەنتلىرى بىلەن بىر سەپتە دۈشمەنگە تەسلىم بولماي جەڭ قىلىپ، ھالاك بولغان 20 نەپچە قەھرىمان ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىنىڭ ستالىن تەرىپىدىن قانداق قۇربان قىلىنغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

ئۇيغۇرلار شەرقتە ياپونىيەگە قارشى، غەربتە گىتلېر گېرمانىيىسىگە قارشى ئۇرۇش سەپلىرىدىن ئەڭ يىراقتىكى خەلق بولۇشىغا قارىماي، بەرىبىر 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قايناملىرىغا سۆرەپ كىرگۈزۈلۈپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا ۋەزىيىتى بىلەن زىچ باغلاندى. ئۇيغۇرلار 2-دۇنيا ئۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەيدانغا كەلگەن دۇنياۋى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى تەركىبىدىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، ئەمما باشقا تەلىيى ئوڭ كەلگەن ئېزىلگەن خەلقلەرگە ئوخشاش تەلەيلەردىن بەھرىمەن بولالمىدى. ئۇلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى دۇنياۋى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى قىستۇرما كۈي سۈپىتىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇكەللەق مۇقام سادالىرىغا جۆر بولدى!. مانا بۇ تارىخ ! مانا بۇ تارىخنىڭ ئوخشىمىغان بەتلىرى ! ھەر قانداق بىر مىللەت ۋە خەلق ئۆز تارىخىنىڭ قاراڭغۇ ۋە يورۇق تەرەپلىرىنى بىلىشى ھەم ئۇنى خۇلاسىلاپ، ئاچچىق ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشى زۆرۈر ! ئەقىللىق، گۈللەنگەن ۋە غالىپ مىللەتلەر بۇ ھەقىقەتنى ئاللىبۇرۇن يەكۈنلەپ بولغان.

مەن << برىپست ئۇرۇشى>> ناملىق كىنونى ۋە قازاق ئالىمەسى لەيلا ئەخمەتوۋانىڭ برىپست ئۇرۇشىغا قاتناشقان قازاقىستانلىق جەڭچىلەر ھەققىدىكى ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئەشۇ يۇقىرىدا بايان قىلغان تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەسلەپ ئۆتكۈم كەلدى. بەلكى رۇسىيىلىكلەرنىڭ 70 يىل ئۆتكەندىن كېيىن برىپست ئۇرۇشى ھەققىدە نۇرغۇن پۇل خەجلەپ كىنو ئىشلىشى، قازاقىستانلىق ئالىم لەيلا

ئەخمەتوۋانىڭ ئۆمۈر بويى ئەشۇ تارىخىي ئىزلارنى ئىزدەپ، 70 يىل بۇرۇن بۇ قورغاندا ئۆلۈپ كەتكەن قازاقىستانلىق جەڭچىلەر ئۇچۇن يازما ئابىدە تىكلىشى تەسسادىپىيلىق بولمىسا كېرەك ؟ شۇنداق سورىغىم كېلىدۇ، بىز ئۇيغۇرلار ئۆز قەھرىمانلىرىمىزنى بىلەمدۇق؟ ئۆز ئۆتمۈشىمىزنىڭ شانلىق ۋە پاجىئەلىك سەھىپىلىرىنى ئېنىقلاشقا، ئۆگىنىشكە، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە قانچىلىك ئېتىبار بېرەلىدۇق؟

## پايدىلانغان ئەسەرلەر


1 . 1941-يىلى، 22-ئىيۇن. برېست قورغىنى. برېست قورغىنىنىڭ قازاقىستانلىق قوغدىغۇچى ھەربىيلىرى. www.zona.kz (رۇسچە)
2. برېست قورغىنى ھەققدە ۋىكىپېدىئادىكى ئۇچۇرلار. ( رۇسچە)
3. شۇ ئۇچۇر.
4. سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخى. 1992. 2-سان. 4-بەت.
5. زۇبوۋانىڭ تەھرىرلىكىدىكى ئىككى توملۇق << رۇسىيە 20-ئەسىر تارىخى، 1937-2007>>. Mئوسكۋا. 2009. 37-بەت
6. 1941-يىلى، 22-ئىيۇن. برېست قورغىنى. برېست قورغىنىنىڭ قازاقىستانلىق قوغدىغۇچى ھەربىيلىرى. www.zona.kz (رۇسچە)
7. مەشۇر روزىيېۋ . قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى. ئالمۇتا.
8. بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەتەن ئۇرۇشىدا 18 مىليون ئادەم ئۆلگەن دەپ ئېلان قىلغان، بىراق، 2005-يىلى، رۇسىيە ھۆكۈمىتى رەسمىي تۈردە 27 مىليونغا يېقىن ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىكىتتى. ئۆلگەن ۋە ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنىڭ سانىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا سوۋەت ھۆكۈمىتى بۇ ساننى يوشۇرغان.
9. http://www.konkurs.senat.org/article/Z_M_Ibragimovu.html
10. http://karakesek.ru/content/0/read62.html
11. /http://www.for.kg/ru/kyrgyzstan_history/78
12. مەشۇر روزىيېۋ . قايتا تۇغۇئۇلغان ئۇيغۇر خەلقى. ئالمۇتا. 1976. "قازاقىستان

نەشرىياتى".166-169-بەتلەر.

13. مەشۇر روزىيېۋ ، شۇ ئەسەر.168-بەت

14. مەشۇر روزىيەف .شۇ ئەسەر. 169-بەت.

15. تۇغلۇقجان تالىپوۋ ۋە ئەزىز نارىبانىيېۋ بىلەن سۆھبەتلەر جەريانىدا خاتىرىلەنگەن مەلۇماتلار.

16. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنت ئارخىپىدىكى ئۇچۇرلار.

# يالتا كېلىشىمى ۋە ئۇيغۇرلار

بۈنىڭدىن 60 نەچچە ئىلگىرى يەنى 1945-يىلى 4-فېۋرالدىن 11-فېۋرالغىچە بولغان بىر ھەپتە ئىچىدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى، ئۇلۇغ بىرىتانىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەت رەھبەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىسى يالتىغا توپلىنىپ، دۇنيانىڭ يېڭى سىياسي تەرتىپىنى بەلگىلەيدىغان ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە مەشھۇر "يالتا يىغىنى" نى ئېچىپ، ئاخىرىدا بىر قاتار مەسىلىلەر بويىچە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. دەسلەپتە مۇتلەق مەخپىيەتلىك تۈسى ئالغان، 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىش باسقۇچىغا توغرا كەلگەن مەزكۇر يىغىن بۈنىڭدىن 60 نەچچە ئىلگىرىكى دۇنيانىڭ يېڭى تەرتىپىنى بەلگىلەشتىلا ئەمەس بەلكى، بۈگۈنكى كۈندىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىمۇ يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. زامانىمىزدىكى كۆپلىگەن خەلقئارالىق مەسىلىلەر مەسىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى رامكىسى ئاستىدىكى ۋە باشقا رايون خاراكتېرلىك دىپلوماتىيىلىك مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە ئاشۇ يالتا كېلىشىمى بىلەن باغلىنىشلىقتا ئىگە.

تارىختىكى بەزى كەلىشمەلەرنىڭ يىلى كونىرىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى ئۈنچە ئاسان تۈگىمەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى جۇمھۇرىيەتلەر، پولشا، فىنلاندىيە قاتارلىق مەملىكەتلەر بىلەن رۇسىيە فېدېراتسىيىسى ئارىسىدا ھەتتا 1939-يىلى، 23-ئاۋغۇستتىكى سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوۋ بىلەن گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رىببەنتروپ قول قويغان "سوۋېت-گېرمان ئۆزئارا ئۇرۇش تاجاۋۇز قىلماسلىق شەرتنامىسى" ۋە باشقا شەرتنامە ھەم كېلىشىملەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مەسىلىلەر يەنىلا تالاش تارتىش تۈسىنى ئالغان بولۇپ، پولشا ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تۈردە موسكۋا دائىرىلىرىدىن 1939-1940-يىللىرىدا گېرمانىيە پولشىغا باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن گېرمانىيە ئارمىيىسىدىن يېڭىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىگە قېچىپ كىرگەن پولشا ئارمىيىسىنىڭ جەڭچى ئوفىتسېرلىرىنى كوللېكتىپ قىرغىن قىلىش جىنايىتى جۈملىدىن ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پولشا

چېگرىسى يېنىغا نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكەپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ماسلىشىپ، پولشا ئارمىيىسىگە ئارقىدىن زەربە بەرگەنلىك قىلمىشىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ ھەقتىكى مەخپىي ئارخىپلارنى پولشا ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇشنى ۋە سىرلارنى ئاشكارىلاشنى تەلەپ قىلماقتا (1). دېمەككى، تارىخ ھېچقاچان قېرىمايدۇ ۋە ئۆز رولىنى يوقاتمايدۇ. ئەنە شۇ سەۋەبتىن پولشا ۋە بالتىق دۆلەتلىرى بۈگۈنكى كۈندە مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۆتۈپ كەتكەن تارىخنى بىراقلا بولدى قىلمىۋەتمىدى. تارىخ بىر مىللەتنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ ئەينىكى بولۇپلا قالماستىن بەلكى كېلەچىكىنىڭ ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئەينىكى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر قانداق بىر مۇستەقىل دۆلەتكە ئىگە بولغان مىللەت ئالدى بىلەن ئەنە شۇ تارىخنى مىللىي ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە يەكۈنلەشكە ۋە تىكلەشكە شۇنىڭدەك ئۆز پۇقرالىرى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

مېنىڭچە ئاتلىق مىللەت ھېچقاچان ئۆز تارىخىنى ئۇنتۇمايدۇ ۋە تارىختىن ساۋاق ئېلىشنى ھەر قاچان ئۆزىگە ئادەت قىلىدۇ. پولشالىقلار 65 يىللار ئىلگىرى كاتىن ئورمانلىقىغا ستالىننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كۆمۈۋېتىلگەن پولشا جەڭچى - ئوفىتسېرلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە ئۇ سىرلارنى بىلىشنى زورۇر دەپ بىلگەندەك(2)، ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز تارىخىدىكى نۇرغۇن پاجىئەلىك سىرلارنى سوراش ۋە بىلىشنى تەلەپ قىلىش ھەم ئۇنى مەجبۇرىيەت دەپ چۈشىنىشكە تامامەن ھەقلىق بولسا كېرەك. ئۆز تارىخىنىڭ شەرەپلىك بەتلىرىدىن پەخىرلىنىش بىلەن نومۇسلۇق بەتلىرىدىن نەپرەتلىنىش شۇنىڭدەك بىچارە قىسمەتلىرىدىن تەئەججۈپلىنىش ھەم ئىبرەت ئېلىش روھى يېتىلدۈرگەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىي خەرىتىسىغا ئۆز ئورنىنى سىزالىغانلاردۇر.

ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياۋرو-ئاسىيا چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى مۇھىم پېيچكىلىق رولىنى ئۆتكەن خەستىلىك تارىخنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇيغۇر سىياسىي تەقدىرى يېقىنقى دەۋرلەرگە خاس كۆپلىگەن خەلقئارالىق كېلىشىملەر ۋە شەرتنامىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، 19-ئەسىردىكى رۇسىيە بىلەن مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى، 20-ئەسىردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يېڭى رۇسىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدا تۈزۈلگەن شۇنىڭدەك ياۋرو-ئاسىيا سىياسىي تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك باشقىمۇ كۆپلىگەن تۈرلۈك كېلىشىملەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھاياتى بىلەن باغلاش تامامەن مۇمكىن.

چوڭ شاھمات تاختىسىدىكى قىسمەتلەرنىڭ بىر قىسمىدا، ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار خەلقئارالىق شەرتنامىلەر ۋە كېلىشىملەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈمكى، ئالدى بىلەن 1944-يىلى، 12-نويابىردا غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك جۇملىدىن ئۇيغۇرلار ئالاھىدە قىزىقىدىغان يالتا كېلىشىمى ھەققىدە توختىلىشنى مۇۋاپىق ھەسابلىدىم.

## يالتا يىغىنىنىڭ دەۋر شارائىتى

يالتا يىغىنى ئېچىلغان دەۋر گىتلېر گېرمانىيىسىگە قارشى ئۇرۇش ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا، ئامېرىكا باشلىق ئىتتىپاقچىلارنىڭ تىنچ ئوكيان دۆلەتلىرىدىكى ياپونىيە ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇرۇشىمۇ ئاخىرقى باسقۇچقا كىرگەن، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تىنچلىق ۋەزىيەت يارىتىش ھەمدە يېڭى دۇنياۋى تەرتىپ ئورنىتىپ، خەلقنىڭ خاتىرجەم ھاياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئومۇمىي بىر يۈزلىنىش ھەم ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالغان چاغ ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىتتىپاقچى دۆلەتنىڭ گېرمانىيە، ئىتالىيە ھەم ياپونىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى مۇددىئاسى بىر بولسىمۇ لېكىن، ئۇلار ئارىسىدا خەلقئارا سىياسىي شۇنىڭدەك ئىدېئولوگىيە جەھەتلەردە مۇئەييەن پەرقلەر ۋە توقۇنۇشلار مەۋجۇد ئىدى.

يالتا يىغىنىغا ئائىت يېزىلغان ئەسەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە؛ ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ نەزىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆپلىگەن مەسىلىلەردە قايىل قىلىش ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولۇشىغا ئالاھىدە قىزىققان بولۇپ، بۇ خىل يادرو قورالىنىڭ ئۇلاردىن ئىلگىرىرەك سوۋېتنىڭ قولىدا بولۇشىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز دەپ قارايتتى(3).

يىغىندا بىر قاتار مەسىلىلەر ھەل قىلىندى ھەم ياۋروپا-ئاسىيادىكى بىر قىسىم مەملىكەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى قايتىدىن بىر تەرەپ قىلىندى.

## پولشا مەسىلىسى

ئەنگلىيە باش مىنىستىرى چېرچىلنىڭ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەن نۇقتىسى ياۋروپا فاشىزمىدىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىنكى گېرمانىيىنىڭ تەقدىرى ۋە پولشا مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ پولشا مۇستەقىل يېڭى ھۆكۈمىتىنى تەسىس قىلىش مەسىلىسىدە چىڭ تۇردى. لېكىن، ستالىن بۇنىڭغا قوشۇلماي، پولشا مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىك نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، 30 يىل ئىچىدە پولشانىڭ ئىككى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھۇجۇملارنىڭ كارىدورى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەھدىت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇچۇن موسكۋانىڭ مۇنداق باشقىلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا كارىدور بولىدىغان جايىنى توسىۋېتىشنى خالايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. چېرچىل150 مىڭدىن ئارتۇق پولشا پىداكارلىرىنىڭ ئىتتىپاقچىلار تەرىپىدە تۇرۇپ، گېرمانىيىگە قارشى جەڭ قىلغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، پولشانىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاشنىڭ ئادالەتكە بېرىپ تۇتىشىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى(4). ئامېرىكا پرېزىدېنتى رۇزۋېلت بولسا، ئۇكرائىنىيە تەۋەسىدىكى لىۋوفنى پولشاغا قوشۇپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، ستالىن بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئەمما، ئاخىرى تالاش-تارتىشلار ئارقىلىق بۇ ئىتتىپاقداشلار پولشا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى تەسىس قىلىش قارارىغا كەلدى. ئەسلى ستالىننىڭ ئىدىيىسى بويىچە پولشا مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇد بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

## گېرمانىيىنىڭ تەقدىرى مەسىلىسى

ئۇرۇشتىن كېيىنكى گېرمانىيىنىڭ تەقدىرى مەسىلىسى 1941-يىلىدا برىتانىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن مۇزاكىرە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار بۇ دۆلەتنى بىر قانچە دۆلەتلەرگە پارچىلىۋېتىشنى ئويلاشقان ئىدى. مەزكۇر نۇقتا يالتا يىغىنىدا يەنە ئاساسىي مۇزاكىرە نۇقتىسى بولۇپ قالدى ھەمدە ئۇرۇشتىن كېيىن گېرمانىيىنى پارچىلاش قارارلاشتۇرۇلۇپ، ئىتتىپاقچىلارنىڭ گېرمانىيىنى ئىشغال قىلىش دائىرىلىرى بېكىتىلدى(5).

يالتا يىغىنىدا يەنە يۇگوسلاۋىيە مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، مەزكۇر ئۈچ دۆلەت مارشال تىتونىڭ دەرھال فاشىزمغا قارشى كۈچلەرنى ئاساس قىلىپ، بىرلەشمە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇشنى قارار قىلدى(6).

## يالتا يىغىنىدا يەنە باشقا مەسىلىلەرمۇ ھەل قىلىندى

ئامېرىكا پرېزىدېنتى رۇزۋېلت، ئەنگلىيە باش مىنىستىرى چېرچىل ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى ستالىن ئارىسىدىكى مۇزاكىرىلەردە يەنە ئۇرۇش چىقىمى ئۈچۈن گېرمانىيىدىن 20 مىليارد دوللار تۆلەم ئېلىش، بۇنىڭ يېرىمىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىش قارار قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق، موسكۋا پۇل ئېلىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن يەنە ئەمگەك كۈچى، سانائەت ئەسلىھەلىرى، پاراخوت ۋە باشقىلارغا ئىگە بولۇش تەلىپىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدى (كوئول).

يالتا يىغىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر نەتىجىسى شۇكى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇش مەسىلىسىمۇ مۇزاكىرە قىلىنىپ، بىدت نىڭ تەسىس قىلىنىش يىغىنىنىڭ 1945-يىلى 25-ئاپرېلدا ئامېرىكىنىڭ سانفرانسىسكو شەھرىدە ئېچىلىشى بېكىتىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئۇكرائىنىيە، بېلورۇسىيە قاتارلىق ئىككى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنى بىدت نىڭ ئەزاسى قىلىشنى قولغا كەلتۈردى. يىغىندا يەنە جۇڭگو بىلەن فرانسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە بىدت نىڭ تەسىس قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىشى ھەققىدە تەكلىپ بېرىش قارار قىلىندى. بەزى بىر مەلۇماتلاردا خىتايىنى بىدت غا كىرگۈزۈشكە ستالىن قارشى چىققان ئىكەن(9).

يالتا كېلىشىمى ئەينى ۋاقىتتا مەخپىي كېلىشىم بولۇپ، بۇنىڭغا جۇڭگو رەھبىرى جاڭ كەيشى، فرانسىيە ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى گېنېرال دېگول قاتارلىقلار تەكلىپ قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نارازىلىقلىرى قوزغالغان. ئەمما دۇنياۋى يېڭى تەرتىپ يەنىلا رۇزۋېلت، چېرچىل ۋە ستالىن قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتا دۇنيا ۋەزىيىتىنى تەڭشەش ئىقتىدارىغا ئىگە، زاتەن فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئەڭ زور بەدەل تۆلەپ، دۇنيانىڭ سىياسىي تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن ئۈچ ئىتتىپاقچى دۆلەت رەھبەرلىرى پۈتۈشكىنىدەك ئورنىتىلدۇ خالاس.

## يالتا كېلىشىمى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

يالتا يىغىنىدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى رۇزۋېلت، ئەنگلىيە باش مىنىستىرى چېرچىل ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى ستالىنلار ياۋروپاغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن باشقا يەنە ئاسىياغا جۈملىدىن سوۋېت -جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى ھەم ياپونىيىنىڭ

تەقدىرىگە ئائىت مەسىلىلەرنىمۇ مۇزاكىرە قىلىپ، كېلىشىم ھاسىل قىلغان ئىدى. يالتا كېلىشىمىنىڭ سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت قىسمىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۈزۈندىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا غۇلغۇلىلار داۋام قىلماقتا. بۇ ھەقتە ھەم تۈرلۈك ئانالىزلار ۋە كۆز قاراشلار مەيدانغا چىقماقتا.

بىر قىسىم خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە؛ ئۇيغۇرلارنىڭ 20-ئەسىردىكى سىياسىي تەقدىرى مەزكۇر يالتا كېلىشىمى بىلەن مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا باغلىنىشلىقتا ئىكەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە 1944-يىلى 12-نويابىردا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەقدىرىنى ئەنە شۇ ستالىن، چېرچىل ۋە رۇزۋېلت قاتارلىق رەھبەرلەر ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن يالتا كېلىشىمىنىڭ جۇڭگو ۋە موڭغۇلىيىگە ئائىت ماددىلىرى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىشنىڭ رىيال ئاساسىي بار.

ئامېرىكا جورجى تاۋن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى جامىس مىلىۋارد ئەپەندىنىڭ قارىشىچە؛ يالتا يىغىنىغا گەرچە جاڭ كەيشى قاتناشمىغان بولسىمۇ، لېكىن خىتايغا ئائىت قارارلار قوبۇل قىلىندى. يىغىندىن كېيىن،1945-يىلى 8-ئايدا ستالىن بىلەن جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلدى. نەتىجىدە، 1944-يىلى، 12-نويابىر كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى"مۇ ئۇرۇش توختىتىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنى جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە ئەۋەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئاشۇ يالتا يىغىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك(10).

كۆپىنچە تارىخشۇناسلارنىڭ ۋە تارىخىي شاھىدلارنىڭ ئورتاق يەكۈنىچە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇشنى توختىتىپ، تىنچلىق بىتىم تۈزۈشى ئەمەلىيەتتە ستالىننىڭ بۇ ھۆكۈمەتكە ئىشلەتكەن بېسىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ستالىن شۇ كېلىشىمدىن كېيىن، ئىلى مەسىلىسىنى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى تەرىقىسىدە ھەل قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ بولغان ئىدى.(11)

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى 2003-يىلى، نويابىر ئېيىدا تېلېفون ئارقىلىق مەزكۇر قۇرلارنىڭ ئاپتورىغا مۇنداق دېگەن ئىدى؛

"بىتىم دېگەننى بىز چىقارغان ئەمەس، ئۇنى ستالىن چىقارغان، بىز ئۇنىڭغا

قارشى چىققان، شۇنچىۋالا غەلىبە قىلغۇاتقان بىز قانداقسىگە يېڭىلگۈاتقان دۈشمەن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىمىز؟ سۆھبەت قىلمىز دېگەن بىز ئەمەس ئالدى بىلەن ئاشۇ ختاي ھەم سوۋېت. ستالىن بىزگە بېسىم ئىشلەتتى، بىزنىڭ ئۇنى ئاڭلىماسلىقىقا نېمە ھەددىمىز؟ بىز ختايدىن قۇتۇلساقلا مەيلى دەپ، ئاشۇ ستالىنغا ئىشەنگەن ئىدۇق، ئاشۇ گېنېراللارنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلىدۇق، ھەربىي ھوقۇق شۇلارنىڭ قولىدا، پۈتۈن قوماندانلار شۇلاردىن تۇرسا، لېكىن ستالىن دېگەن بۇ بەدبەختنىڭ ئەسلى مەقستى بىزنى ئالداپ، ئۆزىمىزنىڭ قىنى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ گۆشىنى قورۇش ئىكەن".(12)

ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئاشكارىلانغان ئارخىپ ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدا قوزغالغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە سوۋېت ئىتتىپاقى باشتىن ئاخىرى قول تىققان بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىلا تەشكىللەش، ئۇيۇشتۇرۇش ھەم تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارغان. ئەلىخان تۆرە، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ قاتارلىقلار رەھبەرلىكىدىكى " ئازادلىق تەشكىلاتى"نىڭ تەسىس قىلىنىشىغا غۇلجىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇللىرى داباشىن ۋە بورىسوپ قاتارلىقلار ئارىلاشقان. جۇمھۇرىيەت باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمنىڭ بىلدۈرۈشچە، ئازادلىق تەشكىلاتى بىلەن سوۋېت كونسۇللىرى (داباشىن ۋە بورىسوپ قاتارلىقلار) ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ خۇددى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئوخشاش ھۆكۈمەت بولۇشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئاغزاكى كېلىشىم بولغان(13). غۇلجىنىڭ بىر قىسمى ئازاد بولۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن موسكۋا ئەۋەتكەن گېنېرال ئەگناروۋ ۋە گېنەرال لانفاڭ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى ھەربىي-سىياسىي ۋەكىللەر ئۆمىكى غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، 1-ۋە 2-نومۇرلۇق ئۆيىنى تەسىس قىلىپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا دېگۈدەك مەسلىھەتچىلىك قىلغاندىمۇ جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى بىلەن ئاشۇ يۇقىرى دەرىجىلىك سوۋېت ۋەكىللىرى ئارىسىدىكى سۆھبەتلەردە ئۇلار ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.(14). سوۋېت نىكۆۋ ئالاھىدە خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ئەگناروپ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە مەسلىھەتچىلىك قىلغان بولۇپ، گەنەرلا لانفاڭ ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئىدى. بۇلار ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك ستالىن، مولوتوۋ ۋە بېرىياغا ئىلىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات يوللاپ تۇرغان.(15) ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرى ستالىن قاتارلىقلارغا ئايدىڭ بولۇپ، ستالىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپلا قالماستىن بەلكى بەرىيا ۋە مولوتوۋلار ئارقىلىق ھەم بەلگىلىمە بېرىپ

تۇرغان ئىدى.

يالتا يىغىنىدا ستالىن ئۆزىنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىنى پاش قىلىپ، خىتاي ۋە موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكەن بولسىمۇ، بىراق، تېخى جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈلمىگەنلىكى ھەمدە يالتا كېلىشىمىدە ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرى رەسمىي يوسۇندا كاپالەتكە ئىگە بولدى دەپ ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بىردىنلا ئۆزگەرتمىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ 1945-يىلى 8-ئاپرېلدا مىللىي ئارمىيە تەسىس قىلىش ۋە مۇنتىزىم ھالدا داۋاملىق ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىگە ھەمدە جەنۇبىي يۆلۈنىشكە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ھەربىي، مەنىۋى جەھەتلەردىن قوللىدى شۇنىڭدەك مۇستەقىللىق شوئارىنىڭ كەڭ ئەۋجى ئېلىشىنى قوللاپ، ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى ئېيتقاندەك جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن خەلقنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈردى. يالتا يىغىنىدىن ۋە موسكۋانىڭ ئەسلى مەقسىتى ھەم سىياسىي ئىستراتېگىيىسىدىن خەۋەرسىز قالغان جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى پەقەت جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى رەسمىي سۆھبەت باشلاپ، موسكۋادا ئىككى تەرەپ رەسمىي كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ستالىن جاڭ كەيشىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى تىنچلىق بىتىمگە قىستىغاندىلا ئاندىن ستالىننىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. ستالىن ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى ئىنقىلابچىلارغا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى بىتىمگە قىستىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ قاتارىدا ستالىننىڭ يالتا كېلىشىمىدە قولغا كەلتۈرۈۋالغان ئىمتىيازلىرىنىڭ جاڭ كەيشى تەرىپىدىن جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقى، ئەمدى بۇ ئىنقىلابنىڭ ستالىن ئۈچۈن كېرەك ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت خەلقئارا سىياسىي ۋە دىپلوماتىيىلىك ئامىللاردىن ئەينى ۋاقىتتا جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە ۋە باشقا ئەربابلارنىڭ قانچىلىك خەۋەر تاپقانلىقى نامەلۇم. چۈنكى، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ماتېرىياللاردا يالتا يىغىنى ۋە كېيىنكى سوۋېت- خىتاي شەرتنامىسىدىن ئەينى ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى خەۋەر تاپقان ياكى تاپمىغانلىقى، تاپقان بولسىمۇ قانچىلىك دەرىجە ۋە سەۋىيىدە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر يوق.

يالتا يىغىنى جەريانىدا "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" مەسىلىسىنىڭ مۇزاكىرە تېمىسى بولغانلىقى ياكى بولمىغانلىقى ھەققىدە ھازىرچە ئېنىق پاكىت يوقلۇقىنى، ئەمما مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنىڭ تەقدىرىنىڭ ئاشۇ يالتا يىغىنىدىن كېيىن ستالىن بىلەن جاڭ كەيشى ئوتتۇرىسىدىكى سوۋېت -جۇڭگو دوستلۇق

شەرتنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن رۇسىيىدىكى بارنائۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ پروفېسسورى، ئىلى ئىنقىلابىغا ئائىت سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلغان دوكتور ۋالېرىي بارمىن ئەپەندىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، ئەنە شۇ يالتا يىغىنىدىن كېيىن ستالىن ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، قوزغىلاڭچىلارغا قورال ياراق بەرمەسلىككە ۋە ياردەم قىلماسلىققا قارار قىلدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بۇزۇۋېلىشنى خالىمايتتى، قىسقىسى " باشتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، ئاخىرى ئۇنى قۇربان قىلىۋېتىشتەك ناھايىتى مەينەت بىر ئويۇننى ئوينىدى"(16)

بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ چۈشىنىشىچە، يالتا يىغىنىدا ستالىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ مانجۇرىيىدىكى مەنپەئەتلىرىنى ساقلاپ قالغان. ئۇ، يالتا يىغىنىدىكى كېلىشىملەرگە ئاساسەن جۇڭگو بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ، شەرقىي تۈركىستان رەھبەرلىرىنى جۇمھۇرىيەت نامىنى ئىشلەتمەسلىككە قىستىغان.

يالتا كېلىشىمىنىڭ ماددىلىرىدا ئۇيغۇر ئېلىغا جۇملىدىن غۇلجىدا تەسىس قىلىنغان شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئائىت ھېچقانداق ماددا يوق. بۇ نۇقتا كېلىشىم تەركىبىگە كىرگۈزۈلمىگەن. ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ مەزكۇر مەسىلىنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلىنغىنىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك نۇقتا دەل يالتا كېلىشىمىنىڭ سوۋېت –جۇڭگو-ياپونىيە ماددىلىرى بىلەن باغلىنىشلىقتۇر.

ئامېرىكا ئالىمى يازغان، سىدىق ھاجى رۇزى ئەپەندى تەرجىمە قىلغان "رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار" ناملىق كىتابقا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر يىغىندا ستالىن موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش، مانجۇرىيە ۋە باشقا جايلاردىكى ئىمتىيازلارغا ئېرىشىش بەدىلىگە ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان ھاكىمىيىتىنى مۇنقەرز قىلغان. سىدىق ھاجى رۇزىنىڭ پىكرىچە، يالتا يىغىنىدا پۈتۈشۈلگەن جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.(17) لېكىن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى باش كاتىپى، مەرھۇم ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى "يالتىدا پۈتۈشۈلگەن كېلىشىم بويىچە ستالىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى يوقاتتى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى قۇربان قىلدى دېگەن پىكىرگە قوشۇلمايمەن. بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى پەقەت يالتا يىغىنىغا باغلاش ناتوغرا، مېنىڭچە بىزنىڭ تەقدىرىمىز ستالىننىڭ قولىدا ئاللىقاچان بەلگىلەنگەن بولۇپ،

ستالىننىڭ ئەسلى نىيىتىدە بىزنى مۇستەقىل قىلىش يوق. ئۇ، ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بەربىر بىزنى قۇربان قىلار ئىدى. ئۇ، پەقەت ئۆز كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈنلا بىزنى قوللىغان ئىكەن. ستالىننىڭ نىيىتىدە ئادەمىيلىك يوق، ئۇنىڭ بىزگە قىلغىنى، بىزنى ئالداپ، ئۆزىمىزنىڭ مىيىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ گۆشىنى قورىدى، ئاخىرىدا بىزنى ئالداپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تۇتۇپ بەردى خالاس، مانا بۇ ئۇنىڭ بىزگە قىلغىنى" دەيدۇ (1كوئول. دېمەك، يۇقىرىدا ئېيتىلىۋاتقان سۆز ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشىدىن تارتىپ تاكى جۇمھۇرىيەتنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئۆز ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشكىچە بولغان مەزگىلدە مەخسۇس دۆلەت ئىشلىرى باش كاتىپلىق ۋەزىپىسى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرى ھەم پىلانلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى ئەلىخان تۆرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى ۋە كونسۇللىرى بىلەن بولغان ھەر بىر ئۇچرىشىشلىرىغا ئاساسەن دېگۈدەك ئىشتىراك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىتىنى بىر قەدەر ياخشى چۈشەنگەن ئىدى.

## يالتا يىغىنىدا ستالىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلدى؟

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا يالتا يىغىنى جەريانىدا 1945-يىلى 2-ئاينىڭ 8-كۈنى ستالىن بىلەن ئامېرىكا پرېزىدېنتى رۇزۋېلت مەخسۇس سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش شەرتلىرى ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن ھەمدە بۇ ئۈچ دۆلەت رەھبەرلىرى 11-فېۋرال كۈنى كېلىشىم ھاسىل قىلغان. ئامېرىكا تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلغان بولۇپ، ستالىن بۇنىڭ ئۈچۈن "تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مەۋجۇد ھالىتىنى ساقلاش، دالىيەننى سودا پورتى قىلىپ خەلقئارالاشتۇرۇش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى لۈشۈن پورتىنى ھەربىي بازا قىلىپ ئىجارىغا ئېلىش. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنى ئورتاق باشقۇرۇش شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىمتىيازلىق ھوقۇقى ۋە جۇڭگونىڭ مانجۇرىيىدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولۇش ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزۈش" قاتارلىق شەرتلەرنى قويۇپ، ئاخىرى رۇزۋېلت ۋە چېرچىلنىڭ قوشۇلۇشقا ئېرىشتى. نەتىجىدە، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلار يالتا كېلىشىمىدىن

ئورۇن ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1941-يىلى ياپونىيە بىلەن تۈزگەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمىنى بىكار قىلىپ، گېرمانىيىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا ماقۇل بولدى. بۇ چاغ ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ياپونىيە قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇشلىرى غەلىبىگە قاراپ مېڭىپ، ئۇرۇش لىنىيىسى ئاراللاردىن ئۆتۈپ، ياپونىيە زېمىنىغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتاتتى، ئەگەردە سوۋېت ئىتتىپاقى مانجۇرىيىدىكى ياپونىيىنىڭ تەخمىنەن بىر مىليون كىشىلىك كانتون ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلسا، بۇ پۈتۈن جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدىكى ياپونىيە قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تېزلىتىپلا قالماستىن بەلكى، ياپونىيىنىڭ تىنچ ئوكياندا تامامەن مەغلۇپ بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەسلىم بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگىلى ھەمدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ چىقىملىرىنى ئازلاتقىلى بولاتتى. ياپونىيىنىڭ تەسلىم بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگەندە، پۈتۈن دۇنيادا ئۇرۇش ئوتلىرىنى تولۇق ئۆچۈرۈپ، دۇنيا ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. ئەلۋەتتە، شۇنى تەكىتلەش مۇمكىنكى، ئەگەردە تىنچ ئوكيان رايونىدا ئامېرىكىنىڭ تۆت يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش قىلىپ، تىنچ ئوكيان رايونىنى ئازاد قىلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيىگە كىرىپ، ياپونىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشى بولمىغان بولسا، خىتاينىڭ ياپونلار ئىشغالىيىتىدىن 1945-يىلى 8-ئايدا ئازاد بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەلكى، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى يەنە قانچە يىللار داۋاملىشىشىنى پەرەز قىلىش تەس.

يالتا يىغىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەھمىيىتىنىڭ بىرى شۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى قانچىلىك مەنپەئەتكە ئېرىشسۇن، بەرىبىر ئاخىرقى ھېسابتا بۇ جۇڭگونىڭ چوڭ بىر دۆلەت بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولدى. كېيىنكى، ماۋزېدۇڭ ستالىننىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ بولغاندىن كېيىن بەرىبىر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمدە ئىلگىرىكى چار رۇسىيىنىڭ ئازغىنا كەم بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت تىكلىگەن مانجۇرىيىدىكى مەنپەئەتلىرىنى بىكار قىلىپ، بۇ جايدىن رۇس تەسىرىنى تازىلىۋەتتى خالاس!

## يالتا كېلىشىمىدىن كېيىنكى سوۋېت-جۇڭگو كۈرىشى

ئەگەردە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى يالتا يىغىنىدا مەخسۇس تۈردە مۇزاكىرە قىلىنمىدى دېگەندە، بۇنى ستالىننىڭ "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەسىلىسىنى"

خەلقئارالاشتۇرماي، ئۇنى پەقەت ئۆزىنىڭ يالتا كېلىشىمدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىلا ئىشلەتتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەردە بۇ مەسىلە يالتا كېلىشىمدە مۇزاكىرە قىلىنسا بەلكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كۆزلىگەن مەقسىتى ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىنى شۈبھىلەندۈرۈشى ھەتتا بۇ مەسىلىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن تونۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، چۈنكى، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئىلى ئىنقىلابىنى قوللىغانلىقىنى، ھەتتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ھەربىي - سىياسىي كادىرلار شۇنىڭدەك ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئەزەلدىنلا مەخپىي تۇتقانلىقى ئۈچۈن بەلكى بۇ مەسىلىنى مەركىزىي سورۇنغا ئېلىپ چىقماي، پەقەت ئۇنى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىلا مۇزاكىرە قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆز ئالدىغا پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەينى ۋاقىتتا ئىلىدا يۈز بەرگەن ئىنقىلاب ۋە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ھەربىي ھەم سىياسىي جەھەتتىن قوللىغانلىقىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمىغان بولۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى غەرب دىپلوماتلىرىغا بۇ ۋەقەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئويناپ چىققان دەپ تەشۋىق قىلىشقا، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىغا ئەسكەر كىرگۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان ھەمدە جۇڭگو مەركىزىي گېزىتلىرى بۇنداق ئۇچۇرلارنى تارقاتقان. چوڭچىڭدىكى غەرب دىپلوماتلىرى پەقەت جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئارقىلىقلا "ئىلى ۋەقەسى" ھەققىدە ئۇچۇرغا ئىگە بولغاندىن سىرت يەنە ئۈرۈمچىدىكى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا كونسۇلخانىلىرىمۇ ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئارقىلىق دىپلوماتىيىلىك يول بىلەن "ئىلى ۋەقەسى " ھەققىدە قىسمەن ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي ئارمىيىنى ماناس دەرياسى بويىدا توختىتىپ قويۇپ، ئۈرۈمچىگە كىرگۈزمەسلىكنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بەلكى، ئۈرۈمچىدە ئاشۇ غەرب دىپلوماتلىرىنىڭ بارلىقى، ئەگەر شەرقىي تۈركىستان ئارمىيىسى ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرىنچى قاتاردىكى يارىدەملىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىنى خالىمىغانلىقى بولسا كېرەك.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپتىلا كەڭ كۆلەملىك ئىنقىلاب قوزغاش پىلانىنى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستان شۇنىڭدەك ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا ئەمەس، بەلكى تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى غەرب دۆلەتلىرى بىلەن چېگرىسى بولمىغان، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم سوۋېت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى موڭغۇلىيە بىلەنلا چېگرىلىنىدىغان

ئىلى، ئالتاي ۋادىسىدا قوزغىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى پەقەت ئالتاي ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقى دائىرىسىدىلا چەكلەپ، مەركىزىي جايغا جەنۇب ۋە شىمال ياكى شەرقتىن ھېچقانداق غەيرىي كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرەلمەسلىكى ھەمدە ئۇچۇر ئىگىلىيەلمەسلىكىدەك ۋەزىيەت بەرپا قىلدى. بۇ خىل جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەم موسكۋانىڭ ئىنقىلابنى كېڭەيتىۋەتمەي، ئۆز قولىدا كونترول قىلىشى ئۈچۈن قۇلايلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلىدى. ئەگەردە مۇتلەق كۆپ قىسىم نوپۇس ئۇيغۇرلاردىن تەركىپ تاپقان، تارىم ۋادىسى جۆملىدىن قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، ئىنقىلاب قوزغالسا ھەمدە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى غۇلجىنى ئەمەس بەلكى، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا مەۋجۇد بولغان بولسا، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزىي جۇمھۇرىيەتنى ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەربىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىپ، ھەممە ئىشلارنى قامال قىلىشنى بىرىنچىدىن قەشقەرىيە بىلەن قوشنا ئۆلۈغ بېرىتانىيىدىن ۋە باشقا مەملىكەتلەردىن يوشۇرالمايتتى. بۇ ئىش تېزدىنلا پۈتۈن دۇنياغا بىلىنىپ كېتەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشى بويىچە ئالغاندا بۇنىڭغا "ئەنگىزلار قول تىقىشى مۇمكىن ئىدى".

ئىككىنچىدىن بۇ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ئۇنچە ئاسان يوق قىلالمايتتى شۇنىڭدەك بۇ ھۆكۈمەتنى قاتتىق كونتروللۇق ئاستىغا ئالالمايتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەر تۆرلۈك بولۇپ، بىرىنچىدىن قەشقەردە 1933-1937-يىللىرى موسكۋا كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇيغۇر قوزغىلاڭلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشەنمەسلىك ۋە قارشىلىق ئىدىيىلىرى مەۋجۇد.

ئۈچىنچىدىن بۇ جايدىكى مىللىي تەركىپ شىمالدىن پەرقلىق بولۇپ، قەشقەرىيە تەۋەسىدە ئۇيغۇرلار 90%تىن ئارتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايدا رۇسلارنىڭ بىۋاستە مەدەنىيەت ھەم سىياسىي تەسىرىگە ئۇچرىغان تاتارلار ھەم رۇس كۆچمەنلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئاز ساندىكى قىرغىزلار ۋە ئۆزبېكلەر شۇنىڭدەك تۇڭگانلارنىڭ ئىنقىلابقا قاتنىششى ئەمما، مۇھىم سالماقنى ئىگىلىيەلمەسلىكى تەبىئىي ئىدى. بىراق، ئىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىدە ئۇيغۇرلاردىن باشقا مىللەتلەر بۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي رەھبەرىي خىزمەتلىرىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇلار ئارىسىدا سوۋېت تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا سوۋېتلار ئىتتىپاقى ئىنقىلابنى كونترول قىلىشتا باشقا مىللىي تەركىپلەردىنمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلانغان ئىدى.

تۆتىنچىدىن قەشقەرىيىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىسلام دىنىغا

ئېتىقاد قىلغان بولغاچقا بۇ جاي ئەزەلدىنلا ئىسلام دۇنياسى بىلەن مەنىۋى باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ كەلگەن. ئىسلام دىنىي ئېتىقادى ھەم مىللىي مەدەنىيەت ئېڭى كۈچلۈك بولۇشتىن سىرت بۇ جايدا سوۋېت تەسىردىن باشقا يەنە تۈرك دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەسىرى ھەمدە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ يوشۇرۇن سىياسىي تەسىرلىرىمۇ مەۋجۇد ئىدى. ئىدېئولگىيىلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، كوممۇنىزمغا قارشى پىكىرلار ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئىسلامىي گۇللىنىش، تۈركچىلىك پىكىرلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇستەقىللىق ئىدىيىلىرى مەۋجۇد ئىدى. دېمەك، موسكۋا 1943-يىلى "شىنجاڭدا" شەڭ شىسەيگە قارشى ھەرىكەت قوزغاش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزگەندە، شىمال بىلەن جەنۇبنى سىلىشتۇرۇپ، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاخىرى ئىلى ۋادىسىنى بازا قىلىشنى تاللىۋالغان ئىدى.(19)

يالتا كېلىشىمىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوۋ خىتاي ۋە غەرب دىپلوماتلىرىغا ئىلى ۋەقەسىنىڭ " تېز ئارىدا ھەل بولىدىغانلىقىنى" كۆرسەتكەن بولسىمۇ(20)، لېكىن، موسكۋا بەربىر مىللىي ئارمىيىنىڭ داۋاملىق ھۇجۇم قوزغاپ، ماناس دەرياسى بويىغىچە كېلىشكە توسقۇنلۇق قىلمىغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب ستالىن بۇ جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتىنى يالتا كېلىشىمىدىكى موخغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقى ھەم باشقا بىر قاتار شەرتلەرگە ماقۇل كېلىشكە قىستاشتىكى بىر ۋاستە قىلغان بولۇپ، موسكۋا ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى چېكىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەسلىدىنلا بېكىتىپ بولغان بولۇپ، پەقەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى موسكۋانىڭ يالتا كېلىشىمىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان شەرتلىرىگە كۆندۈرۈشكىچە بولغان ئارىلىقنى چەك قىلغان ئىدى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىرىنچىدىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش تەلىپىنى رەت قىلغان. ئىككىنچىدىن بۇ ھۆكۈمەتنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن خۇپىيانە تۇتۇپ، ئۇنىڭ خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. شۇ ۋەجىدىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا، بارلىق ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ھەمدە ھەر قايسى مىنىستىرلىكلەر تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما موسكۋا مەسلىھەتچىلىرى مەركىزىي جۇمھۇرىيەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنى قۇرۇشنى قوللىمىغان. جۇمھۇرىيەت باش كاتىپى ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم ئىبراھىمنىڭ ئېيتىشىچە، سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى ئۇلارغا ھازىرچە بۇنداق مىنىستىرلىقنى قۇرۇشنىڭ تېخى ۋاقتى كەلمىگەنلىكىنى، كېيىن تولۇق غەلىبىدىن كېيىن ئۇنى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، موسكۋاغا قاتتىق ئىشەنگەن جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى بۇنىڭغا ماقۇل بولغان.(21)

## ستالىن رازۋېتكىسى ئىنقىلابنى خەلقئارالاشتۇرماسلىق ئۈچۈن ئىشلىدى

تارىخىي پاكىتلار بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللاردا ئاشكارىلانغان نەق ئارخىپ ماتېرىياللىرى كۆرسەتتىكى، موسكۋا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا ھەرقانداق دۆلەت بىلەن ئالاقە قىلىشىنى ھەمدە جۇمھۇرىيەت دائىرىسىگە باشقا دۆلەت كۈچلىرىنىڭ كىرىشىنى قاتتىق چەكلىگەن بولۇپ، ھەتتا جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەر ھەمدە كۈچلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئارزۇسىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇنى قامال قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس رازۋېدكا خادىملىرىنى ئىشقا سالغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئىلى ئىنقىلابى باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىلىرىدە ھەربىي-سىياسىي تەشكىللەش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرغاندىن سىرت يەنە تاشكەنت ۋە ئالمۇتا شەھىرىدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى ئىشقا سېلىپ، "شەرق ھەقىقىتى" ۋە " قازاق ئېلى" قاتارلىق ژۇرناللارنى نەشر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلى، تارباغاتاي ۋە باشقا رايونلارغا كىرگۈزگەن (22). بۇ ژۇرناللاردا ئۇيغۇرلارنى مۇستەقىللىققە ئۈندەيدىغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇد ھالىتى ھەمدە تارىخىي ئۆتمۈشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقالىلەر كۆپلەپ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، 1943-1944-يىللىرىدا مەزكۇر ژۇرناللار ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىغا تارقالغان. مەزكۇر ژۇرناللارنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرى ۋە تەھرىرلىرى ھەم ئاپتورلىرى ئاتاقلىق سوۋېت ئۇيغۇر رەھبىرى ئابدۇللا رۇزىباقىيېفنىڭ ئىنىسى ئابدۇمېجىت رۇزىباقىيېف، سىياسىي ئەرباب تۇرسۇن رەھىموف، ۋە ئاتاقلىق شائىر قادىر ھەسەنوپ ھەمدە ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى ئەرشىدىن ھىدايەتوف ۋە باشقىلار ئىدى(24). سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەخپىي كىرگەن مەزكۇر ژۇرناللاردىكى ماقالىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، مىللىي ئىنقىلاب قاتناشقۇچىلىرىدىن مەسۇمجان زۇلپىقاروف ۋە تۇرسۇن قاھارى قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ژۇرناللارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن بىلىم ئالغانلىقى ۋە گومىنداڭغا قارشى ھېسسىياتلىرىنىڭ تېخىمۇ ئاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالمۇتا ئەتراپىدا ۋە قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل بويىدا ۋە باشقا جايلاردا ئىلگىرى كېيىن فاتىخ باتۇر، سەيفۇللايېۋ ھەمدە

ئىسساقبەگ مۇنونوپ قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقى ھەم قاتنىششى ئاستىدا مەخپىي قوراللىق ئەترەتلەر قۇرۇلۇپ، ھەربىي-تەلىم تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان ئىدى.(25)

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنى قوزغاش ئىشى 1943-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كوم پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەرپىدىن قارار قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتا ستالىن، بېرىيا، مولوتوۋ قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي رەھبەرلىرى بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان(26). بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بېرىيا ئاساسلىق ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، ئىنقىلابنىڭ قوزغىلىشىدىن ئىلگىرىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق جايلىرىدىكى كونسۇللىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭغا قارشى كەيپىياتلارنى كۆزەتكەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر، قازاقلارنىڭ قارشىلىق ھەركەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى قول تىقىشتىن ئىلگىرىلا باشلىنىپ بولغان بولۇپ، ئالتاي تەۋەسىدە ئوسمان باتۇر باشچىلىقىدا قازاقلارنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭلىرى ھېچ تىنچىمىغان ئىدى.

ئىلى ۋادىسىدا غۇلجىنى مەركەز قىلغان ھالدا يەرلىك خەلقلەر بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى مىللىي زىددىيەت يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، خەلقنىڭ گومىنداڭ ھەربىيلىرى ۋە بيوكراتلىرىغا بولغان غەزىپى قايناپ تاشقان بولۇپ، شېڭشىسەينىڭ قاتتىق قول سىياستى ۋە باستۇرۇشلىرى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەممە مىللەتنىڭ خەنزۇ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىگە بولغان نەپرىتىنى كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. گومىنداڭ ھوقۇقنى قولغاندىن كېيىن، ئىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدىكى بارلىق دېگۈدەك ھەربىي-مەمۇرىي ھوقۇقلار خەنزۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇ جەھەتتىمۇ خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا روشەن پەرقلەر شەكىللىنىپ بولغان. يازغۇچى ز. سابىرى بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ " ئانا يۇرت" رومانىدا ناھايىتى ئېنىق تەسۋىرلەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شاھىدلاردىن مەرھۇم سەيدۇللا سەيفۇللايېۋ(27)، زىيا سەمەدى (28) ۋە باشقىلارمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى غۇلجىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە تەپسىلىي كۆرسىتىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ ئەمگەكلىرى ۋە باشقا تارىخىي پاكىتلارغا تايانغاندا 1943-يىلىدىن باشلاپ غۇلجىدا مەخپىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئىشلىرى باشلانغان بولۇپ، سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەربىي نازارىتىنىڭ كاپىتان دەرىجىلىك ئوفىتسېرى، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ سېكرېتارى ماخمۇت پارماشېفنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئىلىدىكى جۈملىدىن غۇلجىدىكى ئىنقىلابنى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى قوزغىغان. 1943-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، 1944-يىلىنىڭ باشلىرىدا غۇلجا شەھىرىدىكى مەھەللىلەردە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ " چوغ"، "غۇنچە" ناملىق يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى

قۇرۇلۇپ بولغان(29). دېمەك، " ئازادلىق " تەشكىلاتىنى قۇرۇش تەكلىپىنى سوۋېت رازۋېتچىكلىرى ئەنە شۇ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ تەييارلىنىپ قالغانلىقىدەك ۋەزىيەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى چۈشەنگەندىن كېيىنلا ئەلىخان تۆرە، ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم، سالىھجان باي، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ تارلىق كىشىلەرگە بەرگەن ئىكەن. مەزكۇر ئۇيۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە غۇلجىدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېدكا خادىمى ھاكىم جاپپار يارۇللايېكوپ ۋە يەنە بىر نەپەر پولات ئىسىملىك ئۆزبېك كىشى ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان.(30)

سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى ۋە تارباغاتايدا باشلىنىش ئالدىدىكى ئىنقىلابنى كونترول قىلىش ھەمدە ئۇنى تەشكىللەش ۋە ئۇلغايتىش ئۈچۈن نىلقا ۋە غۇلجا قوزغىلاڭلىرىدىن ئىلگىرىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى( نكۇد، كېيىنكى كگب) تەرىپىدىن ئالمۇتا شەھىرى ۋە قورغاستا ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. نكۇد نىڭ مەزكۇر گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئۇيغۇر دىيارىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، لېكىن مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىگە تارقالغان ئىدى(31). ئۇيغۇر دىيارىدىكى سوۋېت ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ئەگناروپ بولۇپ(32)، بۇ ئادەم كېيىن ئەلىخان تورىگە مەسلىھەتچىلىك قىلىپلا قالماستىن بەلكى بىر تەرەپتىن غۇلجىدىكى 1-ۋە 2-نومۇرلۇق ئۆينىڭ باش رەھبىرى بولغان. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردىن مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان 1- 2-نومۇرلۇق ئۆيلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى جۇمھۇرىيەتنى رازۋېدكا قىلىش بولۇپ، گېنېرال ئەگناروۋ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە قارىتىلغان پۈتۈن رازۋېدكا ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىغا ئۆزلىرىنى تاتار دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن زىچ ئارىلىشىپ كەتكەن پودپولكوۋنىك ئۇنۋاندىكى سوۋېت رازۋېتچىكلىرى (جاسۇسلىرى) باشقۇرت مىللىتىدىن بولغان ئەلى مەمەدوف، قىرغىزىستاندا تۇغۇلۇپ يەرلىك ئۇيغۇر، قىرغىز تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن رۇسلاردىن ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوپ ( ئۇيغۇرچە ئىسمى ئىسكەندەر) ۋە پېتىر ساۋىن ( زاكىر) قاتارلىق ئۈچ كىشى ئەڭ داڭلىق رازۋەتچىكلار1933-1937-يىللاردا جەنۇبىي ۋىلايەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىدى.

ئەلى مەمەدوپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەلى ئەپەندى دەپ تونۇلغان ئۇ بىر

مەزگىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، پۈتۈن رازۋېدكا ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇ بىۋاسىتە گېنېرال ئەگناروپقا بويسۇناتتى. زاكىر ئەپەندى بولسا، ھەربىي رازۋېتكىنى كونترول قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىسسىق كۆل بويىدا تەشكىللەنگەن " باتۇر" ناملىق قوراللىق گۇرۇپپىنىڭ رازۋېدكا ئىشلىرىغا مەسئۇل رەھبىرى ئىدى. مەزكۇر گۇرۇپپىغا ئىسھاق بەگ مۇنونوپ رەھبەرلىك قىلغان. ئۇنىڭ تەركىبىدە 1937-يىلى قەشقەردە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي خادىمى رازراق مەۋلانوپ قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. زاكىر ئاقسۇغا چۈشكەن قوشۇننىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولغان. ئۇ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغان قوشۇننى كونترول قىلغان بولۇپ، بۇ غۇلجىدىكى ئىسكەندەر ۋە ئەگناروپلار بىلە بىۋاسىتە ئالاقە قىلىپ تۇراتتى. ئاقسۇدىن چېكىنىش بۇيرۇقىنىمۇ زاكىر بىلەن ئىسكەندەر يەتكۈزگەن(32). ئەنە شۇ سوۋېت جاسۇسلىرىنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن ئەلىخان تۆرىنىڭ پودپولكوۋنىك سوپاخۇن قاتارلىق باشقا ئۇيغۇر رەھبىرى خادىملارغا ئىلغا چېكىنمەي، داۋاملىق ئاقسۇدا جەڭ قىلىپ، ئۈرۈمچىنى جەنۇبىي ۋىلايەتلەرگە كېڭەيتىش ھەققىدىكى ئىككى پارچە مەخپىي خېتى غۇلجىدىكى 2-نومۇرلۇق ئۆينىڭ قوماندانى گېنېرال ئەگناروپنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلىدۇ.(33) ئەگناروپ بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە موسكۋاغا ئۈچۈر يوللايدۇ. قىسقىسى ئەلىخان تۆرىنىڭ ئاقسۇدىن چېكىنمەي، ئىنقىلاب ئوتىنى پۈتۈن جەنۇبقا تۇتاشتۇرۇپ، ستالىننىڭ ئالقىنىدىن قۇتۇلۇپ، مۇسۇلمان دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەتئەللەر بىلە ئالاقە قىلىش نىيىتى ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. بۇ ھەقتە مىللىي قەھرىمان مەرھۇم سوپاخۇن ئاكا 90-يىللاردا مۇئەللىپكە بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. شۇڭا زاكىرنىڭ كېيىن سوپاخۇن ھەققىدىكى ئەسلىمىسىدە ئۇنىڭ ئاجايىپ قەھرىمان ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىپ، ئۇنىڭ سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلەر( زاكىرنىڭ) نىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن(34).

يەقىندا نەشر قىلىنغان ئاشۇ ئەلى مەمەدوپنىڭ ئەسلىمە خاتاكتېرلىق كىتابىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سوۋېت رازۋېتكىسى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى شۇنچىلىك قامال قىلغانكى، ھەتتا، مىللىي ئارمىيە سىپىي ۋە ھۆكۈمەتتىكى "ئاق ئورۇس"لار دەپ ئاتالغان مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى پولىنوپ، مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى لېسكىن، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى گرىبىنكوۋ، پولكوۋنىك موگوتنوپ، قىرغىزلاردىن مەۋلانوپ، نوغايبايېۋ باشقا نەچچە ئونلىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي سىياسىي خادىملار سوۋېت رازۋېتكىسىغا باغلانغان ۋە ئۇنىڭ بىۋاسىتە خادىملىرى

بولغان ئىكەن. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى مىنىستىرلىقلىرىدىكى مەسلىھەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سوۋېت نىكۇد سى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بولغان. مەزكۇر كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە، گېنېرال ئەگناروپ، تاكى 1949-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە قورغاستا تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىي-سىياسىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا رەھبەرلىك قىلغان. ھەتتا، ئا. مەخسۇمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، 1945-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېدكا ئورۇنلىرى بىر كىشىنى "ئافغانىستاندىن كەلگەن" دېگەن نام بىلەن غۇلجىغا ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇزبېكچە، پارسچە تىللارنى ياخشى سۆزلەيدىغان بۇ ئادەم ماشىنا ھەيدەش ۋە رېمونت قىلىش، ھەربىي كوماندىرلىق، رەسساملىق ھەمدە خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەت شۇنىڭدەك دىنىي ئىلىم قاتارلىق ھەر تەرەپتىن يېتىشكەن تولىمۇ قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى. ئەلىخان تۆرە ئۇنىڭ ئىلىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ياردەمگە كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ئۆز يېنىدا قالدۇرغان. ئۇ ئەلىخان تورە بىلەن بىر مەزگىل بىرگە يۈرگەن ھەمدە ئۇنىڭ كانۋويلىرىغا ھەربىي بىلىملەرنى ئۆگەتكەن. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئەسلى چەتئەل ئىشپىيونى ئىكەنلىكى پاش بولدى دەپ تۇتۇپ كېتىلىپ ئىز دېرەكسىز يوقالغان. ئەسلىدە ئۇ، چەتئەل ئىشپىيونى ئەمەس بەلكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەلىخان تۆرىنىڭ يېنىغا تاشلىغان جاسۇسى ئىكەن، ئۇ ئەلىخان تۆرىنىڭ ئىچكى كۆز قاراشلىرى ھەمدە مەخسەتلىرىنى كۆزىتىشكە مەخسۇس ئەۋەتىلگەن ئىكەن.(36)

ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر تەرەپتىن مىللىي ئىنقىلابنى قوللىغان بىلەن ئۇنى تولۇق قامال قىلىش ئۈچۈن بارلىق چارىلەرنى قوللانغان بولۇپ، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېتكىسى ئۇنۇملۈك خىزمەت قىلغان. سوۋېت رازۋېتكىسى ستالىننىڭ ئىلى ئىنقىلابىنى خەلقئارالاشتۇرماسلىقتا زور نەتىجە قازانغان بولۇپ، ھەتتا يالتا يىغىنى ۋە ستالىننىڭ كەلگۈسى پىلانلىرىدىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرى خەۋەرسىز بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ختاي رەھبىرى جاڭ كەيشىمۇ خەۋەرسىز قالغان ئىدى. ئۇ، پەقەت كېلىشىم تۈزۈلۈپ، بىر قانچە ئايلاردىن كېيىنلا ئەنە شۇنداق بىر كېلىشىمنىڭ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. جۇڭگو دائىرىلىرى بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇلارنىڭ كۈچسىز ھەم پاسسىپ خەلقئارالىق ئورنى بۇنىڭغا يول قويمىغان. جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى ستالىن ھۆكۈمىتى بىلەن تىركىشىشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئامالسىز قالغان.

ستالىن باشتىن ئاخىرى ئاكتىپ ئورۇندا تۇرغان، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بولسا پاسسىپ ھالاتتە قېلىۋەرگەن. 1945-6-ئايدىن باشلانغان سوۋېت -جۇڭگو ئۇچرىشىشلىرىدا ستالىن ئەگەر جۇڭگو يالتا كېلىشىمىدىكى شەرتلەرگە كۆنسىلا جۇڭگونىڭ "شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى"غا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نەتىجىدە، 1945-يىلى 8-ئىيۇن كۈنى جاڭ كەيشى يالتا كېلىشىمىدىكى ماددىلارغا ئاساسەن "ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ۋە شىنجاڭدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى ھەم زېمىن پۈتۈنلۈكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلسا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭلارنى داۋاملىق قوللىماسلىققا كاپالەتلىك قىلسىلا، ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئومۇمى خەلق ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ شۇنىڭدەك يەنە جۇڭگو دالىيەننىڭ ئەركىن پورت بولۇشى، شەرقىي شىمال تۆمۈر يولى ۋە لۈشۈن پورتىنى سوۋېت -جۇڭگو ئورتاق پايدىلىنىشقا ئەمما باشقۇرۇش ھوقۇقى جۇڭگونىڭ قولىدا بولۇشقا قوشۇلىدۇ" (39) دېگەندەك قارارغا كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە رەسمىي بىلدۈردى. جاڭ كەيشىمۇ "شىنجاڭ" بىلەن مانجۇرىيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زور مەنپەئەتلەردىن ۋاز كېچىشكە تەييار بولغان، ستالىنمۇ ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى قۇربان قىلىشقا تەييار بولغان، قىسقىسى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر مەسىلىسى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مەسىلىسى سوۋېت -جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئاچقۇچلۇق نۇقتىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ستالىننىڭ قولىدىكى سىياسىي قەرتكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

## سوۋېت -جۇڭگو دوستلۇق شەرتنامىسى ۋە ئىلى ھۆكۈمىتى

1944-يىلى 8-ئايلاردا باشلانغان ئۆلاستاي تاغلىرىدىكى قوراللىق ھەرىكەت بارا-بارا كېڭىيىپ، ئاخىرى شۇ يىلى 10-ئايدا نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئازاد بولۇشى بىلەن زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئازادلىق تەشكىلاتىمۇ جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، غۇلجا شەھرىدە قوزغىلاڭ تەييارلىقى ئېلىپ باردى ھەمدە 7-نويابىر كۈنى غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ 1-ئوقنى ئاتتى. بەش كۈنلۈك جەڭدىن كېيىن غۇلجا شەھرىدىكى مۇھىم جايلار ئىشغال قىلىندى. ئازادلىق تەشكىلاتى جىددىي يىغىن چاقىرىپ، "شەرقىي

تۈركستان جۇمھۇرىيىتى" ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى يالتا يىغىنى ئېچىلغىچە بولغان ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتى ئازاد قىلىنىپ، ئىلى قومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن تەلتۆكۈس تازىلاندى. بۇ جەرياندا جۇمھۇرىيەت ئۆزىنىڭ ھەممە ھاكىمىيەت سىستېمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى ھەمدە جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىنى ئازاد قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئېلىپ باردى. زىيا سەمەدىنىڭ تەسۋىرلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا شۇنداق قاينام تاشقىنلىق مەنزىرە شەكىللەنگەنكى، " ھەممە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن"، " مۇستەقىللىق ئۈچۈن"، "شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى شىنجاڭغا قاداش شوئارى ئاستىدا ھەممە خەلق ئۆزلىرىنى ئىنقىلاب قويىنىغا ئاتتى.(40) ئەنە شۇنداق روھ تۈپەيلىدىن جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇنجى ئەسكەر قوبۇل قىلىش مىزانىدىمۇ 18 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەسكەر بولۇش بەلگىلەنگەن بولۇپ، 1945-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى مۇنتىزىم مىللىي ئازادلىق ئارمىيە قۇرۇلۇپ، بۇرۇنقى تارقاق پارتىزانلىق ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلدى. بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىق ئاستىدىكى مۇنتىزىم، ئىنتىزاملىق ھەربىي سىستېما بەرپا قىلىنىپ، ھەربىي مەشىقلەر كۈچەيتىلدى ھەمدە شىمالىي، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي يۆلۈنۈشتىن ئىبارەت ئۈچ فرونتتا جەڭ قىلىش ھەربىي پىلانى تۈزۈلدى. 1945-يىلىنىڭ ئىيۇن ئايلىرىدىن ئېتىبارەن شىمالىي ۋە ئوتتۇرا يۆلىنىشتىكى قوشۇنلار ھۇجۇملىرىنى باشلاپ، شەرقتە ئۈرۈمچىگە، شىمالدا تارباغاتاي ۋە ئالتايغا قاراپ ئاتلاندى. بۇ يەردە شۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدىكى، نېمە ئۈچۈن ستالىن يالتا كونفېرېنسىيىسىنىڭ روھىغا بىنائەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ياردەم بېرىشنى دەرھال توختىتىپ قويماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنقىلابنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى ۋە مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇپ، ئۈچ سەپ بويىچە جەڭ قىلىشىنى قوللايدۇ؟ بۇ ئەمەلىيەتتە سوۋېت -خىتاي مۇناسىۋەتلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەقىقەتەن مىللىي ئارمىيىنىڭ چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇملىرى پەقەت يالتا يىغىنىدىن كېيىن باشلانغان ئىدى. مىللىي ئارمىيە 1945-يىلى 5—6-ئايلاردىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا ۋە شىمالىي يۆنىلىش بويىچە شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقاندا ستالىن بىلەن جاڭكەيشى ئارىسىدا دىپلوماتىيىلىك كۆرەشلەر ئەۋجى ئېلىۋاتاتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ستالىننىڭ ئاشۇ يالتا يىغىنىدا چېرچىل ۋە رۇزۋېلتنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئەمما، جۇڭگونىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولمىغان بىر قاتار شەرتلىرىدىن ئاستىرتتىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، ئەمما تېخى يالتا كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئەمەس ئىدى. (41) جاڭ كەيشى

ھۆكۈمىتىنى غەزەپلەندۈرگەن نۇقتا ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي جۇمھۇرىيىتىنى پەقەت نەزەرگە ئالمىغانلىقى، يەنى دۇنيانىڭ تەرتىپىنى بەلگىلەيدىغان بۇ مۇھىم يىغىندا خىتاينى قاتناشتۇرماستىن ئەكسىچە، ئۇنىڭ "مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلىشقا تەكلىپ" بولۇپ، جاڭ كەيشى بۇ كېلىشىمنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ، لېكىن ئامال قانچە؟ خىتاينىڭ ياپونىيە ئىشغالىيىتىدىن ئازاد بولۇپ، ئىگىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشىدە يۈقىرىدىكى ئۈچ كۈچلۈك دۆلەتكە تايانماي، ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا بويسۇنماي ئامال يوق ئىدى.

جاڭ كەيشى 1937-يىلى ياپونىيە خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىغاندىن ئېتىبارەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، خىتايغا ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ، ستالىننى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىش ئۈچۈن بارلىق دىپلوماتىيىلىك ۋاستىلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما ستالىن جاڭكەيشىنى دەپ ياپون بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بۇزۇۋېلىشنى خالىمىغان ئىدى(42). ئەكسىچە ئۇ 1941-يىلى ياپونىيە بىلەن بىتەرەپلىك كېلىشىمى تۈزگەن ھەمدە خىتايغا مەخپىي بېرىۋاتقان ھەربىي ياردەملىرىنى توختاتقان ئىدى(42). ستالىن سوۋېت -گېرمان ئۇرۇشى باشلانغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي سەپتە ئۇرۇش قىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ياپونىيە بىلەن ئۆزلۈكسىز تۈردە نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، غەربتە گېرمانىيە، شەرقتە ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قېلىپ، بىراقلا گۇمران بولۇشتىن ساقلاندى. ستالىن شەرقىي رايونلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلىرىگىمۇ قوشۇلمىدى ۋە ئامېرىكا بىلەنمۇ ئاشكارا ھەمكارلاشمىدى. خىتاينىمۇ ئاشكارا قوللىماي، ياپونىيىنى بەش يىل ۋاقىت ئالداپ تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەربىي سەپتە گېرمانىيە ئارمىيىسىنى سوۋېت تۇپراقلىرىدىن غەلىبىلىك تازىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى.

1945-يىلىنىڭ بېشىدا گېرمانىيىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئايدىڭلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ياپونىيە بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىپ، ئاسىيا -تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك كۆن تەرتىپكە قويغان ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىپ، بىر تەرەپتىن خىتاينى يالتا كېلىشىمگە كۆندۈرۈشكە يەنە بىر تەرەپتىن ستالىننى تېزرەك ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلاشقا ئۈندىدى (43). ئىلدا مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇپ،

"شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئالغا" دېگەن خەتلەر يېزىلغان بايراقلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، جەددىي ھەربىي تەييارلىقلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا يەنى 1945-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى رۇزۋېلت ۋاپات بولدى. ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان پرېزىدېنت ترۇمېن ستالىننىڭ يالتا كېلىشىمىدە بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلىش ـ قىلماسلىقىنى بىلىش ئۈچۈن 5-ئايدا ھوپكىنسنى ستالىن بىلەن سۆزلىشىشكە موسكۋاغا ئەۋەتتى. ستالىن ھوپكىنسنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش-قاتناشماسلىقى مەسىلىسىنى سورىغاندا، ستالىن قەتئىي رەۋىشتە بۇنىڭ ھەممىسىنىڭ خىتاينىڭ يالتا كېلىشىمىنى قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكى، پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا قارار چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن(45). ستالىن يەنە ھوپكىنسكە ئۇرۇشتىن كېيىن خىتاينىڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇشىنى خالايدىغانلىقىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدىن زېمىن تەمەسى يوقلۇقى، بولۇپمۇ مانجۇرىيە، شەرقىي تۈركىستان ( شىنجاڭ) قاتارلىق جايلاردىكى خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ھەر قانداق مەنادا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى شۇنىڭدەك يەنە پەقەت ئامېرىكىنىڭلا ئۇرۇشتىن كېيىن خىتاينىڭ قۇرۇلۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئىپادە قىلدى(46). ستالىن، ھوپكىنسكە يەنە 7-ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سوڭزىۋېن بىلەن بىلەن موسكۋادا يالتا كېلىشىمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرى بويىچە سۆھبەتلىشىشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ترۇمېن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن 6-ئايدا خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سوڭ زىۋېن بىلەن كۆرۈشۈپ، يالتا كېلىشىمىدىكى خىتايغا ئائىت ماددىلار ھەققىدە سورىغاندا، سوڭ زىۋېن خىتاينىڭ

## رۇس مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يەكۈنلىرى ئاستىدىكى ئىلى ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرى

بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىردىن ئىلگىرىكى 27-ئاۋغۇست، شەرقى تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قازا تاپقان خاتىرە كۈنىدۇر(بۇ چىسلانىڭ باشقىچە بولۇشى مۇمكىن).

ئېنىق دەلىل ئىسپاتى بولمىغان بۇ ئۆلۈمنىڭ ۋاقتىنىڭ 8-ئاينىڭ 27-كۈنى ئىكەنلىكى ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ۋە خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن

بىردەك ھالدا دۇنياغا جاكارلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تاسادىپىي ھادىسە دۇنيا تارىخىدىكى مۇھىم سىرلىق ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى ھەمدە موسكۋا ۋە بېيجىڭ كىشىلەرنى قايىل قىلالىغىدەك پاكىتلىرىنى تېپىپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا بۇ تېمىغا قىزىققۇچىلار 50 نەچچە يىلدىن بۇيان مەزكۇر تراگېدىيىگە ئىشەنمەي، ئۆزلىرىنىڭ تۇرلۇك قىياسلىرىنى ۋە پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى رۇس-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت كۆپلىگەن مەخپىي ئارخىپلار ئېچىلىپ، بۇ دەۋردىكى لېنىن ۋە ستالىننىڭ ئۇيغۇر سىياسىتىنىڭ ماھىيەتلىرى ئاشكارىلىنىش بىلەن كىرىملىنىڭ ھېچ قاچان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللىمىغانلىقى، پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىققا تەشنا قەلبىنى ئۆزىنىڭ خىتايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي ئاسىيا سىياسىي ئىستراتېگىيىسى جۈملىدىن ياپونىيە، ئۇلۇغ برىتانىيە ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان بىر مەيدان دىپلوماتىيىلىك ئويۇنلارنى ۋاستە قىلغان مەنپەئەت ئۆرۈشلىرى ئۈچۈن قورال قىلىپ، ئاخىرىدا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا كوممۇنىزم ۋە كاپىتالىزم لاگىرىدىن ئىبارەت بىر-بىرى بىلەن تەخمىنەن 50 يىل دۈشمەنلەشكەن ئىككى قۇتۇپ كۆرىشىدە ئىتتىپاقچى قىلىشنى خام خىيالغان ماۋ زېدوڭ جۇڭگوسىغا سوغا قىلىۋەتكەنلىكى بۇگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ سىرلىقلىقىنى يوقىتىپ، ئاشكارا خۇلاسىگە ئايلاندى.

ئەڭ قىزىق يېرى شۇكى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئەربابلارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئارقا كۆرۈنىشنى جۈملىدىن دۇنيا سىياسىي تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان مەزكۇر پاجىئەلىك ئۆلۈمنىڭ قانداقتۇر ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تەسادىپىيلىق بولماستىن بەلكى، سىياسىي ئۆلۈم، سىياسىي پاجىئە يەنى پەقەت بىر قانچە كىشىنىڭلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ پاجىئەسى بولۇپ قالغانلىقى، بۇنىڭ بىۋاستە جاۋابكارلىقىنىڭ ستالىن ئىكەنلىكى ئالدى بىلەن رۇسلارنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن تۇشمۇ-تۇشتىن ئىقرار قىلىندى ھەم قىلىنماقتا.

ئانداقتا رۇسلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قانداق يەكۈنلەرنى چىقاردى؟

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن بىر قىسىم رۇس ژۇرنالىستلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەمدە سوۋېت -خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ستالىن تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مەسىلەن ئاتاقلىق

رۇس ژۇرنالىستى ۋە سىياسەتشۇناسى چۇدادىپەۋ 90-يىللارنىڭ بېشىدا موسكۋادا چىقىدىغان "يېڭى ۋاقىت" ژورنىلىدا "ئۇيغۇرلار ستالىن بىلەن ماۋزېدۇڭنىڭ قۇربانلىرى" ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ ستالىن بىلەن ماۋزېدۇڭنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى قەيت قىلغان. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىيونلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئەخمەتجان قاسىمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئەتراپ قىلىشى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، رۇس سىياسىي ئانالىزچىسى ئاندرېي ئانتونوۋ ئۆز ماقالىسىدە "ستالىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنى يوقىتىپ، موڭغۇلىيىگە ئوخشاش سالاھىيەتتىكى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ماۋزېدۇڭغا بېرىۋەتتى "دەپ خۇلاسە چىقاردى.

1990-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ رۇس ئانالىزچىلىرى ۋە سىياسەتشۇناسلىرى شەرقىي تۈركىستان جۇملىدىن ئۇيغۇرلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى پەيدا قىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرىنىڭ جىددىي بىر ھالەتكە كېلىشى شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىدە ئۇيغۇر ھەرىكىتىنىڭ جانلىنىشى بىلەن بېيجىڭنىڭ بۇ مەسىلىدە رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشى ئىدى. ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ قايتىدىن خىتاي بىلەن موسكۋا دىپلوماتىيە سەھنىسىدە مۇزاكىرە تېمىسىغا ئايلىنىشى، سوۋېتلار ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل" ئويۇن قەرتى سۈپىتىدە ئوينىلىپ، جانلاندۇرۇلغان ئۇيغۇر ھەرىكىتى خىتاينى قايتىدىن موسكۋانىڭ ئالدىغا كېلىشكە مەجبۇر قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ قالدى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشىغىچە بولغان بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇيغۇر قەرتى بورىس يېلتسىن، نازارباييۋ، كەرىموپ، ئاقايېۋلار تەرىپىدىن ئۇنۇملۇك ئوينالدى. رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىپلوماتىيىلىك ئۆزگىرىشلەر شۇنىڭدەك ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ موسكۋا بىلەن بېيجىڭ جۇملىدىن ئالماتا، بىشكەك، تاشكەنت ھەم دۇشەنبە قاتارلىقلار بىلەن بېيجىڭ ئارىسىدىكى كېلىشىملەردىن ئورۇن ئېلىشى رۇسلاردىكى ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈشنىڭ يەنە يېڭى دولقۇنىنى قوزغىدى.

قىسقىسى، ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن ھەر قانداق بىر رۇس ئالىمى ياكى سىياسىي ئانالىزچىسى ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ يېڭى ئەمەس بەلكى، كونا مەسىلە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا قۇرغان ئىككى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى جۇملىدىن 1944-يىلدىكى

جۇمھۇرىيەتىنىڭ بىۋاسىتە موسكۋانىڭ دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان قىلىنىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەم ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەسىلىنىڭ تۈگىشى خالاس.

موسكۋا ئارخىپلىرىنى 20 يىل تەتقىق قىلغان رۇس تارىخچىسى بارمىننىڭ "1943-1949-يىللىرىدىكى سوۋېت -خىتاي مۇناسىۋەتلىرى" ناملىق كىتابىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1944-يىلى پارتلىغان شەرقى تۈركىستان ئىنقىلابى ۋە شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى باشتىن ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ستالىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىققا بولغان ئۈمىدىدىن پايدىلىنىپ، شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ستالىننىڭ خىتاي سىياسىتىدىكى ئويۇن قەرتى قىلىنىش بىلەن ئۇيغۇر خەلقىگە تولدۇرغۇسىز كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كەلدى دېگەندەك يەكۈنلەرنى چىقاردى. ئۇ يەنە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ تاسادىپىي ئۆز ئەجىلىدە ئەمەس، بەلكى ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بۇ ماقالىنىڭ مۇئەللىپىگە سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدى.

سىبىرىيەنىڭ بارناۋۇل شەھرىدە ئۇيغۇرلار كەلگۈسىدە مۇستەقىل دۆلەت قۇرالامدۇ يوق؟ دېگەن تېمىدا مۇنازىرە ئېلىپ بارغان رۇس ئالىملىرىنىڭ مۇنازىرىسى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن ۋلادىمىر كۇزمىنكىن، بىر گۇرۇپپا رۇس ئالىملىرىنىڭ يەكۈنلىرىگە ئاساسەن مۇنداق خۇلاسە چىقاردى.

" ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى 1931-يىلى، 1937-يىلى ۋە 1944-يىلى قايتا يۈز بەردى. بىر قانچە يىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەۋجۇد بولدى. بۇ يېڭى دۆلەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىدىكى بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بولۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكمۇ بار ئىدى. كرېمىل ماۋزېدۇڭغا يول قويمىغان بولسا، بەلكى بۇ دۆلەت تېخى ھازىرغىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان بولار ئىدى.( ۋلادىمىر كۇزمىنكىن. "نوۋوسىبىرسك كەچلىك گېزىتى")

موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئاتاقلىق خىتايشۇناس ھەمدە قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر ئېلىدە خىزمەت قىلغان ئالىم ۋىليا گېلبارس ئەپەندى موسكۋادا چىقىدىغان گېزىتلاردىن بىرى "نوۋايا گازېتا"نىڭ مۇخبىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، موسكۋانىڭ ئۇيغۇر سىياسىتى ھەققىدە بىر جۈملە سۆز بىلەن خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دېدى:

"رۇسىيىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ساتقىنلارچە پوزىتسىيە، بۇ بىزنىڭ

تارىخىمىزدىكى پۈتۈنلەي كۆڭۈلسىز بىر نۇقتا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ستالىن ماۋزېدۇڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى خىتايغا قوشۇپ بېرىشنى قارار قىلدى ۋە بۇ يەردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ، كۆپلىگەن ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن بۇ ھۆكۈمەت مەۋجۇد بولماي قالدى. ( "نوۋايا گازېتا" نىڭ ئوبزورچىسى ئاننا پولىتكوۋسكايانىڭ گېلبارىس بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى)

ئامېرىكىلىق رۇس ئالىمى ۋىكتور سىنىتكوۋسكىي ئۆز ماقالىسىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ھەققىدە مۇنداق كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛

"40- يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قوزغىلاڭچى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئەلىخان تۆرە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ئەزالىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەسلىھەتچىلىرى تەشەببۇس قىلغان كۆرسەتمىلەرگە قارىماي، ئۆز مۇستەقىللىقىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. ستالىننىڭ كېيىنكى ھەرىكىتى گومىنداڭ ۋە خىتاي كوممۇنىستلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا تەسىر كۆرسەتتى. 1949- يىلى ئاۋغۇستتا ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا يېتىپ كەلدى ھەمدە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئېتىپ تاشلاندى.

ئۆلتۈرۈلگەن رەھبەرلەرنىڭ ئورنىغا داھىي ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ كېلىشىملىرىگە بويسۇنىدىغان كرېملنىڭ يېڭى تىكلىگەن ئادەملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇيغۇرلار نامىدىن سۆزلىشىش ئۈچۈن خىتايغا يېتىپ باردى."

( ۋىكتور سىنىتكوۋسكىينىڭ ماقالىسى "ئافغانىستاننىڭ قوشنىلىرى -خىتاي، رۇسىيە ۋە قازاقىستان" غا قاراڭ)

ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە كۆپ ماقالە يازغان رۇس سىياسىي ئانالىزچىسى ئىگور روتتار موسكۋادىكى ئابرۇيلۇق گېزىتلاردىن بىرى " خەۋەرلەر"دە يۇقىرىدىكى يەكۈنلەرنى كۈچكە ئىگە قىلىدىغان خۇلاسىنى تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

"بىراق، ماۋ زېدوڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن كرېمل يېڭى ئىتتىپاقچىسىنى خاپا قىلىشنى خالىمىدى. شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ئۆزىنىڭ تولۇق تەركىبى بىلەن ئالمۇتىغا چاقىردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ جايدىن بېيجىڭغا سۆھبەتكە بېرىشى كېرەك ئىدى. بىراق، خىتاينىڭ پايتەختىگە كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە يۇقىرى سالاھىيەتتىكى باشلىقلار بار بۇ ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچرىدى. دېمەك، "ئەپسۇسلىنارلىق تاسادىپىيلىق تۈپەيلىدىن" پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان رەھبەرلىكى

قازا قىلدى."

( ئىگور روتتار، "شەرقىي تۈركىستاندىكى رۇسلار"، خەۋەرلەر گېزىتى)

ئىگور روتتار موسكۋانىڭ ئاتالمىش ئايروپىلان ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا ئېيتقان "ئەپسۇسلىنارلىق ۋەقە" دېگەن سۆزنىي ھال سوراش ئىبارىسىنى بۇ يەردە تەكرارلاش ئارقىلىق، بۇ ئايروپىلان ۋەقەسىنى كىنايە قىلدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلىشقا قاتنىشىپ، نىلقا تاغلىرىدا بىرىنچى پاي ئوقنى ئاتقان فاتىخ باتۇرنىڭ ئوغلى فەرىت مۇسلىموپ ئۆزىنىڭ تاتارىستاندا دادىسى ھەققىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە قىزىقارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەمما، فەرىت مۇسلىموپ دادىسى فاتىخ مۇسلىموپنىڭ كگب خادىمى ئىكەنلىكىنى، 50-يىللاردا قازاقىستانغا چىققاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق كگب نىڭ ئۇنىڭغا تۆھپىكار سۈپىتىدە تۆرمۇش پۇلى بەرگەنلىكىنى يوشۇرماي ئېيتىش بىلەن ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى ھەققىدە تولۇق ئاساسىي بارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

"1949-يىلى ئاۋغۇستتا بارلىق بىرىنچى قول رەھبەرلەر ئالمۇتا شەھىرىگە سۆھبەتكە چاقىرتىلدى ھەمدە ئۇ جايدا ئۇلارغا مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىپ، ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىگە كىرىش تەكلىپى بېرىلدى. بىراق، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرى بۇنىڭغا قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۆيلىرىگە قايتىشقا يول قويۇلمىدى. رەسمىي مەلۇماتلارغا تايانغاندا، ۋەكىللەر ئۆمكىنىڭ ئەزالىرىنى ئېلىپ ماڭغان ئايروپىلان تاغدا ۋەيران بولغانمىش. 1950-يىلى 14- فېۋرالدا موسكۋادا ستالىن بىلەن ماۋ مەخپىي كېلىشىم تۈزدى. بۇ كېلىشىمنىڭ بىر ماددىسىغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۇنيا سىياسىي خەرىتىسىدىن يوقاپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئاپتونوم رايون سۈپىتىدە ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەركىبىگە كىردى. جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرىنىڭ جىسمانىي يوقىتىلىشىدىن كېيىن ۋاڭ ئېنماۋ قوماندانلىقىدىكى ختاي ئارمىيىسى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىرىپ، ھەر قانداق قارشىلىقلارنى قانغا پاتۇردى"

( فارىت مۇسلىموپ، يىراق ۋە يېقىنلار- شەرقىي تۈركىستاندا)

قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھىرىدىكى بىر كوچىغا گېنېرال ئىسھاق بەگ مونۇنوپ نامىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى ھەمدە ئىسھاق بەگنىڭ يۇرتداشلىرىنىڭ مەخسۇس ئۇنىڭ

ھەققىدە كىتاب تەييارلىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان مەركىزىي ئاسىيا ئاگېنتلىقىدىكى ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن:

" 1944-1946-يىللىرى ئۇيغۇرلار(غەنى باتۇر)، قازاقلار( ئوسمان باتۇر) ۋە قىرغىزلار( مونىيېۋ) ۋە باشقىلارنىڭ قوزغىلىشى يۈز بەردى ھەمدە مۇستەقىل دۆلەت شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. خىتايدا ماۋ كوممۇنىستلىرى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سىياسەت قايتىدىن قاراپ چىقىلدى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى " ئۆزلۈكىدىن تارقالدى"، مۇستەقىلچىلەرنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى نىكۋد( سوۋېت ئىچكى ئىشلار كومىتېتى) تەرىپىدىن " ھادىسە" ۋە " قايغۇلۇق ۋەقە" دېگەندەك ناملار بىلەن جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىلدى".

بارمىن فېدور ئىسىملىك رۇس مۇتەخەسسىسى مۇنداق يازدى:

" 1944-يىلى، ئۇيغۇرلار قورال كۈچى بىلەن خىتاينىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد بولغاندا، مۇستەقىل دۆلەتچىلىككە ئېرىشىش پۇرستى يەنە بىر قېتىم پەيدا بولدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. بىراق بۇ دۆلەتكە پۈت دەسسەپ تۇرۇش نېسىپ بولماي قالدى، جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا سەپەرگە ماڭغاندا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلدى. بۇ ھادىسە خىتاينىڭ كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئاستىدا بىرلىككە كېلىشىنى قوللايدىغان كرېمىل تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان دەپ ھېسابلانماقتا.

(فېدور بارمىن. رۇسىيە ئالاھىدە قىسىملىرى ژۇرنىلى، 2001-يىلى، نويابىر 11-سانى)

ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە ئەتراپلىق ۋە خېلى سىستېمىلىق پىكىر قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى " پارتلاش ئالدىدىكى بومبا" دەپ ئاتىغان رۇس تارىخچىسى بورىس مايناييېۋ ئەپەندى ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە يەنىلا شۇ ئاچچىق تارىخقا مۇراجىئەت قىلماي ئۆتمەيدۇ: مۇنداق يازىدۇ پروفېسسور مايناييېۋ ئەپەندى:

" مىسال شۇكى، شاھىدلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سوۋېت قوراللىرى بىلەن قوراللانغان ھەمدە موسكۋالىق تەربىيىلىگۈچىلەر تەرىپىدىن تەربىيىلەنگەن ئارمىيىگە ئىگە بولغان. بۇ دۆلەت ھاكىمىيەت ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بارلىق سىستېمىلار يەنى بايراق، تامغا، پۇل ۋە دۆلەت ئورگانلىرى قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. قارىماققا ستالىن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ كۈچىگە ئۇمىد

باغلىمىغانلىقىنىمۇ ياكى، ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكىدىنمۇ ئەتمالىم، ئۆز ئالدىغا جاڭ كەيشىگە قارشى بازا قۇرغان ئىدى. بىراق گېنېرال لىسسىموس مەغلۇپ بولۇپ تەيۋەنگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئۆزىنىڭ " پۈتۈن خەلقنىڭ ئاتىسى"لىق مەنسىنى ئۆزگەرتتى. ماۋ بېيجىڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى باشلىغاندا، موسكۋا ئۇچۇن مۇستەقىل غۇلجا ( جۇمھۇرىيەت) كېرەك بولماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ياش ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمىتىگە قىيىنچىلىقلار تۇغۇلدى.

# سوپاخۇن سوۋۇروف ھەققىدە ستالىنغا يوللانغان مەلۇمات

## «مەن كەچكەن كېچىكلەر» دىكى سوۋېت جاسۇسلىرى



تېكەس ئاتلىق پولكى قۇرۇلغاندا پولكوۋنىكلىق
ئۇنۋانى بېرىلگەن ۋاقىت(1945-يىلى)

سوپاخۇن سوۋۇروف 20-ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇھىم شەخسلەرنىڭ بىرى. ئۇ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ھەربىي ئىشلار تارىخىدا ئاددىي بىر قوزغىلاڭچىدىن مەخسۇس ھەربىي مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، ئىززۋوت، روتا ۋە پولك كوماندىرلىق دەرىجىسىگىچە بولغان 20 يىللىق ھەربىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن شۇنىڭدەك ئۆز قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ، بىۋاستە قانلىق جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ھەربىي قوماندانلارنىڭ بىرىدۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ شاۋكەتلىك قىسمى 1945-يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، بىر روتا ئۇيغۇر ئەسكەرنى باشلاپ، ئىلى ھۆكۈمىتى تەرەپكە ئۆتۈشى ھەمدە ئۇنىڭ ئاقسۇ جەڭ مەيدانلىرىدىكى ھەربىي پائالىيەتلىرى بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىكتۇر، بەلكى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بۇ سەھىپىسى بولمىغان بولسا، سوپاخۇن سوۋۇروف دېگەن مەزكۇر جاراڭلىق ئىسىم تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالالمىغان ۋە خەلقىنىڭ مۇنداق يۇقىرى سۆيگۈسى ھەم ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولار ئىدى. سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ ھاياتىنىڭ ئەنە شۇ جەڭگىۋار ۋە شەرەپلىك قىسمى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلى ھۆكۈمىتى، جۈملىدىن ئەلىخان تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق داھىيلارنىڭ، ئىۋان پالىنوف ۋە ئىسساقبەك مۇنونوف قاتارلىق باش قوماندانلارنىڭ يۇقىرى ھۆرمىتى ھەم تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپلا قالماستىن بەلكى ئىلى ئىنقىلابىنى باشتىن ئاخىرى قوللىغان ۋە مەزكۇر مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى كرېملىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىلان ۋە مەنپەئەتلىرىنىڭ تەركىبى قىسمىغا كىرگۈزگەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي رەھبىرى يوسىف ستالىن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىدى.

ئەلۋەتتە، ستالىننىڭ سوپاخۇن دېگەن ئىسىمدىن غۇلجىدىكى سوۋېت گېنېراللىرى ئارقىلىق خەۋەر تېپىشى تەبىئىي. مېنىڭ مۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، غۇلجىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچىلىك ئورگىنى ھېسابلىنىدىغان2-دومنىڭ مەسئۇلى، گېنېرال مايور ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ ئېگناروۋ ئاقسۇ ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سوپاخۇن ھەققىدە موسكۋاغا بىۋاستە مەلۇمات يوللىغان بولۇپ، بۇ مەلۇمات « ستالىننىڭ ئالاھىدە پاپكىسى» دەپ ئاتالغان ستالىنغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنىڭ ئارخىپىدا ساقلانغان. ئەمما، سوپاخۇن سوۋۇروف ئەينى ۋاقىتتا ئۆزى ھەققىدە ستالىنغا يوللانغان مەزكۇر مەلۇماتتىن بىخەۋەر بولۇپ، 2-دومنىڭ مۇتلەق مەخپىي تۈزۈلىدىغان مەزكۇر ھەرىكەتلىرى ۋە مەخپىي تېلېگرامما-ھۆججەتلىرىدىن سوپاخۇن ئەمەس، ھەتتا جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىملەرنىڭمۇ خەۋەر تېپىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يېقىندا مەنسوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ بېيجىڭدا نەشرقىلىنغان 496 بەتلىك «مەن كەچكەن كېچىكلەر» ناملىق ئەسلىمىسىنى ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئوقۇپ چىقتىم.

مەن ئالدى بىلەن زور قىزىقىش ئىچىدە ئەسەرنىڭ كېيىنكى بەتلىرى، يەن سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ، غۇلجىغا كېلىشىدىن تارتىپ، ئاقسۇ جەڭ مەيدانلىرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پائالىيەتلىرىگە ئائىت تەپسىلاتلارغا كۆز يۈگۈرتتىم. ئەپسۇسكى، ئەسلىمىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتۈشكىچە بولغان جەريانلارغا بېغىشلانغان. بىراق، ئۇنىڭ 1945-يىلى، 6-ئايدىن1949-يىلى 12-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەربىي ھاياتى، بولۇپمۇ كىشلەر ئەڭ قىزىققان ئاقسۇ جەڭ مەيدانلىرىدىكى پائالىيەتلىرىغا ئائىت تەپسىلاتلار يېتەرلىك تەپسىلىي يېزىلمىغان . بۇ ئەمەلىيەتتە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى ئەڭ كۆپ قىسمى بولۇپ،كۆپلىگەن تەپسىلاتلار يورۇتۇلماي ئۆتۈپ كېتىلگەن، بۇنىڭدىكى سەۋەب ھازىرچە ئېنىق ئەمەس،ئەلۋەتتە، قاتتىق سېنزۇرا ئاستىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ خۇددى سوپاخۇننىڭ ھاياتىغا ئوخشاشلا ئۈزۈن ۋە مۇرەككەپ مۇساپىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرى يورۇقلۇققا چىققانلىقى ئوقۇرمەنلەرگە ئايان ھەم خۇشاللىنارلىق ۋەقە .!

مەن بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ كۆپلىگەن تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم، بولۇپمۇ ئەسەردە تىلغائېلىنغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي ئىنقىلاپقا كۆرسەتكەن تەسىرلىرىگە ئائىت ئۇچۇرلارنىڭ تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتى بارلىقىنى ھېس قىلدىم. نەتىجىدە مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ ئەسىرىدىكى قىسمەن نۇقتىلارنى ئىزاھلاش ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى خادىملىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى چوڭقۇرلىتىش قارارىغا كەلدىم .

## 1 .پېشقەدەم قوماندانىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئەسلىمىلەر

مەن ئەسلىمىنى ئوقۇۋېتىپ، سوپاخۇن ئاكا بىلەن 1996-يىلىنىڭ ئەتىياز ئېيىدا ئۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قىلغان سۆھبەتلىرىمنى ئەسلىدىم . ئۇزۇندىن بۇيان نامىنى كۆپ ئاڭلىغان، دىدارىنى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان مەزكۇر زات مېنى ئۆز ئۆيىدە



ئاقسۇ قورغاننىڭ ئېلىنغان ۋاقتى(1945-يىلى)

ئىللىق چىراي بىلەن قارشى ئالدى. سوپاخۇن ئاكىنىڭ دادام بىلەن يېقىن تونۇشلۇق ۋە كۆپ سۆھبەتداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. دادام ئۆزى بىر تارىخىي ۋەقەلەرگە قىزىققۇچى ھەم ئىزدەنگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇنداق تارىخى شەخسلەرنىڭ كۆپىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇلار بىلەن ئۆتكەن ۋەقەلەرھەققىدە پاراڭلىشاتتى ھەم يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىي ۋەقەلەرى ھەققىدە بىر قىسىم ماقالىلارنىمۇ يېزىپ ئېلان قىلغان

ئىدى.

مېنىڭ موسكۋادا مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخى ئوقۇۋاتقانلىقىم، ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدىكى كۆپلىگەن پېشقەدەم زىيالىيلارنىڭ قىزىقىشىغا ئۇچرىغان ھەمدە ئۇلارنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 1930-40-50-يىللىرىدىكى موسكۋانىڭ ئۇيغۇر سىياسىتى ۋە جۇڭگو سىياسىتىنى ،جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرئېلىدىكى تەسىرلىرىنى ئەسلەتكەن ئىدى. چۈنكى، 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ۋە مەدەنىيەت ئېڭى ھەم سىياسىي تەقدىرىدىن چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس .

مەن، 1990-يىلى، سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرى نورماللىشىپ،ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە تۇنجى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتلىقىغا تاللىنىپ، مەزكۇر ئاكادېمىينىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن ئىدىم. مۇنداقچە قىلىپ، ئېيتقاندا سابىق چاررۇسىيە ۋە كېيىنكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەمدە1991-يىلدىن كېيىنكى رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ئەڭ ئالىي شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى ھېسابلىنىپ، 150 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان مەزكۇر بىلىمدەرگاھىدا مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيائۇيغۇرلىرى بولسۇن ۋەياكى ئۇيغۇر ئېلى ئۇيغۇرلىرى بولسۇن، ئۇلار ئارىسىدىن تۇنجى قېتىم مەزكۇر ئىنستىتۇتتا تارىخ پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلاپ، ئۇنۋان ئالغان ئىدىم. مەن 1985-يىلدىن 1996-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۈرۈمچىدە كۆپلىگەن پېشقەدەم زىيالىيلار بىلەن سۆھبەتداش بولدۇم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇرېيىم ئۆتكۈر، ھاجى ياقۇپ، ئىبرايىم مۇتئىي، ئابدۇشۇككۇر مۇھەممەد ئىمىن، شەرىپىدىن ئۆمەر، ئابدۇللا تالىپ قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ جەريانلاردا مەنە يەنە باشقا ئونلىغان ئەينى ۋاقىتتىكى تونۇلغان ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلىرى، دوتسېنت-پروفېسسورلىرى،ئەدىبلىرى ۋە زىيالىيلىرى بىلەنمۇ سۆھبەتداش بولدۇم ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن خىزمەتداش بولدۇم. بۇ جەرياندا مەن يەنە بىر قىسىم تارىخىي شاھىدلارنىڭ ۋەقەلىرىنى ئاڭلىدىم. بۇلارنىڭ ئارىسىدا مەن ئۈچۈن ئىككى شەخس، سوپاخۇن سوۋۇروف بىلەن سەيدۇللا سەيفۇللايوف ئەڭ ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇرغان ئىدى .

سوپاخۇن ئاكا دادامدىن مېنىڭ تەتلىگە قايتىپ كەلگەنلىكىمدىن خەۋەرتېپىپ مەن بىلەن پاراڭلىشىشنى ئېيتىپتۇ. مەنمۇ ئالاھىدە خۇش بولۇپ، دادام بىلەن بىرگە سوپاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىگە باردىم. تەخمىنەن تۆت سائەت ئەتراپىدا سوزۇلغان

سۆھبەتلەر جەريانىدا سوپاخۇن ئاكابىشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. مەنمۇ بەزى سوئاللارنى قويدۇم. سۆھبىتىمىزنىڭ مۇھىم تېمىلىرىنىڭ بىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مىللىي ئىنقىلابقا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ۋە ئارىلاشقانلىقى مەسىلىسى بولدى. سوپاخۇن ئاكا بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ بەزى قاراشلىرىنى ۋە كۆرگەن پاكىتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى .

مەن ئۇنىڭغا، 1949-يىلى، 8-ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا قازاقىلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى نۆۋەتلىك ۋەكىللەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە سەيفىدىن ئەزىز بىلەن بېيجىڭغا بارغان ئالىمجان ھاكىمباييېفنىڭ مەن ئوقۇغان ئەشۇ ئىنىستىتۇتتا 1950-يىللاردىن تارتىپ، تاكى ۋاپات بولغان1991-يىلىغىچە ئىشلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم. بۇ ئىنىستىتۇتتىكى بىر قىسىم پېشقەدەم كىشىلەر سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىگە ئائىت كىشىلەرئىدى. ئەينى ۋاقىتتا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى بولغان ئالىمجان ھاكىمباييېف سوۋېت تەرەپنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن سەيفىدىنگە ھەمرا بولۇپ، بېيجىڭغا بارغان ھەمدە بارلىق سورۇنلاردا بىرگە بولغان ئىدى. ئۇ، 1950-يىللارنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ، ئۆمۈر بويى موسكۋادا ئىشلىگەن .ئۇ، 1930-يىللاردىكى ۋە 1944-1949-يىللاردىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ھەققىدە تەتقىقات قىلىپ،بۇ ھەقتە ئاشكارا ۋە يېپىق شەكىلدە بىر قانچە ئەسەرلەرنى يازغان ئىدى .

بۇ ئىنىستىتۇتتا يەنە ئابدۇراخمان كالىموف ئىسىملىك قىرغىزىستاننىڭ قاراقول شەھرىدە تۇغۇلغان بىر تۇڭگان ئالىمى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى تېخىمۇ قىزىقارلىق ئىدى. ئۇ 1944-يىلى، 12-ئايدا قىرغىزىستاندا تەشكىللەنگەن « باتۇر» ئەترىتىنىڭ تەركىبىدە سۈيدۈڭ ۋە كۈرەدىكى جەڭلەرگە قاتنىشىپ، كېيىن مەنسۇر لومىيوفنىڭ تۇڭگان پولكىنىڭ شتاب باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان ھەمدە جىڭدىكى جەڭلەرگە قاتناشقاندىن كېيىن، 1946-يىلىنىڭ 6-ئېيىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىپ، كېيىن موسكۋادا ئوقۇپ، تۇڭگان تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. ئابدۇراخمان كالىموف ئۇيغۇر تىلىدا ياخشى سۆزلەيتتى، ئۇتاكى سوۋېت ئىتتىپاق بىيمىرلىگىچە ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئىلغا ئەۋەتىلىپ، گومىنداڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغان تارىخىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت بىخەتەرلىك ئورگانلىرى ئۇلارغا بۇ ئىشنى ھېچقاچان ۋە ھېچكىمگە تىنماسلىق ھەققىدە تىل خەت ئالغان ئىكەن. كابىلوف بىر ئۆمۈر ئۆز سىرىنى ئاشكارىلىيالماي، قىينىچىلىقتا ئۆتكەن، ئۇنىڭغا « ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن» دېگەن

شەرەپلەرمۇ بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن بىرئېغىز ئۈيدە قېنىلىپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان. ئاخىرى ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ك گ ب سىگە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قىلغان خىزمىتىگە يېڭىدىن باھا بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا ك گ ب ئاخىرى ئۇنىڭغا ۋەتەن ئۇرۇشى قاتناشقۇچىلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش بۇيرۇقى چىقىرىپ، چوڭراق ئۆي تەقسىم قىلىپ بەرگەن. بىراق، ئۇنىڭغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ يىمىرىلىپ، ئۆز سىرىنى ئاشكارە ئېيتالايدىغان بولسىمۇ، بىراق قېرىپ بېشى بىر يەرگە بارغان ئىدى. ئابدۇراخمان كالىموف بۇ ھېكايىلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئەمما، ئۇ ئالمجان ھاكىمپېنى ياخشى كۆرمەيتتى ۋە ھاكىمباييېفنى ئىككى يۈزلىمچىلىك بىلەن سۆككەن ئىدى. مەن سوپاخۇن ئاكىغا ئۆزۈم كۆرگەن بۇ زات ھەققىدە ۋە باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇچراشقان پېشقەدەم مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاپ قاتناشقۇچىلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم .

ھەققەتەن بۇ يىللاردا 20-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئېلىدە يۈزبەرگەن سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ كۆپلىگەن شاھىدلىرى دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ھايات بار ئىدى.ئەپسۇس ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى ياش ۋە تەجرىبە كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ زاتلارنىڭ ھەممىسنى تېپىپ زىيارەت قىلىپ، كۆپلىگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلاشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن ئىكەنمەن، ھازىر بۇنىڭدىن كۆپ ئەپسۇسلىنىمەن. بىر تارىخچى ئۈچۈن پۈتۈن ۋەقەلەرنى كىتابتىنلا ئەمەس، تىرىك شاھىدلاردىنمۇ ئۆگىنىش تېخىمۇ مۇھىمدۇر .

1996- يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پېشقەدەم كادىرلىرىدىن بىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەن خىزمەت قىلغان يىللىرىدىكى سابىق مۇدىرى ھاكىم جاپپار ئاكىنىڭ باشلىشى بىلەن سەيدۇللا سەيفۇللايېف بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇزۇن سۆھبەتلەردەبولغان ئىدىم. سەيفۇللايېف ئۆزىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا قانداق قاتناشقانلىقى ۋەئالمۇتىدا ئەتراپىدا فاتىخ باتۇرقاتارلىقلار بىلەن قانداق تەربىيەدىن ئۆتكەنلىكىگە ئائىت ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. كېيىن، ئۇ بۇ ۋەقەلەرنى ماقالە ۋە ئەسلىمە قىلىپ ئېلان قىلدى. سەيفۇللايەف بىلەن بولغان سۆھبەتتىمۇ ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرى ھەققىدە توختالغان ئىدى .

سەيفۇللايېف سۆزىدە مەندىن ئالمجان ھاكىمباييېفنىڭ موسكۋادا ئىكەنلىكىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى سورىدى، مەن ئۇنىڭغا ئالمجان ھاكىمباييېف ھەققىدە بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. سەيفۇللايېف بۇ ئادەمنىڭ ئەسلىدە ئۆزبېكىستاندا

تۇغۇلغان، ئۆزبېك مىللىتىدىن كېلىپ چىققان، چۆچەكتىكى باي شەخسلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئەسلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەخپىي خادىمى بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ چوڭلۇقىنى، بەلكى، ئۇنىڭ بىيجىڭغا بېرىشىنى موسكۋا بەلگىلىگەنلىكىدە شەك يوق ئىكەنلىكىنى قەيت قىلدى. بۇ سورۇندا ھاكىم جاپپارمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئەلخان تۆرەھەققىدە تۇنجى قېتىم ماقالە يېزىپ، ئۇنىڭ تاشكەنتتىكى ھاياتى ۋە قانداق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىلىپ كېتىلگەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدى. ھاكىم جاپپارنىڭ بۇ ماقالىسى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئەلخان تۆرە ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگەبولۇشىدا مۇھىم مەنبەلىك رول ئوينىدى ۋە ھازىرغىچە پايدىلىنىماقتا. ئۇزۇن مەزگىل مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن بۇ زات ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مائارىپ ۋە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى قاتارلىق تېمىلاردا ماقالىلار يازغان ئىدى .

سۆزىمىز گەكەلسەك ، سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ ئۆيىدە بولغان سۆھبەت جەريانىدا، مەن ئۇنىڭ ئاقسۇ جەڭ مەيدانىنى ئەسلىگىنىدە ناھايىتى غەزەپلەنگەنلىكى، ئاقسۇنى ئازاد قىلالماي پاجىئەلىك تۈردە ئاقسۇدىن چېكىنگەنلىكىدىن چوڭقۇر ئەپسۇسلانغانلىقىنى چۈشەنگەن ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئەۋەتكەن ھەربىي مەسلىھەتچى خادىملارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقلىرى ھەم بەزى رەھبىري شەخسلەرگە بولغان نارازىلىق پىكىرلىرىنىمۇ يوشۇرمىغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئەلخان تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەرگە بولغان قارىشىنى سورىغىنىمدا ئۇ بۇ ئىككى زاتنى ئەڭ يۇكسەك ئورۇنغا قويغان ئىدى. شۇ قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن مەزكۇر پىشقەدەم قوماندانىنىڭ ئۆزى قاتناشقان بۇ ئىنقىلابقا نىسبەتەن ئۆزىگە خاس بولغان، باشقىلاردىن پەرقلىق باھا بېرىش ئىدىيىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلغان ھەم يەنە ئۇنىڭ ئاغزىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى زاكىر ۋە ئىسكەندەر قاتارلىقلارغا بولغان ئاچچىقلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ ئىسىملارنىڭ ئۇ كىشىنىڭ مېڭىسىگە چوڭقۇر ئورۇنلاشقانلىقىنى چۈشەنگەن ئىدىم .

سۆھبىتىمىز جەريانىدا يەنە مىرزىگۇل ناسىروف ھەققىدىمۇ پاراڭ بولدى. مەن بۇ كىشىنىڭ قازاقىستاننىڭ چىلەك رايونىدىكى بىر كالخوزنى باشقۇرۇپ، بوز يەر ئېچىش بويىچە 1950-60-يىللاردا پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە داڭ چىقىرىپ، ئۇدا ئىككى قېتىم لېنىن ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغانلىقى، ئۇنىڭ قازاقىستاندا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە زات ئىكەنلىكىن ىسۆزلەپ بەردىم. بىراق، سوپاخۇن ئاكا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى بولۇپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشى جەڭلەردە چېنىققان بۇ

كوماندىرنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. ئۇ، ئاقسۇدىن چىكىنىش جەريانىدا مىرزىگۇل ناسىروفنىڭ ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن سوپاخۇن قوشۇنلىرىغا ماسلاشمىغانلىقى ھەم يارىماسلىق قىلغانلىقىدىن ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئەمما ئۇ يەنىلا مىرزىگۇلنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى يوشۇرمىدى.

مەن ئەنە شۇ قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن سوپاخۇن ئاكىنى كۆرمىدىم، ئەمما ئۇنىڭ بەزى ئەسلىمىلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇدۇم. 2001-يىلى، ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ھەربىي ئىشلار تارىخىدىكى ھەقىقىي قوماندان سوپاخۇن سوۋۇروفغا بولغا ھۆرمىتىمنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈردۈم. مەخسۇس ھەربىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ پولكوۋنىكى بولغان ھەم مىللىي ئارمىيىنىڭ يۇقىرى دەرجىلىك كوماندىرلىرى ئارىسىدائەڭ ئۇزۇن مەزگىل ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن كەسپىي ھەربىي خادىم سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ 1950-يىلىدىن كېيىن ھېچقانداق چوڭ ھوقۇق تۇتمىغانلىقى، ۋە بۇرۇنلا كەسىپ ئالماشتۇرۇلغانلىقى بىلەن 1955-يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ گېنېرال مايورىلىق ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولالمىغانلىقى ئاجايىپ بىر ئىش! بىراق ئۇيغۇر خەلقى ئالىلقاچان ئۇنىڭغا گېنېرالدىنمۇ يۇقىرى ئۇنۋان بېرىپ بولغان ئىدى!



ئاقسۇ فرونتىغا ئاتلانغان ۋاقىت(1945-يىلى)
2-رەت ئوڭدىن 1- كىشى قاسىمجان قەمبىرى، 2-كىشى سوپاخۇن سۇۋۇروف. 1-رەت سولدىن 2-كىشى نىمشېھىت ئارمىيە داموللا

## 2 .سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاپىدىكى تەسىرى

مەن مانا 16 يىلدىن كېيىن مەرھۇم سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ «مەن كەچكەن كېچىكلەر» ناملىق ئەسلىمىسىنى ئوقۇۋېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوپاخۇن

كوماندىرلىقىدىكى پارتىزان ئەترىتىگە ھەربىي مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەنگەن زاكىر تۆرە ۋە ئىسكەندەر ئەپەندىلەر ھەققىدىكى بايانلارنى ئۇچراتتىم. ئەلۋەتتە بۇ، ئۇ سۆزلەپ بەرگەنگە قارىغاندا بىر قەدەر تەپسىلىيرەك ئىدى. ئەمما يەنە بەزى نازۇكراق نۇقتىلار كىرگۈزۈلمىگەن. مەن بۇ يەردە سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ ئەسلىمىسىدىكى باشقا تەپسىلاتلار ھەققىدە توختىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، پەقەت زاكىر ۋە ئىسكەندەردىن ئىبارەت ئىككى ئەرباب ھەققىدىكى بايانلارغا قوشۇمچە قىلىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلىدىكى ھەربىي خادىملىرىنىڭ بەزى ۋەزىپىلىرىگە ئائىت ئۆزۈم ئىگىلىگەن مەلۇماتلارنى ئەسلىتىش ئارقىلىق «مەن كەچكەن كېچىكلەر»دىن ئورۇن ئالماي قالغان بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى ئوقۇرمەنلەرگە ھاۋالە قىلىشنى قارار قىلدىم .

بۇ، قوشۇمچەمگە « سوپاخۇن ھەققىدە ستالىنغان يوللانغان مەلۇمات» دەپ ئىسىم قويدۇم. مېنىڭچە، سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ ئەسلىمىسىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىنقىلابقا بولغان ئارىلىششى، سوۋېت ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى قاتارلىقلاردۇر. سوپاخۇن ئەسلىمىسىدە زاكىر، نوغايبايېف، ئىسكەندەر ۋە باشقا بىر قىسىم ئوفىتسېرلارنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىدىكى ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سوۋېتلىكلەر بولۇپ، ھەتتا خەت باسقۇچى ماشىنىستكىلارمۇ رۇس ئاياللىرى ئىدى. قوماندانلىق شتابىدىكى سوۋېتلىك رۇس ئوفىتسېرى ئۇنىڭغا قانچە ياخشى تەسىرات قالدۇرمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەنلەر ۋە ئۇنىڭغا ۋەزىپە تاپشۇرغانلارنىڭ ھەممىسى سوۋېتلىكلەر بولۇپ، پەقەت باقىيېف ئىسىملىك سوۋېتلىك ئۇيغۇرلا بۇيەردىكى بىردىن بىر ئۇيغۇر ئىدى. ئۇ، شتابتا تەرجىمانلىق قىلىۋاتاتتى[1].

قوماندانلىق شتابتىكىلەر سوپاخۇننى ئاقسۇغا بارىدىغان يوللارنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن تېكەستىكى ئاتلىق قىسىمنىڭ پولكوۋنىكى نوغايبايېفنىڭ يېنىغا ئەۋەتىدۇ. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئۇنى نوغايبايېفنىڭ يېنىغا ئىسكەندەر ئەپەندى باشلاپ بارىدۇ ھەمدە ئۇ يەردە زاكىر ، ئىسكەندەر، نوغايبايېف ۋە ئابدۇرەيىمجانھەسەنوفلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئاقسۇغا بېرىش يوللىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ [2]. تەكىتلەشكە تېگىشلىك نۇقتا شۇكى مەزكۇر سورۇندىكى تۆت ئادەمنىڭ ئۈچى، ئىسكەندەر، زاكىر ۋە نوغايبايېف سوۋېتلىكلەر بولۇپ، پەقەت ئابدۇرەيىمجان ھەسەنوفلا يەرلىك ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلىدە يەتتە سۇلۇق ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، ئۇ ياش ۋاقتىلىرىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن،

يەنى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ سىياسىي كومىسسارلىقى، مۇزەپپەر يارۇللابېكوۋ كوماندىرلىقىدىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ تارانچىلار ( ئۇيغۇرلار) پولكىنىڭ جەڭچىسى سۈپىتىدە يەتتە سۇدىكى ئاق گۋاردىيىچىلەرگە قارشى جەڭلەرگە قاتنىشىپ، 1920- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىلىغا كۆچۈپ كەلگەن كىشى ئىدى. ئابدۇرېيىمجان ھەسەنوۋ، مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي ئىشلار بويىچە مۇئاۋىن قوماندانى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا پولكوۋنىكلىك ئۇنۋانى بېرىلگەن ئىدى .



ئاپتورنىڭ مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش شتابىغا يۆتكەلگەن ۋاقتى(1948 -يىلى،2 -رەت ئوڭدىن 4 -كىشى سوپاخۇن)

سوپاخۇن سوۋۇروف يەنە مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى بارلىق ھەربىي كوماندىلار ۋە ھەربىي ئاتالغۇلارنىڭ رۇسچە ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىنى قوبۇل قىلغاندا، ئەسكەرلەرگە ئۇيغۇرچە كوماندا بېرىپ، ئۇيغۇرچە جەڭ ناخشىسى ئېيتقاندا، رەھبەرلەرنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ .

سوپاخۇننىڭ مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدا پۈتۈنلەي سوۋېتلىكلەر ( رۇسلارنىڭ) نى كۆرگەنلىكى ھەمدە ھەربىي ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رۇسچە بولۇشىنىڭ مەلۇم ئاساسى بار بولۇپ، بۇ بىرىنچىدىن مىللىي ئارمىيەنىڭ ھەربىي قائىدە-تۈزۈمى بولسا، ئىككىنچىدىن، قوماندانلىق تەركىبىدە ئىلىغا يەرلەشكەن سابىق چاررۇسىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى بىلەن

مۇناسىۋەتلىك، ئۈچىنچىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق تەركىبىنى كونترول قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. سوپاخۇن شتابىنىڭ ئەھۋالىنى « پۈتۈنلەي سوۋېتلىكلەر بولۇپ، بىرمۇيەرلىك يوق ئىدى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ .

ھەقىقەتەن، 1945-يىلى،8-ئاپرىلدا مىللىي ئارمىيە رەسمىي قۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئاپاراتى بىكىتىلگەن بولۇپ، رۇسلاردىن ئىۋان گېئورگىيېۋىچ پالىنوف گېنېرالمايور ئۇنۋانى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، گېنېرال مايور ۋارسونوفىي ماژاروف شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم بۆلۈملەرگە بەزى ئۇيغۇرلار قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىي ئىش بېجىرگۈچىلەر ئارىسىدا يەنىلا رۇسلار بولغان. پالىنوۋ، مازھاروۋ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سابىق چاررۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرلىرى بولۇپ، ئۇلار 1920-يىلىدىن كېيىن جۇڭگو تەۋەسىگە ئۆتكەن سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئاق گۋاردىيىچىلەر قوشۇنىغا مەنسۇپ كىشىلەرشۇنىڭدەك كىلىپ چىقىش جەھەتتىن كازاك رۇسلىرىدىن ھېسابلىناتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى 1930-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت رۇسىيىسى تەرەپكە ئۆتۈپ، سوۋېت رۇسىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ھەمدە موسكۋانىڭ قوللىشى ۋە يۆلىشى ئاستىدىكى شېڭ شىسەي قوماندانلىقىدىكى ئۆلكە قوشۇنىدا يۇقىرى ھەربىي ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرغان ئىدى .

ئىلى ۋادىسىغا يەرلەشكەن رۇس جامائىتى1944-يىلى 9-ئايدىكى نىلقا قوزغىلىڭى ۋە 7-نويابىردىكى غۇلجا قوزغىلاڭلىرىغا ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ھەربىي كۈرەشلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر ئۈلۈش ھەسسىسىنى قوشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى،رۇسىيە گىراجدانلار ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەمدە مەخسۇس ھەربىي مەكتەپلەرنى تۈگەتكەن،ھەربىي ئىشلاردا تەجرىبىگە ئىگە بىر قىسىم كونا كەسپىي ئوفىتسېرلار بار بولۇپ، مەزكۇر رۇس جامائىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى بىلىم ساپاسى باشقا يەرلىك خەلقلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر ياخشى ئىدى .

ئۇلارنىڭ ئىنقىلابتىكى پىداكارلىقى ۋە ھەربىي ئىشلاردىكى يۇقىرى ساپاسىنى نەزەرگە ئالغان جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بۇ رۇسلارنىڭ ھەربىي قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىش ۋە رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پېشقەدەم ئوفىتسېرلارنى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىدى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن مىللىي ئارمىيىنىڭ تۆت نەپەر گېنېرالىنىڭ ئىككى نەپىرى رۇس بولۇپ، ئۇلار پالىنوۋ ۋەماژاروۋ ئىدى.

قاچاق رۇسلاردىن فاتىي لىپسكىن، ۋاسىلىيموگۇتنوۋ، پاۋېل ماسكولىيېۋ،پېتىر ئالېكساندروف، گرېبىنكىن، ئانانىن، پىلىنوۋ قاتارلىقلارغا پولكوۋنىكلىك ئۇنۋانلىرى بېرىلدى. جۇمھۇرىيەت ۋاقتلىق ھۆكۈمەتكە ئىلگىرى -كېيىن رۇسلاردىن ئالېكساندروف، ماسكولىيېۋ ۋە پالېنوۋ قاتارلىق ئۈچ ئادەم ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى .

مىللىي ئارمىيىنىڭ 1946-يىلى، 6-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۈچ ئاتلىق بىرىگادا ۋە ئىككى پىيادىلەر بىرىگادىسىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن ھەمدە كىرمىگەن جەمئىي 17 پولكنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلار تەركىبىنى تەكشۈرگەندە، شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1946-يىلى، 6-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق پولكلارنىڭ پولك كوماندىرلىرى، شتاب باشلىقلىرى ۋە سىياسىي كومىسسارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەخمىنەن 50تىن ئارتۇق يۇقىرى دەرىجىلىك كومادىرلارنىڭ ئىچىدە 20 گە يېقىن رۇس بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىلىدىكى يەرلىك رۇسلار بولسا، يەنە بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەنلەر ئىدى[3].

مەزكۇر پولكلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلىرى تەركىبىدە تەخمىنەن 10 دىن ئارتۇق ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن قىرغىز، قازاق، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار ۋە باشقىلار ئىدى. بولۇپمۇ، 1945-يىلى، 12-ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىسساقبەك مۇنونوف كوماندىرلىقىدىكى جەنۇبىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلغاندا مەزكۇر يۆنىلىشتىك تەركىبىدە ئىككى بىرىگادا بولغان بولۇپ، سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ مەلۇماتىچە، 1-بىرىگادا ۋە ئىككىنچى بىرىگادانىڭ قوماندانلىق تەركىبى ۋە بۇ ئىككى بىرىگادا تەركىبىدىكى پولكلارنىڭ قوماندانلىق تەركىبىنى ئاساسەن دېگۈدەك سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن قىرغىز، ئۆزبېك،تاتار، ئۇيغۇر ۋە رۇسلار تەشكىل قىلغان. [4 ]

گەرچە، پالېنوۋ ۋە ماژاروۋ قاتارلىقلارئۇيغۇر تىلىنى بىر قەدەر ياخشى بىلسىمۇ، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيەقوماندانلىق شتابىنىڭ پالېنوۋ ۋە ماژاروۋلار ئىمزا قويغان ئەمىر-پەرمانلىرى ۋە ھۆججەتلىرىنىڭ بىر قىسمى رۇس تىلىدا چىقىرىلغان ئىدى. بولۇپمۇ، 1946-يىلى، 6-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا تېخىمۇ شۇنداق بولىدى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قوماندانلىق شتابىدا دەسلەپكى ۋاقىتلاردا رۇس تىلىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىشى تەبىئىي. بىراق، شتابنىڭ باشقا يەنە ئارقا سەپ، سىياسىي ھەم باشقا بۆلۈملىرى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئورۇنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبىتىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇرتىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئېنىق ئىدى. سوپاخۇن زىيارەت قىلغان ئورۇن بەلكى شتابنىڭ رەسمىي جەڭ ئوپېراتسىيىلىرىنى تۈزۈش ۋە قوماندانلىق قىلىشتىكى يادرولۇق ئورگىنى بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق، ئورۇنلارنى سوۋېتلىكلەرنىڭ ئىگىلىشى

تەبئىي. ئەمما، 1946-يىلى، 7-ئايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەنلەر ئۆز ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتاب تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىسساقبەك مۇنونوف باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى. ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ باشلىقلىرى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەردىن تەركىپ تاپتى. شۇنىڭدىن تارتىپ، كوماندا بېرىش ۋە شتابنىڭ ھۆججەتلىرى ھەم بۇيرۇقلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى ئىشلىتىلدى. قازاقلار كۆپ پولكلاردا بولسا، قازاق تىلى ئىشلىتىلدى[5].

سوپاخۇن سوۋۇروف بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: 1946-يىلى، 11-ئايلاردا 11بىتىم مۇناسىۋىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن كوماندىرى ۋە مەمۇرىي مەسلىھەتچىلەر بىر كېچىدىلا مەملىكىتىگە قايتتى. ھەممە خىزمەت يەرلىك ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىدارىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا قالدى[6].

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن كوماندىرلار ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، ھەر قايسى قىسىملارنىڭ كوماندىرلىق شتابىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. پولك ۋە بىرىگادىلار ئىخچاملاندى. بولۇپمۇ، 11 بىتىم بويىچە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئادەم سانى 30 مىڭدىن ، 12مىڭغا، ئەسلىدىكى 17 پولك 3 پىيادە ۋە 3 ئاتلىق پولكقا قىسقارتىلغاندىن كېيىن، مەركىزىي پولكلارنىڭ كوماندىرلىق ۋەزىپىلىرى يەرلىكلەر تەرىپىدىن ئاتقۇرۇلدى. كوماندىرلار شتاتىنى ئاساسلىق يەرلىكلەر ئىگىلىدى. بىراق، مىللىي ئارمىيىنىڭ كادىر سىستېمىسى ۋە تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولغان بىلەن ئەمما ھەربىي ئاتالغۇ، ئىنتىزام-قائىدە ، ئۇنۋان ۋە باشقا نۇرغۇن نەرسىلەر يەنىلا ئۆز پېتى بولۇپ، مىللىي ئارمىيە تۈپتىن ئۆزگەرتىلمىدە. ئىززۋوتتىن تارتىپ پولكقىچە بولغان بارلىق ھەربىي تارماقلارغا پۈتۈنلەي يەرلىك ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، تاتار، تۇڭگان ۋە باشقا مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان كوماندىرلار كوماندىرلىق قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ يەرلىكلەرئارىسىدا يەرلىكلەشكەن رۇسلارمۇ بار ئىدى .

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر، قازاق ، قىرغىز ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش 1943-يىلى ماي ئېيىدا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ يىغىنىدا قارار قىلىنغان [7]. قارارقوبۇل قىلىنغان بۇ يىغىننىڭ ئېچىلغان ۋاقتى ھەققىدە ئىككى خىل ۋاقىت ئۇچۇرى بار. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1945-1949-يىللاردا ئالتاي تەۋەسىدە ھەرىكەت قىلغان بىخەتەرلىك خادىمى ئەمرىبايېف سىياسىي بيۇرونىڭ قارارىنىڭ 16-ماي ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ [8]. ئەمما، قازاقىستان تاشقى رازۋېتكا تارىخىغا ئائىت ھۆكۈمەت ھۆججەتلىك مەلۇماتى بولسا، سىسىر كوممۇنىستلار

پارتىيسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1943-يىلى ،4-ماي كۈنى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە موڭغول قاتارلىق خەنزۇ ئەمەس مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ مىللىي ئـازادلىق ھەرىكـىتىگە بارلىق ھەرقانداق ياردەملەرنى كۆرسىتىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسـىتىدۇ [9].

ســوۋېت ئىتتىپــاقى كوممۇنىستلارپارتىيىســى مەركىزىــي كــومىتېتى سىياســىي بىيوروسىنىڭ ستالىن، مولوتوۋ، بېرىيا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەركـىزىي يىغىنىـدا شىنجاڭ مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنىپ، شېڭ شىسەيىنى ئۆلكە ھاكىمىيىتىدىن قالـدۇرۇش قارار قىلىندى. بۇنىڭ ئۈچـۈن «شىنجاڭدايايشـاۋاتقان كىشـىلەر ۋە سـوۋېت ئىتتىپـاقى پۇقرالىقىدىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقان' مىللىي قوتۇلـۇش گـۇرۇپپىلىرى 'قـۇرۇش، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلاردا مۇنـداق گۇرۇپپىلارنىـڭ كوماندىرلىرى ھەم تەشۋىقاتچىلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن مەخسۇس بىـر قـانچە مەكـتەپ ئـېچىش قارارى چىقىرىلدى» [10].

تارىخىي پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1943-يىلىنىڭ باشـلىرىدا يوسـۇپ ستالىن ئۆز ھـاكىمىيىتىنى مۇسـتەھكەملەش ئۈچـۈن سـوۋېت ئىتتىپاقىنىـڭ غـايەت زور ھەربىي-سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھەتتـا كـادىر يـاردەملىرىگە ئېرىشـكەنلىكى ھەتتـا بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولغانلىقىغا قارىماي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئـۆرىگەن شېڭ شىسەيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يەرلـىك خەلقلەرنىـڭ سـوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىـل مىللىي ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش قارارىغا كەلگەن ئىدى. ئۇ، بۇ يول ئارقىلىق بىر تەرەپتىن شېڭ شىسەيدىن ئىنتىقام ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن سـوۋېت ئىتتىپاقىغا ئـۆچ ھەمـدە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە قاتـارلىق سـوۋېت ئىتتىپـاقى بىلەن ئىدىيىۋى دۈشمەنلىككە ئىگە قۇدرەتلىك مەملىكەتلەرنىـڭ ھەربىـي-سىياسـىي تەسىر كۈچىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارقا تېمى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە قوشنا مەركىزىي رايونغا باشلاپ كىرىش تاكتىكىسىنى ئويناۋاتقـان گومىنـداڭ مىللەتچـى گۇرۇپپىلىرىنىڭ دەككىسىنىمۇ بېرەلەيتتى. ستالىنىنىڭ مەركىزىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەركىزىي كومىتېتتا ئالاھىدە بىر گۇرۇپپـا قۇرۇلغـان بولـۇپ، مەركـىزىي گۇرۇپپىغا سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىسسـارلىرى كېڭەشـىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بـىرى ھەمدە مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى رۇسـىيە سوتسىيالىسـتىك فېـدېراتىپ جۇمھـۇرىيىتى خەلق كومىسسارلىرى كېڭەشـىنىڭ رەئىسـى ئالېكسېيكوسـىگىن ، مەركىزىـي كومىتېـت سىياسىي بيۇرو ئەزاسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارى ياتىنىـڭ كومىسسـار لاۋرېنتـى بېرىيـا، سـوۋېت ئىتتىپـاقى مىللەتـلەر كېڭەشـىنىڭ رەئىسـى

نىكولايىشۋېرنىك ۋە كېمموٗنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى سىياسەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مىخايىل سۇسلوۋ قاتارلىقلار كىردى[11].

سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيورىسىنىڭ قارارى بويىچە س س سر خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ باشلىقى ۋە دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لاۋرېنتى بېرىيا ئۇيغۇر ئېلىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ بىر قاتار پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىشقا تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر دىياردا بولىدىغان ئىنقىلاب نىشانى بويىچە لايىھە تەييارلىغان ئىدى. ئۇنىڭ لايىھىسى نىكۇدىنىڭ ئىدىيىسىنىڭ تۈپ نۇقتىسى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتنى قوللاش ۋە ھەربىي ھەرىكەتلەرگە ياردەم كۆرسىتىش، بۇنىڭ خۇلاسىسى« مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلسا، شىنجاڭدا جۇڭگودىن مۇستەقىل بولغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا دوست مۇسۇلمان دېموكراتىك دۆلىتى پەيدا بولىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى[12].

1943 ـ يىلى، ماينىڭ ئاخىرىدا لاۋرېنتى بېرىيانىڭ رەھبەرلىكىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ن كۆ د-ن ك گب ( خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك خەلق كومىسسارىياتى) سىنىك يىغىنى ئېچىلىپ، بۇنىڭغا سوۋېت رازۋېتكا ئورگانلىرىنىڭ شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى قاتناشتى. يىغىنغا يەنە دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتىنىڭ كومىسسارى ۋسېۋولود مېركۇلوۋ شۇنىڭدەك يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، تاشقى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ خىتايغا مۇناسىۋەتلىك دائىرىلىرى قاتناشتى. مەزكۇر يىغىنغا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك، قەشقەر، ئالتاي ۋە موڭغۇلىيىنىڭ قوبدو قاتارلىق جايلىرىدا تۇرۇشلۇق رازۋېتكا خادىملىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى. بۇ يىغىندا شىنجاڭ ۋەزىيىتى ۋە ئۇ يەردە قوزغىلىدىغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ كونكرېت ۋەزىپە ۋە پىلانلىرى مۇھاكىمە قىلىندى[31]. بېرىيانىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى مەزكۇر يىغىندا نىك ۋد (خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ) نىڭ رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە ن ك ۋد قوشۇنلىرىنىڭ قىزىل ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپلىرىنى قوغداش باش باشقارمىسى مۇئاۋىن باشلىقى گېنېرال مايور ۋلادىمىرستېپانوۋىچ ئېگناروۋ، خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى- خەلق دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتى ( ن ك ۋد-ن ك گب) 4- بۆلۈمىنىڭ 1-باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گېنېراللېيتېنانت ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچ لاڭفاڭھەمدە خەلق دۆلەت مۇداپىئە كومىسسارىياتىرازۋېتكا باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى گېنېرال مايور بورىس كۇزنېتسوۋ بىرلىكتە تۈزۈپ چىققان ھەرىكەت پىلانى قاراردىن ئۆتكۈزۈلدى[14].

ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجا، قەشقەر، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق شەھەرلەردىكى كونسۇلخانىلىرى مەخسۇس ئۆز تورۇشلۇق رايونلارنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، ھەربىي-سىياسىي ئەھۋالى، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتكە بولغان پوزىتسىيىسى ھەمدە ئىنقىلاب غەلىبىسىدىن كېيىن يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئەھۋاللار ھەمدە يەرلىك خەلقلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەم كېيىپياتى قاتارلىق تۈرلۈك مەسىلىلەر بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، موسكۋاغا دوكلات يوللىدى.

1934-يىلى، ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللىماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە،مىلىتارىست شېڭ شىسەينى قوللاپ، خوجا نىياز ھاجىم قاتارلىق رەھبەرلەرنى شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش يولىغا باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى ئۆلكە ھاكىمىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى 1941-يىلى، گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى ھەم ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن خەلقئارا ۋەزىيەت شارائىتىدا شېڭ شىسەينىڭ موسكۋادىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ كۆچىنى بۇئۆلكىگە باشلاپ كىرىشتەك مۇرەككەپ مەسىلىگە دۇچ كەلدى.

شېڭ شىسەي 1942-يىلدىن كېيىن، چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىگە ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رايوندىكى تەسىر كۈچىنى تازىلاشقا ۋە سىقىپ چىقىرىشقاكىرىشتى. ستالىن مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار كومىسسارى ۋىلادىمىر دېكانازوف قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەيگە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، بىراق شېڭ قەتئىي تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش سىياسىتى قوللىنىپ، بارلىق مۇتەخەسسىسلەر ۋە خادىملارنى قوغلاپ چىقاردى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ۋە مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد ئالاقىلىرىنى ئۈزدى ھەتتا قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق سوۋېت نىكۋد سىنىڭ 8-پولكىنى چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. ئەكسىچە، ھېچقاچان بۇ يەرگە كېلىشكە پېتىنالمىغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋە پارتىيە ھەم ھۆكۈمەت ئاپاراتلىرى بۇ ئۆلكىگە كىرىپ ئورۇنلىشىشقا باشلىدى. بۇنى ئاز دەپ جاڭ كەيشى ھۆكۈمىتى 1943-يىلدىن ئېتىبارەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا ئېچىشىغا يول قويىدى .

يەنەبىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، گىتلېر گېرمانىيىسى1930-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، يادرو قورالى ئىشلەپ چىقىرىشقا كىرىشكەن. ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەمۇ ئاتوم بومبىسى ياساشقا كىرىشكەن بولۇپ، ئامېرىكا «مەنخاتتىن» پىلانىنى جىددىي ئېلىپ

بېرىۋاتاتتى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر گېرمانىيىنىڭ ئاتوم بومبىسىغا بۇرۇن ئىگە بولۇۋېلىشىنىڭ ناھايىتى ئەنسىرىگەن بولۇپ، ئەگەر گىتلېر بۇ بومبىغا ئالدىن ئىگە بولسا، دۇنيا ۋەزىيىتى تامامەن باشقىچە بولاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك ئورگانلىرى 1940-يىلىدىن ئېتىبارەن، گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ يادرو پىلانىدىن خەۋەر تېپىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ بۇ بومبىنى ياساپ چىقىشىنى ئويلاشقان، 1941-يىلى، گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سىياسىي بيۇرو سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتوم پىلانىنى باشلاشنى قارار قىلدى.

1943-يىلى، 11-فېۋرالدا، يوسىف ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ ۋ. م. مولوتوۋنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاتوم بومبىسى ياساش پروگراممىسىنى تەستىقلىدى. لاۋرېنتى بېرىيا بولسا، ئۇران كانلىرىنى تېپىش ۋە ئۇرانغا ئىگە بولۇش ھەمدە ئاتوم بومبىسى پىلانىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش قاتارلىق كونكرېت ئىشلارغا مەسئۇل بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى1940-يىلىدىن ئېتىبارەن شېك شىسەي بىلەن 50 يىللىق مۆھلەت بىلەن قەلەي كانلىرىنى ئېچىش ھەققىدە مەخپىي كېلىشىم تۈزۈپ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھەممە جايلىرىدا دېگۈدەك يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشكەن ھەمدە بەزى جايلاردا كان بايلىقلىرىنى قېزىشقا كىرىشكەن ئىدى. 1943-يىلغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدە ئۇران زاپاسلىرىنى تاپالمىغان بولۇپ، بەزى رۇس تارىخچىلىرىنىڭ قارىشىچە، بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا ئۇران كان زاپاسلىرىنى تاپقان. دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتوم بومبىسى ياسىشىدىكى بىردىن-بىر خام ئەشيا - ئۇران پەقەت ئۇيغۇر ئېلىدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇ موسكۋانىڭ ئاتوم بومبىسى پىلانى ئۈچۈن زور ئۈمىد تۇغدۇرغان ئىدى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت شارائىتىدا شېك شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ موسكۋانىڭ مەخپىي ئاتوم بومبىسى پىلانىغا پۈتلىكاشاڭ قىلدى. ئەلۋەتتە، شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، شېك شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا ئۇران كانلىرىنى تاپقانلىقى ۋە بۇنىڭ ئاتوم بومبىسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەنبە ئىكەنلىكىنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ مۇتلەق مەخپىي بولۇپ، بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى سىياسىي بيۇروسى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئاز ساندىكى بىخەتەرلىك رەھبەرلىرى ھەمدە ئاتوم ئالىملىرىلا بىلەتتى خالاس. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ نامدا شىنجاڭدا يەر ئاستى بايلىقلىرىنى تەكشۈردۇق، نېفىت، ئالتۇن،

قەلەي ۋە باشقا بايلىقلارنى ئىزدىدۇق دېگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئاساسلىق نىشان ئۇران مەنبەسى ئىزدەش ۋە ئۇنىڭغا ئېرىششتىن ئىبارەت ئىدى .

ئەنەشۇ بىر قاتار ۋە كۆپ تەرەپلىملىك ئامىللارنى نەزەرگە ئالغان سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۆزىنىڭ 1933-1934-يىللىرىدىكى يەرلىك خەلقنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللىماسلىق سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ قېتىم ئۇنى قوللاشنى قارارقىلدى. ستالىن شېڭ شىسەينىڭ يۈزسىزلىكى ۋە ئالدامچىلىقىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن سىياسىي بيۇرونىڭ قارارىدا «شېڭ شىسەي تۆزكور ۋە يۈزسىز ئادەم. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئۆزۈن يىللار كۆپ ياردەملەرنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇلارنىڭ قەدرىنى قىلمايلا قالماستىن، بەلكى مۇھىمى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېغىر زىيان سېلىش قەدىمىنى باستى. بۇ نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ، شېڭ شىسەينى ئۆلكىنىڭ ھاكىمىيىتىدىن قالدۇرىدىغان زۆرۈر چارىلارنى قوللىنىش لازىم» دېيىلگەن ئىدى[15].

لاۋرېنتى بېرىيا باشچىلىقىدا ئېچىلغان ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىسسارىياتىنىڭ يىغىنىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي ئالاھىدە ھەرىكەت پىلانى قوبۇل قىلىنىغان. يىغىن خۇلاسىسى سۈپىتىدە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى (ن ك ۋ د) پەۋقۇلئاددە ۋەزىيلەر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ۋلادىمىرستېپانوۋىچ ئېگنارووۋ بىلەن ن كۋ د 4-باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گېنېراللېيتېنانت ئالېكساندىر ئۇۋانوۋىچلاڭفاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. مەزكۇر گۇرۇپپىنىڭ شتابى ئالمۇتا شەھرى ۋە چېگرا پونكىتى قورغاسقا جايلاشتى[16]. ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ ئېگنارووۋ 1944-يىلى، 5-ئايدا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى (ن ك ۋد)نىڭ مەخسۇس ۋەزىيلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى .

رۇسىيە دۆلەت ئارخىپىدا ساقلىنىۋاتقان «لاۋرېنتى بېرىيانىڭ ئالاھىدە پاپكىسى» دىكى ھۆججەتتە بۇلاردىن باشقا يەنە مەزكۇر ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى يەنە ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستان تېررىتورىيىلىرى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىمۇ ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقى، 1946-يىلى مارت ئېيىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ جايدىكى ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىغا پولكوۋنىك ئۇنۇۋاندىكى رالنىكوۋ تەيىنلەنگەنلىكى قەيت قىلىنغان [17]. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنىنىڭ پولكوۋنىكى، 1944-1949-يىللىرى ئارىسىدا ئالتايدا

ھەرىكەت قىلغان ئەمەس ئەمرىبايىپىنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا ئىلى ۋادىسىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ھەرىكەتلىرىنىڭ كونكرېت خىزمىتىگە لاۋرېنتى بېرىيا نىكۆدىنىڭ تاشقى رازۋېتكا ئورگىنىنىڭ باشلىقى گېنېرال پاۋېل فىتىننى مەسئۇل قىلدى. پاۋېل مىخايلوۋىچ فىتىن 1939-يىلدىن تارتىپ، 1946-يىلى،6-ئايغىچە نىكۆدىنىڭ سىياسىي ۋە تاشقى رازۋېتكىسىنىڭ بېشىدا تۇرغان بولۇپ، بۇ ئورگان نىكۆدىنىڭ 1-باشقارمىسى دەپ ئاتالغان. 1946-يىلى، 9-ئايدا دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنى نىكۆد دىن ئايرىلىپ، سس س ر دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى بولغاندا ئۇ بۇ مىنىستىرلىكنىڭ گېرمانىيىدىكى ۋەكىلى بولغان ئىدى [18]. فىتىن موسكۋادا س س س ر نىڭ مەخسۇس خىزمەت ئورگانلىرىنىڭ شىنجاڭ ۋە جۇڭگو ئىشلىرى بويىچە مەخسۇس مەسئۇللىرى ۋە ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ھەم قىرغىزىستانىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىسسارىياتىنىڭ رەھبەرلىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ تەۋەلىرىدە ئورۇنلىشىپ قالغان شىنجاڭلىقلاردىن ھەربىي ئەترەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى پارتىزانلىق ئۇرۇش ئۇسۇللىرى بىلەن ئۆگىتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرغان [19].

سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيوروسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى (ن ك ۋ د) ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتى ( ن ك گ ب) بىۋاستە ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھەربىي-سىياسىي پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئارىلاشقاندىن سىرت يەنە ئۇيغۇر دىيارى بىلەن قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن قازاقىستان ، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتلىرى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتلىرىغا كونكرېت ۋەزىپىلەر يۈكلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەزكۇر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىرىمۇ بۇ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشقا قاتناشتى .

مەسلەن، ئۆزبېكىستان كومپارتىيىسىنىڭ1- سېكرېتارى ئوسمان يۈسۇپوف ئىلى ئىنقىلابىغا سىياسىي-ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزبېكىستاندا تەييارلىقتىن ئۆتۈپ، ئىلىغا ياردەمگە ئەۋەتىلگەن پىدائىيلار ۋە كادىرلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزى بىۋاستە يولغا سالغان ئىدى. مەسىلەن، 1944-يىلى پالنوۋ باشچىلىقىدا تاشكەنتتە تەربىيىدىن ئۆتكۈزۈلگەن گۇرۇپپىنى ھەمدە 1947-يىلى ئەۋەتىلگەن خېلەم خۇدابەردى

قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئىككىنچى تۈركۈمدىكى 13 كىشىلىك مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسىنمۇ ئوسمان يۇسۇپوف ئۆزى قوبۇل قىلىپ ئۆزلۈكتىن ئىدى. ئۇنىڭ بىۋاستە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن تاشكەنتتە «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنىپ، مەخپىي يوسۇندا ئۇيغۇر دىيارىغا كىرگۈزۈلگەن ھەمدە 1947-يىلى ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو پروگراممىسى ئاڭلىتىش باشلانغان[20].

ئۆزبېكىستان مىنىستىرلار كېڭىشى موسكۋادىن 1946-يىللىق دۆلەت خامچوتىنى تەلەپ قىلغاندائۇيغۇر دىيارىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان خامچوتنىمۇ قوشۇپ تەلەپ قىلغان ئىدى .

سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى سىياسىي بيۇروسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتىنىڭ 1-رازۋېتكا بۆلۈمى جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، «سوۋېت ئىتتىپاقى مۇسۇلمانلىرى مەركىزىي دىنىي باشقارمىسىنىڭ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى خىتابنامىسى» دەپ ئاتالغان چاقىرىقنى 5000 نۇسخا كۆپەيتىپ، ئۇيغۇر ئېلىغا كىرگۈزگەن. 1943 - 1945-يىللىرى ئارىسىدا ئالتايدىكى مىللىي گۇللىنىش ۋەئالتاي قوزغىلاڭچىلىرى نامىدىن 16تۈرلۈك پۈتۈن ئۆلكە خەلقىغە چىقارغان تەۋىشۋىقات ۋاراقچىسى تەييارلىغان ھەمدە «قازاقئېلى» ژۇرنىلى، «شەرق ھەقىقىتى» ۋە باشقىلارنى ئۇيغۇر ئېلىغا كىرگۈزۈپ، خەلقنى ئويغىتىشتا رول ئوينىغان[21]. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالمۇتىدا قازاقىستاننىڭ يەرلىك كوممۇنىستلىرىدىن مەخسۇس ئۇيغۇر ئېلىدە خىزمەت قىلىدىغان مەخسۇس خادىملارنى تەربىيلەش مەكتىپى قۇردى. 1943-يىلى، سېنتەببىردە بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 28 كۇرسانت- رازۋېتچىك ( جاسۇس) سوۋېت ۋە موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن مەخپىي ئۆتۈپ، شىنجاڭغا ئۆتۈپ، « سوۋسىنتورگ» ( سوۋېت-شىنجاڭ سودا شىركىتى) نىڭ خادىملىرى دېگەن نامدا يەرلىك ئاھالىلارنى تەشكىللەش ۋە مىللىي گۈللىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى[22].

مەسىلەن، بۇ مەكتەپنىڭ كۇرسانتى ئارىسپېك زائۇربېكوۋ 1944-يىلى، ئىيۇن ئايلىرىدا ئۇيغۇر، قازاق ۋە موڭغۇللاردىن 250 كىشىلىك قوزغىلاڭچىلار گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ئالمۇتا ئەتراپىدا تەييارلىقتىن ئۆتكەن مەزكۇر مەخسۇس مەكتەپنىڭ ئىككىنچى گۇرۇپپا كۇرسانتلىرىفاتىخ مۇسلىموۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1944-يىلى، ئاۋغۇست ئېيىدا ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىگە قوزغىلاڭچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى.

قىرغىزىستان تارىخچىسى ۋە ئىسساقبەگنىڭ ئەۋلادى ئابدۇۋاھاپ مونىيېفنىڭ قەيت قىلىشىچە، ئىسساقبەك مۇنونوف 1943-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ساق-سالامەت قېچىپ بارغاندىن كېيىن، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنى قوبۇل قىلغان. بولۇپمۇ قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى كوم پارتىيىسى، دۆلەت بىخەتەرلىك ۋە ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى قاتارلىق ئورگانلارنىڭ ئالىي رەھبەرلىرى ئىسساقبەكنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىش ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلغان. ئابدۇۋاھاپ ھەتتا شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ موسكۋاغا بارغانلىقى ھەمدە ستالىن تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىمۇ قەيت قىلىدۇ [23].

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بۇ كونكرېت پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى يەنىلا موسكۋادىكى مەركىزىي ئورگان بەلگىلىگەن ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەمەلىي رەھبەرلىك ۋە بىۋاستە پائالىيەت دائىرىسىگە كىرگەن بولۇپ، ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەسئۇلى ھېسابلانغان ۋلادىمىر ستېپانوۋىچئېگناروۋنىڭ قاچان غۇلجىغا كەلگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق ھۆججەتلىك مەلۇمات يوق، ئەمما ئەلىخان تۆرىنىڭ ئوغلى، مىللىي ئارمىيە مايورى ئاسىلخان تۆرە ئۆز ئەسلىمىسىدە گېنېرال ۋلادىمىر ستېپانوۋىچنىڭ 1944-يىلى، 9-دېكابىر كۈنى غۇلجا شەھىرىدە، ئەلىخان تۆرە بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ [24]. ئۇ قەيت قىلغان ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ دەل ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ ئېگناروۋتۇر. ئەمما، ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ، مەسىلەن پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندىروۋنىڭ 1944- يىلى، 7-نويابىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن غۇلجىغا كېلىپ، غۇلجا قوزغىلىڭىغا قاتناشقانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن ئازغىنا كەم ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ، ئىۋان پالىنوۋ قاتارلىقلارنىڭ غۇلجىغا كەلگەنلىكى، ئىۋانپالىنوۋ بىلەن كەلگەنلەر قاتارىدا ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوۋ، يەنى ئىسكەندەرئەپەندىنىڭ بىرگە كەلگەنلىكى مەلۇم .

ئىۋانئىۋانوۋىچ ئىۋانوۋ، يەنى، ئىسكەندەر ئەپەندى بىر مەزگىل پالىنوۋقا مەسلىھەتچ بولۇپتىدە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان. ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى گېنېرال مايور ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ ئېگناروۋ چىلپەنزە (قورغاس) ئازاد قىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان يول ئېچىلغان ھەمدە قوزغىلاڭچىلار سۈيدىڭنى قورشاۋغا ئالغان، ھەرەمباغ، ئايرودروم ۋە لاڭشاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى قاتمۇ-قات

قورشاۋغا ئېلىنغان، تەلكەدىكى فاتىي لىسكىن كوماندىرلىقىدىكى پارتىزانلار بولسا، زاپاس 7-دىۋىزىيە كوماندىرى لى يۈشاڭ قوماندانلىقىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كەڭساي ئارقىلىق غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش ھۇجۇملىرىنى تارمار قىلىپ، كەڭساي ئېغىزىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىۋاتقان بىر پەيتكە توغرا كەلگەن ئىدى .

گېنېرال ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ ئېگناروۋ ۋە گېنېرال ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچلاڭفاڭ غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن، دەرھال ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىگە غۇلجىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىشقا كىرىشكەن بولۇپ، رۇسىيە تارىخشۇناسى ئا.بارمىن « گېنېرال ۋلادىمىر ستېپانوۋىچئېگناروۋ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى دە تۇرۇشلۇق باش ھەربىي مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى» دەپ يازىدۇ[25]. ئېگناروۋ رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىك ئورگىنى غۇلجا شەھىرىنىڭ نوۋپىگورد مەھەللىسىدىكى چوڭ بىر قوروغا جايلاشقان بولۇپ، ئادەتتە 2-دوم دەپ ئاتىلاتتى. گېنېرال ئېگناروۋ ئەنە شۇ جاينى ئىشخانا قىلىپ، بىۋاستە موسكۋا بىلەن ئالاقە قىلاتتى، ئۇ جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى كۆزەتكەن ھەم نازارەت قىلغاندىن سىرت يەنە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىلەن كۆندىلىك ئالاقىلاردا بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ھەپتىدە دېگۈدەك موسكۋادىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ۋە رەھبەرلىككە ئەھۋال يوللاپ تۇرغان[26].

ئېگناروۋ غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ ئاتىغان بولۇپ، ئېگناروۋنى كوزلوۋقا ئۆزگەرتكەن. ئەمما،ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ ئىسمىنى ساقلاپ قالغان. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان مىللىي ئىنقىلاب شاھىدلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ كوزلوۋدەپ بىلگەن ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسىم-فامىلىسى بولغان ئېگناروۋنى ھېچكىم بىلمەيتتى .

ئالېكساندىر ئىۋانوۋىچ لاڭفاڭنىڭ غۇلجىدا قانداق ئىسىم-فامىلە قوللانغانلىقى نامەلۇم. بىراق جۇمھۇرىيەت باش كاتىپى ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى ۋە مىللىي ئارمىيە مايورىئاسلىخان تۆرە سوۋېت گېنېرال نىكولاي ئارخىپوۋىچ دېگەن بىر ئىسمىنى ئىشلىتىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە جۇڭگودا چىققان كىتابلاردا بولسا، كۇزنېتسوۋ فامىلىلىك بىر گېنېرال تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئەشۇ گېنېرال لاڭفاڭ شۇمۇ ، ئەمما ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىغا ئەۋەتكەن رازۋېتكاخادىملىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىسىم-فامىلىسىنى يوشۇرغان ئىدى. كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، جۇڭگودا نەشر قىلىنغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ۋە تارىخىغا ئائىت

كىتابلاردا قەيت قىلىنغان 2-دومىنىڭ مەسئۇلى كوزلوۋ دەل ئەشۇ ئېگىناروۋتۇر.

جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى بولغان ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبرايىمنىڭ ئېيتىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ گېنېراللىرى قوزغىلاڭ غەلىبە قىلىپ، تەخمىنەن بىرەر ئاي ئىچىدە غۇلجىغا كەلگەن بولۇپ، باشتا پالېنوۋ بالدۇرراق كەلگەن ئىدى. ئابدۇرەئۇپ مەخسۇمنىڭ ئېيتىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ باشتا ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئانچە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ باشچىلىقىدا 40-50 ئادەمنى ئازغىنا قورال-ياراقلار بىلەن ئەۋەتكەن. بۇ چاغدا غۇلجىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچى ھەقىقەتەن ئاجىز ئىدى. ئەمما، سوۋېت تەرەپ غەنى باتۇر ۋە فاتىخ باتۇر باشچىلىقىدىكى نىلقا قوزغىلاڭچىلىرى يېتىپ كېلىپ، دۈشمەنگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇملار باشلاپ، 12-نويابىرغىچە بولغان ئارىلىقتا غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئازاد قىلىنغان ۋە پۈتۈن خەلق قوزغىلىپ، تېز ئارىدا ئەتراپتىكى بىر قانچە ناھىيەلەر ئازاد قىلىنىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەرەمباغ، سۈيدۈڭ ۋە كۆرەلەرگە قاپسىلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئىنقىلابنىڭ غەلىبە قىلالىشىغا ئىشەنچ قىلىپ، دەرھال ياردەم بېرىشكە كىرىشكەن.

ئەلىخان تۆرە 13-نويابىر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلى داباشىن بىلەن كۆرۈشۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما موسكۋانىڭ گېنېراللىرى ۋە ياردەملىرى تېزدىن كەلمىگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، قوزغىلاڭچىلار جەڭلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ، 2500 دىن ئارتۇق قوراللىق كۈچكە ئىگە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ھەرەمباغ، ئايرودروم ۋە لاۋشاڭغا قاپسىۋالغان ئىدى. بۇ جايلارغا 8000 دىن ئارتۇق ئادەم جايلاشقان ئىدى. قورال-ياراق جەھەتتە دۈشمەن پارتىزانلاردىن ئۈستۈن ھېسابلىناتتى.

بۇ ۋاقىتلاردا قوزغىلاڭچىلار قورال-ياراق جەھەتتىن قىينالغان بولۇپ، ھەرەمباغدىكى دۈشمەننى يوقىتىش ۋە باشقا جايلارنى ئازاد قىلىش ھەمدە ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان گومىنداڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارغا بولغان مۇھتاجلىق ناھايىتى زور ئىدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا جۇ شاۋجياڭ بەش يول بىلەن غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى تۈزگەن ھەمدە بۇ ھەرىكەتكە يېڭى 45-دىۋىزىيىنىڭ بىر قىسمى ۋە زاپاس 7-دىۋىزىيىنى تولۇقى بىلەن ئاجراتقان ئىدى. ئەگەر ھەرەمباغدىكى دۈشمەن كۈچلىرى ۋە سىرتتىن كېلىدىغان كۈچلەر بىرلىشىۋالسا، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ھەمدە يېڭىدىن قۇرۇلغان ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەت شارائىتىدا، 24-نويابىر كۈنى

ئەلخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ، ھەربىي قورال-ياراق ياردىمى بېرىش ۋە ياكى مالغا ئالماشتۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. بېرىيا ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقىنىڭ كومىسسارى بېرىياتىنىڭ ستالىنغا يوللىغان دوكلاتىدا قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەلىپى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغان: «سوۋېت كونسۇلخانىسىغا قىلغان مۇراجىتىدە ئۇلار ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ھاكىمىيەتنى تۇتۇش ئۈچۈن يېتەرلىك مەبلەغ يوقلۇقىنى بىلدۈرگەن. مۇراجەتنامىگە ئەلخان تۆرە ۋە كومىتېتنىڭ 13 ئادىمى ئىمزا قويغان» [27]. موسكۋا ئەنە شۇ تەلەپتىن كېيىن، ئۆزۈن ئۆتمەي گېنېرال مايور ۋلادىمىرستېپانوۋىچنى غۇلجىغا ئەۋەتىپ، مەخسۇس ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلىگەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بولسا ئەلخان تۆرە باشلىق ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ ئالاقىسى سوۋېت كونسۇلى دۇباشىن ۋە ياكى ئۇنىڭ ۋەكىللىرى بىلەنلا بولغان ئىدى. سابىق مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكلىرىدىن ئايتوغان يۇنۇچىۋە ئەسلەتتە ئەسلىمىلىرىدە، گېنېرال ئېگناروف غۇلجىغا كېلىپ بىر ھەپتىلەردىن كېيىن زور ساندىكى قورال-ياراقلار غۇلجىغا يەتكۈزۈلگەن[28].

ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبرايىمنىڭ ئەسلىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى گېنېراللىرى كەلگەندىن كېيىن بارلىق ھەربىي ئىشلار ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، گېنېراللار كەلگەندىن كېيىن،ھەربىي ئىشلارنى بىز قىلايلى دەپ بارلىق ھەربىي ئىشلارنى ئۇلار ئۆز قوللىرىغا ئالغان، ئەمما دۆلەت باشقۇرۇش، سىياسىي ۋە باشقا ئىشلارغا ئۇلار كۆپ ئارىلىشىۋالمىغان[29]. لېكىن، ئېگناروۋنىڭ كېلىشىدىن كېيىن، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ھەر قايسى مىنىستىرلىكلەرگىمۇ مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئەلخان تۆرىگە مۇھەممەن ئابدۇللىن ئىسىملىك ئۆزبېكىستانلىق ئۇيغۇر مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەنگەن. مائارىپ،مالىيە، سەھىيە، ئالىي سوت، دىنىي ۋە باشقا مىنىستىرلىكلەرنىڭ ھەممىسىدە سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلەر ئورۇنلاشقان بولۇپ، بەزى پەرەزلەردە سىياسىي، مەمۇرىي مەسلىھەتچىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى 2- ۋە 1-دوم دەپ ئاتالغان ئورۇنلىرىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا بويسۇنغانلىقى ئېيتىلىدۇ. چۈنكى، بۇ مەسلىھەتچىلەرنى موسكۋا بىۋاستە باشقۇرماي، ئەكسىچە موسكۋانىڭ غۇلجىدىكى باش ۋەكىلى، يەنى باش مەسلىھەتچىسى باشقۇرۇشى مۇمكىن ئىدى .

## 3 . سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىغا ئەۋەتكەن دەسلەپكى بەش قوراللىق ئەترىتى

تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، سوۋېت ئىتتىپاق تەرەپ گېنېرال ئېگناروۋ كەلگەندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارغا قورال-ياراق ياردىمى كۆرسىتىشكە كىرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما تېزدىن كۆپ ساندا ئەسكىرى كۈچ ئەۋەتمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ نىلقا قوزغىلىڭىدىن تارتىپ، 1945-يىلىنىڭ باھار ئايلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلىغا ئەۋەتكەن قوراللىق ئەترەتنىڭ بەش ۋە ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 600 ئەتراپىدا ئىكەنلىكى رەسمىي سوۋېت مەخپىي ئارخىپلىرى ئارقىلىق ئاشكارىلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ كومىسسارى لاۋرېنتى بېرىيا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتىنىڭ كومىسسارى ۋسېۋولود مېركۇلوۋنىڭ 1945-يىلىنىڭ بېشىدا ستالىن ۋە تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارى ۋيچېسلاۋ مولوتوۋقا يوللىغان دوكلاتىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن ئىدى: " يېڭى هۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە بىنائەن قوزغىلاڭچىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن گېنېرال ئېگناروۋنىڭ باشچىلىقىدا كىرەكلىك ئالاقە ئەسلىھەلىرى ۋە پارتلىتىش مۇتەخەسسىسلىرى ئەۋەتىلدى. ئىلگىرى تەربىيىلەشتىن ئۆتكەن، ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئاھالىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىدىن كېلىپ چىققان، سانى 590 ئادەمدىن تەركىب تاپقان بەش ئاتلىق ئەترەت قوزغىلاڭ پارتلىغان رايونلارغا تاشلاندى" [30].

بېرىيا تىلغا ئالغان مەزكۇر بەش قوراللىق ئەترەتنىڭ بەزىلىرى ھەققىدە ھازىرچە دەسلەپكى مەلۇماتلار مەۋجۇت. بەلكى، ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقانلىرى ئارىسىدا نىلقا قوزغىلىڭى ئۈچۈن ئالمۇتىنىڭ يېنىدا تەييارلىقتىن ئۆتكەن فاتىخ مۇسلىموف باشلىق ئون نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەترەتمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا سەيدۇللا سەيفۇللايېفمۇ بار ئىدى. بىراق، ئۇ يارىلىنىپ قېلىش سەۋەبى تۈپەيلىدىن فاتىخ قاتارلىقلار بىلەن بىرگە نىلقا تاغلىرىغا كەلمىگەن ئىدى(31).

بېرىيا تىلغا ئالغان بۇ بەش ئەترەتنى كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ئەترەتلەرگە قاتناشقانلارنىڭ ئەسلىمىلىرى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخىپلىرى ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتتىم. بەلكى بۇ يەنىلا ئارخىپلارنى داۋاملىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق تېخىمۇ ئىشەنچلىك دەلىللىنىشى ۋە تولۇقلىنىشى مۇمكىن.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى ئەترەتنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ 1944-يىلى، 26-دېكابىردا قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق ئاتا رايونىدا تەربىيەدىن ئۆتكەن دۇيشە نوغايباييېف، پېتىر ساۋىن (زاكىر تۆرە) ۋە قۇتان توگوييېف قاتارلىقلارنىڭ قوماندىرلىقىدىكى 67 كىشلىك " باتۇر" ئەترىتىنى ۋە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئوش ئەتراپىدا تەربىيەدىن ئۆتكەن ئىسساقبەك مۇنونوف، گابىت مۇزىپپوۋ (غۇلجىدىكى ئىسمى ئەلى مەمەتوف ۋە ياكى ئەلى ئەپەندى) ۋە راززاق مەۋلانوف قاتارلىقلارنىڭ قوماندىرلىقىدىكى 100 كىشلىك " بۆيگۈ" ناملىق ئەترەتنى قورغاس ئارقىلىق ئىلىغا ئەۋەتتى [32]. باتۇر ئەترىتى سۇيدۇڭ ۋە كۇرەنى ئېلىشقا قاتنىشىپ، 31- دېكابىر كۈنىدە لوسىگوڭغا ئورۇنلاشتى ھەمدە غۇلجا ئەتراپىدا جىڭدىن كېلىۋاتقان دۈشمەن قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭ قىلدى. بۇ چاغدا " باتۇر" ئەترىتى يەرلىك ئۇيغۇر ۋە قازاق قوزغىلاڭچىلار ھېسابىغا كۆپەيتىلىپ، بىر دىۋىزىيونغا ئايلانغان ئىدى. "بۆيگۈ" ئەترىتى بولسا ھەرەمباغ سوقۇشىغا قاتناشتى ھەمدە 1945-يىلى، 17-يانۋاردىن باشلاپ، بىر ئاتلىق پولكقا كېڭىيىپ، ئىسساقبەك مۇنونوفنىڭ قوماندىرلىقىدا گېنېرال شى يىفېڭ قوماندانلىقىدىكى ئاچال داۋىنى ئارقىلىق غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى مازار ۋە چاپقان يوتا قاتارلىق جايلاردا تارمار قىلدى .

ئىشەنچلىك ئېيتىشقا بولىدۇكى، 1945-يىلىنىڭ 3-ئايلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئەۋەتكەن ھەربىي خادىملىرىنىڭ ئادەم سانى تەخمىنەن 600 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەسلىدە ئۇيغۇر دىيارىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلەر ئىدى. بۇ 5 ئەترەتنى ھەرگىزمۇ مۇنتىزىم سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى دېيىشكە بولمايتتى. بىراق، جۇڭگودا نەشىر قىلىنغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى» ۋە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ھەم باشقا ئەسەرلەردە ھەم ماقالىلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەخسۇس قىزىل ئارمىيە قوشۇنى ئەۋەتىپ، پارتىزانلارنىڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتۇرغانلىقى كۆپتۈرۈۋېتىلگەن شۇنىڭدەك بۇ بايانلار ئۈچۈن ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتىلمىگەن. بۇنىڭدىكى مەقسەت قوزغىلاڭچىلارنىڭ رولىنى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى ئاجىز كۆرسىتىش، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقى بولمىغان بولسا، ئىنقىلاب باشتىلا غەلىبە قىلالمايتتى ۋە ياكى ھەممە ئىش سوۋېتنىڭ قولى بىلەن بولغان دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك. مۇنداق ئىدىيە ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي ئىنقىلابنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرى تەرىپىدىنمۇ كۆپتۈرۈلگەن ھەمدە

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خەلقئارا جەمئىيەتكە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلىدا ۋەقە چىقىرىپ، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۇجۇم قىلدى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا كىرگۈزدى، دېگەندەك تەشۋىقاتلارنى يۈرگۈزگەن ئىدى.

ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئىنقىلابقا باشتىن-ئاخىرى ئارىلاشقانلىقى ۋە ياردەملەرنى بەرگەنلىكى ئەمەلىيەت، لېكىن خەلقنىڭ ئەسلىدىن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باشلىغانلىقى، خەلق ئىچىدە جەددىي قارشىلىق ئىدىيىلىرى ھەم ھەرىكەتلىرى داۋاملاشقانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بولسا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ياردەم بېرىش ۋە قوللاش سىياسىتى قوللىنىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك غەلىبە قازىنىشىدا بەلگىلىك رولىنى ئوينىغانلىقىمۇ ئەمەلىيەتتۇر. ئەگەر خەلق كەڭ كۆلەملىك ئازادلىق كۈرىشىگە ئاتلانمىغان بولسا ، ئۇلار ئەشۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى نىشانى بولغان -ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جىنىنى پىدا قىلىش نىيىتىگە كەلمىگەن بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەرقانچە قىلسىمۇ، خەلقنى قوزغىيالمايتتى ھەمدە ھېچ نىمىگە ئېرىشەلمەيتتى. بۇ يەردە قورال-ياراقلا ئەمەس، بەلكى ئازادلىق ئىرادىسى ۋە غايىسى ئۇستۇنلۈككە ئىگە ئىدى .

ئاشكارىلانغان ئارخىپ ھۆججەتلىرىگە تايانغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ياردىمى ۋە مۇتەخەسسىس سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ياردەمگە كىرىشى 1945-يىلى، 5-ئايدا ئۈچ يۈنىلىش جېڭى باشلانغاندىن كېيىن بولدى. ئۇنىڭغىچە بولغان ئارىلىقتا پەقەت ئاز ساندىكى ئايرىم ئەترەتلەر شۇنىڭدەك ئايرىم ھەربىي ئىنستروكتورلار پائالىيەت قىلدى. ئەترەتلەر بىۋاسىتە جەڭلەرگە قاتناشسا، ھەربىي ئىنستروكتورلار مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچى-ئوفىتسېرلىرىنى مۇنتىزىم ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇش ۋە تەربىيىلەش بىلەن شۇغۇللاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ 1945-يىلى 1-ئايدىن باشلاپ، قورغاستا مەخسۇس مەكتەپ ئېچىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە 160 نەپەر تۆۋەن دەرىجىدىكى ئوفىتسېرنى ھەمدە 30 غا يېقىن ھەربىي رادىستنى تەربىيىلىگەندىن تاشقىرى يەنە بىر قىسىم ھەربىي ئىنستروكتورلارنى ئەۋەتىپ، مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە قۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەرلەرنىڭ مەشىق قىلىشىغا ياردەم بەردى. مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇنتىزىملىشىش جەريانىدا 2-دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان سوۋېتلىك ئۇيغۇر ئوفىتسېرلاردىن مىرزىگۈل ناسىروف ۋە سەيدەخمەت ئۆمەروف قاتارلىقلارمۇ ھەربىي تەلىم-تەربىيە بېرىش ئىشلىرىغا قاتناشقان ئىدى[33]

" ستالىننىڭ ئالاھىدە پاپكىسى" دىكى ھۆججەتلەرنىڭ بىرى بېرىيانىڭ ستالىن ۋە مولوتوۋقا يوللىغان گېنېرال ئېگنارووۋنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ۋەزىپىلىرىگە ئائىت

دوكلات بولۇپ، بۇنىڭدا " 1945 ـ يىلى، مارتقىچە بولغان ئارىلىقتا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەسكەر سانى 8300 گە يەتتى. بەلكى بۇ تېز كۆپىيىپ 12 مىڭغا يەتكۈزىلىدۇ. گېنېرال ئىگناروۋقا ئۇلارنى تەربىيىلەپ، جەڭگە ياريغىدەك قىلىش، مەركىزىي جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر رايونغا مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ 70مىڭ ئەسكىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، قورال ـ ياراقلارنى كۆچەيتىش، لاياقەتلىك هەربىي كادىرلارنىڭ يېتىشمەسلىكىنى هەل قىلىش ۋەزىپىلىرى يۈكلەندى" [34] دەپ يېزىلغان ئىدى .

ئەنە شۇ دوكلاتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، موسكۋا پارتىزانلارنى تەربىيىلەپ، ئۇنى مۇنتىزىم قوشۇنغا ئايلاندۇرۇشقا جىددىي كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق هۆكۈمىتى باشتىن ـ ئاخىرى مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە قۇرۇش ئارزۇسىدا بولۇپ، مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە قۇرۇش پىلانلىرىنى تۈزۈش خىزمىتىگە باشتا پارتىزانلار باش قوماندانى ۋە هەربىي ئىشلار نازىرى پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندىروۋنى مەسئۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ 1945 ـ يىلى، 17 ـ يانۋاردا شىي يىفېڭ قوشۇنلىرى غۇلجىغا قىستاپ كەلگەن خەتەرلىك پەيتتە ۋەزىپىسىنى تاشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇشى بىلەن ۋاقىتلىق هۆكۈمەت ئۇنى ۋەزىپىدىن قالدۇرغان ئىدى. ۋاقىتلىق هۆكۈمەت ئۆزۈن ئۆتمەي ئەخمەتجان قاسىمىنى هەربىي ئىشلار بۆلۈمىگە مەسئۇل قىلىپ، مىللىي ئارمىيە قۇرۇش تەييارلىق خىزمەتلىرىگە سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن هەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقى ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان ئەخمەتجان قاسىمى جىددىي تۈردە مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇش خىزمىتىگە كىرىشىپ، ئالدى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ تۈزۈلمە لايىھىسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك پىلانلارنى تەييارلاپ ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەلۋەتتە، بۇ چاغدا 2 ـ دوم ئەخمەتجان قاسىمغا مەسلىھەتچىلىككە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى، سوۋېتلىك ئۇيغۇر سەيدەخمەت ئۆمەروفنى تەيىنلىگەن بولۇپ، سەيدەخمەت ئۆمەروفنىڭ 2 ـ دوم گېنېرالى ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ ئىگناروۋقا بىۋاسىتە بويسۇنۇشىدا شەك يوق ئىدى. كەسپىي هەربىي خادىم سەيدەخمەت ئۆمەروفنىڭ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مىللىي ئارمىيە قۇرۇلمۇسىغا ئائىت پىلانلىرىنى تەييارلاشتا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن .

مىللىي ئارمىيىنىڭ هەربىي ئۇنۋان، پاگون، هەربىي ئۇستاف ۋە قوشۇن تۈزۈلمىسىنىڭ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن كۆپ دەرىجىدە، سابىق چار رۇسىيە ئارمىيىسىدىن ئازراق دەرىجىدە ئۈلگە ئالغانلىقىدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ 2 ـ دومنىڭ

كەسپىي ھەربىي خادىملىرىنىڭ تەكلىپى ۋە تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتا جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئەزالىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇش لايىھىسىنى مۇزاكىرىلەردىن ئۆتكۈزگەندە، مىللىي ئارمىيىنىڭ نامىنى قانداق ئاتاش ھەققىدىمۇ كۆپ تالاش-تارتىش قىلغان. ئەخمەتجان قاسىمى دۇنيادا مەۋجۇت بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، تۈركىيە، ئىران قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھەربىي نامىلىرى ھەم باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ مۇنتىزىم قوشۇننىڭ ھەر مىللەتنىڭ پەرزەنت قوشۇنى ۋە ھەر مىللەتنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان ئارمىيە بولۇشى لازىملىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىنقىلابنىڭمۇ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۇنى «مىللىي ئارمىيە»دەپ ئاتاش لازىملىقىدىن ئىبارەت ئۆز لايىھىسىنى كۈچكە ئىگە قىلىشقا تىرىشقان. گەرچە، ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى بىر قىسىم ئەربابلار تەرىپىدىن مىللىي ئارمىيىنى تۈركىيىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە "مىللىي ئوردۇ" دەپ ئاتاپ، تۈركچە ھەربىي ئاتالغۇ ۋە ھەربىي سىستېمىنى ئىشلىتىش تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىۋاتقان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېخىمۇ زور ياردەملىرىنى ۋە خەلقئارالىق سىياسىي قوللاشلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى توغرا تېپىلغان ئىدى .

ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە قۇرۇش ۋە ئۇنى قوراللاندۇرۇش مەسىلىرىدە سوۋېت تەرەپ، جۈملىدىن موسكۋانىڭ باش مەسلىھەتچىسى ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ ئېگناروۋنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلماسلىقىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار مىللىي ئارمىيىنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئۈلگىسىدىكى مۇنتىزىم ئارمىيە قىلىپ قۇرۇش چىقىشىنىڭ كۆپ جەھەتلەردىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆز لايىھىسى ۋە تەشەببۇسىدا چىڭ تۇردى. خۇددى لاۋرېنتى بېرىيا يوسۇف ستالىنغا يوللىغان دوكلاتتا كۆرسەتكەندەك ، مىللىي ئارمىيىنى قۇرۇش ۋە تەييارلىقتىن ئۆتكۈزۈش ئىشلىرىغا باش ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچى ئېگناروۋ بىۋاسىتە ئارىلاشقان ئىدى.

1945 -يىلى، 3-ئايدىن باشلاپ، مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇش ئىشلىرى جىددىي تۇتۇش قىلىنىپ، پارتىزان ئەترەتلىرى ئۆزگەرتىلىپ، پارتىزانلار ۋە پارتىزان كوماندىرلىرى مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر- ئەسكەرلىرىگە ئايلاندۇرۇلدى شۇنىڭدەك جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ 1945-يىلى، 2-فەۋرال كۈنى ئېلان

قىلغان 19-نويابىرلۇق ھەربىي ئىشلار قارارى بويىچە 20 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان پۇقرالار ئەسكەرگە قوبۇل قىلىنىپ، سوۋېت ھەربىي ئىنستروكتورلىرى ۋە يەرلىك كوماندىرلار تەرىپىدىن مەشىق قىلدۇرۇلدى. قىسقا مۇددەت ئىچىدە چىلپەككىزدە تەربىيىلەنگەن بىر قىسىم تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ھەر قايسى قوشۇنلارغا تەقسىم قىلىندى ھەمدە يەنە داۋاملىق تۈردە ئۈچ ئايلىق ئوفىتسېر تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1945-يىلى، ئاپرېل ئايلىرىدا سانى تەخمىنەن 15 مىڭ بولغان [35] مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيىنىڭ يەتتە ئاتلىق ۋە پىيادە پولكى، ئۈچ ئاتلىق ۋە پىيادە مۇستەقىل باتالىيونى، بىر زەمبىرەكچىلەر باتالىيونى ھەم بىر ئاتلىق مۇستەقىل ئېسكادروننىڭ جەڭگىۋار ۋە مۇنتىزىم ھالدا جەڭ، شىخو، تارباغاتاي ۋە ئالتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەكرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان گومىنداڭنىڭ ئۈچ دىۋىزىيىگە يېقىن مۇنتىزىم ھەربىي كۈچىنى تارمار قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنى تولۇق ئازاد قىلىشىدا ھەمدە قوشۇننىڭ 1946-يىلى، 6-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا داۋاملىق كۆپىيىپ، تەخمىنەن 30 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىگە ئايلىنىشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۈچ ئايلىق مۇنتىزىملىشىش، قاتتىق ھەربىي مەشىق ۋە ھەربىي تەييارلىق ئۆمرىدە مىلتىق تۇتۇپ باقمىغان ئۇيغۇر دېھقان ياشلىرى ۋە قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ روھىدىكى قەھرىمانلىقلارغا تېخىمۇ زور كۈچ قوشۇپ، ئۇلارنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەڭ ئىلغار قورال-ياراقلىرى بىلەن قوراللانغان، ياپونىيە ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلىپ، تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان مۇنتىزىم قوشۇنلىرىنى، يەنى غەربىي شىمالنىڭ يەرلىك پادىشاھى ھېسابلانغان مىلىتارىست خۇزوڭنەنگە تەۋە 29-گورۇپپىۋاي ئارمىيىنىڭ يېڭى 2-كورپۇسىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىيالىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئەمما، شۇ نۇقتىنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ئەگەر باتۇر ئەسكەر بولمىسا، قوماندان قانچە جەڭگە ماھىر ۋە يۇقىرى ھەربىي تەلىم-تەربىيىگە ئىگە بولسىمۇ بىكار. گومىنداڭنىڭ يېڭى 2-كورپۇس قوماندانى گېنېرال لىپىنتانت لى تېجۈن، يېڭى 45-دىۋىزىيە كوماندىرى گېنېرال مايور شى يىفېڭ ۋە گېنېرال مايور گۇچى، زاپاس 7-دىۋىزىيە كوماندىرى لى يۇشاڭ، يېڭى 45-دىۋىزىيىنىڭ پولك كوماندىرلىرىدىن خۇ ۋېنسى ۋە باشقا پولكوۋنىكلار ھەمدە باتالىيون ۋە روتا كوماندىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خۇئاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن كەسپىي ئوفىتسېرلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك جەڭ قىلىش تەجرىبىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جاڭ جېشىنىڭ 1927-يىلى، شىمالغا

يۇرۇش قىلىش ، 1928-1937-يىللىرى ئارىسىدا جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنى قورشاپ يوقىتىش ئۇرۇشلىرىغا ھەمدە 1937-يىلىدىن كېيىن ياپونغا قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان شۇنىڭدەك كۆپلىگەن جەڭلەرگە قوماندانلىق قىلغان كونا ھەربىي قوماندىرلار ۋە گېنېراللار ئىدى. بىراق، ئۇلار ئۇيغۇر، قازاق،قىرغىز، تاتار، موڭغۇل، تۇڭگان ۋە رۇس پارتىزانلىرى ھەم قوماندىرلىرىنىڭ قولىدا يېڭىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە 1945-يىلى، 5-ئايدىن كېيىن مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيىنىڭ قولىدىمۇ داۋاملىق مەغلۇپ بولدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئامالسىزلىقتىن «ياتلارنى ياتلارنىڭ قولى بىلەن يوقىتىش» ئەنئەنىسى بويىچە گەنسۇدىكى ما بۇفاڭنىڭ قوماندانلىقىدىكى تۇڭگان ۋە سالا قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان ئاتلىق 5-كورپۇسنى يۆتكەپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنى مۇسۇلمانلار ئارقىلىق يوقاتماقچى بولدى .

گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىكى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتلىرىدە تۈرلۈك ئامىل مەۋجۇت بار. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، گومىنداڭ ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلىرى قورقۇنچاق، ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلىقى، ئۇلاردا يەرلىك خەلقلەرنى دۈشمەن ھېسابلاش، ئۇلارنى كەمسىتىش، ھاقارەتلەش خاھىشى كۈچلۈك ئىدى.شۇ سەۋەبتىن ئۇلار بارلىق ئۇرۇش جەريانىدا ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەي، ئارقا سەپسىز قالدى .

گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرى تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي، ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ساقلاشنى ئويلايتتى. بۇ خىل يەكۈننى ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئوفىسېرلىرىدىن بىرى دۇ شېزوڭمۇ شۇنداق چىقارغان ئىدى(36).

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يەرلىك مۇھىت ۋە ھاۋا كىلىماتىغا كۆنەلمىگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋە قوماندىرلىرى ئۆزلىرىدىكى يۇقىرىقى بىر قاتار كەمچىلىكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، پارتىزانلار ۋە كېيىن مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيىنىڭ زەربىلىرىگە مۇتلەق تەڭ كېلەلمىدى. گومىنداڭ ئوفىتسېر- گېنېراللىرى بولسا ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەغلۇبىيىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۆڭگەپ، ھە- دېسىلا ئۆزلىرىنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلغان، ئۆزلىرىنىڭ رەقىبلىرىنىڭ يەرلىك پارتىزانلار ئەمەس، بەلكى مۇنتىزىم سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى ئىكەنلىكىنى پەدەزلەپ، ئۆزلىرىدىن يۇقىرى باش قوماندانلىق شتابلىرىغا مەلۇمات يوللاپ، ئۆزلىرىنى جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇندى .

مۇنداق كۆپتۈرمە دوكلاتلار، يالغان مەلۇماتلار، ھەرەمباغنى مۇداپىئە قىلغان گېنېرال مايور دۇ دېفۇدىن تارتىپ، باشتا غۇلجا ئەتراپىدا، كېيىن شىخودا مەغلۇپ بولغان يېڭى 45-دىۋىزىيە قوماندانى گېنېرال مايور شي يىفېڭ، كەڭسايى ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان زاپاس 7-دىۋىزىيە كوماندىرى گېنېرال مايور لى يۈشاڭ، 45-دىۋىزىيىنىڭ 3-پولكىنىڭ كوماندىرى پولكوۋنىك خۇ ۋېنسى، ھەرەمباغنى مۇداپىئە قىلغان پولكوۋنىك ساۋ رىلىڭ، جىڭدا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن گېنېرال مايور گۈچى ھەتتا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى باستۇرۇشتىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرگە باش قوماندانلىققا تەيىنلىنىپ، 1944-يىلى، 12-ئايدىن 1945-يىلى، 9-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق ھەربىي ھەرىكەتلەرگە قوماندانلىق قىلغان يېڭى 2-كورپۇس قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت لى تېجۈن قاتارلىقلارنىڭ قەلىمى بىلەن 8-ئۇرۇش رايونى قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ۋە باشقىلارغا يوللانغان ئىدى .

بۇ خىل كۆپتۈرۈلگەن تېلېگراممىلار ۋە مەلۇماتلار گومىنداڭ تارىخچىسى جاڭ داجۈننىڭ «شىنجاڭدىكى 70 يىللىق بوران-چاپقۇن» ناملىق كىتابىدىن ئورۇن ئالغان.

ھەقىقەتەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارتىزانلارغا ۋە مىللىي ئارمىيىگە ياردەم بەرگەنلىكى راست، ئەمما بۇ ياردەملەرنىڭ چەكلىك بولغانلىقى، ھەرگىزمۇ مەغلۇپ بولغان گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرىنىڭ يالغان ۋە كۆپتۈرمە ئۇچۇرلىرىدا ئېيتىلغاندەك بولمىغانلىقىمۇ ھەقىقەت. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ خەلقئارالىق ئابرويى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداشلارغا بەرگەن ۋەدىلىرى ئۈچۈن ھەرگىزمۇ ئىلى ئىنقىلابىنى ئاشكارا قوللىمىغان بولۇپ، ئۆز ياردەملىرىنى مۇتلەق مەخپىي تۈردە كۆرسەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن موسكۋا زور ساندىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىنى گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن بىۋاستە جەڭ قىلىشقا ئەۋەتمىگەن بولۇپ، پەقەت ئايرىم ئەترەتلەر ۋە ياكى ئوفىتسېرلارنى پارتىزانلار ھەم مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيىنىڭ تەركىبىدە جەڭ قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇلارنىڭ سانىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1934-يىلى، ۋە 1937-يىلى مۇنتىزىم قوشۇنلىرىدىن ن ك ۋ د نىڭ ئالمۇتا 13-ئاتلىق پولكى قاتارلىق پولك دەرىجىلىك قوشۇننى بىۋاستە ئۆلكىگە كىرگۈزۈپ تۇڭگان ۋە ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلدۇرغىنىغا ئوخشىمايتتى .

ھەتتا مەخپىيەتلىك سەۋەبىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى مەخسۇس ئورگانلىرى ئىلغا ئەۋەتكەن ئاتلىق پارتىزانلارنىڭ كىيىملىرى، ئىشلەتكەن قوراللىرىغىچە

ئالماشتۇرۇۋەتكەن ھەمدە خادىملارنىڭ يانلىرىدىكى ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ بولغان كىملىك كىنىشكىلىرى ۋە بەلگىلىرىنى يىغىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەنلىكىنى يەرلىك كىشىلەرگە ئېيتىشمۇ چەكلەنگەن ئىدى. بىراق، مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، كوماندىرلار تەركىبىدىكى يەرلىك كوماندىرلار كىمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىنتىزام تۈپەيلىدىن داۋراڭ سېلىنمىغانلىقى مەلۇم .

سوۋېت ئىتتىپاقى مەيلى خەلقئارا سورۇنلاردا ۋە ياكى گومىنداڭ رەھبەرلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتلەردە ھېچقاچان ئۆزىنىڭ ئىلى ئىنقىلابىغا ھەربىي ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. موسكۋا باشتىن ئاخىرى بۇنى يەرلىك خەلقنىڭ خاتا سىياسەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازادلىق كۈرىشى ۋە قوزغىلىڭى ئىكەنلىكى، بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھېچ بىر ئالاقىسى يوقلۇقىنى تەكىتلىگەن .

بىراق، ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنى قوزغىلاڭ بىلەن ئالاقىسى يوق دېگەن بىلەن بەربىر مەخپىي تۈردە مىللىي ئارمىيىنى چەكلىك دەرىجىدىكى ھەربىي ئىنستروكتور، ئوفىتسېر ۋە جەڭ قىلغۇچى خادىملار ھەم قورال-ياراق، ئوق-دورا ۋە ھەربىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەشنى تاكى 1945-يىلى 10-ئايغىچە داۋاملاشتۇردى ھەمدە بىراقلا ئۆز ئادەملىرى، قورال-ياراق ۋە ئوق - دورىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ قوراللار ۋە ئوق-دورىلار ھەم خام ئەشيالارنىڭ بىر قىسمى باشتا يېزا ئىگىلىك ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئالماشۇرۇلغان ئىدى. چۈنكى، ئىنقىلاب باشلانغاندا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى ياۋروپادا جەڭ قىلىۋاتاتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئاشلىق، مال-چارۋا، خام ئەشيا قاتارلىق تۈرلۈك مەھسۇلاتلار كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى قورال-ياراقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بىكارغا بەرمىدى ھەمدە سودىنى يولغا قويۇپ، ئىلى، چۆچەكنىڭ سودىگەرلىرىنىڭ شۇنىڭدەك «تەرەققىيات شىركىتى»نىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن يول ئاچقان ئىدى .

مىللىي ئارمىيە ئارتىلىرىيە دىۋىزىيونىنىڭ كوماندىرى ئەسھەت تېيىپوفنىڭ 2004-يىلى سۆزلەپ بېرىشىچە، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرى مىللىي ئارمىينىڭ ئارتىلىرىيە دىۋىزىيونىنى قۇرۇش ئۈچۈن كەڭسايدا 1945-يىلى

3-ئايدىن باشلاپ رەسمىي تەربىيىلەشكە كىرىشكەن بولۇپ، 3-4 ئايلىق تەربىيىدىن كېيىن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئارتىلرىيە دىۋىزىيونى قۇرۇپ چىقىلىپ، جەڭ ۋە شىخو ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ياردەملىرى ئۈچۈن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە 1945-يىلى ماي ئېيىدا مەخسۇس موسكۋا خەت يېزىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسەتكەن ياردەملىرىگە رەھمەت بىلدۈرگەن [37].

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 1945-يىلى 6-ئايدا قوزغىلاڭچىلارغا ياردەم بېرىپ، مىللىي ئارمىيىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قىزىل ئارمىيىنىڭ 500 نەپەر ئوفىتسېرى ۋە 2000 نەپەر ئەسكىرىنى ئەۋەتكەن[38]. سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلى لاۋرېنتى بېرىيا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو ئەزاسى ۋە تاشقى ئىشلار كومىسسارى ۋىچېسلاۋ مولوتوۋقا يازغان دوكلاتىدا " شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قوزغىلاڭ ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن قىزىل ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرنى يەتكۈزۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى" دەپ مەلۇمات بەرگەن[39].

بىراق، بۇ قوشۇنلارنىڭ قايسى جەڭلەرگە قانداق شەكىلدە قاتناشقانلىقى ئېنىق ئەمەس. لېكىن، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئۈچ ئورلار كۆرسەتتىكى شىخو ۋە جىڭدىكى جەڭلەر مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەڭ شىددەتلىك ئۇرۇشلىرى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشلارغا مىللىي ئارمىيىنىڭ بارلىق كۈچى ۋە بارلىق قىسىملىرى سېلىنغان ئىدى. ھازىرغىچە مەخسۇس سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئايرىم بىر باتالىيونى ۋە ياكى بىر پولكىنىڭ جەڭ ۋە ياكى شىخو ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، مەزكۇر 500 ئوفىتسېر ۋە 2000 ئەسكەر بەلكى مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى، بەلكى ئاساسلىقى ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قىسىملىرىنىڭ ئارىسىغا چېچىۋېتىلگەن بولۇشى، ئوفىتسېرلارنىڭ بولسا، ھەر قايسى قىسىملارنىڭ ھەر دەرىجىلىك كوماندىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرغان بولۇشى ئېھتىماللىققا يېقىن، ئەگەردە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئايرىم پولك ۋە ياكى ئايرىم باتالىيون سالاھىتىدە جەڭ قىلغان بولسا بۇنىڭ ئاسانلا سىرتقا بىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى .

دېمەك، كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرازكەڭ كۆلەملىك ياردىمى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇپ، رەسمىي ئۈچ فرونت بويىچە جەڭ قىلىشقا كىرىشكەندە بولغان. مۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، جەڭ ۋە شىخودىكى ئىككى

دىۋىزىيە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن مىللىي ئارمىينى تېخىمۇ كۈچەيتىش زۆرۈر ئىدى. بېرىيا ئۆز دوكلاتىدا گومىنداڭنىڭ بۇ ئۆلكىگە «70مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇننى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى»نى ئالاھىدە ئەسكەرتىشى تەساديپىي ئەمەس. بۇ ۋاقىتتا مىللىي ئارمىينىڭ قوماندانلىق شتابىدا تۈزۈلىدىغان ھەربىي ھەرىكەت پىلانلىرى، ئۇرۇش خەرىتىلىرى ۋە باشقا ھەربىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي خادىملىرىنىڭ قاتناشقانلىقى ھەتتا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى شۈبھىسىز. سوپاخۇن سوۋۇروف ئۆز ئەسلىمىسىدە مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك سوۋېتلىكلەرنىڭ بولغانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرى دەل ئەنە شۇ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مەلۇماتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ بۇ مەلۇماتلىرى مىللىي ئارمىيە شتاب تەركىبىنى چۈشىنىشتە مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە .

## 4 .سوپاخۇن سوۋۇروف قەلىمى ئاستىدىكى ئاقسۇ ئۇرۇشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى

سوپاخۇننىڭ ئەسلىمىسىدە، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋە مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئۈنى ئاقسۇدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىشقا بەلگىلەيدۇ. ئۇ مىللىي ئارمىيە شتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۇ ئاقسۇغا بېرىش يوللىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ئىسكەندەر بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئىسكەندەر ئۈنى تېكەس پولكىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ يەردە نوغايبايېۋ، ئىسكەندەر قاتارلىقلار بىلەن ئاقسۇغا بېرىش ھەربىي ھەرىكەت مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ .
سوپاخۇننىڭ ئەسلىمىسىدىكى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوپاخۇن باشلىق 100 دىن ئارتۇق گومىنداڭنىڭ ئۈيغۇر ئەسكەرلىرى خىل قورال-ياراقلىرى بىلەن مىللىي ئارمىيە تەرەپكە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىر مەزگىل گۇمان بىلەن كۆزىتىلىدۇ. باش قوماندانى ئىۋان پالىنوۋ ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋېلىپ، تارقاقلاشتۇرىۋېتىدۇ. ھەتتا شتابتىكى بىر سوۋېتلىك پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئوفىتسېر ئۇنىڭدىن گۇمانلىق سوئال سورايدۇ .
سوپاخۇن سوۋۇروف ئەترىتىنىڭ بىر مەزگىل گۇمان ئاستىدا بولغانلىقى زىيا سەمەدىنىڭ " ئەخمەت ئەپەندى" ناملىق ھۆججەتلىك بىئوگرافىك

روماندىمۇ ئەسلىتىلىپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پىرىنسىپچە، قوماندانلىق شتابىدىكى «ئاق باش» لەقەملىك سوۋېتلىك مەسلىھەتچى سوپاخۇن ئەترىتىگە ھەمدە ئۇنىڭ پارتىزانلىرىنىڭ جەنۇبقا ئەۋەتىلىشىگە گۇمانلىق قارايدۇ. مۇنداق گۇماننىڭ ئاساسلىقى سوۋېت ئوفىتسېرلىرى، بولۇپمۇ 2-دوم تەرىپىدىن بولغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

شۇنى، ئەسكەرتىش كېرەككى، سوپاخۇن، قاسىمجان قەمبىرى ۋە ئابدۇكېرىم ئاباسوف قاتارلىق ئەسلى كېلىپ چىقىشى جەنۇبلۇق بولغان كىشىلەرنىڭ ھەربىي-سىياسىي مەسئۇللىقىدا 200 كىشىلىك پارتىزان ئەترىتىنى (سىياسىي تەشۇىقات ۋە سودا-ئارقا سەپ خادىملىرىمۇ ئۆز ئىچىدە) ئاقسۇ تەۋەسىگە چۇشۇرۇشى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭلا پىلانى بولماستىن بەلكى مىللىي ئارمىيە شتابى ۋە 2-دومنىڭ پىلانى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى جىڭ ۋە شىخودىن ئىبارە ئوتتۇرا يۆنىلىش بولۇپ، ئەگەردە ئوتتۇرا يۆنىلىشتە غەلىبە قىلىنسا، شىمال ۋە جەنۇبىي يۆنىلىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. جىڭ ۋە شىخو لىنىيىسىگە گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئىككى نۇقتا مىللىي ئارمىيىنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىنى ئازاد قىلىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى شىڭ شىكشادىن قوغلاپ چىقىرىشىنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. ئەمما، يەنە بىر خەتەر شۇكى، مىللىي ئارمىيە پۈتۈن كۈچىنى شىمال ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى ئۇرۇشقا سېلىپ، غۇلجىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئارقا سەپلەردە ئەسكەر قالمىغان مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئاقسۇ، قەشقەر ۋە كۇچاردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى كۈچىنى توپلاپ مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلىغا ھۇجۇم قىلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئارقا سېپىنى بۇسۇپ تاشلىشى مۇمكىن ئىدى. مۇنداق نازۇك ئەھۋال ئاستىدا قوماندانلىق شتاب سوپاخۇن ئەترىتىنى ئاقسۇغا ئەۋەتىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، دۈشمەننى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئوتتۇرا يۆنىلىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدى. مەركۇر ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بۇ ھەربىي ھەرىكەتكە 2-دوم گېنېرالى ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ ئېگنارووۋنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ موسكۋانى خەۋەردار قىلىشى تەبىئىي ئىدى.

سوپاخۇننىڭ بايان قىلىشىچە، ئاقسۇدىكى پارتىزانلىق ھەرىكەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى باش قوماندان پالىنوۋ ئۆزى بىۋاستە تەكىتلىدۇ ھەمدە ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ.

ئاقسۇدىكى بۇ ھەربىي ھەرىكەتنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ ئەنە شۇنداق ناھايىتى

مۇھىملىقى تۆپەيلىدىن 2-دوم مەخسۇس تۈردە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىككى ھەربىي خادىم زاكىر تۆرە بىلەن ئىسكەندەر ئەپەندىنى سوپاخۇن ئەترىتىگە باش مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلىگەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ن ك ۋد سى (خەلق ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى)نىڭ پودپولكوۋنىك دەرىجىلىك مەركۇز ئىككى ئوفىتسېرى بىۋاستە گېنېرال ئېگناروۋقا بويسۇنىدىغان بولۇپ، زاكىر تۆرىنىڭ كېيىن يېزىپ قالدۇرغان ئاقسۇ ئۇرۇشى ھەققىدىكى ئەسلىمىسىدە ئۆزىنىڭ ۋە ئىسكەندەرنىڭ بۇ ۋەزىپىگە ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ تەرىپىدىن تەيىنلەنگەنلىكىنى يازىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە مىللىي ئارمىيە باش شتابى ئەمەس، بەلكى ۋلادىمىر ئېگناروۋلا مەۋجۇت ئىدى. زاكىر ئەسلىمىسىدە يۇقىرىنىڭ سوپاخۇن ئەترىتىنى ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا تاپشۇرغانلىقىنى شۇنىڭدەك ئەترەتنى ئاقسۇغا ئۆزىتىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دەرھال غۇلجىغا قايتىپ، ئەھۋالنى ۋلادىمىر ستېپانوۋىچقا دوكلات قىلغانلىقىنى يازىدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بۇرۇنلا ئاقسۇغا مەخپىي ئادەملەرنى ئەۋەتكەنلىكى، ئەلخان تۆرىگە تەشۋىقات چاقىرىقلىرىنى يازدۇرۇپ، بۇ تەشۋىقاتلارنى ئاقسۇ تەۋەسىدىكى مەسچىتلەرگە تاشلاتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

سوپاخۇن ئۇچۇن ئۆزى بىلەن بىرگە ئاقسۇغا چۈشكەن زاكىر ۋە ئىسكەندەر دېگەن كىشىلەر ئۆز ھەرىكىتىگە ئەڭ تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلەردۇر. بولۇپمۇ سوپاخۇن بىلەن زاكىرنىڭ بىۋاستە ھەربىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ زاكىر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ھەققىدە بىر قەدەر كۆپرەك بايان قىلىدۇ. ئاقسۇدىن چېكىنىش بۇيرۇقى كېلىپ، پارتىزانلار چېكىنىپ، قورغانغا كېلىپ ، 10 كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرۇپ قالىدۇ. زاكىر تۆرە بۇ ۋاقىتتا قورغاندا مەخسۇس رادىئو ئالاقە پونكىتى قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ رۇس رادىستى بىلەن تۇراتتى. سوپاخۇن قورغاندا ئۇنىڭدىن ئاقسۇدىن نېمە ئۇچۇن چېكىنگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ "بىلمەيمەن" دەپ جاۋاب بېرىپ، بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ سوپاخۇندىن ئاقسۇ ئەتراپىغا ما بۇفاڭنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىك ئەھۋالنى ئېنىقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوپاخۇن ئىبرايىماخۇن ئىسىملىك كىشىنى ئەۋەتىپ، 5-كورپۇسنىڭ تېخى ئاقسۇغا كەلمىگەنلىكى، ئەمما پات يېقىندا كېلىدىغانلىقى ۋە غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىنلىكىگە ئائىت ئۇچۇرنى ئىگىلەپ يەتكۈزىدۇ. بۇ ئۇچۇر زاكىرنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋېتىدۇ.

1945-يىلى، 12-ئايدا سوپاخۇن غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن، زاكىرنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە 1946-يىلىنىڭ يېڭى يىلىنى بىرلىكتە كۈتۈۋېلىش

مۇراسىمغا قاتنىشىدۇ. سوپاخۇننىڭ يېزىشىچە، بۇ يەردىكى سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سوۋېتلىك ئوفىتسېرلار ۋە گېنېراللار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسكەندەرمۇ بار ئىدى. ئىسكەندەر ئاقسۇغا بارغان سوپاخۇن، قاسىمجان قەمبىرى ۋە سىدىق ھاجىلار بىلەن بۇ يەردە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ. مېھماندارچىلىق تازا قىزىپ، ھاراقلار يېتەرلىك ئىچىلگەندىن كېيىن، زاكىر سوپاخۇننى ئايرىم خانىغا باشلاپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاقسۇدىن چېكىنىشىنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىق شەرتى بىلەن سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئاقسۇدىكى ئۇرۇشنى توختىتىش بىۋاستە موسكۋا ئارقىلىق ئىلى باش قوماندانلىق شتابىدىن كەلگەن. ئىلى شتابى موسكۋانىڭ تېلېفوننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاقسۇدىن چېكىنىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن. زاكىر يەنە ستالىن بىلەن جاڭ كەيشىنىڭ پۈتۈشكەنلىكى، ئەمدى ئۇرۇش بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ[40]. سوپاخۇننىڭ يېزىشىچە، مانا بۇ ئۇنىڭ زاكىر تۆرىنى ۋە ئىسكەندەرنى ئاخىرقى بىر قېتىم كۆرۈشى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ زاكىر ۋە ئىسكەندەرنى ئىككىنچى قېتىم كۆرمىگەن. شۇنى ئەسكەرتىشنى مۇۋاپىق تاپىمكى، پارتىزانلار بايىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، پارتىزان رەھبەرلىرى ئىككى نەپەر سوۋېتلىك ھەربىي مەسلىھەتچى زاكىر بىلەن ئىسكەندەرلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۇرۇشنى ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپىغىچە كېڭەيتىش، مۇز داۋان يولىنى ئېچىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئاخىرى ئالدى بىلەن قورغاننى ئازاد قىلىپ، مۇز داۋان يولىنى ئېچىش قارار قىلىنىدۇ.

زاكىر تۆرە ئاقسۇ ئۇرۇشى ۋە سوپاخۇن ھەققىدە يازغان قىسقا ئەسلىمىسىدە ئەسلىدە پارتىزانلارنىڭ ئاقسۇ ئەتراپىغا بېرىش ۋە ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش نىيىتى بولمىغانلىقى، قورغاننى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، ئۇمىد تۇغۇلۇپ، ئىنقىلابنى كېڭەيتىش قارارىغا كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت پارتىزانلارنىڭ يىغىندىن چىقارغان بۇ قارارىنى ۋلادىمىر ستېپانوۋىچقا يەتكۈزۈپ، ئۆزى ۋە ئىسكەندەرنىڭ غۇلجىدىن ياردەم ئېلىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىنى يازغان.

بۇ ۋاقىتتا پارتىزان رەھبەرلىرى ئارىسىدا كۇچارغا ھۇجۇم قىلىش، قورغانغا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۈچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلىش ھەمدە ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بىر قانچە تالاش بار بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق تالاش-تارتىش قىلغان ھەمدە ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئۈچتۇرپاننى ئازاد قىلىپ، بۇ يەرنى بازىغا ئايلاندۇرۇش، ئەگەردە مەغلۇپ بولسا ئۈچتۇرپان ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېكىنىش ھەم ئۇ يەردىن ياردەم ئېلىش تەكلىپى مەركىزى سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى تەرىپىدىن سۆكۈت

ئىچىدە قارشى ئېلىنمايدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى ئاباسوفنىڭ بۇ تەكلىپىنى بۇ ئىنقىلابنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىك سىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشقا ئېلىپ كېلىدۇ دەپ چۈشەنگەن. سوپاخۇننىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، سوۋېتلىك بۇ مەسلىھەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرەيتتى. زاكىر بىلەن ئىسكەندەر پارتىزان قوماندانلىرىنىڭ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى مۇۋاپىق دەپ قاراپ، ئالدى بىلەن غۇلجىدىن رۇخسەت سوراش قارارىغا كەلگەن ئىدى. زاكىرنىڭ ئەسلىمىسىدە ئېيتىلىشىچە، ئەسلىدە ئۇلارغا ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ، ئالتە شەھەردە كەڭ ئىنقىلاب قوزغاش ۋەزىپىسى بېرىلمىگەن. ئۇنىڭ يېزىشىچە، بۇنىڭ ئۈچۈن گېنېرال ئېگناروۋنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش كېرەك ئىدى. شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدە بۇ مەسىلىسىنى قارار قىلىدىغان ئادەم يەنىلا ئېگناروۋتۇر. بىراق، ئۇ غۇلجىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىچە سوپاخۇنلار ئاقسۇ ۋە كونىشەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ جايلارنى ئازاد قىلىپ بولىدى. ئەمما، ئاقسۇغا قىلغان بىرىنچى قېتىملىق ھۇجۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى ھەتتا كونىشەھەردە ئاقسۇدىكى گومىنداڭ كۈچلىرى بىلەن ئۈچتۇرپاندىن كەلگەن 300 دەك قوشۇننىڭ بىرلىشىپ قىلغان ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. دۈشمەننىڭ يالغان تەسلىم بولغانلىق ھىلىيسىگە ئالدانغان، ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئەمەس، ياش ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ سوپاخۇننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، دۈشمەنگە ئوق چىقارماسلىق بۇيرۇقى بەرگەن ئىدى. دۈشمەن پارتىزانلارغا يېقىنلىشىۋېلىپ بىراقلا ھۇجۇم قىلدى، نەتىجىدە، پارتىزانلار ئاقسۇ تەۋەسىگە چۈشكەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئەڭ ئېغىر بىر زەربىگە ئۇچرىدى. بۇنىڭ خەلق ۋە جەڭچىلەر ئىچىدىكى تەسىرى ناھايىتى يامان بولدى[41]. پارتىزانلار قايتىدىن ئاقسۇ شەھىرىگە كىرىپ، قورشاشنى داۋاملاشتۇردى ۋە يىغىن ئېچىپ، ۋەزىيەتنى مۇھاكىمە قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئىلىدىكى مىللىي ئارمىيە شتابى ئاقسۇ شەھىرىنى ئازاد قىلىش جېڭىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۆلىمى چوڭراق ھېچقانداق ئەسكىرى كۈچ ئەۋەتمىگەن بولۇپ، سوپاخۇن بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق دەپ يازىدۇ:

"بىزنىڭ كۈچىمىز ئاز، ياردەم تېخى يېتىپ كەلمىدى. ياردەمگە كەلمەسلىكنىڭ سەۋەبى بەلكى بىز ماڭغاندا، سىلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈپ، دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئىلى تەرەپكە ئۆتۈشىنى قاتتىق توسايسىلەر، رازۋېتكا، پارتىزان ئۇرۇشى قىلىپ، دۈشمەننى سارىسمىگە سېلىپ تۇرىسىلەر، دېگەن ئىدى. بىرەر شەھەرنى ئالسىلەر دەپ تاپشۇرمىغان ، شۇڭا ئۇلار بىزنى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىۋاتىدۇ دەپ قاراپ ياردەمگە

قىسىم ئەۋەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن" .[42].

زاكىر ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە " بىز، مەن ۋە ئىۋان ئىۋانوۋىچ، بىر قانچە يارىدار ۋە قۇربانچان سوپاخۇنىي ئەترەت بىلەن قورغاندا قالدۇرۇپ، مۇزارت داۋىنى ئارقىلىق تېكەس ۋادىسىغا كەتتۇق. سوپاخۇنغا يارىدەمچى قوشۇن كەلمىگىچە قورغاننى قوغداپ تۇرۇش بۇيرۇقى بېرىلدى" دەپ يازغان[43]. ئۇلار قالماقكۈرەگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، ۋلادىمىر ستېپانوۋىچقا مەلۇم قىلماي تۇرۇپلا، شۇ يەردىكى كارىلوۋ كوماندىرلىقىدىكى موڭغۇللار پولكىدىن بىر ئېسكادروننى سوپاخۇنغا يارىدەمگە ئەۋەتىدۇ. زاكىر سوپاخۇنلارنىڭ بۇ موڭغۇل ئېسكادرونى بىلەن ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئەسلەيدۇ. سوپاخۇننىڭ ئەسلىمىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سوپاخۇن، بۇ كىچىك ئەترەتنى ئىلىدىكى باش شتاب ئەۋەتتى دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنى زاكىر بىلەن ئىسكەندەر ئەۋەتكەن بولۇپ، باش شتاب كېيىن خەۋەر تاپقان.

ئىسكەندەر ۋە زاكىر تۆرە غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن، ئىلى مىللىي ئارمىيە شتابى ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولىدۇ. پەقەت بىر ئېسكادرون ئەسكەرنى تەلەمەت ئارقىلىق باي ئەتراپىغا ئەۋەتىپ، كۈچاردىن كېلىدىغان دۈشمەننى توسۇشقا سالغان.

9-ئاينىڭ بېشىدا يەنە ئىككى ئېسكادرون ئەلىخان تۆرىنىڭ ئوغلى ئاسىلخان ۋە مىرزىگۈل ناسىروف قاتارلىقلارنىڭ مەسئۇللۇقىدا يارىدەمگە كەلگەن بولۇپ، بۇلار تەلەمەت داۋىنى ئارقىلىق ئۆتكەن ھەمدە باي ۋە كۈچار ئەتراپىدا جەڭ قىلغاندىن كېيىن. ئۇلارنىڭ بىر ئېسكادرونى شۇ ئەتراپتا قالدۇرۇلۇپ، ئاسىلخان ۋە مىرزىگۈل باشچىلىقىدىكى ئەترەت جامغا كېلىپ، ئۇ يەردە سوپاخۇن ئەترىتى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن قايتىدىن كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئاقسۇنى قورشاۋغا ئالدى .

مىرزىگۈل ۋە ئاسىلخان باشچىلىقىدىكى بۇ ئەترەتنىڭ تەركىبىدىكى ئىككى ئېسكادروندا تېگى ئۆزبېكىستانلىق ئۇيغۇرلاردىن، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرلىرىدىن قوچقاروف ۋە يەتتەسۇلۇقلاردىن مىرزىگۈل ناسىروف قاتارلىق كوماندىرلار بار ئىدى. مەلۇم بولۇشىچە، ئازغىنا بۇ يارىدەمچى ئېسكادرونلارنى ئەلىخان تۆرە ئاقسۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزى بىۋاستە بۇيرۇق بىلەن ئەۋەتكەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ غۇلجىدىكى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان مۇھاپىزەت باتالىيونىدىن ئىبارەت ئىدى. سوپاخۇننىڭ يېزىشىچە، مەزكۇر مۇھاپىزەت ئەترىتىدە كۆپ ساندا ئۆزبېك پەرزەنتلىرى بولغان ئىكەن. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا

ئۇيغۇرلارنىڭ يەنىلا ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقى تەبىئىي. ئەينى ۋاقىتتا غۇلجا شەھرىدە بۇ باتالىيوندىن باشقا يېتەرلىك كۈچ يوق بولۇپ، ھەممىسى ئالدىنقى سەپتە ئىدى .

شۇ ۋاقىتتا يەنە ئىلى باش شتابى سوپاخۇنغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن سوۋېتلىك ئوفىتسېر، پودپولكوۋنىك دىنىسكوفنىڭ باشچىلىقىدا ئون نەچچە رۇس، ئۆزبېك، ئۇيغۇر ۋە قىرغىز ئوفىتسېرلارنى ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى پارتىزان شتابىغا ، بەزىلىرى ئېسكادرونلارغا كوماندىر ۋە ياكى مۇئاۋىن كوماندىرلىق ۋەزىپىسىگە ئورۇنلاشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 2-دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارمۇ بار ئىدى[44]. ئاقسۇغا كەلگەن بۇ سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋانلىقى پودپولكوۋنىك دىسنىكوف بولۇپ، ئۇ ئىسكەندەر ۋە زاكىر قاتارلىقلارنىڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان ئىدى. ئەمما، دىسنىكوفنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە كۆپ ئۇچۇرلار يوق. بىراق، پارتىزانلارنى ئاقسۇدىن چېكىندۈرۈشە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋېلىپ ئېلىپ كېتىشتە ئۇنىڭ رولى چوڭ بولۇشى تەبىئىي. دىسنىكوف باشچىلىقىدىكى مەسلىھەتچىلەر ئەترىتىنىڭ ئاقسۇ جەڭ مەيدانىدا ھېچقانداق كۆرۈنەرلىك رولى بولمىغان بولۇپ، 2-قېتىملىق مەسلىھەتچىلەرنىڭ ئەۋەتىلىشى ئەمەلىيەتتە سوپاخۇن، قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە كېيىن قوشۇلغان ئاسلخان ھەم مىرزىگۈل قاتارلىق كوماندىرلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك. بولۇپمۇ، ئەلخان تۆرىنىڭ ئۆز ئوغلى ئاسلخاننى مىرزىگۈل ناسىروف بىلەن قوشۇپ بىۋاستە ئاقسۇغا ئەۋەتىشى 2-دومنى بىئارام قىلغان بولۇشى ئېھتىماللىقا ئۇيغۇن .

قىسقىسى، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ ئاقسۇغا چۈشكەن ئاتلىق پارتىزان ئەترىتىنىڭ ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى جەريانىدا ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇنى ئىلگىرى-كېيىن بىر باتالىيونغا يەتمەيدىغان ئەترەتلەر بولۇپ، پارتىزانلار يەرلىك پىدائىيلارنىڭ كۆپلەپ قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى قورال-ياراق بىلەن تەمىنلەشتە قىينالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۇلار ئاقسۇ ئەتراپىدا جەڭ قىلىش ۋە ئاقسۇنى قورشاش جەريانىدا پەقەت گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن ئولجا ئالغان ئوق-دورىلارغىلا تايىنىشقا مەجبۇر بولغان بولۇپ، سوپاخۇن قاتارلىق رەھبەرلەر ئىلىغا ئادەم ئەۋەتىپ ياردەمچى قوشۇن ۋە ئوق-دورا ئەۋەتىشنى بىر قانچە قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىلىدىكى قوماندانلىق شتابى بۇنىڭغا قۇلاق سالمىدى. شۇ سەۋەبتىن پارتىزانلارنىڭ

ئوق-دورىلىرىنى ئازلاپ، قىين ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئاسلىخان بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ؛

"ئۆزىمىزدىكى بارلىق ئوقلار ساناقلىقلا قىلىپ، ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرالماي، تەكرار مۇزاراتقا ئوق سوراپ ئادەم ئەۋەتتۇق. ئەۋەتكەن ئادەملىرىمىزنى يەنە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپ قايتۇردى" [45]. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە پارتىزانلار شتابى ئاقسۇ سېپىلىنىڭ ئاستىغا پارتلاتقۇچ دورىسى كۆمۈپ، سېپىلنى پارتلىتىش ئارقىلىق شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىش ئۈچۈن مەخپىي لەخمە كولاپ سېپىل تۈۋىگىچە ئەكىلىپ، غۇلجىدىن پارتلىتىش دورىسى كېلىشىنى كۈتكەن بولسىمۇ، ئەمما پارتلىتىش دورىسى يېتىپ كەلمىگەن. پارتىزان رەھبەرلىرى پارتلىتىش دورىسى ۋە ئوق-دورا تەلەپ قىلىپ، ئاخىرقى قېتىم ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، مۇزارت داۋىنىدا تۇرىدىغان مىللىي ئارمىيە شتابىنىڭ ۋەكىللىرى غايىپ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشمۇ بىكار بولغان[46]

مىللىي ئارمىيە باش شتابى بىر ئاي ئەتراپىدا داۋاملاشقان ئاقسۇنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا بىرەر پولك دەرىجىلىك قوشۇن ۋە ياكى بىرەر مىناميوتچىلار روتىسى ھەم ئېغىر قوراللارنى ئەۋەتمىگەن ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە زور ساندىكى پۇقرالار پىدائىي بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا ئىلى تەرەپتىن قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار يېتەرلىك دەرىجىدە ئەۋەتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن قوراللىنىش ئەھۋالى ناچار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، 9-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ دەرھال قوشۇن ئاجرىتىپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش مۇمكىنچىلىكى شەكىللەنگەن بولۇپ، مىللىي ئارمىيە 7-ئاينىڭ 31-كۈنى چۆچەكنى، 9-ئاينىڭ 5-كۈنى ئالتاينى، 9-ئاينىڭ 8-كۈنى شخونى، 9-ئاينىڭ 8-كۈنى جىڭنى ئازاد قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ بولغان ئىدى. مىللىي ئارمىيە شتابىنىڭ بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇنى قورشاپ تۇرغان پارتىزانلارغا بىر ئەمەس، ھەتتا ئىككى پولك ئەۋەتىش مۇمكىنچىلىكى تامامەن بار ئىدى. ئەمما، ئاقسۇنى قورشاپ ياتقان پارتىزان كوماندىرلىرى ۋە ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى، ھەتتا غۇلجىدىكى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ بۇ ۋاقىتتا ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 14-ئاۋغۇست كۈنى سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئۆزلىرىنىڭ يالتا كېلىشىمىدە ئېرىشكەن ئىمتىياز-مەنپەئەتلىرى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھۇجۇملىرىنى توختىتىش ھەم «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت» ھۆكۈمىتىنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلە

سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قىستاپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش قارارىغا كەلگەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. ستالىن ھۆكۈمىتى مىللىي ئارمىيە قوشۇنلىرىنىڭ ماناس دەرياسى بويىغا كەلگەندىن كېيىن، بارلىق ھەربىي ھەرىكەتلەرنى توختىتىشنى بۇيرۇق قىلغاندىن كېيىنلا ئەلىخان تۆرە باشلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ۋەزىيەت ۋە موسكۋانىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. ئەلىخان تۆرە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى ئىۋان پالىنوۋقا ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما پالىنوۋ ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ پەقەت موسكۋانىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى[47]. دېمەك، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مىللىي ئارمىيە باش شتابى ئاقسۇغا قوشۇن ئەۋەتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئاقسۇنى ئازاد قىلىش ئەسلىدىنلا باش شتاب تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئەمەس بولۇپ، كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، موسكۋا باشتىن ئاخىرى پارتىزانلارنىڭ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان ئاقسۇ شەھىرىنى ئىشغال قىلىش، ئارقىدىن پۈتۈن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئازاد قىلىنىپ، جەنۇبنىڭ بىر تۇتاش ئازاد رايون بولۇشىنى خالىمىغان. مەيلى، تاشقورغاننى بازا قىلغان قەشقەر تەۋەسىدىكى جەڭلەر ۋە ئاقسۇ تەۋەسىدىكى جەڭلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەتنىڭ ئارقا سېپىنى قوغداش رولىنىلا ئۆتىدى خالاس! موسكۋانىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئالغاندا، ئەگەردە پۈتۈن قەشقەرىيە ئازاد قىلىنىپ، بۇ يەردىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ۋە قوشۇنى يوقىتىلسا، بۇ رايوننى كونترول قىلىش قىيىن بولاتتى. چۈنكى، مەزكۇر رايوننىڭ جەنۇبىي ئۇلۇغ برىتانىيىنىڭ تەۋەسىدىكى ھىندىستان ھەم مۇستەقىل ئافغانىستان بىلەن چېگرىغا ئىگە بولۇپ، بۇ رايوندا 19-ئەسىردىن تارتىپ، ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە مەنپەئەتلىرى قاتتىق توقۇنۇشۇپ كەلگەن ئىدى. ئەگەر قەشقەرىيىدە خۇددى ئىلىدىكىدەك ئازاد ھاكىمىيەت قۇرۇلسا، بۇ رايون قەدەم-قەدەم غەربلىكلەرنىڭ تەسىرى ئاستىغا كىرىپ قېلىپ، موسكۋانىڭ بۇ جايغا چىشى پاتماسلىق ۋەزىيىتى شەكىللىنىشى، بۇ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. مانا بۇ نۇقتىلار ئاقسۇ ئۇرۇشىنىڭ ھەربىي جەھەتتىن غەلىبە قىلالماسلىقى، ھەتتا تاشقورغاندىن باشلانغان ئىنقىلابنىڭمۇ غەلىبە قىلالماسلىقىدىكى تاشقى ئامىللار ھېسابلىناتتى. ئەمەلىيەتتە، ئىلى مىللىي ئارمىيە باش شتابى ئاقسۇدىكى پارتىزانلارنى چېكىندۈرۈپ چىقىشتىن بۇرۇنلا ئىسساقبەكنىڭ قوماندانلىقىدا بىر بىرىگادا ئاتلىق قوشۇننى ئاقسۇ يۆنىلىشىگە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، نوغايباييېف ۋە

كورىلوۋ كوماندىرلىقىدىكى پولكلار جىددىي تەييارلىقلاردا تۇرغان ئىدى. بۇ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش ئەمەس، بەلكى مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ ما بۇفاڭنىڭ ئاتلىق 5-كورپۇسىنىڭ ئاقسۇغا ئورۇنلىشىپ مۇزارت داۋىنى ئارقىلىق ئىلىغا ھۇجۇم قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش پىلانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك .

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، 1945-يىلى، 14-ئاۋغۇستتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭخۇئا مىنگو ھۆكۈمىتى ئارىسىدا ئىمزالانغان شەرتنامە موسكۋانىڭ مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ بولغانلىقى ئۈچۈن مىللىي ئارمىيىنىڭ داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشى ستالىن ئۈچۈن ھاجەتسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 2-جاھان ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، گومىنداڭمۇ غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر قاتارىغا كىردى ۋە ياپونىيە ئارمىيىسى قورال تاشلاپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جەڭ قىلىدىغان دۈشمىنى تۈگىدى. ئەگەردە گومىنداڭ ما بۇفاڭ قوشۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، مىللىي ئارمىيىگە ھۇجۇم قوزغىسا، ئۇرۇش ئېھتىمالى زور دەرىجىدە كېڭىيىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېھتىمال بەكرەك مەيدانغا چىقىشى ۋە ياكى ئاشكارا يوسۇندا يا ئۇ تەرەپتە، يا بۇ تەرەپتە تۇرۇشى لازىم بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن موسكۋا ئۇرۇشنى ۋاقتىدا توختىتىپ، تىنچلىق سۆھبەت تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلكىدىكى، جۇملىدىن ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىكى تەسىرى كۈچىنى ساقلاپ قېلىشنى قارار قىلدى.

ما بۇفاڭ قوشۇنلىرىنىڭ كېلىش مەسىلىسىگە زاكىر ۋە ئىسكەندەرلەر باشتىن ئاخىرى كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، ئۇلار سوپاخۇنغا ما بۇفاڭ قوشۇنلىرىنىڭ كېلىشى مەسىلىسنى بىر قانچە قېتىم تىلغا ئالغان. سوپاخۇن ئېيتقانىدەك، زاكىر تۆرىنىڭ ما بۇفاڭنىڭ ئاتلىق 5-كورپۇسى ھەققىدىكى ئۈچۇرلارغا ئىگە بولغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ كېتىشى تەسادىپىي ئەمەس ئىدى.

## 5 . سوپاخۇننىڭ قەلبى ئاستىدىكى سوۋېتلىكلەر

سوپاخۇن سوۋۇروف ئۆزىنىڭ «مەن كەچكەن كېچىكلەر» ناملىق ئەسلىمىسىدە بىر قىسىم سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى ۋە ئوفىتسېرلىرىنى شۇنىڭدەك مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى پالىنوۋنى تىلغا ئالىدۇ. بولۇپمۇ ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەن سوۋېت ئىتتىپاقلىق ھەربىي مەسلىھەتچىلەر زاكىر تۆرە بىلەن ئىسكەندەر

ئەپەندى ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا بىر قەدەر كۆپرەك تەسۋىرلىنىدۇ.

1945 - يىلى، 5-ئىيۇل كۈنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئاقسۇغا چۇشىدىغان پارتىزان ئەترىتىنىڭ تەركىبى ۋە ۋەزىپىلىرىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە زاكىر بىلەن ئىسكەندەر ئاتلىق پارتىزان ئەترىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى بولۇپ تەيىنلەندى(48) .«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» دە بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ئەسلى تولۇق ئىسمى تۇغرا ئاتالغان بولسىمۇ، بىراق زاكىرنىڭ ئەسلى ئىسمى خاتا ھالدا «شوخپۇل» (49) دەپ ئاتالغان.

پارتىزان ئەترىتىنىڭ ۋەزىپىسى بەلگىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قىزىل كۆرەدە ئۇلارنى ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەن پارتىزان ئەترىتىنى ئۇزىتىش مۇراسىمىغا جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە باشلىق ھۆكۈمەت رەھبىري كادىرلىرى ۋە مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ تەركىبىدىكى ئەربابلار ھەمدە قىزىل كۆرەدىكى ھۆكۈمەت كادىرلىرى ۋە پۇقرالار بولۇپ، كۆپ ساندا ئادەم قاتنىشىپ، ناھايىتى داغدۇغىلىق ۋە ھاياجانلىق ئېچىدە ئۆتكەن. ئۇزىتىش مۇراسىمىغا زاكىر تۆرە بىلەن ئىسكەندەرمۇ قاتناشقان. زاكىر تۆرە ئۆزىنىڭ بۇ ئۇزىتىشتىن 34 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆز دوستى، يەنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى يەنە بىر نەپەر رازۋېتچىكى ئەلى ئەپەندى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن قىسقا ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ بايان قىلغان :«جەنۇبتا ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن پارتىزانلىق ئەترىتى تەشكىللىدىم. مەركىزىي فرونتتىكى سوپاخۇن روتىسى قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتكەندە، بۇ روتىنى تولۇقى بىلەن ماڭا پارتىزان ئەترىتىگە قوشۇش ئۈچۈن تاپشۇرۇپ بەردى. ئەترەتنى ھۇجۇمغا تەييارلاش ئۈچۈن ئۇنى ئىززۋوت ۋە ئوتىدىلىنىيلەرگە ئايرىپ، سوپاخۇننى ئەترەتنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەپ، ئەلىخاننىڭ ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن كېلىشىنى كۈتتۇق. ئۇزىتىش ئۈچۈن قىزىل كۆرەگە ئەلىخان بىلەن بىرگە ھۆكۈمەت ۋەكىلى سۈپىتىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە ئەترەتنىڭ مولللىسى بىرگە كەلدى. ئەترەت ئەلىخاننىڭ تەسىرلىك نۇتقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەلىخانغا قەسەمىيات قىلدى ۋە ئاتلىق ھالدا تاغ تەرەپكە قارا مېڭىپ ، تىيانشان تاغلىرىدىن ئاتلىق ھالدا ئېشىپ، جەنۇبتا ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. مەن ئەترەتنى ئاتلاندۇرىۋېتىپ، بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ساڭا مەلۇملۇق "مەخسۇم" بىلەن بىرگە ۋ.س غا دوكلات قىلىش ئۈچۈن غۇلجىغا كەتتىم» .(50 )

زاكىر تۆرە تىلغا ئالغان ۋ. س ئەمەلىيەتتە غۇلجىدىكى 2- دومىنىڭ باشلىقى، موسكۋانىڭ جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىدىكى ھەربىي-سىياسىي باش مەسلىھەتچىسى گېنېرال مايور ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ ئېگناروۋ ئىدى. زاكىر تۆرە ۋە ئىسكەندەر دائىم ئۇنىڭ ئىسمىنى قىسقارتىپ ۋ.س دەپ ئاتىغان. بىراق ئۇيغۇر رەھبەرلىرى ئۇنى ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ كوزلوۋ دەپ ئاتايتتى.

سوپاخۇن سوۋۇروف ئۆز ئەسلىمىسىدە يەنە مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى پالىنوۋ، تېكەس پولكىنىڭ كوماندىرى نوغايباييېف، مەۋلانوف ۋە باشقىلارنىمۇ تىلغا ئالغان بولسىمۇ، بىراق پالىنوۋتىن باشقا قالغانلىرى ئىككى قىرغىز ھەربىي ئەرباب ھەققىدە كۆپ توختالمىغان. يىغىپ ئېيتقاندا ئارخىپ ماتېرىياللىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەربابلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرى بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ ئەسلى كىملىكىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بەردى.

## (1) زاكىر تۆرە كىم؟

ئەمدى بىز زاكىر تۆرىنىڭ كىملىكى ھەققىدە توختىلايلى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاشكارىلانغان مەلۇمات شۇكى، زاكىر تۆرىنىڭ ئەسلى ئىسمى پېتىر ئىۋانوۋىچ ساۋىن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك ساھەسىنىڭ پودپولكوۋنىك دەرىجىلىك ئوفىتسېر ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسىم فامىلىسى پېتىر ئىۋانوۋىچ ساۋىن بولۇپ، پېتىر ئۆزىنىڭ ئىسمى، ئىۋانوۋىچ دادىسىنىڭ ئىسمى، ساۋىن فامىلىسىدۇر. زاكىر ئۇنىڭ كېيىنكى ۋەقەلەردە ئىشلەتكەن لەقەم خاراكتېرلىق ئىسمى بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ رازۋېتكا ھاياتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ئىدى. ئۇ 1944-1946-يىللىرىدا غۇلجىدا زاكىر ۋە ياكى زاكىر تۆرە دەپ ئاتالدى.

زاكىر تۆرىنىڭ كەسپداش سەپدىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا غۇلجىغا ئەۋەتكەن يەنە بىر پودپولكوۋنىك دەرىجىلىك رازۋېتچىكى ئەلى ئەپەندى ( ئەسلى ئىسمى گابىت مۇزىپوۋ) بىلەن 1960-1970-يىللاردا يېزىشقان خەتلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ تەرجىمھالىنى قىسقىچە بايان قىلغان (51). ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يېزىشىچە، زاكىر ۋە ياكى پېتىر قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل بويىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، يەرلىك مىللەتلەر تىللىرىنى ياخشى بىلەن رۇستۇر. ئۇ، 1906-يىلى، ئىسسىق كۆلنىڭ يەتتە ئۆگۈز رايونىدىكى ئۇيغۇرلار، قىرغىزلار ۋە رۇسلار بىر قەدەر كۆپرەك

ئۇلتۇراقلاشقان پوكرووكا يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1928-يىلىغىچە دېھقانچىلىق قىلغان ھەمدە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1929-يىلى قىزىل ئارمىيىگە قوبۇل قىلىنىپ، پولكنىڭ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1929-يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەركىبىدە مەخپىي تۈردە ئافغانىستاننىڭ مازار شەرىپ، تاشقورغان قاتارلىق جايلىرىدا سوۋېتپەرەس ئامانۇللا خانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ 1930-يىلىغىچە ئافغانىستاندا تۇرغان. ئۇنىڭ ئافغانىستاندا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىزىل بايراق ئوردېنى بېرىلگەن. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئافغانىستاندىكى مەركۇر ھەرىكىتى تامامەن مەخپىي ھەرىكەت بولۇپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى يەرلىك ئافغانىستانلىقلارنىڭ كىيىمىنى كىيگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سىر تۇتقان ئىدى.

زاكىر 1930-يىلى ھەربىي سەپتىن قايتىپ، ئۆز يېزىسىدا ساقچى بولۇپ ئىشلىگەن ھەمدە 1933-يىلىغىچە قىرغىزىستان تاغلىرىدا سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى گۇرۇپپىلارنى ھەم باندىتلارنى تازىلاش ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ، 1933-يىلى فرۇنزى شەھىرىگە (ھازىرقى بىشكەك شەھىرىگە) يۆتكىلىپ، ئىچكى ئىشلار ئىدارىسىدە ئىشلىگەن شۇنىڭدەك مەخسۇس دۆلەت ئامانلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەش مەكتىپىدە ئوقۇغان.

زاكىر 1941-يىلى، قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنىغا يۆتكەلگەن. 1941-يىلى، ئۇرۇش باشلانغاندا گوركىي رايونلۇق دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتىدا باشقۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرغاندىن كېيىن، كۇرسك رايونلۇق دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئۇ بۇ جايلاردا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ بىخەتەرلىك خادىملىرىنى تازىلاش، گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ تۈرلۈك دىۋېرسىيون (بۇزغۇنچى) گۇرۇپپىلارنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سېپىگە ئەۋەتىپ، ۋەيران قىلىش ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش خىزمەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. زاكىر خېلى ئۇزۇن مەزگىل تاشقى ۋە ئىچكى رازۋېتكا خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ مول تەجرىبە توپلىغاندىن كېيىن، 1944-يىلى، موسكۋا ئۇنى قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتىنىڭ 1-بۆلۈمىگە ئالاھىدە ھەرىكەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىشقا ئەۋەتكەن.

بۇ ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 1943-يىلى 4-مايدىكى شىڭ شىسەينى يىقىتىش ۋە مىللىي ئازادلىق

ئىنقلابنى قوللاش قارارىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى موسكۋانىڭ قىرغىزىستاندا «باتۇر» ۋە« بۈيگۇ» قاتارلىق ئىككى ھەربىي ھەرىكەت گۇرۇپپىسنى قۇرۇش پىلانىنى بىجىرىشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك. زاكىر، يەنى پېتىر ساۋىن 1944 ـ يىلى، ماي ئېيىدا ئىسسىق كۆل بويىدا قۇرۇلغان «باتۇر» نامىلىق ئەترەتنىڭ رازۋېتكا ئىشلىرىغا مەسئۇل كوماندىرى بولغان >> .باتۇر <<ئەترىتىنىڭ ئەزاسى توقان يۈسۈپباقۇنوفنىڭ ئەسلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا،>> باتۇر <<ئەترىتى ئىسسىق ئاتا ئەتراپىدا تەربىيىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، نارىن ئەتراپىغا بېرىپ، تورغات ئارقىلىق قەشقەر ئەتراپىدا بولىدىغان ئىنقلابقا قاتنىشىش تەييارلىقىنى قىلدى. بىراق، بۇ پىلان ئۆزگەرتىلىپ، ئىلى پارتىزانلىرى 1944 ـ يىلى، 20 ـ نويابىر كۈنى قورغاس ( چىلپەكزە) قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ، سۈيدۈڭنى قورشاۋغا ئالغاندىن كېيىن «باتۇر» ئەترىتى 1944 ـ يىلى، 26 ـ دېكابىر كۈنى قورغاس ئارقىلىق سۈيدۈڭگە كىرىپ، سۈيدۈڭ ۋە كورەنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى(52). زاكىر ، يەنى پېتىر ساۋىننىڭ ئۆز ئەسلىمىسىدە بايان قىلىشىچە، ئۇ بۇ ۋاقىتتا موسكۋادىكى ن ك ۋ د باش رەھبەرلىك ئورگىنىغا چاقىرتىلغانلىقى ئۈچۈن، باتۇر ئەترىتى سۈيدۈڭگە كىرىپ، سۈيدىڭ ئازاد قىلىنىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن رادىستى كالىنىن بىلەن بىرگە سۈيدۈڭگە كەلگەن ھەمدە كورەنى ئازاد قىلىش ھەرىكەتلىرىگە ۋە گومىنداڭ تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان.

ئارقىدىن ئۇ غۇلجا ئەتراپىدىكى جەڭلەرگە قاتناشقان. كېيىن، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە مەسلىھەتچى سۈپىتىدە ئىشلىگەن. ئۇ تاكى 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايلارغىچە بولغان ئارلىقتا رەھىمجان سابىر ھاجى مىنىستىرلىكىدىكى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئاقتۇرغان ئەلى مەمەتوف بىلەن بىرگە بىخەتەرلىك خىزمەتلىرىنى قىلغان. مەزكۇر مىنىستىرلىكنىڭ كونتېررازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ خادىمى، مىللىي ئارمىيە كاپىتانى مەرھۇم رىشات سابىتوفنىڭ 2004 ـ يىلى ئاپتورغا سۆزلەپ بېرىشىچە(53)، ئەلى ئەپەندى ۋە زاكىر ئەپەندىلەر ئاساسلىقى كونتېررازۋېتكا ( رازۋېتكىغا قارشى رازۋېتكا ) خىزمەتلىرىنى تۇتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىپىلىرى ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭنىڭ ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئازاد ئۈچ ۋىلايەتكە ئەۋەتكەن جاسۇسلىرىنى ئېنىقلاش ۋە تۇتۇش، جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى ۋە كادىرلىرى، مىللىي ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە كادىرلىرىنىڭ سىياسىي يۈزلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ئۇلاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئىدىيە ۋە پىكىرلەرنى ئېنىقلاش ھەمدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە قارشى ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەرنى

كۆزىتىش ھەم زەربە بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى پائالىيەتلىرىنى قاتتىق يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئوخشاشلا ئۆز دۆلەت مەنپەئەتى كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزگەن بولسا كېرەك. پېتىر ساۋىننىڭ قاچاندىن بېرى زاكىر دەپ ئاتالغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بىراق، «قىزىل ئارمىيىنىڭ 20-يىللاردا ئافغانىستاندىكى ئالاھىدە ھەرىكەتلىرى» ماۋزۇلۇق ماقالىنىڭ «سىگان زاكىر-پېتىر ساۋىن» ناملىق قىسمىدا مەخسۇس پېتىر ساۋىننىڭ 1920-1930-يىللاردىكى ئافغانىستاندىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغا بولۇپ، بۇ ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «چىرايى كۆيۈپ ئاپتاپتا كۆيگەندەك كۆرۈنىدىغان پېتىر ساۋىن ئافغانغا ۋە ئۇيغۇرغا ئوخشايتتى. ئۇ پوكروۋكىدا رۇسچە ۋە قىرغىزچە سۆزلەشتى. تېرمىزدە بولسا ئۆزبېكچە سۆزلىدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىنلا رۇس تىلىدىن باشقا يەنە قىرغىزچە، ئۇكرائىنچە، ئۇيغۇرچە تىلنى ئۆگەنگەن ئىدى. ھەتتا ئۆزبېكچىنىمۇ بىلگەن ئىدى. بۇ ئۇنىڭ كىشىلەرگە يېقىنلىشىپ، نانغا ئېرىشىشى ئۈچۈن ياردەم بەردى. پېترنى پولكتىكىلەر ئۇنىڭ قارىلىقى ۋە قوپاللىقى ھەم مىجەزىنىڭ شوخلۇقى بىلەن باشقىلار ئۇنى سىگان دەپ ئاتاشتى».(54)

پېتىر ساۋىن 1929-يىلى، قىزىل ئارمىيىنىڭ 81- پولكىنىڭ جەڭچىسى سۈپىتىدە ئۆزبېكىستان -ئافغانىستان چېگرىسىدىكى تېرمىز شەھرىگە جايلاشقان ئىدى. 1929-يىلى، 5-ماي كۈنى قىزىل ئارمىيە ئۆزكىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ خالاتلىرىنى كىيىپ، قىياپەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئافغانىستان چېگرىسىدىن كىردى. بۇ ۋاقىتتا ئافغانىستاندا باچاي ساكاۋ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئامانۇللا خان ھاكىمىيىتىنى يىمىرىپ تاشلاپ، باچاي ساكاۋ ئۆزىنى ئەمىر دەپ ئېلان قىلغان، ئافغانىستان خانى ئامانۇللا خان 1928-يىلى موسكۋاغا بېرىپ ستالىن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغان ئىدى. ئامانۇللا خان باشچىلىقىدىكى ئافغانىستان ھۆكۈمىتى 1919-يىلى قۇرۇلۇپ، مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئۇلۇغ برىتانىيىنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرغاندىن كېيىن لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت رۇسىيىسى بىرىنچى بولۇپ ئامانۇللا خاننى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە 1921-يىلى، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالانغان، 1926-يىلى بولسا نېيتراللىق ۋە ئۆزارا ھۇجۇم قىلماسلىق كېلىشىمى ئىمزالانغان ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى

ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش ھەمدە ئۇلۇغ برىتانىيىنىڭ بۇ رايونغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئامانۇللا خان ھۆكۈمىتىنى قوللاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغان ئىدى.

باچاي ساكاۋ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار بولسا، برىتانىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى مەزكۇر قوزغىلاڭچىلار ھاكىمىيىتىنى ئۆزى ئۈچۈن خەتەرلىك ھېسابلىدى ھەمدە ئۇنى يوقىتىش قارارىغا كەلدى. ئەنە شۇ قارار بويىچە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تۇنجى قېتىم 1929-يىلى، ئافغانىستانغا كىردى. زاكىر ئەنە شۇ قوشۇنىنىڭ تەركىبىدە جەڭ قىلىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىزىل بايراق ئوردېنى بېرىلدى.

دېمەك، پېتىر ساۋىن ئەنە شۇ ئافغانىستانغا مەخپىي ھەربىي ھەرىكەت ئۈچۈن ئەۋەتىلگەندە زاكىر ئىسمى بىلەن ئاتالغان شۇنىڭدەك ئۇنى يەنە ئۇنىڭ سەپداشلىرى «سىگان زاكىر» دەپمۇ ئاتىغان. زاكىر، 1930-يىلى يەنە بىر قېتىم ئافغانىستانغا ئەۋەتىلگەن.

مەزكۇر ماقالىدە بايان قىلىنىشىچە، پېتىر ساۋىن بىر ئۆمۈر مەخپىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن دوستلىرى تەرىپىدىن «جۇدە سېكرېتنىي زاكىر» دېگەن لەقەمنى ئالغان(55). رۇس تىلىدىكى«سېكرېتنىي» ئۇيغۇرچىدا مەخپىي دېگەن مەنانى،«جۇدە» سۆزى ئۆزبېكچىدە ناھايىتى دېگەن مەنانى بېرىدۇ. بۇ لەقەمنىڭ تولۇق مەنىسى «ناھايىتى مەخپىي زاكىر» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

مەزكۇر ماقالىدە زاكىر ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن:

ساۋىن فرونتتا ۋە چەت 'ئەللەردە، تەبىئىي ھالدا شەرقتە مەخسۇس خىزمەتلەرنى ئاتقۇردى. ئۇ يەنە بىر قاتار قىزىل بايراق ئوردېنى ، لېنىن ئوردېنى، ۋەتەن ئۇرۇشى ۋە قىزىل يۇلتۇز ئوردېنلىرى بىلەن مۇكاپاتلاندى. 50-يىللاردا پودپولكوۋنىك ساۋىن ئىستىپاغا چىقتى ۋە ئائىلىسى بىلەن، يەنى، ئايالى، ئوغلى ۋە قىزى بىلەن بىرلىكتە كراسنادار شەھىرىدە ياشىدى. ئۇ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ قاتناشقۇچىسى، ئۇرۇشتا يارىلانغان ( ئافغانىستاندىكى يارىلىنىشى ھېسابقا ئېلىنمىغان) دېگەندەك سالاھىيىتى بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىل نەپىقىگە ئېرىشتى. ساۋىن دائىم ئافغانىستان ۋە شىنجاڭدا خىزمەت قىلغا سەپداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى، شىنجاڭ-بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يەنە بىر تولۇق تارىخى، ئەمما بۇ باشقىچە بىر ھېكايىدۇر (56)

پېتىر ساۋىن غۇلجىغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن يەنە شۇ زاكىر دېگەن ئىسمنى قوللانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمنى ھەتتا مىللەت تەركىبىنى بىلمەيتتى. ھەتتا كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنى بىلىدىغانلار ئۇنى ھۆرمەتلەپ زاكىر تۆرە دەپ ئاتايتتى. زاكىر ئۆزىنى ناھايىتى مەخپىي تۇتقانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كىملىكى ۋە ئىسمنى ھېچكىمگە بىلدۈرمىگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمنى بىلمەي، ئۇنى خاتا ھالدا «زاھار كۇزنېتسوۋ»، «شۇخپۇل» دېگەندەك ئىسملار بىلەن ئاتىدى خالاس. پېتىر ساۋىن، كەسپىي ھەربىي جاسۇس بولۇپ، ئۇ غۇلجىدىكى سوۋېت ئىنتېپاقىنىڭ ھەربىي-سىياسىي رازۋېتكا ئورنى بولغان 2-دومنىڭ باشلىقلىرىدىن ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ ئېگناروۋقا بىۋاستە بويسۇناتتى.

زاكىر، ئىسكەندەر ۋە ئەلى ئەپەندى ئىسملىك ئۈچ پودپولكوۋنىك دەرىجىلىك سوۋېت ھەربىي رازۋېتچىكلىرى غۇلجىدا 2-دومنىڭ گېنېراللىرىدىن كېيىنكى ھەربىي ئۇنۋان دەرىجىسى يۇقىرى ھېسابلىنىدىغان سوۋېت مەخپىي خادىملىرى بولسا كېرەك.

زاكىر بىلەن ئىسكەندەر يەنى، ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوۋ، سوپاخوْن سوۋۇروف ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە قاسىمجان قەمبەرى، داموللا رازى قاتارلىقلار باشلامچىلىقىدىكى جەنۇبقا ئەۋەتىلگەن پارتىزان ئەترىتىنى نازارەت قىلىش ھەم مەسلىھەت بېرىپ قارار چىقىرىشلارغا ئارىلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئۇلار بۇ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن 2-دومنى خەۋەردار قىلىپ تۇراتتى.

زاكىر، يەنى، پېتىر ساۋىن 1946-يىلى 6-ئايدا ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپە سۈپىتىدە ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىش ئوپېراتسىيىسىگە قاتنىشىپ، غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەندىن كېيىن، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە فرۇنزې، كراسنادار، ژۇكوۋسكىي قاتارلىق شەھەرلەردە ياشاپ، 1981-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆلگەن. ئۇ غۇلجا ۋە باشقا جايلاردا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن لېنىن ئوردېنى ۋە قىزىل يۇلتۇز ئوردېنلىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن. 1949-1951-يىللىرى موسكۋادىكى ماركسىزم-لېنىنىزم ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، 1956-يىلى، كېسەل سەۋەبىدىن خىزمەتتىن ئايرىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پېنسىيىدە ياشىغان.

زاكىر تۆرە 1946-يىلى 6-ئايدا ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىش ئوپېراتسىيىسىنى بېجىرىپ بولۇپ، 2 يىلدىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم خىزمەت بىلەن غۇلجىغا كېلىپ، گېنېرال ئىسساقبەك قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ چاغدا ئۇ فرۇنزىگە يەرلەشكەن ئىدى(57). ئەمما، ئۇنىڭ بۇ قېتىم غۇلجىغا قانداق كونكرېت ۋەزىپىلەر بىلەن كەلگەنلىكى نامەلۇم. سوپاخوْن سوۋۇروف ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم

خوشلاشقان 1946-يىلىنىڭ 1-يانۋار كۈنىدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم ئۇنى كۆرمىگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ تاكى 1946-يىلى، 6-ئايغىچە غۇلجىدا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇ ئالتە ئاي جەريانىدا ئاقسۇ جەڭ مەيدانىدىكى سەپدېشى سوپاخۇن سوۋۇروفنى قايتا ئىزدەپ كۆرۈشۈشنىڭ ئەھمىيىتى يوق بولغان بولسا كېرەك.

سوخاپۇن سوۋۇروفنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى زاكىر ھەربىي ئىشلاردا سەزگۈر بولۇپ، ئۇ سوپاخۇندىن ما بۇفاڭنىڭ 5-كورپۇسىنىڭ ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ھەققىدىكى ھەربىي ئۇچۇرلارنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ يەنە نېمە ئۇچۈن ئاقسۇدىن چېكىنىش ۋە ئىنقىلابنىڭ توختاپ قېلىشى مەسىلىسىدە سوپاخۇنغا، بۇنىڭ پۈتۈنلەي موسكۋادىن كەلگەن بۇيرۇق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سىرلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

## (2)ئىسكەندەر ئەپەندى كىم؟

سوپاخۇننىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئىسكەندەر ئەپەندىنىڭ، ئەسلى ئىسمى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوف بولۇپ، ئۇ ئالمۇتىدا ياشاپ، 1975-يىلى، 75 يېشىدا ئۆلگەن (58). ئۇنىڭ كەسپداشلىرى ئۇنى چاچچاق تەرىقىسىدە « 3ئى» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇنىڭ ئەۋەبى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ، دادىسىنىڭ ۋە فامىلىسىنىڭ ئوخشاشلا ئىۋان دەپ ئاتالغانلىقىدۇر.

ئۇ 1900 -يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ياشلىق دەۋرىدە قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان. ئۇ، 1934-يىلى، موسكۋا شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىپ، ما جوڭيىڭ قوشۇنلىرىنى يوقتىش ئۇچۇن ئالتايىسكىي نامىدا سوۋېت ن ك ۋ د سىنىڭ ئالمۇتا 13-ئاتلىق پولكىنى ياردەمگە كىرگۈزۈپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى قوغداپ قالغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ھەربىي رازۋېتكا خادىملىرى قاتارىدا ئۇيغۇر دىيارىغا كەلگەن. ئىۋانوۋ ما جوڭيىڭ قوشۇنلىرىنى يوقتىش ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە ھەمدە خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىش پىلانلىرىغا ئارىلاشقان ھەمدە قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا بولغان. ئىۋانوۋ، 1934-1937-يىللىرى ئارىسىدا شېڭ شىسەي ئارمىيىسىدە يۇقىرى رەھبەرلىك خىزمىتىگە تەيىنلەنگەن ئىۋان پالېنوۋ بىلەن يېقىن

مۇناسىۋەتتە بولغان ئىدى(59).

ئىۋانوۋ 1930-يىللارنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتقان ھەمدە 1944-يىلى، 11-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن پالپىنوۋ كوماندىرلىقىدىكى بىر باتالىيونغا يېقىن قوراللىق ئەترەت تەركىبىدە پالپىنوۋنىڭ مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە غۇلجىغا كەلگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ن ك ۋ د نىڭ پالپىنوۋقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەخسۇس ئادىمى ئىدى.

ئۇ، غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن ئىسكەندەر ئىسمىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، يەرلىك خەلقلەر ئۇنى كۆپىنچە ھاللاردا تاتار دەپ چۈشەنگەن . ئىۋانوۋ، يەنى ئىسكەندەر مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدا پالپىنوۋنىڭ مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە تۇرغاندىن كېيىن(60) ئاقسۇغا چۈشكەن ئەترەتنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىك سالاھىتىگە بەلگىلەنگەن.

سوپاخون سوۋۇروف ئۇنى «مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ ۋەكىلى» دەپ يازغان بولۇپ، تەشكىلى جەھەتتە ئۇ بىۋاستە مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىۋاستە 2-دومدىكى گېنېرال ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ ئېگناروۋقا بويسۇناتتى. ئېگناروۋ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش ھەربىي-سىياسى مەسلىھەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى پالپىنوۋقا مەسلىھەت بېرىشلا ئەمەس، بەلكى بۇيرۇق بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز دەپ ئويلايمەن. مىللىي ئارمىيە شتابى ئەمەلىيەتتە ئېگناروۋنىڭ رۇخسىتىسىز ھەر قانداق چوڭ ھەربىي ھەرىكەت قوللىنالمايدىغان بولۇپ، ئېگناروۋ بارلىق چوڭ ئۇرۇشلارنىڭ ئەھۋالىدىن موسكۋانى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇراتتى، مەسىلەن ، «ستالىننىڭ ئالاھىدە پاپكىسى» دىكى ھۆججەتلەرنىڭ بىرىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلىش قىسمىنىڭ 29- ئىيۇن كۈنى دۆربىلجىننى ئازاد قىلغانلىقى بېرىياغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، بۇ مەلۇماتقا سوۋېت ئىتتىپاقى ن ك ۋ د( ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى)نىڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇۋەپپەق قوماندانى گېنېرال ستاخانوۋنىڭ ئىمزاسى قويۇلۇپ، بېرىيا ئارقىلىق ستالىنغا يوللانغان [61].

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىخو، جىڭ ۋە باشقا جايلاردىكى جەڭلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ستالىن، مولوتوۋ ۋە بېرىيا قاتارلىق سوۋېت ئالىي رەھبەرلىرى خەۋەردار بولۇپ، ئېگناروۋ ئالدى بىلەن بۇلارنى ن ك ۋ د نىڭ بېشى لاۋرېنتى بېرىياغا دوكلات قىلغاندىن كېيىن، بېرىيا ستالىن ۋە مولوتوۋقا يەتكۈزەتتى.

سوۋېت دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنىنىڭ پودپولكوۋنىكى ئىۋان ئىۋانوۋ ، يەنى ئىسكەندەر 1946-يىلى، 17- ئىيۇن كۈنى پېتىر ساۋىن ( زاكىر ) بىلەن بىرگە ئەلىخان تۆرىنى قورغاستىن ئۆتكۈزۈپ كېتىش ئوپېراتسىيىسىنى بېجىرگەندىن كېيىن ئالمۇتىغا ئورۇنلاشقان. ئەلىخان تۆرىنىڭ ئېلىپ كېتىلىش كۈنى ھەققىدە 28-ئىيۇل ۋە 13-ئىيۇن دېگەن قاراشلارمۇ بار. ئەلىخان تۆرىنىڭ ئوغلى، 13-ئىيۇن كۈنى دەپ يازدۇ. ئەمما سوۋېت ئارخىپىدىن ئاشكارىلىنىشىچە، گېنېرال ئەگناروۋ 19-ئىيۇن كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىر كرۇگلوۋ بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرى ئاباكۇموۋقا «17-ئىيۇن كۈنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق رەئىسى ئەلىخان تۆرە شاكىرخوجايېۋنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ھەققىدە» تېلېگرامما يوللىغان(62). دېمەك ، ئەلىخان تۆرە 1946-يىلى، 17-ئىيۇن كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلگەن.

ئەلىخان تۆرىنى مەخپىي تۈردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىش ئوپېراتسىيىسىگە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى كونتېرراززۋېتكا بۆلۈمىنىڭ ئۇيغۇر خادىمى رىشات سابىتوفمۇ قاتناشقان بولۇپ، بۇ بۆلۈمنى بىۋاستە ئەلى مەمەتوف ۋە زاكىر تۆرىلەر باشقۇراتتى. بۇ ھەرىكەتكە ئەلى مەمەتوفمۇ ئىشتىراك قىلغان شۇنىڭدەك بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقانلارنىڭ بۇ ئىشنى ئەبەدىي سىر ساقلىشى ھەققىدە تىل خەت ئېلىنىپ قەسەم قىلدۇرۇلغان. ئەگەر سىرنى پاش قىلسا، بۇنىڭغا ھاياتى بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

ئۇيغۇر تارىخي شاھىدلىرى ئەلىخان تۆرىنى ئەكەتكەن ئوپېراتسىيىسىگە ئىسكەندەر، زاكىر ۋە ئەلى قاتارلىقلارنىڭ قاتناشقانلىقىنى يېزىشىدۇ(63). ئەمما، بۇنى ئارخىپلار ئاساسىدا يەنە بىر قەدەم دەلىللەش لازىم.

ئىسكەندەر غۇلجىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئالمۇتىدا تۇرسىمۇ، ئەمما غۇلجا بىلەن بولغان رازۋېتكا ئىشلىرىنى داۋاملىق ئېلىپ بارغان بولۇپ، 1946-يىلىدىن كېيىنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورغاستىكى رازۋېتكا پونكىتى پائالىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان ئىدى. ئىسكەندەر ئالمۇتىدا تۇرۇپ، ئىزچىل ھالدا ئىلىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغان.

ئىۋانوۋنىڭ 1955-يىلى 9-ئاينىڭ 10-كۈنى ئوشقا ئورۇنلاشقان ئەلى مەمەتوفقا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك ئورگىنى تەرىپىدىن 1951-يىلى،ئۆرۈمچىدە ئىشلەشكە ئەۋەتىلىپ، 1954-يىلى، 28-ئۆكتەبىردە قايتىپ كەلگەنلىكىنى قەيت قىلغان(64). ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئىسكەندەر ئەپەندى

1951-يىلىدىن 1954-يىلىغىچە بىر مەزگىل ئۈرۈمچىدە تۇرغان بولىدۇ. 1955-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە موسكۋا 1944-1946-يىللىرى ئارىسىدا غۇلجىدا كونسۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان، ئەلخان تۆرە قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى» بىلەن ئالاقە قىلغان ھەمدە ئىنقىلابىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى باشقۇرغان داباشىنمۇ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇللۇققا تەيىنلىگەن ئىدى. دۇباشىن ، ئىسكەندەر قاتارلىق بۇ كىشىلەرنى ئۈرۈمچىدىكى سابىق مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى كادىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى تونۇيتتى. داباشىن بىلەن سەيفىدىن ئەزىز ئارىسىدا ئۈرۈمچىدە رەسمىي ئۇچرىشىشلار بولغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇرلار مەۋجۇت. بۇ ۋاقىتتا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1947-1949-يىللىرى ئارىسىدا ئىلىغا ئەۋەتىپ، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئىسساقبەك مۇنونوفقا مەسلىھەتچىلىككە سالغان خادىمى خېلەم خۇدابەردىيېفمۇ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلىپ، نەشرىيات ۋە ئاخبارات ساھەسىدە ئىشلىگەن. خېلەم خۇدابەردىيېف غۇلجىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ مايور ئۇنۋانى بىلەن ئىپلاخۇن دىگەن ئىسمنى قوللانغان ئىدى. سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرگە تەيىنلىگەن خادىمى، 1944-يىلى، تاشكەنت ئەتراپىدا پالىنوۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەشكىللەنگەن گۇرۇپپىنى سىياسىي جەھەتتىن باشقۇرغان تۇرسۇن رەھىموفمۇ ئۈرۈمچىگە خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن ئىدى.

ئىسكەندەر، 1960-يىللاردا ئالمۇتىدىكى چەتئەللىكلەر بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ساياھەت ئورگىنى "ئىنتۇرىست"تا ئىشلىگەن ۋە كېيىن پېنسىيىگە چىقىپ، 1975-يىلى، 75 يېشىدا ئۆلگەن.

قىسقىسى ئىۋان ئىۋانوۋ، يەنى ئىسكەندەر ئەپەندى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1930-يىللاردىن تارتىپ، شىنجاڭ ئىشلىرىغا قاتناشقان، بۇ رايوننى ياخشى بىلىدىغان كەسپىي ھەربىي رازۋېتكا خادىملىرىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى.

موسكۋانىڭ 1943-1949-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈرۈمچى ۋە ئىلىغا ئەۋەتكەن مەخسۇس خادىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى 1920-1930-يىللاردا بۇ جايغا ئەۋەتىلگەن ۋە ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرغان، يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلى، ئادەتلىرى، جەمىيەت ئەھۋاللىرىنى ياخشى بىلىدىغان ئادەملەر ئىدى.

## (3)ئەلى ئەپەندى -گابىت مۇزىپوۋ

سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ « مەن كەچكەن كېچىكلەر» ماۋزۇلۇق ئەسلىمىسىدە ئەلى ئەپەندى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى شەخس زاكىر بىلەن ئىسكەندەر تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە سوۋېت ئىنتىپاقىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىخەتەرلىك خادىمى ئەلى ئەپەندىنىڭ كىملىكى ھەققىدىمۇ ئەسلەپ ئۆتۈش مۇۋاپىق بولسا كېرەك.

1944- يىلى، غۇلجىغا ئەۋەتىلگەن سوۋېت مەخسۇس خادىملىرى ئىچىدە باشقۇرۇت مىللىتىدىن كېلىپ چىققان ئەلى ئەپەندى ئالاھىدە ۋەكىل خاراكتېرلىقتۇر. ئەلى ئەپەندىنىڭ ئەسلى ئىسمى گابىت گابىتوۋىچ مۇزىپوۋ بولۇپ، ئەلى ئەپەندى ئۇنىڭ ئۇيغۇر دىياردا ئىشلەتكەن ئىسمى. بۇ ئادەم زاكىر ۋە ئىسكەندەرنىڭ يېقىن سەپدىشى ھەم دوستى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھايات مۇساپىلىرى چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن ھەم ئوخشاشلىقلارغا ئىگە.

ئەلى ئەپەندى رۇسىيە فېدېراتسىيىسىگە تەۋە باشقۇرتىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى بايازىت يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل بويىدىكى قاراقول رايوندا ۋە ئوشنىڭ گۈلچە چېگرا رايوندا ئۇزۇن مەزگىل ۋەزىپە ئۆتىگەن. گابىت مۇزىپوۋ 1938- يىللىرى بىر قېتىم قەشقەر تەۋەسىگە ئايروپىلان بىلەن تاشلىنىپ، 1938- يىلىدىن 1940- يىلىنىڭ بېشىغىچە ئاقسۇ شەھرىدە «ئىستانبۇللۇق ئەلى ئەپەندى» دېگەن ئىسىم بىلەن سودا قىلىپ يۈرگەن(65). ئەلى ئەپەندى قۇرئاننى ياخشى بىلىدىغان، دىنىي بىلىملەرگە ئىگە ، ئۇيغۇر، تاتار ۋە قىرغىز تىللىرىنى بىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاقسۇدا ئىستانبۇللۇق دەپ، مەخسۇس سودا دۇكىنى ئاچقان.

ئەلى ئەپەندى، يەنى، گابىت مۇزىپوۋ 1944- يىلى ئىسساقبەك مۇنونوف بىلەن بىرگە ئوشنىڭ گۈلچە رايوندا شىنجاڭدىن چىققان قىرغىز، ئۇيغۇر ۋە يەرلىك ئۆزبېكلەردىن بىر قوراللىق ئەترەت قۇرغان بولۇپ، « بۇيگۇ» دەپ ئاتالغان مەزكۇر ئەترەتكە ئىسساقبەك مۇنۇنوف كوماندىر ، ئەلى ئەپەندى مۇئاۋىن كوماندىرى بولغان ئىدى. بۇ ئەترەتنىڭ كوماندىرلار تەركىبىدە رازاق مەۋلانوفمۇ بار ئىدى. بۇلار 1944- يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى غۇلجىغا كىرگەن بولۇپ، ئۇ كېيىن تېكەس پولكىنى قۇرۇشقا قاتناشقان ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەي جۇمھۇرىيەت ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسنى ئاقتۇرغان.

ئەلى ئەپەندى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىدا رەھىمجان سابىرھاجىنىڭ مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە ئىشلىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بارلىق ئىچكى ۋە تاشقى سىياسىي رازۋېتكا خىزمىتىنى تۇتقان ئىدى. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ كونتېررازۋېتكا باشقارمىسى ئۇنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن رىشات سابىتوفنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئەلى ئەپەندىنىڭ مىللەت تەركىبىنى ئۇيغۇر ۋە ياكى تاتار بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلاتتى. ئۇ، ئۇيغۇر تىلىنى ئازراق تاتارچە ئاھاڭ ئارىلاشراق سۆزلەيتتى. ئۇ ناھايىتى ئېغىر بېسىق ھەم ھوشيار ئادەم ئىدى(66).

لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلى كىملىكى ۋە ئەسلى مىللەت تەركىبىنى يوشۇرغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ باشقۇرت مىللىتىدىن كېلىپ چىققان ۋە باشقۇرتىستاننىڭ بايازىت يېزىسىدا ئوقۇمۇشلۇق بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان، بىراق پۈتۈن ھاياتىنى باشقۇرتىستان يايلاقلىرىدىن يىراق بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قارا قول، قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجا، ئالتاي، ئۇش شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئەلى ئەپەندى غۇلجىدا ئەلى مەمەتوف ۋە ياكى ئەلى ئەپەندى دەپ ئاتىلاتتى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى ئۇنى بىر ئالاھىدە شاھادەتنامە ۋە بىر ئالتۇن قاپلىق تاپانچا بىلەن مۇكاپاتلىغان. شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا ئىستىقلالىيەت ئوردېنى بېرىلگەن.

ئەلى ئەپەندى 1946-يىلى ئالتايغا يۆتكىلىپ، تاكى 1949-يىلىنىڭ 2-ئېيىغىچە ئالتايدا ۋەزىپە ئاقتۇرغان. ئەلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئالتايدىكى ئىككى يىللىق ھاياتى جەريانىدا ئاساسلىقى ئوسمان ئىسلامنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان بولۇپ، گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايېۋ بىلەن يېقىن ھەمكارلىقلاردا بولغان.ئەلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئالتايدا تۇرغان ۋاقىتلىرى ھەققىدە كۈندىلىك خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى يىللىق ھاياتىدىن ئىنتايىن ئەپسۇسلانغان ھەمدە قاچانمۇ بۇ جايلاردىن كېتەرمەن دەپ ئارزۇ قىلغان ئىدى.ئوسمان ئىسلامنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئەينى ۋاقىتتا موسكۋا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ن ك ۋ د- ن ك گ ب تاشقى رازۋېتكا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گېنېرال لېيتېنانت پاۋېل سۇداپلاتوۋنىڭ ئەسلىمىسىدە بايان قىلىنىشىچە، 1947-يىلى ستالىن سۇداپلاتوۋنىڭ مۇئاۋىنى نائۇم ئەيتىنگوننى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، مىللەتچىلەرنى باستۇرغان ئىدى (67). پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، سۇداپلاتوۋ ئاشكارىلىغان ستالىن بىۋاستە ئەۋەتكەن

گېنېرال مايور نائۇم ئەيتىنگون بەلكى ئالتايدىكى ئوسمان ئىسلام باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭنى يوقىتىش ئوپېراتسىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا نائۇم ئەيتىنگون يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى نكۋد سىنىڭ ئاتوم پىلانى ۋە ئۇران تېپىشقا مەسئۇل «س» بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى (68). ئوسمان ئىسلام سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆكتوقاي رايونىدىكى ۋولفرام كانلىرى دەپ ئاتالغان ،ئەمەلىيەتتە ئۇران بىلەن مۇناسىۋەتلىك كانلىرىنى قېزىشقا قارشى چىققان بولۇپ، ئوسمان ئىسلام ئالتاينى ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كان خادىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتايدا يادرو قورالى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئىستراتېگىيىلىك يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېزىش پىلانلىرىغا تەھدىت پەيدا قىلغان ئىدى.

ئەلى ئەپەندى نېمە ئۈچۈن 1946-يىلى 6-ئايدا باشقا رازۋېتچىكلار بىلەن بىرگە ئۆز ۋەتىنىگە قايتماي، ئەكسىچە ئالتايغا ئەۋەتىلىپ، ئۇ يەردە تۇرغۇزۇلدى؟ بۇنىڭ سىرى چوڭ بولۇپ، تەھلىل قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى نائۇم ئەيتونگوننىڭ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

بۇ ۋاقىتتا غۇلجىدا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلىگەن ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ ئالتايدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. 1946-يىلى 6-ئايدىن كېيىن غۇلجىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسىم مەخپىي خادىملىرى ئۆز ۋەتىنىگە كەتكەن بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلغان شۇنىڭدەك يېڭىدىن خادىملار كېلىپ، ھەر ساھەلەرگە ئورۇنلاشقان ئىدى. ئەلى مەمەتوفنىڭ بۇ چاغدىكى ئالتايدىكى ۋەزىپىسى ئوسمان ئىسلامنىڭ توپىلاڭلىرىنى باستۇرۇش ۋە ئالتاي ۋەزىيىتىنى كۆزىتىش بولۇپ، ئالتاينىڭ بىخەتەرلىكى ئىلى ھۆكۈمىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى موسكۋا ئۈچۈنمۇ بەك مۇھىم ئىدى. چۈنكى، بۇ چاغدا موسكۋا كۆك توقايدا ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىستراتېگىيىلىك يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قېزىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىگە ئىشلىتىۋاتاتتى. ئالتاي قولدىن كەتسە، بۇ بايلىقلار قولدىن كېتەتتى شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆك توقايدا زادى نېمە قېزىۋاتقانلىقى خەلقئارا جەمىيەتكە پاش بولۇپ قالاتتى.

ئەلى مەمەتوفقا 1945-يىلى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى ئەلىخان تۆرىنىڭ ئىمزاسى بىلەن ئىستىقلالىيەت 1-دەرىجىلىك ئوردېنى ۋە تاپانچە تەقدىم قىلىنىپ تەقدىرلەنگەن. ئەلى ئەپەندى بۇ تەقدىرنامە ھەم ئوردېننى بىر ئۆمۈر ساقلىغان شۇنىڭدەك تەقدىرنامىنىڭ كوپىيە نۇسخىسى ئۇنىڭ ئوغلى رەم مۇزىپوف

تەرىپىدىن 2005-يىلى مەزكۇر قۇرلارنىڭ مۇئەللىپىگە يەتكۈزۈپ بېرىلگەن ئىدى. ئەلى ئەپەندى تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇ كېيىنكى ھاياتىدا 1944-1949-يىللىرىدىكى مىللىي ئىنقىلاب ۋە شەخسلەر ھەققىدە كۆپلىگەن ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى توپلىغان ھەمدە قول-يازمىلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ ماتېرىياللىرىنىڭ بىر قىسمى سوۋېت بىخەتەرلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسمى يەنىلا پەرزەنتلىرىنىڭ قولىدا قالغان ئىدى، مەزكۇر قۇرلارنىڭ ئاپتورى كەمىنە ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدىن خەۋەر تېپىشقا مۇۋەپپەق بولدى ھەمدە بۇ ئارقىلىق زاكىر، پالىنوۋ، ئىسكەندەر، ئەلى ئەپەندى ، نوغايبايەف، مەۋلانوف، ئىگناروف ۋە باشقىلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ چۈشەندى.

ئەلى ئەپەندى ئوشقا ئورۇنلىشىپ، 1980-يىلى ئوش شەھرىدە تۇيۇقسىز قوزغالغان يۈرەك تىقلىمىسى بىلەن 74 يېشىدا ۋاپات بولغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ سالاھىتى سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ پولكوۋنىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن دەپنە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن ھەم ئۇنىڭ مۇسۇلمانچە دەپنە قىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىنىپ، ئۇنىڭ سەپدىشى ، 1937-يىللاردىكى قەشقەر پاجىئەسىنىڭ ئىگىلىرىدىن بىرى، 1945-1946-يىللىرى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا ئەۋەتىلىپ، تېكەس ئاتلىق پولكىغا كوماندىرلىق قىلغان راززاق مەۋلانوف نامىزىنى چۈشۈرگەن.

## (4)پالىنوۋنىڭ ھەققى سىرى

مىللىي ئارمىيىنىڭ 1945-يىلى، ئاپرېلدىن 1946-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى باش قوماندانى گېنېرال مايور پولىنوۋنىڭ تولۇق ئىسمى ئىۋان گېئورگىيېۋىچ پالىنوۋتۇر. ئۇنىڭ مىللىتى رۇس. ئۇيغۇرلار ئۇنى ئادەتتە پالىنوف ياكى پالىنوپ دەپلا ئاتايدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى بەزىدە رۇسچە مەنبەلەردە يەنە ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پولىنوۋ، يەنە بەزىلەردە ئىۋان گېئورگىيېۋىچ پالىنوۋ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

پالىنوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى ن ك ۋ د سىنىڭ خادىمى بولۇپ، ئۇنى ياخشى بىلگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلىگەن سوۋېت ئىتتىپاقى رازۋېتكا خادىملىرىنىڭ كېيىنكى

ۋاقتلاردا يېزىشقان خەتلىرىدە ئۇنىڭ 1920-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ سوۋېت رۇسىيىسى بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ تاپشۇرۇقلىرى بويىچە ئىش كۆرگەنلىكىنى ئاشكارىلىغان. دېمەك، ئۇنىڭ 1945-يىلىدىن 1946-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىشىمۇ موسكۋانىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىي شاھىدلىرىنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسلانغاندا پالىنوۋنىڭ باشتا پارتىزانلار قوماندانلىق شتابىنىڭ، كېيىن مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىشىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنىڭ تەكلىپى رول ئوينىغان ئىدى.

پالىنوۋنىڭ ئەسلىدە چار پادىشا ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى ئىكەنلىكى ھەمدە 1930-يىللاردا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىدە گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانى بىلەن خىزمەت قىلىپ، كېيىن تۈرمىگە تاشلانغانلىقى ھەم تۈرمىدىن بوشاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكى مەلۇملۇق مەسىلە بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەسلى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى مەۋھۇم ئىدى. پالىنوۋنىڭ ئەسلى كىم ئىكەنلىكى سوۋېت ن ك ۋ دىسىنىڭ غۇلجىدىكى پودپولكوۋنىكلىرى، ئەلى مەمەتوف، زاكىر تۆرە ۋە ئىسكەندەر ئەپەندىلەر ئۈچۈنمۇ ئەڭ قىزىقارلىق تېما بولۇپ، ئوشتا ياشىغان ئەلى مەمەتوفنىڭ 1970-يىللاردا ئۆزىنىڭ غۇلجىدا بىرگە مەخپىي خىزمەت قىلغان ئىككى كونا دوستى-ئالمۇتىدىكى ئىسكەندەر ۋە كراسنادار شەھىرىگە يەرلەشكەن زاكىر تۆرىلەر بىلەن يېزىشقان خەتلىرىدە پالىنوۋ ھەققىدە بىر قانچە قېتىم توختالغان ھەم پىكىر ئالماشتۇرغان ئىدى.

ئەلى ئەپەندى ئىسكەندەردىن ( ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوۋتىن) 1973-يىلى پالىنوۋ ھەققىدە مەلۇمات سورىغان. ئۇ، 1973-يىلى، 7-سېنتەبىردىكى خېتىدە پالىنوۋ ھەققىدە ئەتراپلىق جاۋاب بەرگەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ 1934-يىلى پالىنوۋ بىلەن بولغان سۆھبىتىدە پالىنوۋنىڭ 1917-يىلىدىن كېيىن تاشكەنتكە بارغانلىقى ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەش تەكلىپىنى رەت قىلىپ، غۇلجىغا قېچىپ كەلگەنلىكى ۋە بۇنىڭدىن ئۆمۈر بويى پۇشمان يېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى يازغان (69). ئىسكەندەر، «پالىنوۋ 1924-يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە سوۋېت گراجدانلىقىنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن بىزگە ياردەم بەردى ۋە بىزنىڭ تاپشۇرۇقلىرىمىز بويىچە خىزمەت قىلغان» دەپ بايان قىلغان [70].

ئۇ، يەنە پالىنوۋنىڭ 1933-1934-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاپشۇرۇقلىرى

بويىچە ئىشلىگەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ، «ئۇ، 1933-1934-يىللاردىكى ۋەقەلەرگە بىۋاستە بىزنىڭ رەھبەرلىكىمىزدە قاتناشتى» دېگەن[71].ئارقىدىن يەنە ئەلى ئەپەندى زاكىر تۆرە ( پېتىر ئىۋانوۋىچ ساۋىن)دىن مەلۇمات سورىغان. پېتىر ساۋىن ( زاكىر ) 1979-يىلى، 17-ئىيۇل كۈنى ئەلى مەمەتوف ئۈچۈن مەخسۇس «ئىۋان گېئورگىيېۋىچ پالىنوۋ ھەققىدە ئۈچۈر» دېگەن تېمىدا خەت يېزىپ ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇ پالىنوۋ ھەققىدە بىلگەنلىرىنى تەپسىلىي يازغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ تەپسىلىسى زاكىرنىڭ مەلۇماتىدۇر. بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ يېزىشقان خەتلىرىدىكى پالىنوۋ ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن ئۇنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. بۇ ئۈچ رازۋېتچىكنىڭ مەلۇماتلىرىنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن. زاكىرنىڭ مەلۇماتى بويىچە ئالغاندا. ئىۋان گېئورگىيېۋىچ پالىنوۋ 1895-1896-يىللىرىنىڭ بىرىدە تۇغۇلغان. ئەسلى ئۇ ئورېنبۇرگ ۋە ياكى يەتتەسۇ كازاكلىرىدىن بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئېنىق ئەمەس. ئۇ، تاشكەنتتىكى چار پادىشاھ ئارمىيىسىنىڭ تۈركىستان ھەربىي رايونىنىڭ شتابىدىكى تالانتلىق ئوفىتسېرلاردىن بىرى ئىدى. پالىنوۋ 1914-يىلى چار پادىشاھ ئارمىيىسىنىڭ تۈركىستان ھەربىي رايونى تەرىپىدىن جۇڭگوغا ھەربىي رازۋېتكا ئۈچۈن ئەۋەتىلىدۇ ھەمدە چاررۇسىيىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىنى قوغدايدىغان 100 كىشىلىك ئەترەتنىڭ كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، 1918-1919-يىللىرى قىزىل ئارمىيە ئۇنى تاشكەنتكە چاقىرىدۇ ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇ بۇ تەلەپنى رەت قىلىپ، غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، بىر مەزگىل يۈرىدۇ. 1921-يىلى ئاتامان دۇتوف سۈيىقەستتە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن پالىنوۋ بىر مەزگىل ئۆز ئالدىغا يۈرىدۇ، ئەمما 1926-يىلى غۇلجىدا سوۋېت كونسۇلخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ، كونسۇلخانىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ۋە قانداق بولۇپ غۇلجىغا كېلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بىر رۇس ئىكەنلىكى، رۇسىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقى، مانا ئەمدى سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئىشلەش ئارزۇسى بارلىقى ۋە ئۆز قولىدا نۇرغۇن رازۋېتكا ئۈچۈرلىرى بارلىقىنى ئېيتىدۇ، ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سوۋېت رۇسىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا كىرىشىدۇ[72]. 1933-1934-يىللىرى ئۇ سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ نورپىكو كوماندىرلىقىدىكى ئالتايسكىي ئەترىتىگە قاتنىشىدۇ ھەمدە شېڭ شىسەي ئارمىيىسىدە بىرىگادا كوماندىرى، گېنېرال مايور ئۇنىۋانى بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ چاغلاردا ئۇ ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن مەخپىي خىزمەت قىلغان ئىدى.زاكىر ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز

ئۆرىگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنى تۇتقۇن قىلىش ۋە زەربە بېرىش سىياسىي ئېلىپ بارغاندا شىڭ شىسەي ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئاكىسى گرېبېنكىن گېئورگىي مىخايلوۋىچنى بىرلىكتە قولغا ئالىدۇ. ئۆرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى شىڭ شىسەيدىن ئۇلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغا بولسىمۇ، ئەمما شىڭ ئۇنداق ئادەملەرنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما، سوۋېت كونسۇلخانىسى پالىنوۋ ۋە گرېبېنكىننىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، ئۇلارنى ئاتىدىغان جاللاتقا پۇل بېرىپ ئۇنى سېتىۋالىدۇ، پۈتۈشۈم بويىچە، جاللات ئۇلارنى ئاتماي، ئوق چىقىرىپ قويۇپلا ئازگالغا دەپنە قىلىۋېتىش ، بىراق ئازراق توپا تاشلاپ قويىدىغان بولىدۇ، سوۋەت كونسۇلخانە خادىملىرى مۆكۈپ تەييار بولۇپ تۇرىدۇ، ئوق چىقىپ، ئۇلارغا ئازگالغا كۆمۈۋېتىلىپ، ساقچىلار كەتكەندىن كېيىن سوۋېت خادىملىرى دەرھال كېلىپ، ئۇلارنى ئازگالنى كولاپ چىقىرىۋالىدۇ. بۇ چاغدا گرېبېنكىن ئازراق تىنىۋاتاتتى، ئەمما پالىنوۋنىڭ تىنىقى توختىغان، بىراق دوختۇرلار سۈنئىي نەپەس ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇلارنى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ئېلىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا ماڭدۇرىۋېتىدۇ (73). ئەلۋەتتە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن شىڭ شىسەي بىخەۋەر ئىدى.

پالىنوۋ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەندىن كېيىن، 1943-يىلىنىڭ بېشىدا موسكۋانىڭ بۇيرۇقى بويىچە تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا شىنجاڭدىن چىققانلاردىن قوراللىق ئەترەت تەشكىللەيدۇ ھەمدە 1944-يىلى، 11-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆز ئەترىتىنى باشلاپ غۇلجىغا كېلىدۇ. ئۇ ، 1945-يىلى، 1-ئايدا پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندروۋنىڭ ئورنىغا پارتىزانلارنىڭ باش قوماندانى، 1945-يىلى، ئاپرېلدا مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ(74). پالىنوۋ بۇ جەرياندا ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قوشۇنلارنىڭ شىخونى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا ۋە شىمالىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ چۆچەك، دۆربىلجىن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىگە بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدۇ.

ئۇيغۇر شاھىدلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا ئۇ، غۇلجىدىكى 2-دومىنىڭ مەسئۇلى، موسكۋا ئەۋەتكەن باش ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچى گېنېرال ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ ئېگناروۋنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مىللىي ئارمىيىنىڭ ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ قويغان. چۈنكى، ئۇ مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىۋاستە بۇيرۇق بېرىشتىن ئىبارەت ھەربىي ھوقۇق شۇنىڭ قولىدا ئىدى. جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە مىللىي ئارمىيە ماناس

دەرياسى بويىدا توختاپ قالغاندىن كېيىن، 1945-يىلى، 10-ئايدا ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇپ، بۇ كومىتېتقا پالىنوۋ، ئىسساقبەك، ئەخمەتجان قاسىمى ۋە كەرىم ھاجىنى كىرگۈزگەن ھەم ئۆزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا مارشاللىق ئۇنۋانى بېرىلىپ، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي ھوقۇقىنى كونترول قىلغان ئىدى(75). تارىخىي شاھىدلارنىڭ ئۇچۇرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەلىخان تۆرە پالىنوۋقا مىللىي ئارمىيىگە بۇيرۇق بېرىپ، ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ، داۋاملىق ھۇجۇم قوزغاشقا بۇيرۇغان. بىراق، ئۇ ئەلىخان تۆرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئامالسىز ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ پەقەت موسكۋانىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىدۈرگىنىدە، ئەلىخان تۆرە ئۇنىڭ گېنېراللىق پاگونىنى يۇلۇپ تاشلىغان (76). بىراق، پالىنوۋ بەرىبىر بۇيرۇقنى ئىجار قىلىشقا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. پالىنوۋ شۇنىڭدىن كېيىن، ئەلىخان تۆرە تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا 1946-يىلىنىڭ 6-ئايلىرىغىچە مىللىي ئارمىيىنى ئىدارە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، تىنچلىق بېتىم ئىمزالىنىشىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىدۇ. زاكىر تۆرە « پالىنوۋ 1947-يىلى شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا پۈتۈنلەي كەتتى ۋە تاشكەنت شەھىرىگە كېلىپ يەرلەشتى» (77)دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، پالىنوۋ تاشكەنتكە يەرلىشىپ، ئالدى بىلەن تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، تارىخ كەسپى ئۆگىنىدۇ ۋە مەخسۇس شىنجاڭ ئۇيغۇر تارىخى بويىچە دېسسېرتاتسىيە ياقلىغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقات ساھەسىگە ئائىت ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، پالىنوۋ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تاشكەنت شەرقشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ يەردە تاشكەنت رادىئوسىدا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىدا رادىئو ئاڭلىتىش باشلانغان ھەمدە تاشكەنتتە « شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىۋاتقان بىر پەيت ئىدى. بۇ ۋاقىتتا يەنە « شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى نەشرىياتى قۇرۇلغان بولۇپ، تاشكەنتتە سوۋېت ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە زىيالىيلىرىدىن تۇرسۇن رەھىموف، تۇنجى ئۇيغۇر تارىخ پەنلىرى دوكتورى ئەرشىدىن ھىدايەتوف، تۇنجى بىئولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئابدۇمېجىت روزىباقىيېف، ئەدەبىيات پەنلىرى دوكتورى ئوسمان مەمەتاخۇنوف ۋە باشقا ئونلىغان ئەربابلار خىزمەت قىلىۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا تاشكەنتكە يەرلەشكەن پالىنوۋنىڭ ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىغا قىزىقىشى ھەمدە تەتقىقاتقا كىرىششىدە بەلكى ئۇنىڭ بۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن

بولغان ئۇچرىششلىرىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. پالىنوۋ تاشكەنتتە ياشىغان 1946ـ1955ـ يىللىرى ئەلخان تۆرىمۇ تاشكەنتتە بولۇپ، بىراق پالىنوۋ بىلەن ئەلخان تاشكەنتتە كۆرۈشمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى بەلكى بۇ ئىككى ئەربابنىڭ ئىلىدىكى كونا قورساق كۆپىكى ۋە ياكى سوۋېت ك گ ب سىنىڭ بويۇنتۇرۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. پالىنوۋ ئۆمرىنىڭ 30 يىلدىن ئارتۇق قىسمىنى ئۇيغۇر دىيارىدا ئۆتكۈزگەن ۋە ئۇيغۇر تىلىنى بىر قەدەر ياخشى بىلگەن ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئالاھىدە قىزىققانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن ھەمدە « 1912ـ يىلىدىكى ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى» دېگەن تېمىدا دېسسېرتاتسىيە ياقلىغان ھەم تارىخ پەنلىرى كاندىدات دوكتورى نامىغا ئېرىشكەن. پالىنوۋ 1955ـ يىلى تاشكەنتتە كېسەل سەۋەبى بىلەن 60 يېشىدا ۋاپات بولغان.1947ـ يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى پالىنوۋنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىزىل يۇلتۇز ئوردېنى تەقدىم قىلغان. زاكىر ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، پالىنوۋ ئىلىدىكى ئاق گۋاردىيىچى رۇسلارنىڭ سوۋېتكە قارشى ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلىش يولىغا مېڭىشىدا كۆپ تەشۋىقاتچىلىق خىزمىتى قىلغان . 1941ـ يىلى، 6ـ ئايدا گېرمانىيە ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغاندا، پالىنوۋنىڭ تەشۋىقاتلىرى نەتىجىسىدە ئاقلارنىڭ ئەۋلادلىرى تۈركۈملەپ، غۇلجا ۋە چۆچەكلەردىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ، گىتلېر ئارمىيىسىگە قارشى جەڭگە قاتنىشىپ، رۇس ۋەتىنىنى قوغداشقا ئاتلانغان ئىكەن. ئۇ، ئىلى، چۆچەكتىكى خەلقلەر ۋە رۇسلار ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغان ئىدى . ئۇۋان پالىنوۋنىڭ مىللىي ئارمىيىدىكى ئابرويىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ئۇنى جەڭچىلەرگە كۆيۈمچان، ئۇيغۇرلارغا ئۆزىنى يېقىن تۇتىدىغان، ئۇيغۇر تىلىنى خېلى ياخشى بىلگەن، جەڭگە ماھىر، قابىل قوماندانى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. پالىنوۋ ئەسلىدە 1934ـ1937ـ يىللىرى ئارىسىدا موسكۋا ئۇيغۇر ئېلىغا ئەۋەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرلىرىدىن نورپىكو، پاۋېل رىبالكو ۋە ئوبۇخوۋلارنىڭ دوستى ھەمدە ئۇلار بىرلىكتە ھەربىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن بولۇپ، رىبالكو ۋە ئوبۇخوۋ قەشقەردە ماھمۇت مۇھىتى كوماندىرلىقىدىكى ئۇيغۇر 6ـ دىۋىزىيىسىنى كونترول قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. رىبالكو كېيىن، ۋەتەن ئۇرۇشى دەۋرىدە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تانكا قىسىملىرىنىڭ مارشالى بولدى ۋە ئىككى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى نامىغا ئېرىشتى شۇنىڭدەك كىيىۋ، بېرلىن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىشتا رول ئوينىدى. ئوبۇخوۋ بولسا كېيىن، گېنېرال لېيتېنانت

بولغان.پالپنوۋ ئۆزىنىڭ رىبالكو ۋە ئوبۇخوۋلاردىن قېلىشمايدىغان ھەربىي تالانتى بارلىقىنى سۆزلەپ يۈرگەن ئىكەن. ھەممە ئۇ سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۈچۈن 1918-1919-يىللاردىنلا تاشكەنتتە قېلىپ خىزمەت قىلغان بولسا، چوقۇم ئەنە شۇ كىشىلەردەك يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلەپ، ئۆز ھەربىي تالانتىنى جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىنى پۇشايمان ئىچىدە تەكىتلىگەن ئىكەن.




## پايدىلانغان ئەسەرلەر:

[1] .سوپاخۇن سوۋۇروف. مەن كەچكەن كېچىكلەر. 397-398-بەتلەر .
[2] . شۇ ئەسەر.399-بەت .
[3] . قوجاي دوقاس . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى

توغرىسىدا . ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى . 4-سان .
[4] .شۇ ئەسەر.480-481-بەت .
[5] . توختى ئىبرايىم. مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسى . 2003-يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. ئۈرۈمچى .
[6]. سوپاخۇن سوۋۇروف. شۇ ئەسەر 481-بەت .
[7] .بارمىن. ئا. ب.ئا. بارمىن. سىنزيان ۋ سوۋەتسكو-كىتايسكىخئوتنوشەنىياخ 1941-1949گگ. ( شىنجاڭ 1941-1949-يىللاردىكى سوۋېت -جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدە) . بارنائۇل. 1999. 78-بەت .
[8] .«يېڭى زامان» گېزىتى، 1999-يىلى، 6-ئاي. ئالمۇتا، ئۇيغۇرچە نەشرى .
[9] . ك ئىستورىئى ۋنېشنېي رازۋەتكى كازاخستانا.( قازاقىستان تاشقى رازۋېتكا تارىخىدىن ) .
[10] . ب.ئا. بارمىن. سىنزيانۋ سوۋەتسكو-كىتايسكىخئوتنوشەنىياخ 1941-1949گگ. ( شىنجاڭ 1941-1949-يىللاردىكى سوۋېت -جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدە). بارنائۇل.1999. 78-بەت .
[11] . ۋ.ئوبۇخوۋ، سخۋاتكا شپىتى ئىمپېرىي .بىتۋا زا سىنزيانا. ( ئالتە ئىمپېرىنىڭ شىنجاڭ ئۈچۈن ئېلىشىش ). ۋېچې نەشرىياتى،موسكۋا.2007. 297-بەت .
[ 12] . گېئورگىي مېلكيانىس، ۋوستوچنىي تۈركېتسان بىيلىروشېن نا پروئۇول سۈدبى. ئىزۋېستىئا، ( خەۋەرلەر گېزىتى). موسكۋا، 2002-يىلى، 23-ئاۋغۇست .
[13] . ۋ.ئوبۇخوۋ، سخۋاتكا شپىتى ئىمپېرىي .بىتۋا زا سىنزيانا. ( ئالتە ئىمپېرىنىڭ شىنجاڭ ئۈچۈن ئېلىشىش ). ۋېچې نەشرىياتى، موسكۋا.298.2007-بەت
[14] . ۋ.ئوبۇخوۋ، سخۋاتكا شپىتى ئىمپېرىي .بىتۋا زا سىنزيانا. ( ئالتە ئىمپېرىنىڭ شىنجاڭ ئۈچۈن ئېلىشىش ). ۋېچې نەشرىياتى،موسكۋا.2007. 298-بەت .
[15] ،بارمىن ئا. شۇ ئەسەر .71-72-بەتلەر .
[16] . رۇسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەت ئارخىپى. فوند ر-9401 س/چ. ئوپ.2. د.96. ل.197-198// ئى. ۋ ستالىننىڭ « ئالاھىدە پاپكىسى». سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى-سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى سېكرېتارىياتىنىڭ 1944-1953-يىللىرىدىكى ماتېرىياللىرىدىن . رۇسىيە ھازىرقى زامان تارىخى ھۆججەتلىرىكاتالوگى. موسكۋا .1-توم. 1994 .
[17] . رۇسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەت ئارخىپى. فوند ر-9401 س/چ. ئوپ.2. د.144، ل.383 // ل.ئى بېرىيانىڭ « ئالاھىدە پاپكىسى» سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكىئىشلار خەلق

كومىسسارىياتى-سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى سېكرېتارىياتىنىڭ 1944-1953-يىللىرىدىكى ماتېرىياللىرىدىن . رۇسىيە ھازىرقى زامان تارىخى ھۆججەتلىرىكاتالوگى. موسكۋا .4-توم. 1996

[18] .پاۋېل مىخايلوۋىچ فىتىن ھەققىدىكى مەلۇمات.

.http://www.hrono.ru/biograf/bio_f/fitin_pm.php .

[19] .« يېڭى زامان» گېزىتى، 1999-يىلى، 6-ئاي.ئالمۇتا، ئۇيغۇرچە نەشرى .

[20] .خېلەم خۇدابەردىيېۋ بىلەن سۆھبەت. خېلەم خۇدابەردىيېف 1947-1949-يىللىرى ئىلىدا ئەخمەتجان قاسىمى ۋە مىللىي ئارمىيە شتابىدا مەسلىھەتچى تەرىقىسىدە خىزمەتقىلغان. 1960-1980-يىللىرىدا ئۆزبېكىستان رادىئو-تېلېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن ھەمدە2003-يىلى تاشكەنتتە ۋاپات بولغان. ئابلەت كامالوۋنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ :Ablet Kamalov : Uyghur Memoir Literature in Central Asia on Eastern Turkestan Republic (1944-1949). Studies on Xinjiang Historical Sources in 17-29thCenturies. Edited by James Millward, Shinmen Yasushi, Sugawara Jun. Tokyo. The Toyo Bunko.2010. pp. 278-289.

[21] . ك ئىستورىئى ۋنېشنىخ رازۋېتكى كازاخستانا ( قازاقىستان تاشقى رازۋېتكىسى تارىخى)

[22] ك ئىستورىئى ۋنېشنىخ رازۋېتكى كازاخستانا (قازاقىستان تاشقى رازۋېتكىسى تارىخى)

[23] . ئابدۇۋاخاپ مونىيېف. گېنېرال ئىسساقبېك . بىيتەك . 2006. بۇ ماقالە قىرغىزچە «ئەركىن تووو»گېزىدە بېسىلدى.قىرغىزچە

[24] . ئەلىخان تۆرە ساغۇنى. تۈركىستون پاجىئەس. ئىستانبۇل. 2012 .

[25] . ئا.بارمىن. شۇ ئەسەر. 79-بەت

[26] . « ۋ.م.مولوتوۋنىڭ ئالاھىدە پاپكىسى» . رۇسىيە فېدېراتسىيىسى دۆلەت ئارخىپى. فوند 9401 س.ئوپ.2. د.104 ۋە د.300-303. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقئىچكىس ئىشلار كومىسسارىياتى- خەلق دۆلەتبىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى سېكرېتارىياتىنىڭ ماتېرىياللىرى.1944-1953. رۇسىيە يېقىنقى زامان تارىخى ئارخىپخانىسىنىڭ كاتالوگى. موسكۋا.2-توم.1994 .

[27] . « ستالىننىڭ ئالاھىدەپاپكىسى»،رۇسىيە دۆلەت ئارخىپىدا ساقلانغان. بۇ ھۆججەت. تۆۋەندىكى ماقالىدىنئېلىندى. گېئورگىي مېلىياكىنىسنىڭ «ۋوستوچنىي

تۈركىستان بىيل بروشون نا پروئىزۋول سۇدبي» ماۋزۇلۇقماقالىسىدىن ئېلىندى. خەۋەرلەر گېزىتى. 2002-يىلى، 23-ئاۋغۇستتىكى سانى .

[28] . ق. غوجامبەردىيېۋ. ئۇيگۇري (ئۇيغۇرلار. قەدىمكى زامانلاردىن تا ھازىرقى كۈنلەرگىچە ئەتنو-سىياسي تارىخى).516-بەت. 2009-يىلى، ئالمۇتا .

[29] . ئابدۇرەۋۇپ مەخسۇم بىلەن سوھبەت. 2004-يىلى، 11-ئاي. شۇنىڭدەك ئا.كامالوۋنىڭ ئەسرىگە قاراڭ